# ئىسكەندەرنامە

(1)



شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

1



سەيىد مەھدى ھەمدانى

# ئىسكەندەرنامە

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# مۇھەررىردىن

«ئىسكەندەرنامە» ناملىق بۇ تارىخىي ئەدەبىي ئەسەر تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان سەيىد مەھدى ھەمەدانىنىڭ چاغاتايچە قولىيازمىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. بۇ قولىيازما ئۇيغۇرلارنىڭ كونا پاتلىق سامان قەغەزىگە خەتتە ئىلىق نۇسخىدا يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي تۆت جىلد، مۇقەددىمە ۋە 154 قىسىم داستان، 518 بەت (كىتابنىڭ باش قىسمىدا قولىيازمىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئانچە مۇناسىۋەتسىز تۆت بەت بار). قولىيازمىنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 33.5 سانتىمېتىر، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 22 سانتىمېتىر. ھەربىر بەتكە يېزىلغان تېكىستلەرنىڭ قۇر سانى ئوخشاش ئەمەس. ئەڭ كۆپ يېزىلغان بەتتە 49 قۇر، ئەڭ ئاز يېزىلغان بەتتە 20 قۇردىن خەت بار. تېكىستلەر قارا سىياھدا، «شېئىر»، «بېيىت» دېگەن سۆزلەر بىلەن بېيىتلارنىڭ تىنىش بەلگىلىرى قىزىل سىياھدا، ئەسەردىكى ۋەقەلىكلەر ۋە شەخسلەرنى سۈرەت قىلىپ تۇرۇپ سىزىلغان بىر قىسىم قىستۇرما رەسىملەر ھەرخىل رەڭدە قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان. كىتاب جىگەررەڭ كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان.

«ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئاپتورى سەيىد مەھدى ھەمەدانىنىڭ ھايات ـ پائالىيىتى توغرىسىدا مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى: «‹ئىسكەندەرنامە› نىڭ ئۈچىنچى جىلدى (ئەسلى تۆتىنچى جىلد بولسا توغرا بولاتتى) تېھراننىڭ خەلىپىلىك ئوردىسىدا تامام

بولدى. بۇ مۇبارەك ئوردىنى بەندىلەرنىڭ ئۇلۇغى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرخىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىممىتى بىلەن بارلىق بالايىئاپەتلەردىن ساقلىغاي. مەزكۇر «ئىسكەندەرنامە»، بۈيۈك سۇلالىنىڭ سەلتەنەتلىك دۆلەت ئىگىسى، ئىززەت - ئىكراملىق ۋە كاتتا تاجلىق مىرزا ئەسەد تېھرانىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ياردىمى بىلەن ئۇلۇغ رامىزانىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى پېقىر تېھرانلىق سەيىد مەھدى ھەمەدانىنىڭ قولى ئارقىلىق تامامىغا يەتتى. 1223 - سىنە.» دېگەن بايانلاردىن ئاپتورنىڭ ئەينى چاغدا تېھراندىكى خەلىپىلىك ئوردىسىدا ئوردا خىزمەتچىسى بولۇپ (ئېھتىمال خەلىپىلىك ئوردىسىدا مۇددەرىس ياكى ئوردا تارىخچىسى بولغان بولسا كېرەك) خىزمەت قىلغانلىقى، بۇ جەرياندا سۇلالە تەۋەسىدىكى، جۈملىدىن خان ئوردىسىدىكى قەدىمكى كىتابلار بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقانلىقى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق توغرىسىدا يېزىلغان «شاھنامە» قاتارلىق نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى سۇلالىنىڭ سەلتەنەتلىك دۆلەت ئىگىسى، ئىززەت - ئىكراملىق ۋە كاتتا تاجلىق مىرزا ئەسەد تېھرانىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە مەدىتى بىلەن ئىسكەندەر توغرىسىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا مەزكۇر «ئىسكەندەرنامە» ناملىق تارىخىي ئەدەبىي ئەسەرنى ھىجرىيە 1223 - يىلى (مىلادى 1805 - 1806 - يىللىرى) ئۇلۇغ رامىزان (9 - ئاي) نىڭ ئون بەشىنچى كۈنى تاماملىغانلىقى مەلۇم. بۇ مەلۇماتلار ئارقىلىق «ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئاپتورى سەيىد مەھدى ھەمەدانىنىڭ تېھراندا سۇلالىنىڭ خەلىپىلىك ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ ئافرىقا، ياۋروپا، ئاسىيانىڭ، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىپ، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان شائىر،

ئەدىب، تارىخشۇناس ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

«ئىسكەندەرنامە» ناملىق بۇ تارىخىي ئەدەبىي ئەسەردە بايان قىلىنغان باش قەھرىمان — دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆزىنىڭ «ھەربىي مۆۋەپپەقىيەتلىرى» بىلەن تونۇلغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يۇنان تەۋەسىدىكى ماكېدونىيە دۆلىتىنىڭ پادشاھى فىلقۇس (فىلىپ Ⅱ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 359 — 336 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ مىراسخورى-دۇر. خېلى زامانلاردىن بېرى ئۇ مەدھىيىلەنگەن بىر يۈرۈش تارىخىي ئەسەر، رىۋايەت ۋە داستان - قىسسىلەردە، بۇ تارىخىي شەخسنىڭ نەسەبى توغرۇلۇق ئوخشىمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. مەسىلەن:

مەشھۇر كلاسسىكلىرىمىزدىن مەھمۇد قەشقەرى (مىلادى XI ئەسىردە ياشىغان)، نىزامىدىن گەنجەۋى (مىلادى 1141— 1203 - يىللار)، مەۋلانا نۇرىددىن ئەبدۇرەھمان جامى (مىلادى 1414 — 1492 - يىللار)، ناسىرىدىن بۇرھانىدىن رابغوزى (مىلادى XIII ئەسىردە ياشىغان)، نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋايى (مىلادى 1441 — 1501 - يىللار) ... لارنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تۈركىي مىللەتلىرىگە كەڭ تونۇلغان.

نىزامىدىن گەنجەۋى تەسنىف قىلغان «ئىسكەندەرنامە» دە:

«فىلقۇسنىڭ پەرزەنت (ئوغۇل) ى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالەمدىكى مۇراد - ئارزۇسى بىر (ئوغۇل) پەرزەنت كۆرۈش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى كۆڭلىدىن بىردەممۇ چىقماس ئىدى. بىركۈنى پادشاھ فىلقۇس شىكاردىن كۆڭلى خوش بولۇپ بارگاھىغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. دەرۋەقە يولدا بىر ۋەيرانە ئۆينى كۆردى. فىلقۇس بۇ ۋەيرانە ئۆي ئىچىگە ئىختىيارسىز ئېتىنى دەۋىتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردە بىر مەزلۇمنىڭ

تۇغقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ جىسمىدا روھىنىڭ ئەسىرى يوق ئىدى. تۇغۇلغان بالا ئانا ئالدىدا زارلىق بىلەن يېتىپ گاھ ئۈنىنى چىقىرىپ، گاھ چىقارماي يىغلايتتى. فىلقۇس ئۇلارغا نەزەر سالغاندا كۆڭلىگە ئوت چۈشۈپ، يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا ۋاپات بولغان بۇ زەئىفەنى غۇسلى - تاھارەت قىلدۇرۇپ، شۇ كونا ئۆيگە دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى بۇ بالىنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئېلىپ ئۆيگە كەلدى. نازۇ نېمەتلەر بىلەن پەرۋىش قىلىپ ئوغلۇم دەپ ئاتاپ ”ئىسكەندەر“ دېگەن ئاتنى قويىدى» دېيىلگەن.

تارىخچىلار بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئىسكەندەرنىڭ نەسەبىنى ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان پادشاھى داراغا ئۇلاشتۇرىدۇ. ئۇلار ماكېدونىيە پادشاھى فىلقۇسنىڭ قىزىنى داراغا زىبۇ زىننەت بىلەن ئەقدە قىلىپ تويلىغانلىقى، دارا قىزنى ئەقدىسىگە ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن راھەت - پاراغەتتە ئۆتكەنلىكىنى ، پادشاھ دارا شىكارغا چىقىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ قىزنىڭ ھەرىمىدە ناشايان ئىشنى كۆرۈپ قالغانلار داراغا مەلۇم قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن دارانىڭ ئۇنى دەرھال ئاتىسىغا قايتۇرغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ.

يەنە بەزى سۆزمەن ھېكايىچى دانالار، ئالەمگە ئىككى ئىسكەندەر كەلگەن، ئۇنىڭ بىرى دارا بىلەن جەڭ قىلدى. يەنە بىرى سەددى (سېپىل) باغلىدى، دەيدۇ. لېكىن بۇ رىۋايەتكە كىشىلەر ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. ھەزرىتى نۇرىددىن ئەبدۇرەھمان جامى ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ «مېنىڭ ئۆز ئەمگىكىمدە بۇ ئىشقا قىزىقىپ قېلىشىم تارىخ ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. لېكىن ئىسكەندەر ھەققىدىكى ئىختىلاپلار مېنى لال ئەتتى. ئاجىزلىق قىلغان يەرلىرىمدە يەر ئۆپۈپ ھەزرىتى نىزامى گەنجەۋىدىن ئىسكەندەرنىڭ ئىككى ئىكەنلىكىنى، يا بىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغىن، دەپ

ئۆتۈندۈم. ئۇ ئىككى ئىسكەندەر دېگەننى رەت قىلىپ، ئىسكەندەر بىردۇر، بۇ ئىشلار بىزگە ئاياندۇر، بۇنىڭ گۇۋاھچىسى باردۇر، دەپ جاۋاب بەردى» دەيدۇ.

شەرىپىدىن ئەلى يەزدى (1360 — 1454 - يىللار) «ئەمىر تېمۇر كوراگان ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرىدە «ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يافەس ئەۋلادىدىن بولۇپ، فىلقۇسنىڭ قىزى بىلەن شاھ دارادىن تۇغۇلغانىدى. ئۇ فىلقۇسنىڭ قېشىدا تەربىيىلىنىپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن فىلقۇسنىڭ ئوغلى دېيىلگەنىدى. . . ئۇ شەرق ۋە غەرب ئەللىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. يەجۈج - مەجۈجلەرگە قارشى سېپىل سوققان. زۇلماتقا بېرىپ ھاياتلىق سۈيىنى ئىزدىگەنىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يۇرۇشتىن كېيىن ئىراققا قايتىپ كېلىۋېتىپ زور شەھىرىدە ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن شاھلىقنى ئوغلىغا تەكلىپ قىلغاندا، ئوغلى ئۇنىماي ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغانىكەن» دېيىلىدۇ. يەنە شۇ كىتابتا: «ئىلمىي نۇجۇمدا ۋاقتىكى، يەتتە يۇلتۇز ھەر سەراتان پەسلىدە جەددى[1] تۇركۇمىنىڭ بۇرچىغا توغرا كەلگەن چاغدا ئوغۇل تۇغۇلسا، ئۇ ناھايىتى تەلەيلىك بولىدۇ. چۈنكى تەڭرى - تابارەك ۋەتەئالا ئالەمنى شۇ سائەتتە ياراتقاندۇر. ھەرقانداق پەرزەنت شۇ سائەتتە تۇغۇلسا، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە بەختى - تەختلىك بولىدۇ دېيىلگەنىدى. ئېيتىلىشىچە، دۇنيادا ئۈچ ئوغۇل ئۇشبۇ سائەتتە تۇغۇلغان. ئاۋۋالقىسى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ئىككىنچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد رەسۇل ئەكرەم سەللاللاھۇ ۋەسسەلەم سەيتىمىز، ئۈچىنچىسى ئەمىر تېمۇر كوراگان - ساھىبقىراندۇر. ئېيتىلىشىچە، ئىسكەندەر

[1] جەددى — قەدىمكى ئاسترونومىيە ئىلمى چۈشەنچىسى بويىچە ئون ئىككى بۇرچىنىڭ نامى، يەنى ئوغلاق - تېكە بۇرچىدۇر.

زۇلقەرنەيىننىڭ تۇغۇلۇشىدىن رەسۇل ئەكرەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىغىچە 800 يىل، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئەمىر تېمۇرنىڭ تۇغۇلۇشىغىچە 800 يىل ئۆتكەن. ھەر 800 يىلدا يۇلتۇزلار جەددى دەرىجىسىدە بولىدۇ» دېيىلگەن. يەنە شۇ كىتابتا «بىركۈنى قەيسەر رۇمى ئۇۋغا چىقىپ، تاغنىڭ باغرىدىكى بىر غارنى كۆردى: — بۇ قانداق غار؟ — دەپ سورىۋىدى. سۇلتان رۇمى خىزمەتكارلىرى: — بۇ ئىسكەندەر تۇغۇلغان جايدۇر. ئەمىرلەر ۋە سۇلتانلار كەلسە بۇ مۇبارەك جايىنى زىيارەت قىلىشىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. قەيسەر رۇمىمۇ غارنى زىيارەت قىلغىلى كىرىپ بىر لەۋھەنى كۆردى. رۇمىنىڭ ھۆكۈمالىرى لەۋھەدىكى خەتنى ئوقۇدى. لەۋھەدە: ‹ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تۇغۇلۇپ 800 يىلدىن كېيىن رەسۇل ئەكرەم سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 800 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر شەخس تۇغۇلغايكى، ئۇمۇ يەر يۈزىنى ۋە كۈن يۈزىنى ئالغاي، سۇلتانلارنى ئاجىزلاشتۇرغاي.› بۇ خەتنى ئارستوتىلىس دېگەن ھۆكۈما يازغان» دېيىلگەن (يۇقىرىقى كىتاب. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 5 -، 35 - بەت).

XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەرىپەتچى، ئالىم ناسىرىدىن بۇرھانىدىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل - ئەنبىيا» («قىسسەئى رابغۇزى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسىرىدە: «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن — ئىككى مۈڭگۈزلۈك دېگەنلىك بولىدۇ. ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئالتۇندىن ئىككى مۈڭگۈزى بار ئىدى. ھەق سۇبھانە ۋەتائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بەخش ئەتتى. ئۇ خەلقنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى. كۇففارلار ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمىدى. بەلكى ئۇرۇپ بىر مۈڭگۈزىنى سۇندۇرىۋەتتى»

دېيىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدۇق. ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق. زۇلقەرنەيىن (ئاللا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) يولغا ماڭدى. ھەق سۇبھانە ۋەتائالا يەر يۈزىدىكى خەزىنىلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. جىمى شەھەرنى تاماشا قىلدۇردى. ئۇ كۆپلىگەن كۇففارلارنى مۇسۇلمان قىلدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىپ تەڭ كېلەلمىدى. زۇلقەرنەيىن (ئىسكەندەر) بۇ ئالەمنى سەيلە - تاماشا قىلىپ، كۈن پاتاردىن كۈن چىقارغىچە كۆردى» دېيىلگەن.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىزاھات قىسمىدا «كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيىننى مەشھۇر ئىشغالىيەتچى ئىسكەندەر مەقدۇنى (ماكېدۇنى) دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنى يەمەننىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنى بىر ياخشى بەندە بولۇپ ئاللا ئۇنىڭغا بۈيۈك سەلتەنەت، ھېكمەت ۋە پايدىلىق ئىلىم ئاتا قىلغان دەپ قارايدۇ. زۇلقەرنەيىن — ئىسكەندەر ماكېدۇنى ئەمەس دېگۈچىلەر ئىسكەندەرنىڭ قەدىمكى يۇنان ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارىستوتىلدىن پەلسەپە ئۆگەنگەنلىكىنى، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيىن بولسا تەۋھىدكە ئاللاغا ئىشىنىشكە مايىل ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ قەدىمكى يۇنان ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلىش تەرەپلىرى بولغان بولسا، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇھىتنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزى ئىشغالىيەت قىلىۋالغان مەدەنىي ئەللەرنىڭ مەبۇدلىرىنى ھۆرمەت قىلغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مىسىرلىقلارنىڭ مەبۇدى ئامۇنغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئارىستوتىلدىن پەلسەپە ئۆگەنگەنلىكىگە كېلىدىغان بولساق،

«روھۇل مەئانى»، تەپسىرىنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىسكەندەرنىڭ ئارستوتىل پەلسەپىسىگە پۈتۈنلەي ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىغا قايىل ئەمەسمىز. چۈنكى بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە شاگىرت بولۇشى، ئۇنىڭ ھەممە مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىنىڭ ئۇستازىنىڭ قارىشى بىلەن بىردەك بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.» ئىسكەندەر مەقدۇنى مىلادىدىن 356 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان. ئاتىسى ئۇنى ئوبدان تەربىيىلىگەن. ئۇ پەلسەپە ۋە ئىلىم - مەرىپەت جەھەتتە كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلغان. ئۆز دەۋرىدە جاھاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلغان. مىلادىدىن 332 يىل بۇرۇن مىسىرنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭدىن پارسلارنى ھەيدەپ چىقارغان، مىسىردا ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى بىنا قىلغان. سىبىستان، ئىراق، ئىران، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان. ئۇ مىلادىدىن 323 يىل بۇرۇن بابىلدا 33 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ زۇلقەرنەيىن دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنىڭ كېيگەن دۇبۇلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوڭ ئىككى باغلام ئۇزۇن پەي بار ئىدى» دەپ چۈشەندۈرگەن («قۇرئان كەرىم»، 1987 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 617 -، 618 - بەتلەر).

دۇنيا تارىخىدا ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ «ئوچىقى» دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بالقان يېرىم ئارىلىدىكى يۇنانىستان بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ماكېدونىيە پادىشاھلىقى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈش، دۆلەت قۇرۇش ۋە بالقانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بىر مەشھۇر ياش قەھرىماننى ياراتتى. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 356 - يىلىدىن 323 - يىلىغىچە پەقەت 33 يىللا ياشىغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولۇپ، ئۇنىڭ گرېكچە ئىسمى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (يەنى ماكېدونىيىلىك ئالېكساندىر) ئىدى. ئۇ ماكېدونىيىنىڭ

پايتەختى پىلا شەھىرىدە خان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى فىلىۋس (فىلىپ Ⅱ) نىڭ ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يۇناننىڭ مەشھۇر ئالىملىرىنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، كىچىك ۋاقتىدىلا تالانتىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. مەشھۇر يۇنان شائىرى گومېرنىڭ «ئودىسسا» ۋە «ئىللادا» داستانلىرى ئۇنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان روھىي ئوزۇقى بولغان. مۇھىمى ئارستوتىلدەك ئالىمنىڭ ئۇنىڭغا سەپەرداش بولۇشى، ئۇنىڭ ھەربىي ئىلمىنى ئۆگىنىشىدە، جەمئىيەتنى كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئىسكەندەر 16 يېشىدىن باشلاپ ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. 18 يېشىدا بىر قىسىم ماكېدون قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ جەڭلەردە بىرقانچە قېتىم زەپەر قۇچقان. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ھاياتىنى باشلىغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 336 - يىلى ئىسكەندەر 20 ياشقا كىرىدۇ. ئاتىسى فىلىۋس ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئىسكەندەر ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسىگە پادىشاھ بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئىسكەندەرگە ئىككى خىل كۈچ تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى دۆلەت ئىچىدىكى قارشى كۈچلەر. يەنە بىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يۇناندىكى ماكېدونىيە دۆلىتىگە قارشى كۈچلەر ئىدى. ئىسكەندەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 335 - يىلى ماكېدونىيىگە قارشى ئىچكى - تاشقى كۈچلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن باستۇرۇپ بولۇپ، شەرققە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بىر تەرەپتىن، دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە سىرتىدىكى ھەرخىل زىددىيەتلەرنى شەرققە يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق بۇرىۋېتىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سپارتا دۆلىتى بىلەن ئىراننىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ ماكېدونىيىگە قارشى تۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە شەرق ئەللىرىنى

تالان- تاراج قىلىپ بايلىققا ئىگە بولۇش ئىدى. ئۇ شەرققە يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەرنى شەرققە قىزىقتۇرۇپ «شەرققە يۈرۈش قىلايلى، يۇنانغا بايلىق ئېلىپ كېلەيلى» دېگەن تەشەببۇسنى كەڭ تەشۋىق قىلدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 334 - يىلى ئەتىيازدا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن 22 يېشىدا بالقان دۆلەتلىرىنىڭ ياللانما قوشۇنلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان 30 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 5000 ئاتلىق ئەسكەر ۋە 160 ئۇرۇش كېمىسىگە قوماندانلىق قىلىپ قۇرۇقلۇق ھەم دېڭىز ئارقىلىق شەرققە يۈرۈش قىلدى. مانا بۇ دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا مەشھۇر بولغان «ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) نىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى» دۇر. بۇ قوشۇن شۇ يىلى 5 - ئايدا داردانېل بوغۇزىدىن ئۆتۈپ كىچىك ئاسىيادىكى گىرانىك دەرياسى بويىدا ئىران قوشۇنلىرى (پېرىسسىيە) بىلەن تۇنجى قېتىم توقۇنۇشىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىران قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىران ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن ئىنتايىن كۈتۈلمىگەن زەربە بولىدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 333 - يىلى كۈزدە، سۇرىيىنىڭ شىمالىدىكى ئىبىس شەھىرىدە، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى بىلەن ئىران قوشۇنلىرى ئىككىنچى قېتىم قاتتىق توقۇنۇشىدۇ. بۇ قېتىم ئىران ئىمپېراتورى دارا Ⅲ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 336 — 330 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) ئۆز قوشۇنلىرىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئىران قوشۇنلىرى يەنىلا مەغلۇپ بولىدۇ، دارا قېچىپ كېتىدۇ. دارانىڭ ئانىسى، ئايالى ۋە بالىلىرى ئىسكەندەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. دارا Ⅲ بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ قىزلىرىدىن بىرىنى ئىسكەندەرگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىدىكى سوغۇقچىلىقنى ئېرىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئىسكەندەر دارانىڭ بۇ

تەلىپىنى رەت قىلىپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ(بۇ ئەسەردە قوبۇل قىلىدۇ). ئىسكەندەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 332 - يىلى تۇسالغۇسىزلا ئافرىقا (مىسىر) غا بېسىپ كىرىدۇ ۋە ئۆزىنى مىسىرنىڭ بىردىنبىر قانۇنىي پادىشاھى دەپ جاكارلايدۇ ھەمدە نىل دەرياسىنىڭ قويۇلۇش ئېغىزىدا بىر يېڭى شەھەر قۇرۇپ ئۇنى «ئىسكەندەرىيە» دەپ ئاتايدۇ. بۇ پېرسىيە تەرىپىدىن خاراب قىلىنغان مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ قايتا تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيادىكى مەشھۇر ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ماكانى بولۇپ قالىدۇ.

ئىسكەندەر ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسى (كىچىك ئاسىيا، فىنىكىيە، پەلەستىن، مىسىر) نى ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا بويسۇندۇرۇۋالىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 331 - يىلى باھاردا ئىسكەندەر 47 مىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە 40 مىڭ پىيادە، 7000 ئاتلىق ئەسكەر) كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ مىسىردىن چىقىپ، پەلەستىن ۋە سۈرىيەدىن ئۆتۈپ مېسوپوتامىيەگە كىرىدۇ. ئارقىدىنلا تىگىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى گاۋگامىل (كاۋگامىلا ياكى كاۋرامىلا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىران ئىمپېراتورى دارانىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدىكى 92 مىڭ (80 مىڭى پىيادە، 12 مىڭى ئاتلىق) كىشىلىك غايەت زور قوشۇنغا ئۈچىنچى قېتىم شىددەتلىك زەربە بېرىپ بابىل (بابىلون) بىلەن ئىران پايتەختى سۇزا شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. دارا ئىراننىڭ شەرقىغە قاراپ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئەھمانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بېسىس (ئۇ باكتىرىيىنىڭ ساتراپى ئىدى) ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرىدۇ ھەم ئۆزىنى ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى دەپ جاكارلايدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىسكەندەر مىلادىدىن 229 يىل بۇرۇن 15 كۈن داۋام قىلغان ئىنتايىن

قىيىن يۈرۈشتىن كېيىن، ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، باكتىرىيىگە بېسىپ كىرىدۇ. بېسۇس باكتىرىيىنىڭ باش شەھىرى باكترانىنى تاشلاپ چىقىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا قاراپ چېكىنىدۇ. ئىسكەندەر ئۆز قوشۇنلىرىنى بەش كۈن ئىچىدە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ بېسۇسنى ئىزىدىن قوغلاپ بېرىپ ئەسىرگە ئېلىۋالىدۇ. ئىسكەندەر ئەھمانىلار سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدە بولغانلارغا ئىبرەت بولسۇن دەپ بېسۇسنى ئېكباتاناغا ئېلىپ كېلىپ مىدىيىلىكلەر ۋە پارسلارنىڭ ئالدىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرىسىيە ئىمپېرىيىسى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىلىدۇ. ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن بۇ غەلىبىلەردىن كېيىن، مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش باشلايدۇ.

ئىسكەندەر بېسۇسنى بىرتەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىدۇ. سەمەرقەنتلىكلەر ئىسكەندەر قوشۇنىغا قارشى جان تىكىپ قارشى تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىسكەندەر ماۋرائۇننەھرنى ناھايىتى زور بەدەل تۆلەش ھېسابىغا قولغا كەلتۈرىدۇ. ئىسكەندەر شۇ قېتىمقى يۈرۈشىدە ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئارىتۆپىلىكتە ناھايىتى قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. ئىسكەندەر ماۋرائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇشتا 22 مىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسىي قىسمىنى (ماۋرائۇننەھر بىلەن باكتىرىيە) نى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ جايلارنى ئىدارە قىلىدىغان باش ۋالىيلارنى تەيىنلەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر (مەزكۇر ئەسىردە تۈركانىيلار دەپ ئاتالغان) ماكېدون - يۇنان ئىستىبلاچىلىرىنىڭ قىلىچ ۋە قان بىلەن ئورناتقان ھۆكۈمرانلىقىنى تەن ئالمايدۇ. ئۇلار بۇ ئىستىبلاچىلارغا قارشى ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قارشىلىق كۆرسىتىش

ھەرىكەتلىرىنى توختاتمىدى. بۇنداق قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ چوڭى سپىتامېن باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ ئىدى. سپىتامېن مىلادىدىن 328 يىل بۇرۇن سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىپ، شەھەردىكى ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ كۆپىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ئامان قالغان يۇنان قوشۇنلىرى سەمەرقەنتتىكى قورغانغا بېكىنىۋالىدۇ.

سەمەرقەنتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر ئاساسىي قوشۇنلىرىنى باشلاپ سوغدىلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتكە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمى سەمەرقەنتكە يېقىنلاپ كەلگەندە، سپىتامېن قورغان مۇھاسىرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ چېكىنىدۇ. سپىتامېن بىرنەچچە قېتىم چۆلگە چېكىنىپ پۇرسەت تېپىپ، كۈچلىرىنى تولۇقلاپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلماقچى بولىسمۇ، ئاخىرى ئۆز ئىچىدىن چىققان جاسۇسلار ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئىسكەندەرگە تەقدىم قىلىدۇ. بەزىبىر تارىخىي ماتېرىياللاردا، سپىتامېننى ئۆز ئايالى، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا قىزى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ئۆز قولى بىلەن ئىسكەندەرگە ئاپىرىپ بەرگەن، دېيىلىدۇ. مەزكۇر ئەسەردە سەبۇكتېكىننى قىزى شەھربانۇ تۇتۇپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ.

سپىتامېننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قوزغىلاڭ تەخمىنەن ئۈچ يىل داۋام قىلىپ، مىلادىدىن 327 يىل بۇرۇن ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئاياغلىشىدۇ. سپىتامېن باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرى (ماساگېتلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئاساسىي رول ئوينايدۇ. سپىتامېن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، چارۋىچى ساكلار ئۆزلىرى ياشايدىغان دالا - چۆللەرگە چېكىنىپ، ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. چۈنكى ماكېدۇن - يۇنان قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دالا - چۆللەرگە بېسىپ كىرىشتىن قورقاتتى. ساكلار قوزغىلاڭ

سىپىدە كۆپ بولغاندىن تاشقىرى، ئىسكەندەر قوشۇنىغا قارشى كۈرەشتە تولىمۇ باتۇرلۇق كۆرسەتكەنىدى. سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا گرېك ـ ماكېدۇن قوشۇنلىرى سوغدى ئەللىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ ئىسكەندەر ئۇلارنى يەتتە كۈن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ياش ئوغلانلارنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇن ـ قىزلارنى قۇل قىلدى. ئىسكەندەر سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ شىمالىدىكى ساكلارغا يۈرۈش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەريانىڭ جەنۇبىدىكى ئەشخاباتتا بارگاھ قۇرۇپ مۇداپىئەدە تۇردى. چۈنكى ساك ـ سوغدىلارنىڭ كۆپىنچىسى چۆللەرگە چېكىنگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن ئىسكەندەر چۆللەرگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەسكەرلەرگە ئۇسسۇزلۇق يېتىشمەي، ئەسكەرلەرگە ھەتتا ئىسكەندەرگىمۇ كېسەللىك تېگىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر يۈرۈشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ سەمەرقەنتكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. سەمەرقەنتتە ئىسكەندەر سېفىتامېننىڭ قالدۇق ساقىندىلىرىنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرىدۇ. ئىسكەندەر سوغدانىيىدە ئۆز نامىدا ھەربىي ۋالىي قالدۇرۇپ زارىئاسپا (پاترا) غا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 328 ـ يىلى ئىسكەندەر سوغدانىيىگە يەنە بىر قېتىم قايتۇرما يۈرۈش قىلىپ، ناھايىتى زور بەدەل تۆلەش ھېسابىغا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. بۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىن چۇشۇپ قېلىشنى خالىغان قېرى ـ ياش، ئاقساق ـ چولاقلارنىڭ كۆپىنچىسى سوغدانىيىدە قېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. ئىسكەندەر سوغدانىيىدە يۇنان ئۇسلۇبىدا شەھەر قورغۇلۇشى سالدۇرۇپ، ماكېدونىيىلىك گرېكلارنى كۆپلەپ يۆتكەپ سوغدانىيىنى تېزلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ

قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يەرلىكتىكى يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەردىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. ئۇلارنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن يېنىغا تارتىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملارنى يەرلىككە ئۆز نامىدا ۋالىي ۋە قوشۇمچە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئىسكەندەر يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ تالانتىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇخىل ئاتالمىش «مېھرىبانلىق» سىياسىتى ئاخىرى ھەرقايسى يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنى پارچىلاپ، قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىنى تەدرىجىي ئاجىزلاشتۇردى. مىلادىدىن 327 يىل بۇرۇن ئىسكەندەر سوغدىلارنىڭ بىرقانچە قارشىلىق كۆرسىتىش نۇقتىلىرىغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق زەربە بېرىدۇ. باش ئەگكەنلەرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، قارشىلىق قىلغانلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. ھەتتا باكترىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئاۋلىستەنىنىڭ قىزى رۇخسارنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. ئىسكەندەر باكترىيە ۋە سوغدانىيە قاتارلىق جايلارنى تىنجىتقاندىن كېيىن يۈرۈشنى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ داۋاملاشتۇرىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 327 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئىسكەندەر شەرقتىكى ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 326 - يىلى ئىسكەندەر ھىندىستاننىڭ گانگى دەرياسى بويىغا بېسىپ كىرىدۇ. لېكىن ھىندىستان خەلقىنىڭ قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزاق ۋاقىت ھەربىي يۈرۈش قىلىپ چارچىغان ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ ھىندىستانغا بارغاندا ئۇرۇش قىلغۇدەك مادارى قالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ھىندى دەريا ۋادىسىدا ھىندىستان قوشۇنلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، پاجىئەلىك قۇربان بېرىشلەردىن كېيىنلا ھىندى دەرياسى ۋە ھىندى تېغىنىڭ

ئەتراپىدىكى پەنجاپ قاتارلىق كەڭ رايونلارنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمما ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇندا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ ھەمدە قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى تولىمۇ سۇسلىشىپ كېتىدۇ. ئىسكەندەرمۇ يارىلىنىدۇ، سەركەردىلەر داۋاملىق يۈرۈش قىلىشنى خالىمايدۇ. گرېك ۋە ماكېدون ئەسكەرلىرى ئۆز تۇپرىقىدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق ۋاقىت بولغاچقا قايتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇشۇ بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 325 - يىلىنىڭ ئاخىرى ھىندىستاندا ئۆز نامىدا ۋالىي قالدۇرۇپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق جاپالىق چېكىنىش سەپىرىدىن كېيىن، ئاسىيادىكى يېڭى پايتەختى بابىل شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 334 - يىلى شەرققە يۈرۈش باشلاپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 324 - يىلىغا قەدەر ئون يىللىق جاپالىق يۈرۈشتە غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ، شەرقىي ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز تېررىتورىيىنى ئىشغال قىلغان ماكېدون ئىمپېرىيىسىنى قۇرىدۇ. بۇ ئىمپېرىيە 22 يىل (310 — 332) ھۆكۈم سۈرىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 323 - يىلى يازدا ئىسكەندەر ئەرەب دۆلەتلىرىگە يۈرۈش قىلىشقا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ھاردۇق يېتىپ، ئېغىر كېسەل بىلەن 33 يېشىدا بابىلدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور ئىمپېرىيە تېزلىكتە يىمىرىلىپ پارچىلىنىشقا باشلايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى ئالەمشۇمۇل ئۆلمەس ئەسىرى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ رايونىنىڭ قىسمەن جايلىرى توغرۇلۇق بەزى بايانلارنى تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت قىلغان:

ئاكا «θga» تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، كاداڭ، ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان قېرى- سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق. بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقانىنىڭ ۋەزىرى: «سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى «ئاكا - θga» سۆزىنى قوللىنىپ، «ئۆگەنىمۇ؟» دېگەن. ۋەزىر «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىنىنىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قېلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغانىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ بىر - بىرىدىن «بۇ نېمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: «ئالتۇن قان» دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم،

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، 122 ـ 123 ـ بەتلەر).

يەنە شۇ ئەسەردىكى، بۇ بابتىكى مىسرالار دېگەن بابتا: «ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن. ماڭا مۇھەممەد چاقىر تۇنقا خان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل تۇغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «ئىنان خۇزخورەند» — بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ، دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل «خۇزخورەند» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن «خ» ھەرپى «ا — ئېلىف» قا ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ «ا — ئېلىف» نىڭ «خ» غا ۋە «خ» نىڭ «ا — ئېلىف» قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. . . بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: «سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، قوچۇ، جانبالىق، بېشبالىق، يېڭىبالىق!» دېيىلگەن. (يۇقىرىقى كىتاب 151 ـ، 152 ـ، 153 ـ بەتلەر).

ئۇيغۇر دېگەندە، مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانى»دا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسەتكەن. ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر ئېلى ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قوچۇ قەدىمكى شەھرى بىلەن

يارغول قەدىمكى شەھىرى ۋە بېشبالىق شەھەرلىرىنى ئوردابالىق قىلغان ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئەسلى زېمىنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خانلىق ئەينى زاماندا، شەرقتە تىبەت (شىزاڭ)، جەنۇبتا كوچا، بۇگۇر، ھەتتا خوتەندىن قاراڭغۇ تاغ (قارا قورۇم تاغلىرى)، شىمالدا ئالتاي تاغلىرى، غەربتە ئىلى دەريا ۋادىسى قاتارلىق تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «سۇلمى» ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا، ھازىرقى قارا شەھەرگە توغرا كېلىدۇ. بەزىلەر يەنە رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، ئالېكساندىر ماكېدونىسكى ئېلىمىزنىڭ جەنگو دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ چېگرىسىغىچە (گەنسۇغىچە) بارغان، دەيدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى بۇ مەسىلىنى «شەھىرى قىتا» دېگەن ئۇقۇم بىلەن بايان قىلغان. لېكىن بۇنىڭدىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم يەنىلا ئېنىق ئەمەس. ئومۇمەن بۇ مەسىلە تېخى ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن بۇ مەشھۇر ئىشغالىيەتچى ئىسكەندەر ھەققىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېزىلغان بىرمۇنچە رىۋايەت ۋە قىسسە - داستانلاردا ئىسكەندەرنىڭ «خاقانى چىن»، «خىتاي پادشاھى»، «شەھىرى قىتا» ئەللىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقىدەك ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. شۇڭا بۇ خىل مۇناسىۋەتنى يەنىلا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى چوڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقى تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن زىكرى قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

دېمەك، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دۇنيا تارىخىدا شەرق ئەللىرىگە ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈرگەن مەشھۇر ئىشغالىيەتچى. ئىسكەندەر ئىستېلاسىنىڭ ماھىيىتى، قۇلدارلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان

تاجاۋۇزچىلىق ـ كېڭەيمىچىلىكتىن ئىبارەت. ئەمما ئۇ تۈنجى بولۇپ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولىنى ئېچىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. ئىسكەندەردىن كېيىن نۇرغۇن يۇنان سودىگەرلىرى شەرق ئەللىرىگە كېلىپ سودا ـ سېتىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى ھەر قايسى ئەللەر ئارىسىدا سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ئىسكەندەر يېڭى ئىشغال قىلغاندا ھەربىي بازا قىلغان يەرلەر كېيىنچە مۇھىم سودا مەركەزلىرىگە ئايلاندى. مەسىلەن، مىسىرنىڭ شىمالىدىكى نىل دەرياسى دېلتىسىدا بىنا قىلىنغان شەھەر — ئىسكەندەرىيە ھازىر ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى مۇھىم پورت شەھەر... قاتارلىقلار. نۇرغۇنلىغان يۇنانلىقلار شەرق ئەللىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە تارىخى بىلەن تونۇشتى. شەرق ئەللىرىدىن ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك قاتارلىق پەنلەرنى ۋە شەرق ئەللىرىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى قاتارلىق سىياسىي تەدبىرلىرىنى ئۆگەندى. شەرق ئەللىرى يۇنانلىقلاردىن سەنئەت، قۇرۇلۇش، بىناكارلىق تېخنىكىسى قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. بولۇپمۇ ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى جەريانىدا بىر قىسىم گرېك ئەسكەرلىرى ئاسىيا رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. بۇ كىشىلەر ئەينى زامانىدىكى ئىلغار گرېك مەدەنىيىتىنى ئاسىيا خەلقىغە تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاسىيا رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتقان گرېك ۋە ماكېدون ئەسكەرلىرى بۇ جاينىڭ ئىلغار مەدەنىيەت، سەنئىتىنى ۋە ئىلغار پەن ـ تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتى.

مەزكۇر «ئىسكەندەرنامە» دە ھېكايە قىلىنغان ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار ھەرگىز ئاددىي ھالدا تەكرارلانغان ئەمەس، بەلكى ئاپتور ئۇنىڭغا ئىجادىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئەسەر سۇژېتىنى

ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن قايتا يوغۇرۇپ، ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىيات، مۇلاھىزىلىرىنى ئىجادىي رەۋىشتە قوشقان. شۇڭا ئەسەر كىتابخانلارنى خۇددى ئۆزىنى شۇ دەۋردە ياشاۋاتقان ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەردە خەلق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەھرىمانلارنىڭ ھېسسىياتىنى، ئىدىيىۋى پائالىيەتلىرىنى نەزى-نەسرى ئۇسۇللار بىلەن بايان قىلغان. يازغۇچى يەنە ۋەقەلىكنىڭ ئاممىباپلىقى، چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، ئەسەر تىلىنى ئىمكانقەدەر خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ لېكسىكىلىك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان.

ئەسەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئاتىسىنىڭ شاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قىلغان ھەيۋەتلىك يۈرۈشلىرى، شاھلىق سەلتەنىتى، تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە توقۇنۇشلار، ھەرخىل تارىخىي ۋەقەلەر، تۈرلۈك پېرسوناژلار — ھۆكۈمالار، شاھزادىلەر، مەلىكىلەر، سەركەردىلەر، ۋەزىرلەر، چەۋەندازلار، نەيرەڭۋاز، جادۇگەر - سېھىرگەر ۋە ئەييارلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇلق - مىجەزلىرى، تەقى - تۇرقى، خاس ئەزالىرى، باتۇرلۇقلىرى، كەسكىن ۋە شىددەتلىك جەڭلەر، ھەربىي قائىدىلەر، ئىلىم - ھېكمەتلەر، قورال - ياراغلار، كىيىم - كېچەكلەر، مەدەنىيەت، تۇرمۇش، پسىخولوگىيە، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ھۈنەر - سەنئىتى، تاغ - دەريا، بۇلاق، ئېتىز - ئېرىق، شەھەر قاتارلىق جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار، جۇغراپىيىلىك مەنزىرە تەسۋىرلىرى، قەبىلە، مىللەت، دۆلەتنىڭ ناملىرى ئەپسانە، رىۋايەت، ھېكايىلەر ئاساسىدا ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ۋاستىسى ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىنغان. شۇ ئارقىلىق قىزىقارلىق ئىپادىلەش

ۋاستىلىرى خىلمۇ خىل، جانلىق، چۇچۇك تىل ـ ئىبارە، ئۆتكۈر كىنايە، گۈزەل تەسۋىرلەر، چوڭقۇر مەنىلىك جۈملىلەر، ئەقلىيە سۆزلەر ۋە ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بارلىققا كەلگەن.

بۇ ئەسەر ئەدەبىي جەھەتتە قىزىقارلىق تارىخىي قىسسە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ۋە ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە. تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ قەدىمكى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئورۇن بېرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى. مۇشۇ نۇقتىدىن قاراپ بۇ ئەسەرنى ئەدەبىي شەكىلدە يېزىلغان تارىخ ياكى تارىخ بايان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئىسلام ئەدىبلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بۇ تارىخىي رومان شەكلىدىكى ئەسەردە، كۆپىنچە تارىخىي ۋەقەلەر ئىلاھلىق تۇمانلىرى بىلەن قاپلانغان. بۇنىڭدىكى ئوبرازلارمۇ دىنىي رومانتىك توقۇلمىلار، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بايان قىلىنغان. بەزىدە تارىخىي رېئاللىقتىن چەتنەپ مۇبالىغىگە ھەددىدىن ئارتۇق يول قويۇلغان. مەسىلەن، ئىسلام دىنى تېخى دۇنياغا كەلمىگەن شارائىتتىكى، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا ئەللىرىنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار پۈتۈنلەي مىلادى VII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كېلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا ئەرەبلەر ئارىسىدا كېڭىيىپ، ئاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلىغان ئىسلام مۇھىتى ئارىسىغا ئوراپ قويۇلغان. ھەتتا ئىسكەندەرنىمۇ ئەرەبلىك ئىسكەندەر دەپ، ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ پەيغەمبىرى ـ داھىيسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا

بويسۇنۇشنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئېتىقادىنى توغرىلىدى دەپ، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى ئىسلام لەشكەرلىرى دەپ بايان قىلىنغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتوردا تارىخ ئىلمىغا دائىر ئۇقۇملارمۇ ئېنىق بولمىغان. مەسىلەن، شەھرى قىتا (قىتاي خاقانلىقى ياكى خىتاي ئەھلى) ھەققىدە ھېچقانداق جۇغراپىيىلىك بايان بەرمىگەن. ئەكسىچە، بەزىدە ئۇنى «قىتا شەھرى» دەپ ئاتاپ، جەنگو دەۋرىدىكى چىن بەگلىكى بىلەن ئۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل كېيىنكى قىتان، يەنى لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتى (مىلادى 907 — 1125 - يىللار) نىڭ نامىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان. يەنە مىلادى 10 — 11- ئەسىردە قۇرۇلغان ئۇلۇغ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادى 963 — 1187 - يىل) نىڭ سۇلتانى سەبۇك تېگىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدنىڭ سۇلتان بولغان مەزگىللىرىدە ئەتراپتىكى خانلىقلار بىلەن ئېلىپ بارغان جەڭگە - جېدەللىرى ئۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئالېكساندىر (ئىسكەندەر) نىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش جەريانىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. شۇڭا ئەسەرگە نىسبەتەن تارىخ ئىلمى جەھەتتە چوقۇم كەسكىن تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇنىڭدىكى بايانلارنى تارىخىي پاكىت ئورنىغا قويماسلىق لازىم.

«ئىسكەندەرنامە» نى نەشرگە تەييارلاشتا «ئەسلى تېكىستكە سادىق بولۇش، راۋان ئوقۇشلۇق بولۇش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» تىن ئىبارەت پرىنسىپقا ئاساسەن ئىش كۆرۈلۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلتۈرۈلدى. كىتابنىڭ ھەجىم ئېتىبارى بىلەن ئەسەرنىڭ بىرىنچى جىلدى «ئىسكەندەرنامە» (1)، ئىككىنچى، ئۈچىنچى جىلدى «ئىسكەندەرنامە» (2)، تۆتىنچى جىلدى «ئىسكەندەرنامە» (3) قىلىپ نەشر قىلىندى. ئەسەردە ئۇچرايدىغان «قۇرئان» سۈرىلىرى، ئەرەبچە، پارسچە سۆز -

ئىبارىلەرگە ئۆز ئورنىدا ئىزاھات بېرىلدى. بەزى جۈملىلەرگە گىرامماتىكا جەھەتتىن قىسمەن ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، ئەسەرنىڭ تىل - يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئاساسەن ساقلاپ قېلىندى. ھازىرقىدىن پەرقلىق بولغان ياكى قىسمەن پەرقلىق بولغان تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارغا كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئىزاھات ۋە چۈشەنچىلەر بېرىلدى. ئەسەردە ئۇچرايدىغان ئەرەبچە، پارسچە سۆز - ئىبارىلەر شۇنىڭدەك ھازىرقىدىن پەرقلىق بولغان تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھات، چۈشىنىك ۋە ھاشىيەلىرىنى ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى ئىشلىدى.

ئەسەرنىڭ تىلى ئېغىر، جۈملە تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ئىپادىلەش شەكلى ئۆزگىچە بولغانلىقى ئۈستىگە، مەزكۇر قوليازمىنى بىرنەچچە كاتىپ كۆچۈرگەن بولغاچقا، قوليازمىدا ئىملا خاتالىقى بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى، يەر - جاي ناملىرى، ياكى ئايرىم سۆزلەر بىرنەچچە خىل يېزىلىش ئارقىلىق تەكرار ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك، تەجرىبىمىزنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبلىك، مەزكۇر قوليازمىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەپ بېكىتىش جەريانىدا كىشى، جاي ئىسىملىرىنىڭ توغرىلىقى ۋە مەزمۇن جەھەتتە قىسمەن خاتالىقلارغا يول قويۇلغان بولۇشى تەبىئىي. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي كۆزدىن كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن

**ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق**

1996 - يىل 1 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

# مۇندەرىجە

مۇھەررىردىن ......... ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق 1
مۇقەددىمە ئىپتىداسى ......... سەيىد مەھدى ھەمەدانى 1

## بىرىنچى جىلد

بىرىنچى قىسسە، فىلقۇس ھېكىمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى ......... 11
ئىككىنچى قىسسە، سەھرالىق مەزلۇمنىڭ فىلقۇس ھېكىمنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ بايانى ......... 13
ئۈچىنچى قىسسە، فىلقۇسنىڭ پادشاھ جاۋاھىرلىرىنى ئوغرىلىغانلىقى ھەم ئۆزىنىڭ ئوغرىلىقىغا ئىقرار قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ......... 15
تۆتىنچى قىسسە، فىلقۇسنىڭ قەيسەر بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن سەپ تۈزگەنلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ بايانى ......... 17
بەشىنچى قىسسە، جەمشىد بىلەن خۇرشىدنىڭ شام پادشاھىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى ......... 20
ئالتىنچى قىسسە، رەبئى ئۇشتۇرگەرنىڭ سۇغا چۈشۈپ، دارابنى سالغان ساندۇقنى سۇدىن سۈزۈۋالغانلىقى ......... 21
يەتتىنچى قىسسە، دارابنىڭ ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن كېڭەش قىلغانلىقى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ بايانى ......... 48
سەككىزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ دارابنىڭ جەسىتىنى بەھمەن شاھنىڭ قەبرىگاھىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى، يولدا تىلسىمنى

سۇندۇرۇپ شاھلارنىڭ مەقبەرىسىدە ئىسفەندىيار ۋە بەھمەننىڭ جەسىتىنى كۆرگەنلىكى ........................................ 16
توققۇزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ ئەلۋەند كوھ تېغىغا بېرىپ ئەلۋەند خىسرەۋخان بىلەن ئۇچرىشىپ، بەھمەننىڭ خەزىنىسىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى، ئاندىن ئەفلاتۇنغا يولۇقۇپ، ئارىستونى ۋەزىرلىككە تىلىۋالغانلىقى، ئەفلاتۇننىڭ ھېكمەت دۇمبىقىنى ئىسكەندەرگە سوۋغا قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ......... 66
ئونىنچى قىسسە، ساھىبقىران ئىسكەندەرنىڭ جەمشىد تىلسىماتىنى سۇندۇرۇپ جەمشىد بارگاھىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ........................................ 78
ئون بىرىنچى قىسسە، ئەفلاتۇن ھېكىم بىلەن فەرىدۇن شاھ يۇنانى توغرىسىدا بىر نەچچە كەلىمە ئىشتىلىك ..............
ئون ئىككىنچى قىسسە، قەيسەرنىڭ زالىم شەدداتنى گەردۇسىغە ئەۋەتكەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ شەدداتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قەيسەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكى، فەتنەنىڭ قەيسەرنى ئۆلتۈرۈپ ئىسكەندەرگە نىجاتلىق بەرگەنلىكى ............ 95
ئون ئۈچىنچى قىسسە، گەردۇس شاھىنىڭ خەتەرلىك تاغدا سەئىدنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى، ساھىبقىراننىڭ خەتەرلىك تاغدا قېلىپ زۇلماتقا ماڭغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ............ 105
ئون تۆتىنچى قىسسە، ئەمىرخاننىڭ خىسرەۋخاننىڭ قىزى لەئبەت فەرەڭگە ئاشىق بولغانلىقى ........................ 112
ئون بەشىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ پەرزەنتى تىفۇر بىلەن مۇھتەر نەئىمنىڭ پەرزەنتى نەسىم ۋە نەسىمنىڭ مۇئەللىمگە ئەيىارلىق قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ فەرەڭ مەملىكىتىگە ماڭغانلىقى ........................................ 120
ئون ئالتىنچى قىسسە، بەلخ شاھىنىڭ ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، جەزابەر ئادىنىڭ بەلخ شاھقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكى، لەشكەرلەرنىڭ ئىسكەندەرگە ياردەم بەرگىلى

كەلگەنلىكى .............................. 123
ئون يەتتىنچى قىسسە، بەرق فەرەڭنىڭ ئىسكەندەرنى ئىسھاق
بىننى ئەلۋەسنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئىسھاق بىننى
ئەلۋەسنىڭ ئىسكەندەرنى زەنجىر بىلەن باغلاپ، ھاجى تۇرخان
تەرەپكە ئېلىپ بارغانلىقى .............................. 138
ئون سەككىزىنچى قىسسە، بەلخ شاھىنىڭ مىكىر قىلىپ،
ئىسكەندەرنى ھوشەڭنىڭ تىلسىمىغا تاشلىغانلىقى،
ئىسكەندەرنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقى .............. 140
ئون توققۇزىنچى قىسسە، بەرق فەرەڭنىڭ ئىسكەندەرنى ئىسھاق
بىننى ئەلۋەس ئۈچۈن زەنجىر بىلەن باغلاپ، ھاجى تۇرخان
تەرەپكە ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر .......... 147
يىگىرمىنچى قىسسە، ساھىبقىرانىنىڭ مازەندەرانغا بېرىپ
ئەرجەڭ دىۋىلەر بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە ئەرجەڭ دىۋىنىڭ
يېگانە قالغانلىقى .............................. 169
يىگىرمە بىرىنچى قىسسە، سام ئىبنى فەرىدۇننىڭ تەمھالخان
شەرۋاننىڭ ئۈستىگە بارغانلىقى، ئۇ باتۇرنىڭ تەمھالخاننىڭ
قولىدا يارىدار بولغانلىقى .............................. 193
يىگىرمە ئىككىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ ھېرمان زېمىنىغا
بېرىپ دەبدەبە جادۇگەرنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلىكى، نىقابدارنىڭ
ئەمىرخاننىڭ قولىدا ئاشكارىلانغانلىقى .............. 202
يىگىرمە ئۈچىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ تەبرىزگە ماڭغانلىقى،
سۇلتان تىفۇرنىڭ رۇمغا بارغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ يەنە مەككە
مۇئەززەمگە ماڭغانلىقى، ئەمىرخان بىلەن مۇھەممەد شىرزاد،
سەئدان بىلەن تۇرنىڭ تەمھالخان بىلەن جەڭ قىلغانلىقى،
ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ بەھزاد جادۇ بىلەن جەڭ قىلىپ
بەھزاد جادۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى .............. 232
يىگىرمە تۆتىنچى قىسسە، شەبەرەڭ تاتارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ
ئوردىسىغا بېرىپ ئاشپەزلىك قىلىپ توساتتىن ھۇجۇم قىلغا-

لىقى، نەسىمنىڭ ئانىسى فەتتەنىڭ شەبەرەڭنى تونۇۋالغانلىقى،
نەسىمنىڭ ئۆنىڭ بىلەن ئېلىشقانلىقى.............. 245

يىگىرمە بەشىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ تاتارغا
ماڭغانلىقى، شەھرىيارنىڭ تاتارنىڭ شەھىرىنى مۇسەخخەر
قىلغانلىقى .......... .............................. 258

يىگىرمە ئالتىنچى قىسسە، گەرجىستان پادىشاھىنىڭ ئوغلى
بەرگ ئەرەجىنىڭ تاتار شاھىنىڭ ئۈستىگە كەلگەنلىكى،
ئىسكەندەرنىڭ بەرگ ئەرەجىنى بويسۇندۇرغانلىقى ۋە باشقا
ۋەقەلەر .......... .............................. 261

يىگىرمە يەتتىنچى قىسسە، شافور تەكاۋەندىنىڭ باتۇرلارنى
ئېلىپ كەتكەنلىكى، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەييارلىق قىلغانلىقى،
ئىسكەندەرنىڭ شافور تەكاۋەندىنى بويسۇندۇرغانلىقى ... 263

يىگىرمە سەككىزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ رەي مەملىكىتىنى
بويسۇندۇرغانلىقى، قىزىل تونلۇق نىقابدارنىڭ ئاشكارا
بولغانلىقى، ھەرۇم نەۋجەۋاننىڭ قولغا كەلگەنلىكى، ھىكلاننىڭ
شىرزاد ئابدۇلھېمىدنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى .......... 275

يىگىرمە توققۇزىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ ئىسفەھان شەھە-
رىگە بېرىپ گۈلبار ئەرەبنىڭ دۆلىتىدە بولغانلىقى، مۇھتەر
نەسىمنىڭ گۈلبار شاھنى ئىتائەت قىلدۇرغانلىقى ...... 289

ئوتتۇزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ شىراز تەرەپكە بارغانلىقى،
نەسىمنىڭ ئارستونى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەدەن مەملىكىتىگە
ماڭغانلىقى .............................. 301

ئوتتۇز بىرىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەدەن شەھىرىدىن
ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانلىقى،
ساھىبقىراننىڭ ئىككى قېتىم شەھىرى ئەدەنگە بېرىپ باتۇرلارنى
ئەۋەتكەنلىكى .............................. 310

ئوتتۇز ئىككىنچى قىسسە، ئارستونىڭ دەرياغا غەرق بولغانلىقى،
بېلىقچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئارستونىڭ دەريادىن قۇتۇلۇپ

چىققانلىقى ........................ 320
ئوتتۇز ئۈچىنچى قىسسە، شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ فەرىدۇن شاھنىڭ قىزى خۇرشىد بانۇغا ئىشقىۋازلىق قىلغانلىقى، فەرىدۇن شاھنىڭ ئىسكەندەر ئوردىسىدىن ئەفلاتۇنىنىڭ دۇمبىقىنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا چۆشۈپ كەتكەنلىكى ........................ 328
ئوتتۇز تۆتىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ دەريادىن چىقىپ بەھرەيىن شەھىرىگە يېتىپ بارغانلىقى، پولات شاھنىڭ بەھرەيىندىن ئەدەن مەملىكىتىگە راۋان بولغانلىقى ...... 339
ئوتتۇز بەشىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ شاھزادە ئابدۇلھېمىدنى خۇرشىد بانۇنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ........................ 344
ئوتتۇز ئالتىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ سېستان تەرەپكە بارغانلىقى، كىيابانۇنىڭ ئىتائەت قىلغانلىقى، ئەمىرنىڭ بابىل زېمىنىغا بارغانلىقى ........................ 357
ئوتتۇز يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ تىلسىمغا چۆشۈپ قالغانلىقى، ئارستونىڭ تىلسىمەئى توھمارىس دىۋبەتتىنى بويسۇندۇرۇپ ئىسكەندەرگە نىجاتلىق بەرگەنلىكى ...... 361
ئوتتۇز سەككىزىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئەقىق تېغىغا بارغانلىقى، روينتەننىڭ مەيداندارلىق قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ........................ 370
ئوتتۇز توققۇزىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ قارا كىيىملىكنىڭ ئارقىسىدىن ئەسھابولكەھف غارىغا بېرىپ، پەيغەمبەرنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئىشىتكەنلىكى، سەييادخاننىڭ ئىسكەندەرنىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقى ........................ 378
قىرىقىنچى قىسسە، شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ ئامانىيە شەھىرىگە بېرىپ تەدبىر بىلەن ئامانىيە شەھىرىنى بويسۇندۇرۇپ باتۇرلارنى قۇتقۇزغانلىقى ........................ 284

قىرىق بىرىنچى قىسسە، مازەندەرانلىق تۇر بىلەن سەئدان ئىبىن سانىنىڭ ھىندىستانغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ...... ........................... 387
قىرىق ئىككىنچى قىسسە، سەئدانىنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقى، سەرەنداپ شاھى جاھانشاھنى ھامال قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ........................... 394
قىرىق ئۈچىنچى قىسسە، ساھىبقىرانىنىڭ ئەقىق تېغىغا بېرىپ غۇلام ۋە كېنىزەكلەرنى كۆرگەنلىكى، سەئدانىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ........................... 410
قىرىق تۆتىنچى قىسسە، جالىنۇسنىڭ ئارستو بىلەن ئىسكەندەرنىڭ يولىغا قاقاقلاپ كۈلىدىغان يىلاننى تۇرغۇزغانلىقى، ئارستونىڭ قاقاقلاپ كۈلىدىغان يىلاننىڭ ئىلاجىنى قىلغانلىقى............................ 419
قىرىق بەشىنچى قىسسە، ئارستو ھېكىمنىڭ زوربەنىڭ تەدبىرى بىلەن سەقلاپ شاھنىڭ پەرزەنتىنىڭ بېشىدىن ھەزارىيانى ئېلىپ تاشلىغانلىقى ........................... 427
ئىزاھاتلار ........... ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق 440

# بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ
ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەددى ـ ھېسابسىز مەدھىيىلەر ئاي ۋە كۈن كېمىسىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ھېكمىتى بىلەن ئالەم دەرياسىنىڭ يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرغان ھەم ھەممىنى ياراتقان تەڭرىگىلا خاستۇر. سان ـ ساناقسىز دۇرۇدلار پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرۋەرى، ئىنسانلارنىڭ پەخرى، ئابدۇللانىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام [1] غا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بولسۇن. مەخپىيەتلىكتىن ۋاقىپ بولغۇچىلارغا شۇ نەرسە مەخپىي قالمىغايكى، ئىسكەندەر [2] نىڭ يۈز ـ ئابرۇيلۇق نەسەبلىرىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ھەق يولدىن ئاداشقان گۇمراھلار ۋە مۇرتەد① لەر ئىدى. تارىخنامىلەرنىڭ ھەممىسىدە: «ئىسكەندەر ـ ھىدايەت② بۇلىقىنىڭ بېشىغا يەتتى» دەپ زىكرى قىلىنىدۇ. داراب [3] بەھمەن [4] نىڭ ئوغلى، دارابنىڭ ئانىسى ھەمھۇر، ھوماي [5] بەھمەننىڭ قىزى ئىكەنلىكى مەزكۇر كىتابتا ئۇچرايدۇ.

ئەلقىسسە، بۇ داستاننى رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە كونا سۆزنى تىرگۈچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسفەندىيار رويىنتەن [6] رۇستەم [7] نىڭ ئوقى ۋە سۇمۇرغدەك سۆزى

---

① مۇرتەد ــ دىندىن چىققۇچى، ئەتۇر يولغا ماڭغۇچى، ئۆز مەسلىكىدىن چىققۇچى.
② ھىدايەت ــ توغرا يول كۆرسەتمەك، توغرا يولغا كىرمەك، توغرا يول ئىزدىمەك.

بىلەن ھالاك بولدى. بەھمەن ئىسفەندىيارنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى ئىرانىيلار [8] نىڭ (رۇستەمنىڭ) زېمىنغا تۇتاش ئىدى. زال [9] بولسا زابىلىستان [10] دا زامانىنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرىدىن قولىنى يىغىپ، تەڭرىنىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل ئىدى. سىپستانىمۇ [11] زالنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇلۇغلار زالنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بەھمەن ئىراندا كۈچىيىپ پادشاھ بولدى. رۇستەم ئىسفەندىياردەك شاھزادىنى يوقلۇق دىيارىغا ئەۋەتتى. بۇ چوڭ ماجىرا رۇستەمدىن سادىر بولدى. ئىرانىيلار بەھمەننى پادشاھ قىلىپ، ئىراننىڭ باتۇرلىرىنى ۋە لەشكەرلىرىنى بەيئەت قىلدۇردى» دەپ ئەرز قىلىپ:

— ئەي، زال بۇنداق خالىي جايدا بىخىرامان ئولتۇرىۋەرمىگىن، ئەگەر بەھمەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدىغان بولسا، رۇستەمنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى بىخ ۋە يىلتىزىدىن قورۇتۇپ، ئۇلارنى ھەرگىز زېمىن يۈزىدە قويمايدۇ. يەنە ئىسفەندىيارنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر ئادىمىنىمۇ زابىلىستاندا ھەتتا كابۇلىستان [12] دا قويمايدۇ، — دېگەنىدى. زال:

— ئۇنداقتا بەھمەننىڭ پادشاھلىقى ئۇزاققا بارالمايدۇ، — دېدى. بىراق بەھمەننىڭ پادشاھلىق سەلتەنىتى ئىككى يىلدىن ئاشتى. بەھمەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئادالەتسىزلىك قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ تەرىقىدە بۇ بىۋاپا دۇنيادىن ئىسفەندىيار ۋە رۇستەملەر ئۆتۈپ كەتتى. دەرۋەقە بەھمەن دىلى ۋە تىلىدىكىدەك، رۇستەمنىڭ ئەۋلادىنى نەسلىدىن قورۇتۇش ئۈچۈن بەل باغلىدى.

بەھمەننىڭ پادشاھلىق سەلتەنىتى ئالەمگە تارالدى.

ئەلقىسسە، ھەممىگىلارغا مەلۇمكى، جەمشىد [13] نىڭ بېشىغا زەھھاك [14] ھەرە قويۇپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى. ئاخىرىدا، شاھ فەرىدۇن [15] جەمشىدنىڭ قىساسىنى ئېلىش

ئۇچۇن زەھھاكنى بابىل [16] دا بېشىنى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ قۇدۇققا ئاستى. ئىرەج [17] نىڭ خۇنىنى مەنۇچەھرە [18] ئىككى تاغىسىدىن ئالدى. كەيخىسرەۋ [19] ئانىسى سىياۋۇش [20] نىڭ قىساسى ئۇچۇن تۇران [21] دىيارىدا قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، ئاخىرى ئەفراسىياب [22] نى ھالاك قىلدى. بوۋام لېھراسىب [23] نىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۇچۇن ئاتام بېرىپ، ئەرجانى تەختتىن ئېلىپ تاۋۇتقا سالدى. بۇ سېپىستانلىق لەشكىرىيزادە رۇستەمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۇچۇن كابۇل [24] پادىشاھىنى خارلىق ئىچىدە ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ پۇل - ماللىرىنى ئوتتا كۆيدۈردى. ئاتام بىلەن قېرىنداش بۇرادەرلىرىم شاھلاردىن كەم ئەمەس ئىدى. مەنمۇ پەرزەنتلەر ئىچىدە بىدىد ئەمەس ئىدىم. شۇڭلاشقىمۇ نېمە ئۇچۇن ئۇلارنىڭ قىساسىنى زال زەر [25] دىن ئالمايمەن؟ نېمە ئۇچۇن ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى ئۆزۈمدىن خۇشۋاخ قىلمايمەن؟ ئۇلارنىڭ قىساسىنى مەندىن كېيىن كىم ئالىدۇ؟ دېگەنلەر بەھمەننىڭ كۆڭۈل دەرياسىدىن ئۆتتى. سەركەردىلەر بۇ سۆزنى ئىشتىپ، ھېچبىرى شاھنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي ناچار ھالدا:

— سەن بولساڭ پادشاھ، سەن نېمىنى ئىختىيار قىلساڭ، بىزنىڭ ئىتائەت قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوق، — دېدى. بەھمەن سىپاھلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جاكارچىلاردىن ئىران دىيارىغا نامىلەر ئەۋەتتى. ئالتە ئايغىچە لەشكەر دەريادەك ئېقىپ كېلىپ قۇمدەك توپلىنىپ زور قوشۇن ھازىر بولدى. قىلىچۋازلاردىنلا يۈز مىڭى بەھمەننىڭ بارگاھىنى قاپلىدى. بۇ خەۋەر زالزەرگە يەتكەندە، زال كېچە - كۈندۈز كۆز يېشى قىلدى. ئۇ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى تۇپەيلىدىن ئالتۇن كەمەرلىك دارابقا، جاھان بەخش ئىبنى رۇستەمگە خەۋەر قىلىش ئۇچۇن نامە بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. شامال ئاياغ زابىلنى بولسا ئىران شاھلىرىنىڭ چېدىرىغا ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا سالماقلىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن جەڭنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى

فەرامۇزغا قاراتتى. بۇلار رۇستەم (باتۇر) ئەۋلادىنىڭ زىكرىدۇر. تارىخنامە — «شاھنامە» [26] دە ئېيتىلىشىچە، بەھمەن لەشكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شىكار قىلىش مەقسىتىدە زابىلىستان تەرەپكە ئاتلاندى. ئۇ سەرسەر دەرياسى بويىدا ئارام ئالغاچ زال تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ:

— ئەي قۇشپەرەس، ئاتامنى رۇستەم ھالاك قىلدى. ئۇ ھەم قالمىدى. فەرامۇز ئىككى بۇرادىرىمنىڭ يېگى كۆچىتىنى بىخ - يىلتىزىدىن قىرقىپ تاشلىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ قىساسىنى سەندىن ئالىمەن، زابىللارنىڭ قېنىنى تۇپراققا سىڭدۈرىمەن، — دەپ نامە ئەۋەتتى.

ئەلچى زالنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، زالنىڭ ئەلچىلىرىگە سوۋغا - سالاملىرىنى ۋە نامىنى ئىززەت بىلەن بەردى. زال بەھمەننىڭ نامىسىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئەلچىنى ئوسال قىلىپ قايتۇردى. بارگاھنىڭ ساراي پەردىسىنى شەھەر تەرەپكە ئېچىشقا بۇيرۇق قىلدى. بەھمەننىڭ ئەلچىسى قايتقاندىن كېيىن زال: «ھەر قانداق ئىش بولسا شاھلاردىن كەلسۇن» دەپ، نامە تەييارلاپ بەھمەننىڭ ئالدىغا ئۆزى باردى. زال خىجالەت بولۇپ، نەچچە قېتىم يەر ئۆپۈپ، بەھمەنگە ئىززەت - ئىكرام قىلىپ: «پەرزەنتلىرىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەيلا» دەپ تىلىدى.

زالنىڭ بۇ خىل بەندىلىكىدىن بەھمەن بىرئاز ئارامبەخش ئالغانەك بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى ئەمىن تاپمىدى. ئاخىرى زالنى ھەمراھلىرى بىلەن بەنتكە تارتتى. ئاندىن كېيىن زابىل شەھىرىنى تالان - تاراج قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. زالنىڭ خەزىنىلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئولجىلارنى مىڭ تۆگىگە يۈكلىدى. ئاتلىرىنىڭ ئېگەر - توقۇملىرى باشتىن - ئاياغ ئالتۇن بىلەن بېزەلدى. شەمشەر - قىلىچلىرىنىڭ قىنلىرى ئالتۇندىن بولۇپ كەتتى. ئولجىلارنى سىپاھلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، زابىلدىن قولىنى يىغىپ، قوشۇنىنى سىستان تەرەپكە يولغا

سالدى. بۇ خەۋەر بويسۇندۇرۇلغۇچى سىستان تەرەپكە يەتكەندە، فەرامۇز لەشكەرلىرىنى باشلاپ بەھمەننىڭ لەشكىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ مۇقابىل تۇرماققا ھازىرلاندى.

ئىككى تەرەپ سىپاھلىرى ئۇرۇش مەيدانىدا روبىرو تۇردى. ئىككى تەرەپتىن سەپ تارتىپ ئوغلانلار، چەۋەندازلار مەيدانغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ جەڭ قىلدى. ئەمما بەھمەننىڭ قاۋۇل لەشكەرلىرى ئالدىدا فەرامۇزنىڭ مەغلۇپ بولۇشى قاش بىلەن كىرپىكتەك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا فەرامۇزنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپتىن بوران چىقىپ لەشكەرلەر توپا - توزان ئارىسىدا گاڭگىراپ قالدى. بەھمەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يۈزمىڭ شەمشەرۋاز بىلەن ئەلەم كۆتۈرۈپ جەڭ مەيدانىغا كىردى. فەرامۇزنىڭ باتۇرلىرى ئىچىدە ھىندى، سىندى دەپ بىرنەچچە سەپداشلار بار ئىدى. فەرامۇز ئۇلار بىلەن بەھمەننىڭ قېشىغا يېقىنلاپ بېرىشىغا، چاپ - چاپقا چۈشكەن لەشكەرلەرنىڭ تولىلىقىدىن ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. بىر كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ ئاخىرى ئۆزى يارىلىنىپ يىقىلدى. بۇ چاغدا فەرامۇز جېنىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ پىيادە قېچىشقا باشلىدى. ئاخىرى گەردەشىر ئىسىملىك بىر پالۋان فەرامۇزنىڭ بوينىغا سالما تاشلاپ باغلاپ بەھمەننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. بەھمەن فەرامۇزدىن گۇمانلىنىپ سوئال - سوراق قىلغاندى، فەرامۇز بېشىنى سىلىپ ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. بىرھازادىن كېيىن فەرامۇز ناھايىتى ناچار ھالدا:

— ئەي بەھمەن، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يېتىپ ساڭا نەۋبەت ئاڭا قىلمە ناز،

ئۆتۈپ سەن كەبى يۈز تۈمەن سەرفەراز.

فەرامۇزنىڭ بۇ سۆزىدىن بەھمەن غەزەپلىنىپ ئۇنى دارغا ئاستۇردى. بەدىنى ئوقنىڭ دەستىدىن چۆلگەن بۆركۆتنىڭ پەيلىرىدەك ھەر تەرەپكە چېچىلدى. بەھمەن فەرامۇزنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ بولۇپ، لەشكەرلەرنى سىستاننى تالان - تاراج

قىلىشلار، دەپ بۇيرۇغانىدى، گۇرشاسەپ ئوردىسىنىڭ تۆۋرۈكلىرىنى دەريائى سەرسەرغە تاشلاپ غەرق قىلىۋەتتى. ئوردا - قەسىرىنى تۇزلەپ، ئورنىغا ئۇلاغلار ئۈچۈن ئارپا تېرىدى. رۇستەم بىلەن فەرامۇزنىڭ ھەرەم سارايلىرىنى يالىڭاچلاپ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن زۇلۇم دەپ بىلگەن باتۇرلار خۇددى مەزلۇملاردەك ھۆكۈرەپ يىغا - زارە قىلىشتى ھەمدە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا پالۋانلارنىڭ ھەممىسى:

— مۇبادا بەھمەن بۇ ھەرىكىتىدىن قول ئۈزۈپ لەشكەرلىرى بىلەن ئىرانغا قايتقان بولسا، بىز قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتۇق، — دېيىشتى. بەھمەن ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن خىجالەت بولۇپ، ئۇ بىچارىلەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. ئەمما زالنى سولاقتىن ئېلىپ چىقىپ قىيناپ ئازابلىدى. زالنىڭ ئۆمرىدىن ئۈچ مىڭ (؟) يىل ئۆتتى. ئاخىرى ئۇ جەڭ مەيدانىدا باشقىلارنىڭ قېنىنى تۆكتى. تۆكۈلگەن قانلار بەھمەننىڭ دىلىنى تىرە، ئەقلىنى خىرە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئىرانغا ياندى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى بەھمەن ھەرىمىگە كىرگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزى بىر گۈزەل قىزغا چۈشتى. ئۇنىڭ دەرھال دىلى ئۆرتىنىپ ھالىدىن كەتتى. ئۇ گۈزەل قىزى ھۇماي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بەھمەن بىرنەچچە كۈن سەۋرى قىلغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ دانىشمەنلىرىدىن:

— مەن باغقا ئۆز قولۇم بىلەن بىر كۆچەت تىككەنىدىم، ھازىر ئۇ ئەي بولۇپ ۋايىغا يېتىپ مېۋە بېرىپتۇ. مەن ئۇ مېۋىنى ئۈزۈپ يېسەم ماڭا مەقبۇل بولامدۇ، قانداق؟ — دەپ سورىدى.

دانىشمەن:

— ئەگەر ئۇ دەرەخ جانسىز ۋە ئۆسمەيدىغان نەرسە بولسا، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېگىلى بولىدۇ، مۇبادا ئۇ گىياھ ۋە جانسىز

نەرسە بولماي تىرىك نەرسە بولسا، ئۇنىڭ مېۋىسى ساڭا ئەسلا هارامدۇر، — دېدى. بەھمەن:

— بۇلارنى بىلمەيمەن. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى. دانىشمەن:

— ئۇ دەرەخنى ھەرە بىلەن ھەرىدىسەڭ، دەرەختىن قان چىقمىسا، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيىش ساڭا هالال. ئەگەر قان چىقسا هارامدۇر. ئۇ دەرەختىن بىر گەز چامىسىدا كېسىپ، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلغىن، — دېدى. بەھمەن تاشقىرىغا چىقىپ، قانداق قىلسام بولار دەپ، ئىككىلىنىپ قالدى.

ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى شۇ ئىش بىلەن بەنت بولۇپ قالغاندى. بىر كۈنى بىر ئاقساقال بوۋاي بەھمەنگە ئۇچراپ قالدى. بەھمەن ئۇنى خالىي بىر يەرگە ئېلىپ كىرىپ ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى ئېيتتى ۋە بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. بوۋاي:

— چاتاق يوق، قانداق قىلىشنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

— قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى بەھمەن.

— سەن پاشىنىسى بىر غېرىچ كەلگىدەك بىر كەپۇش تىكتۈرۈپ، ئۇنى مەشۇقۇڭنىڭ پۇتىغا كىيگۈزگىن، ئاندىن كېيىن ھەرە بىلەن كەپۇشنىڭ پاشىنىسىنى ھەرىدىگىن. ئەگەر قان چىقمىسا ئۇ ساڭا هالالدۇر، — دېدى بوۋاي. بەھمەن بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، قىزى ھوماي بىلەن مۇراد ھاسىل قىلدى. ھوماي خىسرەۋ سۇپەت ئادىل ھۆكۈمداردىن [27] ھامىلدار بولدى. بەزىلەر، بەھمەن پەھلەۋى دىنىغا كىرىپ بۇ ئىپلاس ئىشنى قىلدى، دەيدۇ. بەھمەن بۇ ئىپلاس ئىشنى قىلىپ قويغاچقا، دىلى غەشلىكتە قالدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ رەڭگىرويى سارغىيىپ زەئىپلەشتى. ئاخىرى ئۆلۈم پەرىلىتى كۆڭلىدە نامايان بولدى.

بىر كۈنى بەھمەن بارگاھتا ئولتۇرۇپ، ئىرانىنىڭ

مۆتىۋەرلىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ:
— ئەي دوستلار، مەن سىلەرگە مۇنداق ۋەسىيەت
قىلىمەنكى، مېنىڭدىن كېيىن قىزىم ھوماينى ئۆزۈڭلەرگە
پادشاھ قىلىڭلار، — دېدى. بەھمەننىڭ بۇ سۆزىنى ئىراننىڭ
ئۆلىمالىرى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلدى.
بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بەھمەن پانىي ئالەم رەختىنى باقىي
ئالەمگە تارتىپ، ئۇنى تاۋۇتقا سېلىپ ئەجدادىنىڭ
قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدى. ھوماينى بەھمەننىڭ ئورنىدا
پادشاھ قىلىپ تەخت كىيانەدە ئولتۇرغۇزۇپ، خىسرەۋانە
شاھلىق تاجىنى بېشىنىڭ سول يېنىغا قىستۇردى.

ئەلقىسسە، ھومايىنىڭ ۋاقتى - سائىتى توشۇپ بىر
زادە، يەنى بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىلدى. ئۇ ئاپتاپتەك
نۇرلۇق، تولۇنئايدەك چىرايلىق ئىدى. ھوماي بالا
تۇغقانلىقىمنى ئاشكارا قىلسام رەسۋا بولىمەن، ئەڭ ياخشىسى
بۇنى دەرياغا تاشلاي دەپ ئويلاپ، مۇلازىملىرىنى بىر ساندۇق
تەييارلاشقا بۇيرۇدى، ساندۇق تەييار بولدى. ساندۇقنىڭ ئىچىگە
ناھايىتى يۇمشاق رەختلەرنى بېزەتكۈزدى. ئاندىن كېيىن بالىنى
ئۆزى ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنىڭ سىرتىغا موم سۈركەپ،
ساندۇقنى دەريا قىرغىقىغا ئېلىپ بېرىپ دەرياغا تاشلىدى ھەمدە
ئىككى كىشىنى ساندۇقنىڭ نەگە ئېقىپ بېرىشىنى، كىمنىڭ
سۈزۈۋېلىشىنى كۆرۈپ كېلىپ جاۋابىنى بېرىشكە بۇيرۇدى.
ساندۇق ئاخىرى دەريا بويىدا تۆگە بېقىۋاتقان بىر مۇنچە
تۆگىچىلەرنىڭ ئالدىغا ئېقىپ كەلدى. ئۇلار ساندۇقنى
سۈزۈۋېلىپ ساندۇقتىكى بالىنى كۆردى. ئۇلاردىن بىرى:
— مېنىڭ بالام يوق ئىدى، بۇبالىنى مەن بېقىۋالىمەن، —
دەپ بالىنى ساندۇقتىن قولىغا ئالدى. ساندۇقنىڭ ئارقىسىدىن
ئەگىشىپ كەلگەن ھېلىقى ئىككى كىشى بۇ ئەھۋالنى ۋە
تۆگىچىلەرنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋېلىپ، قايتىپ كېلىپ ھومايغا
خەۋەر قىلدى. بۇ داستاننى كېيىنكى قىسمىدە ئاڭلىغايسىز.

# 1- جلد

# بىرىنچى قىسسە، فىلقۇس [28] ھېكىمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، مەزكۇر جىلدنىڭ خەۋەرلىرىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار بۇ داستاننىڭ ۋەقەلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق ھېكايە قىلىدۇكى، مىسىر [29] شەھىرىدە دانىشمەن كىشىلەر پەيلاسوپ، ھېكىم دەپ ئاتىلاتتى. خالايىق ئارىسىدىن تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ تاغ ئارىسىدىكى غاردا تۇرۇۋاتقان بىر مىسكىن كىشى بار ئىدى. ئۇ ھەر ئايدا بىر قېتىم تاغدىن چۈشۈپ تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئىرادە بىلەن تاغدىن چۈشۈپ قەبرىستانلىققا كەلدى. ئۇ قەبرىستانلىققا دۇئا قىلىپ بولۇپ، يولدا كېتىپ باراتتى، تۇساتتىن ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن باشقا قارىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە خەت بار ئىدى. باش سۆڭەكنىڭ پېشانىسىدىكى خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بۇ قاپاقكاللىنىڭ ئىگىسى قىرىق مىڭ مۆمىن كىشىنىڭ قېنىنى ناھەق تۆككەن. بۇ ئالەمدە بىر يۈز يىگىرمە يىل پادىشاھلىق قىلغان» . ئۇ كىشى بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، تەڭرىگە سەجدە - شۈكۈر بەجا كەلتۈردى. ئاندىن ئۇ خەت بار باش سۆڭەكنى غارغا ئېلىپ كېلىپ، ھاۋانچىدا يۇمشاق سوقۇپ شىشىگە سېلىپ، غارنىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويدى. بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى... ...

رىۋايەتچىلەر يەنە مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ، بىر ساھىبجامال قىز بار بولۇپ، ئۇ ھېكىم ئاتىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. بىر كۈنى بىر ئىش ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ، ھېكىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىسقىلىق تۇرغان شىشىنى كۆردى. شىشىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى تالقاندىن يەپ، ئاندىن شىشىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ جايىغا قويۇپ قويدى. تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قىز ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. پەيلاسوپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ غەزەپلىنىپ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى، قىز:

— ھېچقانداق نامەھرەمنىڭ قولى ماڭا تەگكىنى يوق. مەن پەقەت سىز تورۇسقا ئېسىپ قويغان شىشىدىكى تالقاندىن ئازراق يەپ سالغانىدىم. شۇ كۈندىن كېيىن مەندە ھامىلىنىڭ سىزىمى پەيدا بولدى، — دېدى. ھېكىم:

— سۆزۈڭ راستمۇ؟!

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ ئاي - كۈن، ۋاقتى - سائىتى توشۇپ قىزنىڭ جىسمىدىن بىر ئوغۇل تەۋەللۇد بولدى. ئۇنىڭغا «فىلقۇس» دەپ ئات قويدى. بالا قوزى يېشىدا ئىدى. ئۇ بۇ ئوغۇلنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلدى. بىر پەيلاسوپنى بالىنىڭ تەربىيىسىگە بۇيرۇدى. پەيلاسوپ بالىغا ئەلەمدىن ھەم قەلەمدىن تەلىم بەردى. فىلقۇس ھەر تەرەپتىن ماھىر ھېكىم بولۇپ يېتىشتى. پەيلاسوپ ئاخىرى پانىي ئالەم رەختىنى سېلىپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. فىلقۇس ئانىسىنى ئېلىپ شەھەر ئەتراپىغا كېلىپ ئۆي تۇتتى. ئۇ ھەر كۈنى تۆت كوچا ئاغزىغا كېلىپ پال سېلىپ ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەرنى قىلاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ئۇنىڭدىن

قانداق سوئال سورىسا، ئۇ رەمماللىقتىكى مۇناسىپ جاۋابنى بېرىپ يولغا سالاتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## ئىككىنچى قىسسە، سەھرالىق مەزلۇمنىڭ فىلقۇس ھېكىمنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق ھېكايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى فىلقۇس ھېكىم ئولتۇرۇپ پال سېلىپ ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلەۋاتاتتى. بىر مەزلۇم فىلقۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن بۇ كىچىك بالا چۈشىنىڭ تەبىرىنى قانداق بىلسۇن، دەپ كېتىپ قالدى. فىلقۇس ئۇستۇرلاپقا[1] قاراپ، ئۇ مەزلۇمنىڭ نېمىنى ئويلىغانلىقىنى بىلىۋالدى — دە:

— ئەي مەزلۇم، مەن سېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. سەن ۋەزىرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن چۈشىڭنىڭ تەبىرىنى سورىماقچى. ساڭا بىر ئىلتىماسىم بار، مەن ساڭا خەت يېزىپ بېرەي سەن خەتنى ۋەزىرگە بەرگىن، — دېدى. مەزلۇم فىلقۇسنىڭ ئىلتىماسىغا ھەيرانلىق بىلەن ماقۇل بولدى. فىلقۇس خەتنى يېزىپ ئۇنىڭ قولىغا بەردى. مەزلۇم ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

---

[1] ئۇستۇرلاپ ـ ئىلمىي نۇجۇمدا قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ پال ئاچىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

— مەن چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئۆيۈمنىڭ تۆت بۇلۇڭىدىن پۇرقىراپ تۈتۈن چىقىپ، ئارقىدىن تۆت ئەجدىها چىقىپ كەلدى، — دەپ ئەرزىنى ئادا قىلدى. بۇ كەنت ۋەزىرنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. شۇڭا ۋەزىر:

— بۇ ئۆيدىن ساڭا ياخشىلىق كەلمەيدىكەن. ئۆيۈڭنى ماڭا ساتقىن، — دېدى. مەزلۇم ئۆيىنى ۋەزىرگە ساتتى. فىلقۇس خەتنى مۇنداق مەزمۇندا پۈتكەنىدى: «بۇ مەزلۇم مۇنداق چۈش كۆرگەنكى، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا تۈگمەس خەزىنە بار. ئۇنىڭدىن ماڭىمۇ بېرىڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز، سىزنى رەسۋا قىلىمەن». ۋەزىر خەتنى فىلقۇس بەرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، كىشى ئەۋەتىپ فىلقۇسنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى ئۆيگە بېرىپ بۇلۇڭلارنى ئاختۇرۇپ خەزىنىنى ئاچتۇردى. ۋەزىرنىڭ ئۇ يەردىن چىققان دۇنيا - دەپىنىنى كۆرۈپ، كۆزى قىزىرىپ ئۇنىڭدىن فىلقۇسقا بەرگۈسى كەلمىدى. ئىشنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، فىلقۇسنى ئۆلتۈرۈش لازىم ئىكەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ كەنتتە بىر قاساپ بار ئىدى. ئۇ قاساپقا:

— سەن فىلقۇسنى ئۆلتۈرسەڭ، يۈز تۈمەننى ساڭا بېرىمەن، — دېدى. قاساپ باھانە تېپىپ فىلقۇسنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. فىلقۇس:

— ۋەزىر ساڭا، فىلقۇسنى ئۆلتۈرسەڭ يۈز تۈمەننى ساڭا بېرىمەن دەپ لەۋزە قىلدى، — دېدى قاساپقا، — ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ، ۋەزىر سېنىمۇ تىرىك قويمايدۇ.

— بۇ سۆزنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ئاخشام بىر قوينى ئۆلتۈردۈڭ، بۈگۈن مېنى ئۆلتۈرمەكچى، مەن ساڭا ئېيتسام، سەن ھازىر ۋەزىرنىڭ يېنىغا بېرىپ فىلقۇسنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم دېگىن، مەن ئاخىرى ۋەزىرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، سېنى بۇ كەنتكە باشلىق قىلىمەن، —

دېدى فىلقۇس. قاسساپ دەرھال ۋەزىرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— رەمبالنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، — دېگەنىدى. ۋەزىر خۇشال بولدى، لېكىن لەۋزە قىلغانلىرىنى قاسساپقا بەرمىدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئۈچىنچى قىسسە، فىلقۇسنىڭ پادىشاھ جاۋاھىرلىرىنى ئوغرىلىغانلىقى ھەم ئۆزىنىڭ ئوغرىلىقىغا ئىقرار قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، فىلقۇس پادىشاھقا ئەرز قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە ئۇدا ئۈچ كۈن كىرىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرەلمىدى. تۆتىنچى كۈنى ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، پادىشاھنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىرلىرىنى ئوغرىلاپ بىر جايغا يوشۇرۇپ قويدى. ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، مۇلازىمى ئەيسىنى چاقىرتىپ:

— جاۋاھىرلارنى ئوغرىلىغان ئوغرىنى تاپقىن، — دېدى. ئەيس كىشىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ ئازابلاپ ئۇلارغا ۋارقىراۋاتاتتى. فىلقۇس ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئوغرى مەن بولىمەن، خالايىققا بىھودە ئازار بەرمىگىن، — دېدى. ئەيس فىلقۇسنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ:

— بۇ ئادەم پادىشاھنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى مەن

ئوغرىلىدىم، دەۋاتىدۇ، — دېدى. پادىشاھ:
— ئەيس راست دەۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى. فىلقۇس:
— ئەي پادىشاھ، ئۇ راست گەپ قىلدى، — دېدى. پادىشاھ:
— بۇ سالاپىتىڭدىن قارىغاندا، سېنى ھېچكىم ئوغرى دېمەس، — دېدى. فىلقۇس:
— مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق پادىشاھنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىپ، ئەرزىمنى بايان قىلاي دېگەنىدىم.
— نېمە ئەرزىڭ بار؟
— ۋەزىرىڭىز نەدە؟
— ئۆز كەنتىگە كەتتى.
— ۋەزىر شاھقا خىيانەت قىلدى. ئەگەر خالىسىڭىز ۋەزىرنىڭ دەرگاھىغا بارساق، ئۇنىڭ خىيانىتىنى پاش قىلسام، — دېدى فىلقۇس.
پادىشاھ ئاتقا مىنىپ فىلقۇس بىلەن بىرلىكتە كەنتكە باردى. ۋەزىر ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىرلارنى جەم قىلىپ ھۇزۇرلىنىپ قاراپ تۇرغانىكەن. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ خىيانىتىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. فىلقۇس خەنجىرىنى چىقىرىپ ۋەزىرنىڭ قورسىقىغا بىر ئۇردى - دە، جېنىنى دوزاخقا يولغا سالدى. پادىشاھ ۋارىسلىق دەستىكىنى فىلقۇسقا بەردى. فىلقۇس جاۋاھىرلارنى چاھار پايلارغا يۈكلەشتۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. فىلقۇسقا ۋەزىرنىڭ ئورنىدا ۋەزىرلىك تونىنى كىيدۈردى. كۈنلەر ئۆتۈپ پادىشاھ ئەزىز مىسرى پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. پادىشاھنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدىن كېيىن، پۇقرا ۋە سىپاھلار بىرلىشىپ فىلقۇسنى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى.
بىر كۈنى فىلقۇس بارگاھىدا ئولتۇراتتى، رۇم [30]

پادشاھى قەيسەر [31]دىن ئەلچى كېلىپ، قەيسەرنىڭ مەكتۇبىنى فىلقۇسقا تۇتتى. مەكتۇبتا: «ئەزىز مىسرى بىزگە ھەر يىلى مىڭ دانە ئالتۇن تۇخۇم خىراجنى ئاستانىمىزگە تاپشۇراتتى. سەنمۇ مۇشۇ ئەنئەنە بويىچە خىراج ئەۋەتىپ تۇرغايسەن» دەپ يېزىلغانىدى. فىلقۇس ئەلچىگە:

— بېرىپ قەيسەرگە ئېيتقىن، ئىلگىرى خىراج بەرگەنلەر مېكىيان ئىدى، ئەمدى خوراز جايىغا ئولتۇردى. خوراز تۇخۇم تۇغمايدۇ، بۇنى بىلىۋالغانسىلەر، — دېدى. ئەلچى قەيسەرگە فىلقۇسنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. بۇ سۆز قەيسەرگە ھەرەج كەلدى بولغاي، قەيسەر لەشكەرلىرىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ مىسىرغا قاراپ ئاتلاندى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## تۆتىنچى قىسسە، فىلقۇسنىڭ قەيسەر بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن سەپ تۈزگەنلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، فىلقۇس خەزىنىدىكى بايلىقلىرى بىلەن لەشكەرلىرىنى ھەيۋەتلىك جابدۇپ، تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن دەرھال مىسىردىن چىقىپ، قەيسەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ چېدىر - بارگاھىنى تىكتى. ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقى چېلىندى.

ۋاقتىكى كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپنىڭ سىپاھلىرى سەپ بولۇپ تۇرۇشتى. رۇم لەشكەرلىرىدىن تاغ باتۇرى ھەسەن، مىسىرنىڭ لەشكەرلىرىدىن جەمشىد مەيدانغا چۈشتى. ئاخىرىدا

تاغ باتۇرى ھەسەن جەمشىدنىڭ قولىدا جان تەسلىم قىلدى.
قەيسەر قولىنى شىلتىۋىدى، لەشكەرلەر جانلىنىپ كەتتى.
قەيسەرنىڭ مەغلۇبىيىتى يېقىنلاشقانىدى. قەيسەر جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىش دومبىقى چالدى. ئىككى تەرەپ لەشكىرى ئۆز ئارامگاھىغا ياندى. قەيسەر بارگاھىدا ئۆز دۆلەت ئەركانلىرىغا:
— دۈشمەن كۆپ ئىكەن، قانداق قىلىش كېرەك، — دېگەنىدى، ۋەزىرلەر:
— ھەر قانداق ئىش بولسا پەرمان قىلسىڭىز، ئامالىنى قىلايلى، — دېدى.
قەيسەر يامان ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەتراپ ئالەمگە ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشنى بىلدۈرۈپ نامە ئەۋەتمەكچى بولدى.
ئەتىسى فىلقۇس دەۋانىڭ داۋامىنى قىلىپ قويغانىدى.
قەيسەر فىلقۇسنىڭ قېشىغا جەڭنى يەتتە كۈن توختىتىپ تۇرساق، دەپ ئادەم ئەۋەتتى. سەككىزىنچى كۈنى فىلقۇس:
— جەڭ ئۈچۈن ھېچقانداق توسقۇنلۇق يوق، — دېدى.
بۇ ۋاقىتتا جابىر ئىسىملىك ھېلىقى قاساپ بارگاھقا كىرىپ كەلدى ئۇ فىلقۇسقا:
— ئەي پادىشاھ، ماڭا بىر ئىشتا ۋەدە قىلغانىدىڭىز، — دېگەنىدى، فىلقۇس:
— راست ئېيتىسەن، — دېدى ۋە قاساپنى تون كىيگۈزۈپ بازارغا دورغا قىلىپ تەيىنلىدى. جابىر قاساپ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى. بىر كۈنى جابىر ئوردا بازىرىغا تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتكەنىدى. ئوردا بازىرىنىڭ جامائىتى:

«بۇ كەنتنىڭ بىر فەرسەڭ ① نېرىسىدا قەيسەرنىڭ ھەبەش [32] تىن كەلتۈرگەن توققۇز مىڭ تۆگىلىك مېلى بار ئىكەن» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. جابىر قاسساپ جەمشىدنىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. جەمشىد ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق، ئالتە مىڭ پىيادە ئادەم ۋە نار تۆگىلەرنى ئېلىپ يولغا چىقتى. جەمشىد ھېلىقى كەنتكە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئون ئىككى مىڭ تۆگىلىك كەلگۈدەك مال بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەممىسىنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ ياندى. بۇ خەۋەر قەيسەرگە يەتتى. قەيسەر ئەللىك مىڭ لەشكەرنى ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار مەردلىك ۋە باتۇرلۇق. . .

② . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

بىلەن يۇرۇش قىلىپ، جەمشىدنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئىككى تەرەپ روبىرو بولۇپ ئۇرۇشۇپ قالىدىغاندەكلا تۇراتتى. بۇ خەۋەر فىلقۇسقا يەتكەندە، جەمشىدكە ئەللىك مىڭ ئاتلىقنى ياردەمگە ئەۋەتتى.

ئاخىرىدا قەيسەرنىڭ لەشكەرلىرى شىكەستە يەپ، فىلقۇسنىڭ لەشكەرلىرى نۇسرەت تېپىپ ئۆزىنىڭ ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. فىلقۇس خۇشال بولۇپ، جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىغا چېلىشقا بۇيرۇدى. ئەتىسى سەپ تۈزۈلدى. بۇ چاغدا ھەلەب [33] پادشاھى ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. رۇمنىڭ كاتتىلىرى ئۇلارنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. قەيسەر:

— كەركوت، مەۋسەل ۋە شام [34] نىڭ پادشاھلىرى قاچان كېلىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

---

① فەرسەڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى «فەرسەخ» مۇ دېيىلىدۇ. بىر فەرسەخ ـ 6.24 كىلومېتىرغا توغرا كېلىدۇ.

② ئەسلى قولىيازمىنىڭ مۇشۇ بېتىدە، تەخمىنەن ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18.5 س.م، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12.5س م جاي ئاق قالدۇرۇلغان. رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

— يەنە تۆت كۈندىن كېيىن كېلىدۇ، — دېدى. بۇ خەۋەر فىلقۇسقا يەتكەندە فىلقۇس:

— مەن باتۇرلارنىڭ بېرىپ شام بىلەن كەركوتىنىڭ قوشۇنىغا زەربە بېرىشىنى خالايمەن، — دېدى. جەمشىد مىسىرى بىلەن خۇرشىد مىسىرىنى چاقىرتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرسى ئەللىك مىڭ لەشكەر ۋە مىڭ سىپاھ بىلەن يولغا راۋان بولدى. بۇ سىپاھلار ھەققىدىكى قىسسىنى كېيىنكى قىسسىمىزدىن ئاڭلىغايسىز.

## بەشىنچى قىسسە، جەمشىد بىلەن خۇرشىدنىڭ شام پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، كەچتە قەيسەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. ئەتىگەندە ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا سەپ تۈزدى. ئۇ كۈنى فىلقۇس شەمشىرىنى ئېلىپ، قەيسەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق ئۇردىكى، ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارىسىدا ئۇر - چاپ باشلىنىپ كەتتى. كۈن ئولتۇرغاندا جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى سوقۇلدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئۆز ئارامگاھىغا كېلىپ ئارام ئالدى.

ئەتىسى ئىككى تەرەپ سىپاھلىرى يەنە سەپ تۈزۈشتى. ئۇ تەرەپتىن جەمشىد بىلەن خۇرشىد قوشۇنلىرىنى تەمتىرىتىپ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا كېچىلىك ھۇجۇم قىلىپ شاھلارنى بىئارام قىلدى. فىلقۇس بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەن بولدى.

تاڭلا ئەتىسى ئۇ تەرەپتە قەيسەر جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. فىلقۇس سەھەردە سەپ تۈزۈپ ھەرىكەتلەندى. ئۇ كۈنى جەڭ كەسكىن بولدى.

فىلقۇس قەيسەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ قەيسەرنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. ھاسىلكالام شۇكى، رۇم پادىشاھى مەغلۇپ بولدى. فىلقۇس غالىبىيەت شادلىقى بىلەن رۇمغا بېرىپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى يەئقۇپخانغا تاپشۇردى. كەنئاننىڭ ھۆكۈمىتىنى جابىر قاسپاقا بەردى. ھەربىرى ئادالەت، ئادىللىق بىلەن يۇرت سورىدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئاڭلىغايسىز.

## ئالتىنچى قىسسە، رەبىئى ئۇشتۇرگەر[1] نىڭ سۇغا چۈشۈپ، دارابنى سالغان ساندۇقنى سۇدىن سۈزۈۋالغانلىقى

ئەلقىسسە، ئاۋۋالقى قىسسىمىزدىكى بەھمەننىڭ قىزى ھۇماينىڭ ئۆز ئوغلىنى ساندۇققا سېلىپ سۇغا ئېقىتىۋەتكەنلىكى ئېسىڭىزدىدۇ. ئۇ ساندۇق سۇدا ئېقىپ بېرىپ بىر دەرەخنىڭ شېخىغا ئىلىنىپ قالدى. تۆگە باققۇچىنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى رەبىئى ئىدى. ئۇ دەريا بويىدا ئولتۇرغانىدى. ئۇ سۇدا بىر ساندۇقنى كۆرۈپ سۇغا كىرىپ ئۇنى سۈزۈۋالدى. ئۇ ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇقتا خەت يېزىلغان قەغەز بار ئىدى. ئۇ ساندۇقتىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەتكە «بۇ پادىشاھ بەھمەننىڭ ئوغلى»

---

[1] ئۇشتۇرگەر — تۆگىچى، تەجرىبىلىك، پىشقەدەم.

دەپ پۈتۈلگەنىدى. رەبىئى بۇ بالىنىڭ تەبىئىتىگە نەزەر سالدى. ئۇ بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندا، ھەمراھلىرىنىڭ بۇنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، بالىنى ئۆلتۈرمەي، ساندۇقنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەنلەر قايتىپ بېرىپ بۇ ئىشنى ھومايغا خەۋەر يەتكۈزدى...

بۇ ئوغۇل ئون تۆت ياشقا كىردى. ئۇ ھەر كۈنى شىكارغا بېرىپ ئات چاپتۇرىدىغان بولدى.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىران مەملىكىتىنىڭ تەخت قۇشى فىلقۇسنىڭ دىل نەپسىگە چۈشتى بولغاي، ئۇ سانسىز قوشۇن بىلەن نەزەرىنى ئىرانغا سالدى ـ دە، تېزلىك بىلەن پارس [35] (ئىران) قا بېرىپ ئارامگاھدا ئولتۇردى. فىلقۇسنىڭ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقى ئىران مەلىكىسى ھومايغا يەتتى. ئۇ سەردارلىرىنى چاقىرىپ:

— دۈشمەنلەرنىڭ ئىلاجىنى قىلىش كېرەك ئىدى، — دېگەندە، سەردارلار يەر ئۆپۈپ، بەھرام [36] ۋە كىشۋانىنىڭ باشچىلىقىدا جەڭگە ئاتلاندى. ئىراننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن رۇم لەشكەرلىرى جەڭ قىلغۇدەك دېگەن خەۋەر جاھاننى قاپلىدى. داراب بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ رەبىئىنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ئاتا، قوشۇن توپلاپ رۇمغا بارسامىكىن» دەيمەن دېگەنىدى، رەبىئى:

— ئەي پەرزەنتىم، سەن بىر خىزمەتكارنىڭ ئوغلى. سېنىڭ لەشكىرىي ئىشلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، رۇمنىڭ قوشۇنى قۇمدىن تولىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولغىلى بولماس، — دېدى. داراب ئىلتىماس قىلىپ، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەب بىلەن رەبىئىنى رازى قىلدى. رەبىئى داراب ئۈچۈن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ بەردى. داراب ئىران قوشۇنى تەرەپكە باردى. دارابنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىران لەشكەرلىرى رۇم لەشكەرلىرىنىڭ قارشى تەرىپىدە سەپ تۈزدى. رۇم قوشۇنى

تەرەپتىن بىر ئاتلىق سەردار ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ:
— ئەي ئىراننىڭ باتۇرلىرى، سىزلەردە ئار - نومۇس دېگەن بارمۇ - يوق؟ بىر بىچارە مەزلۇم كىشىنىڭ پەرمانىغا بويۇن سۇنۇشاتامسىلەر. بىر خوتۇن كىشىنىڭ مۇلازىمىنى ئىختىيار قىلغۇچە، ئۆز بېشىڭلارغا توپا قويۇپ ئۆيىنساڭلار بولمامدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ سۆزنى ئىشىتىپ باتۇرلارنىڭ دىللىرىدا دەرد پەيدا بولدى. ئىران لەشكەرلىرى ئارىسىدا بىر باتۇر بار ئىدى. ئۇنى بەھرام دەپ ئاتايتتى. ئۇ مەيدانغا كىرىپ رۇم باتۇرى بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىرى رۇم لەشكەرلىرىنىڭ قولىدا يارىلاندى. يەنە بىر ئاتلىق چەۋەنداز مەيدانغا كىرىپ رۇم پالۋانى بىلەن ئېلىشتى، ئاخىرى ئۇ قۇربان بولدى. ئارقا - ئارقىدىن يەتتە ئاتلىق پالۋان رۇم پالۋانلىرىنىڭ قولىدا ئۆلدى. بۇنى كۆرگەن داراب ئات سېلىپ مەيدانغا كىردى. داراب رۇم پالۋاننىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، ئېگەر ئۈستىدە چىڭ ئولتۇرۇپ رۇم پالۋىنىغا شەمشەر ئۇردى. رۇملۇق پالۋان بېشىغا قالقان تۇتقانىدى، دارابنىڭ شەمشىرى قالقاندىن ئۆتۈپ كەتتى. داراب شەمشەرنىڭ دەستىسىنى كۈچەپ تارتتى، ئات ئۈستىدىكى پالۋان ئات بىلەن بىللە يىقىلىپ ئىككى پارە بولۇپ يەرگە چۈشتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىدىن «ئەلھەزەر، ئەلھەزەر» (ھەزەر ئەيلەڭلار، خۇدا ساقلىسۇن) دېگەن ئاۋاز چىقىش بىلەن تەڭ رۇمنىڭ ئون مىڭ ئاتلىق لەشكىرى دۈپۈرلىشىپ مەيدانغا قاراپ تۆكۈلدى. داراب ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. بەھرام ۋە كىشۋان جايىدىن قوزغالغانىدى، فىلقۇس بۇنى كۆرۈپ ئات سېلىپ مەيدانغا كىردى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى خۇددى ئىككى ئۇلۇغ دەريا سۇيىدەك قوشۇلۇپ قىلىچ ۋە خەنجەر بىلەن ئۇر - چاپ باشلاندى. تەرەپ - تەرەپتىن چىققان «ئۇر، چاپ، تۇت» دېگەن چۇقان - سۈرەنلەر، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاسمان گۈمبىزىنى لەرزىگە كەلتۈردى. داراب

بۆرىدەك تۇسكە كىردى. ئۇ قايسى تەرەپكە يۈز كەلتۈرسە، زەربە شىكەستىسى شۇ تەرەپكە يۈزلىنەتتى. جەسەتلەر دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كەتتى . كۈن كەچ بولدى. ئىككى تەرەپتىن تىنچلىق دۇمبىقىنىڭ ساداسى ياڭرىدى. باتۇرلار خەنجەر، قىلىچلىرىنى قىنىغا سېلىپ جەڭدىن قولىنى يىغدى. قاراڭغۇدا بەھرام بىلەن كىۋان دارابنى كۆرەلمىدى. ئۇنى كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. سىپاھلار چېدىردا ئارام ئالدى. ئۇ كېچىنى لەشكەرلەر ئۇرۇشنىڭ ئەندىشىسىدە ئۆتكۈزدى. رۇم قوشۇنىنىڭ سەردارلىرى ئۇ كۈنى جەڭ قىلماي تاغ باتۇرى دارابنىڭ پېيىدا ئۇنى ئىزدەپ يۈردى. ئەمما داراب جەڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن شىكارغا كەتكەنىدى. ئۇ كۈنى ئاسماندا قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ قاتتىق يامغۇر ياغدى. داراب ئەتراپ - ئالەمگە قاراپ تاقىتى تاق بولدى. ئۇنى بىرئاز قورقۇنچ باستى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ نەزەرى ئېگىز بىر تاغقا چۈشتى. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ تاغقا قاراپ ماڭدى. تاغقا يېقىنلاشقاندا ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىپ تاغقا يېتىپ باردى. ئاتنىڭ تىزگىنىنى بىر قولىدا تۇتۇپ، بىر قولىنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلىغانىدى، بىر ياقتىن زىلزىلە پەيدا بولۇپ تاغقا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بىرئازدىن كېيىن غەرب تەرەپتىن بىر ناخشىچىنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى.

ناخشا ئاۋازى تېخىمۇ جاراڭلاشقا باشلىدى. لېكىن تاغ ئۆز جايىدا ئىدى. دارابنىڭ پېيىدا يۈرگەن كىۋان بىلەن بەھرامۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ تەشۋىشلىنىپ قالدى. داراب ئويقۇدىن ئويغاندى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇ جايدىن چىقىپ ئېتىغا مىنىپ كېتىۋاتاتتى. بەھرام كىۋان بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ چېدىرىغا باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. بۇ چاغدا داراب:

— ئۆشىنىڭىزدىكى ئەسۋابلار سىزگە بەك يارىشىپتۇ،

لېكىن بەك ئۇزاق بوپتۇ. مانا سىز خېلى قابىلىيەتلىكتەك كۆرۈنىۋاتىسىز. ئەتىكى جەڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭ، — دېدى. چۈنكى ئەتىسى يەنە جەڭ بولاتتى. بەھرام بىر دەستە سۇلغى گۈلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «پادىشاھلاردىن بۆلەك كىشى بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالمايتتى» دېدى. ئەلۋەتتە، ئۇنى داراب تاپشۇرۇۋالدى. بەھرام پادىشاھ بىلەن پادىشاھزادىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىدىن كۆپ خۇرسەن بولدى.

ئۇ تەرەپتە فىلقۇس رۇمنىڭ سەردارلىرى بىلەن ئىراننىڭ تەختىراۋىنىنى قولغا كىرگۈزۈپ ھىممەت كەمىرىنى باغلاپ، قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئەسۋابلىرىغا مەغرۇرلىنىپ جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئىران لەشكەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، داراب:

— ئەي سەردارلار، بۇ قېتىمقى ئېلىشىشتا ھەممىڭلار مېنىڭ سۆزۈمگە كىرسەڭلار مۇرادىڭلارغا يېتىسىلەر، ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ئىش قىلساڭلار مەغلۇپ بولۇپ، كۆپىنچىڭلار ھالاك بولىسىلەر. ئىران مەلىكىسىنىڭ روھى ئۈچ مىڭ يىلدىن بۇيان ھازىرغىچە بىز بىلەن بىللىدۇر. جەمشىد بىلەن زەھھاكتىن كېيىن بۇ مەخپىيەتلىك قەپەسنىڭ ئىچىدە تۇرىۋاتىدۇ، — دېگەنىدى. سەردارلار:

— بىز سىزنىڭ پەرمانىڭىز بويىچە ئىش قىلىمىز، — دېدى. داراب ئۇلارنىڭ قەسىمى بىلەن ۋەدىسىنى ئالدى. جەڭ دۇمبىقى شادىيانىغا چېلىندى . لەشكەرلەر كېچىنى جەڭ ئەندىشىسى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئۇلۇغلار ۋە پىر - مۇرشىدلارنىڭ بەخش ئېتىشى بىلەن نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئېلىپ، قورقۇنچلۇق جەڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇلكى فەرەڭ
[37] ئەمرى بىلەن چېدىردىن تاشقىرىغا چىقتى.

دارابنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىران قوشۇنلىرى تۇلپارلىرىغا

مىنىشتى. قارشى تەرەپتىن رۇم لەشكەرلىرى ئىران باتۇرلىرىغا روبىرو سەپ تۈزدى. فىلقۇس مەيدانغا قاراپ ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئىشارەت قىلىۋىدى، رۇم لەشكەرلىرى يولدىن ئازغان كارۋاندەك جايىدىن قوزغىلىپ مەيدانغا كىردى.

ئۇ تەرەپتە داراب شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ، بېشىغا قالقان تۇتۇپ:

— ئەي چەۋەنداز، پالۋانلار، كىمنىڭ مەرگەنلىكى بۈگۈن ئاشكارا بولىدۇ. مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، — دېدى. ئاندىن كېيىن ئېتىنى كەينىگە قارىتىپ ئەجدىھادەك غەزەپكە كەلگەندە، سانسىز لەشكەرلەرنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ شەمشەر ـ قىلىچلىرىنىڭ شولىسىنى جاھانغا چۈشۈرىۋىدى، ئالەم يورۇپ، چۇقان ـ سۈرەن ئاسمان گۈمبىزىگە يەتتى.

ئۇ تەرەپتە بەھرام بىلەن كىۋان يولۋاس كەبى يورغىلىغان توشقاندەك كېلىپ جەڭ مەيدانىدا رۇملۇقلارنىڭ جەسەتلىرىنى دۆۋە ـ دۆۋە قىلىۋەتتى. ئىراننىڭ پالۋانلىرى ھەر تەرەپتە ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، رۇم لەشكەرلىرىنى پاراكەندە قىلىپ ئوت ـ چۆپنى چانىغاندەك چېپىپ ئالەمنى مالەم قىلدى. داراب بۇ پاراكەندىلىكتە لەشكەرلىرىنىڭ شەمشىرىنىڭ شولىسى بىلەن رۇم سېپىلى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. بىر لەشكەر رۇم بايراقدارىغا يېتىشىپ بېرىپ بايراقنى بايراقچى بىلەن بىللە قەلەمچە قىلدى. فىلقۇس بۇنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئەجەل گىردابىنىڭ ئالدىدىن تېنىنى سالامەت ئەپقاچماقچى بولۇپ، زۇلۇم دەرياسىدىكى لەھەڭنىڭ سىرتمىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ سىرتماقنى خىسرەۋنىڭ خوتۇن ـ باللىرىغا تاشلىدى. داراب چاققانلىق بىلەن سىرتماقنىڭ ئۇچىنى بېلىگە باغلاپ، ئېتىنى كەينىگە ياندۇرۇپ، فىلقۇسقا دەھشەتلىك بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭ سەلتەنەتلىك ۋە جاھانگىرلىك تېنىنى ئات ئۈستىدىن ئۈزۈۋېلىپ، چېلىش

مەيداننىڭ تۇپرىقىغا تاشلىدى، پىيادىلەر دەرھال يېتىپ كېلىپ فىلقۇسنى تۇتۇپ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئىراننىڭ لەشكەرلىرى رۇم لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. رۇم لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىران قوشۇنىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. داراب يەتتە كۈندە جەڭدە زەپەر قۇچۇپ، پارلاق غەلىبە بىلەن ھوماي پايتەختىگە قاراپ راۋان بولدى.

دارابنىڭ غەلىبە خەۋىرى ھومايغا يېتىپ كەلگەندە، ھوماي ئۇلۇغ - ئۇششاق سەردارلارنى دارابنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقاردى. داراب نۇرغۇن ئولجىنى غەنىيمەت ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ھومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەر ئۆپۈپ، جەڭنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلدى. ئاخىرى داراب مۇراد - مەقسىتىگە يەتتى. بۇ چاغدا تاغ تەرەپتىن «تاغ ئوغلانى داراب» دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ھوماي بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇ ئوغلاننى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. داراب ھومايىنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى. ئوغلىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاتىسى رەبىئى ئوغلى بىلەن دىدارلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ھوماي ئۇ يىگىت (داراب) نى چاقىرتتى، داراب ئۇ مويسىپىتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، پەرزەنتىنى كۆرگەن رەبىئىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھاياجان ياشلىرى تۆكۈلدى ھەم ئوغلىنى بارگاھتا ئولتۇرغۇزدى. ئارقىدىن فىلقۇسنى دارابنىڭ ئالدىدا ھازىر قىلىشقا بۇيرۇق قىلىنۋىدى، فىلقۇسنى ئېلىپ كەلدى. فىلقۇسنى ھەم بارگاھتا ئولتۇرغۇزدى. دارابنىڭ ئاتىسى رەبىئى فىلقۇسقا قاراپ:

— ئەي فىلقۇس، سەن دانىشمەن ھېكىم ئىدىڭ، رۇم مەملىكىتىدە ئۇلۇغ - ئۇششاق تۆھپەڭ يوق ئىدى، ئەمما ۋاپات بولغان ئەجدادىڭنىڭ روھى - قۇدرىتى سېنى بەخت ئىقبالىڭنىڭ سەلتەنىتىگە يەتكۈزدى. ھازىر ئۇلۇغ پادشاھ بولۇپتۇرسەن. ئەلۋەتتە پادشاھلارنىڭ ئىختىيارلىرى سېنىڭ قولۇڭغا

يەتكەندۇر. رۇم پادشاھىنىڭ ئىران پادشاھىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلالايدىغانلىقىنى سەن قەيەردىن ئاڭلىغانسەن. ئەلمىساقتىن تارتىپلا شۇ تەرىقىدە رۇم ئىرانغا باج تۆلەيدىغان بولۇپ كەلگەن، سەن نېمە ئۈچۈن ئۆي بىلەن ئىراننى مۇسەخخەر[1] قىلماقچى بولدۇڭ، — دېگەندەك سوئال - سوراقلارنى قىلدى. ئاندىن كېيىن فىلقۇسنى قەتل قىلماقچى بولغانىدى، داراب بۇنى توسۇپ، فىلقۇسنى مۇھەممەدنىڭ قولىغا تاپشۇردى. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن ھوماي دارابقا قىزىقىپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن قايسى دىياردىن؟

— مەن رەبئى تۆگىچىنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى داراب. بۇ چاغدا ھوماي مۇلازىملىرىنى رەبئى تۆگىچىنى ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىلدى. رەبئى ھومايىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. رەبئى: «ئۇلار بەلكى دارابنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ» دەپ پەملىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇلازىملار رەبئىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا داراب بىللە ساندۇققا سېلىنغان نەرسىلەرنى ساندۇققا سېلىپ بىرلىكتە رەبئى ئۈشتۇرگەرنى ئېلىپ باردى. رەبئى ھومايىنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندە، ھوماي رەبئىگە كۆپ خەيرىخاھلىقلار قىلىپ، ئاخىرىدا دارابنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. رەبئى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ئىران مەلىكىسى، مەن بىر سېخىي تۆگىچى ئىدىم. دائىم دەريانىڭ بويىدا تۆگە باقاتتىم. بىر كۈنى دەريا بويىدا تۆگە بېقىپ ئولتۇراتتىم، دەريا يۈزىدە بىر ساندۇق كۆرۈندى. ئۇ ساندۇقنى سۇدىن سۇزۇۋېلىپ ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنى (دارابنى) كۆردۈم.

---

[1] مۇسەخخەر — بويسۇندۇرۇلغان، بېقىندۇرۇلغان، ئۆزىگە قارىتىۋېلىنغان.

ساندۇقتا يەنە بەزى پادشاھلارنىڭ نەسەبنامىلىرى، ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلىپ پۈتۈلگەن بىر پارچە نامە بار ئىكەن، ئۇنى كۆرۈپ ئوقۇپ، بالىنى ئۆزۈمنىڭ پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلدىم. شۇندىن باشلاپ ئەھۋال مۇشۇ تەرىقىدە بولدى، — دېدى. ھوماي:

— ئۇ نەرسىلەرنى ماڭا بەرگىن، — دەپ تەلەپ قىلغانىدى، رەبىئى بوۋاي ھەممە نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسەتتى. ھوماي دارابنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ، خۇشاللىقىدا ناغرىنى شادىيانىغا چېلىشقا بۇيرۇدى. تامام ئۇلۇغلارنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ، سەردارلىرىنى دارابقا ھەمراھ قىلدى. ھوماي ئوغلى دارابنىڭ ھۈنەرلىرىنى، باتۇرلۇقىنى، كەلگۈسىدىكى پەرمەندارلىقىنى گۇۋاھ قىلىپ تەرىپلىگەنىدى، ئۇلارمۇ «داراب ئىراننىڭ پادشاھى» دەپ غايىبنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتكەندەك ئىشەتتى. ھوماي:

— ھازىردىن باشلاپ ئىشىتمىدىم دېمەڭلار، ئۇ (داراب) بەھمەننىڭ پەرزەنتى، سىلەرنىڭ پادشاھىڭلار بولىدۇ. مەن بۇ پەرزەنتىمنى سىلەرگە پادشاھ قىلدىم. سىلەر بۇ پەرزەنتىمنىڭ پەرمانلىرىغا ھازىردىن باشلاپ ئىتائەت قىلىڭلار، بويىنۇڭلارنى تولغىماڭلار، — دەپ جاكارلىدى. ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەزىم قىلدى. ھوماي تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۆز قولى بىلەن دارابنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدى. دارابنى پادشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ھەرەمگە قايتىپ نەچچە كۈندىن كېيىن فىلقۇسنى رۇمغا قايتۇرماقچى بولدى ۋە ئۇنىڭغا شەرت - ئەھد بىلەن دۆلىتىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، باج خىراجىتىنى ئىرانغا تاپشۇرىدىغان قىلىپ ئىراندىن رۇمغا يولغا سالدى. فىلقۇس بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ پۈتۈن رەسمىيەت بويىچە ھەر بىر سىننىڭ ئېغىرلىقى ۋە چوڭلۇقى توخۇ تۇخۇمىدەك بولغان مىڭ يۇمۇرتقا (تۇخۇم) ئالتۇن - تىللا ۋە ئۆز لايىقىدا سوۋغاتلار

بېرىدىغان بولۇپ ئىراندىن رۇمغا قاراپ يولغا چىقتى. شۇندىن كېيىن دارابىنىڭ سەمىگە يەتتىكى، فىلقۇسنىڭ قەسرىدە بىر قىزى بار ئىدى. زامان پادشاھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ شېرىن سۆزىنىڭ پىراقىدا جان تەسلىم قىلاتتى. شۇ سەۋەبلىك پادشاھلارنىڭ ھەممىسى پەرھادتەك بىستون تېغىنىڭ ئاستىدا قېلىشۋاتقانمىش. داراب ئەلۋەتتە غورۇرلۇق يىگىت ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ قىزنىڭ نامىنى ئىشىتىپ، تاقەت نۇقتىسىنىڭ تىزگىنىنى قولىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئۇلۇغلارغا:

— فىلقۇسقا ئېيتىڭلار. ئەگەر ئۇ بىزنىڭ تەلىپىمىزگە قوشۇلسا، ئەلچىمىز رۇمغا بارغان ھامان مەستۇرەنى (قىزنى) ئىرانغا ئەۋەتىپ بەرسۇن، — دەپ ۋەدە بىلەن ئەقىدىنىڭ ۋاقتىنى ناھايىتى چىڭ قىلدى. بۇ سۆز فىلقۇسنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ئۇ دانىشمەن پادشاھ رازىلىقى بىلەن قوبۇل قىلدى. داراب فىلقۇسنى پادشاھانە بايلىق، ھومايىنىڭ نەچچە نەپەر خەزىنىچىسى بىلەن يولغا سالدى.

فىلقۇس رۇمغا بېرىپ ئۆز ھوزۇرىدا ئولتۇرۇپ، لايىقىدىكى تۆھپە سوۋغاتلارنى دارابىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. خانقىز ھەمراھلىرى بىلەن ھاجەتمەن قىياپەتتە نەچچە كۈندىن كېيىن دارابمۇلۇكمكە يېتىپ باردى. داراب ئۇلارنىڭ كېلىشۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت - ئىكرام.................①

بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىشىنى ئېيتتى. داراب تويى بولغان خانقىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈش تەقەززاسى بىلەن كېچىچە ھەرەمگە يېتىپ كەلدى. ھەرەمنىڭ خانقىزلىرى تۇزدەك ياسىنىپ دارابىنىڭ ئالدىغا چىقتى. داراب كېچىسى دوستلىرىنىڭ كۆڭۈل

---

① ئەسلى قوليازمىنىڭ مۇشۇ بېتىدە تەخمىنەن ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18.5 س م، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12.5 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان. رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

ئىرادىسى بىلەن ئۇ نازىنىنىنىڭ ۋىسالىغا يەتتى. شۇ كېچىسى ئۇنىڭ دىدارىنىڭ ھوزۇرى بىلەن بولۇپ كېتىپ باشقا ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدى. نەچچە كۈندىن كېيىن شىكارگاھدا ئارام ئېلىپ، ئۇ نازىنىنىنىڭ چۈشتىكىدەك مۇھەببەت مەستانىسى بولۇپ خىيالچان سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى، بىر سۆرۈن تەلەتنىڭ خانقىزنىڭ ناشايان ئىشى توغرۇلۇق شىكايەت قىلىۋاتقانلىقى قۇلىقىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن داراب خانقىزدىن ناھايىتى نەپرەتلىنىپ قايتا ئۇنىڭ خانىسىگە كىرمىدى ۋە بىر قارارغا كېلىپ، ھومايىنىڭ يول تەييارلىقىنى قىلىپ، ئۇنى رۇمغا ئەۋەتىۋېتىشنى ئۆتۈندى. ھوماي ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى.

داراب:

— بۇ خوتۇنىنىڭ يامان ئەيىبى بار ئىكەن، — دېدى.

ھوماي:

— ئۇنى قايتۇرۇۋېتىش ئاسان، چۈنكى ئۇنى ئاغزى، قولتۇقى ۋە باشقا ئەزالىرىدىكى سېسىق ئالامەتلەرگە قاراپ، زىنا قىلىپ سېسىغان، دەپ فىلقۇسقا قايتۇرۇۋېتىشكە بولىدۇ، — دېدى.

داراب:

— ئامال يوق. سەن ئۇنى جەزمەن بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇنىڭ ئاتىسى فىلقۇسدۇر. ئۇ بەك دانىشمەن پادىشاھ ھەم تېۋىپ. ئەلۋەتتە، ئەگەر بۇ ئىشلار خانقىزنىڭ خانىسىگە يەتسە ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىدۇ، — دېدى. ھوماي بۇ توغرۇلۇق يەنە سۆزلىمىدى. داراب قىزنىڭ يول تەييارلىقىنى قىلىپ ئەتىسى فىلقۇسنىڭ قېشىغا قايتۇردى. قىز فىلقۇسنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ مۇرادىغا يەتتى. بۇنىڭدىن فىلقۇس خاتىرجەم بولۇپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. قازارە، فىلقۇسنىڭ قىزى ئۇلۇغ كەرىملىكنىڭ ئالىي ئەمرىدە ھامىلدار بولغانىدى. لېكىن باشقىلار ھامىلىدىن خەۋەرسىز ئىدى. دەرۋەقە فىلقۇس ئۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندا چەكسىز خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ

پەرزەنتى يوق ئىدى.

بىر كۈنى فىلقۇس خانىشىدە ئولتۇرغانىدى، بىر تەنچى (تومۇرچى) ئىران پادىشاھىنىڭ قىزىنىڭ بويىدا قاپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. فىلقۇس دەرھال رەمچىنى چاقىرتتى. رەممال رەم سېلىپ ئۇنىڭ رەبئى مەسكۇن[1] نىڭ ساھىبى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت كۆردى. ئۇنىڭ شەرتى شۇكى، ئەگەر ۋاقتى - سائەت توشۇپ تەۋەللۇت قىلسا، رەبئى مەسكۇنغا پادىشاھ بولىدىغانلىقى مەھكۇم. ئەمدى داراب تەرەپتىن ئىككى كەلىمە سۆز ئاڭلايلى.

دارابىنىڭ سەلتەنەتلىك ئاپتاپتەك ۋاقتى تېخى داۋاملىشىۋاتقان ئىدى. ئۇ ھەرەمدە خۇپىيانە ھالدا بىر ھەرەم خانىقىزى بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنى خانىشلىققا ئالدى. ئەمما ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرەلمىدى. بەزى تەقرىزچىلەر خانىقىزنىڭ ھامىلىسى ئېغىرلاپ ۋاقتى - سائەت توشقان چاغدا پادىشاھ (داراب) پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى، دەپ ھېكايە قىلىشىدۇ. دارابىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدىن كېيىن دارابىنىڭ شەھۋىتىدىن بىر ئوغۇل ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇنىڭغا «دارا ئىبىن داراب» يەنى داراب ئوغلى «دارا» [38] دەپ ئات قويدى. ئۇ گۆدەكنىڭ پەرۋەرىشكارى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى. ئىراننىڭ ئۇلۇغلىرى دارانىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالىدۇ، دەيدۇ.

دارا قوزى - پاقلان بولغاندا ئانا سۈتىدىن ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن دارا ھەر كۈنى بارگاھقا كېلىپ ئىراننىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرۇپ تەربىيەتكە مەشغۇل بولدى. ھەر يىلى رۇم پادىشاھلىقنى رەسىم - قائىدە بويىچە خىراج ئەۋەتىپ تۇردى. بىر نەچچە زامانلار شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. شۇ چاغدا

---

(1) رەبئى مەسكۇن — بىر شارنىڭ قۇرۇقلۇق قىسمى.

ئىسكەندەر ئىسىملىك بىر پەرزەنت ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇ فىلقۇسنىڭ قىزى خانقىزدىن توغۇلغانىدى. ئۇنى ئىنىكئانىلارنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا تاپشۇردى. فىلقۇس، ھېچقانداق كىشىنىڭ «ئىسكەندەر دارابنىڭ ئوغلى» دېيىش ئېھتىماللىقىنى ئەمر قىلدى. ئالەمدىكىلەر ئىسكەندەر فىلقۇسنىڭ ئوغلى ئىكەن، دەپ بىلىشتى، لېكىن بۇ مەڭگۇ مەخپىي بولغۇسى. فىلقۇس ۋاقتىنى ئىسكەندەرنىڭ مەرىپەت تېپىشىغا، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تەربىيىسىگە ئىگە بولۇشقا سەرپ قىلدى. چۈنكى بۇخىل قۇدرەت ئىسكەندەردە بولمىسا بولمايتتى. ئىسكەندەر يەتتە ياشقا كىردى. ئىسكەندەرگە كامالەتكە يەتكەن بىر ھېكىمنى «ئىلىم ئۆگىتىش» دەپ بۇيرۇدى. ھېكىم ئىسكەندەرنى ھەرقانداق جەھەتتە ماھىر قىلىپ يېتىشتۈردى. ئاندىن كېيىن زامانىنىڭ پەيلاسوپ، دانىشمەنلىرى ئۇنىڭغا تەلىم بېرىپ، ئىلىم - ئالەمدە ئۇنى شۇ شەھەرنىڭ ھېكىملىرىدىن ئۈستۈن كامالەتكە يەتكۈزدى. كېيىن ئات مىنىش، پەرمان چۈشۈرۈش، شىكار قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش، ئات چاپتۇرۇش، ئوقيا ئېتىش، جەڭ مەيدانى قاتارلىق ھەربىي تەلىمدە تەڭداشسىز، زىياپەت قىلىش ۋە ئادالەت بىلەن ئادىللىقىنى ئىنچىكىلەپ ئايرىشتا نۇشىرۋان ئادىل[39] دىن قېلىشمايدىغان قىلىپ يېتىشتۈردى. شەھرىيار - ئىسكەندەر ساپ ھاۋالىق ئاي يورۇقىدا فىلقۇسقا شىجائەتلىك ۋە يولۋاستەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. چۈنكى ئىسكەندەر بۇ ۋاقىتتا ھەر قايسى جەھەتلەردە كامالەتكە يېتىپ، ئوچۇق ۋە روھلۇق بولۇپ يېتىلگەنىدى. فىلقۇس ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ئۆزى يالغۇز گۆھەر ئېلىپ شەھرىيارنىڭ بارگاھىغا كېلىپ، ئىسكەندەرگە تەختىگاھتا ئەدەپلىك ئولتۇرۇش ۋە قوپۇش قاتارلىق شاھانە سەلتەنەتلەرنى پادشاھنىڭ بارگاھىدا ئۆگىتەتتى ۋە كۆرۈپ

تۇراتتى. ئىسكەندەر فىلقۇسنىڭ ئەمرى بىلەن ھەر ھەپتىدە بىر كۈن بارگاھتا ھازىر بولاتتى. فىلقۇس ئىسكەندەر بىلەن ھەپتىدە بىر قېتىم سۆزلىشىشنى سۆھبەتنىڭ سۈننىتى قىلدى. بىرنەچچە زامان شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ئىجتىھاتى ئارقىسىدا بارگاھتا ئەلەم ۋە قەلەم ماھارىتىدە كامالەتكە يەتتى. ئۇ ھەر كۈنى بارگاھتا ھازىر بولۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلدى. ھەرقانداق چاغدا قىلغان ئىشى ۋايىغا يەتكۈچە شۇ يەردە بولدى. فىلقۇستىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ ئەمرىدە پەرماندارلىق روناق تاپتى.

بىر كۈنى ئىسكەندەر بارگاھنىڭ ئىشىك ئالدىدا جاي راسلاپ ئولتۇراتتى. كىيىم ـ كېچەكلىرى رۆملۇقلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر روھىي ھالىتى ئوسال ھالدا يېتىپ كېلىپ، بارگاھنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پىيادە بولۇپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدىن ھېچقانداق ھېيىقمايلا ئۆتتى. ئۇلار ئىسكەندەرنى ھېچقانداق ئېتىبارغا ئالمايلا فىلقۇسنىڭ بارگاھىغا كىرىپ كەتتى. ئىسكەندەر بۇ ئەدەپسىز كىشىلەرنى كۆرۈپ بىر ئاز باشقىچە ھېسسىياتتا بولدى ۋە مۇلازىملىرىدىن:

— بۇ ئەدەپسىز ئادەملەر كىملەر؟ ئۇلار نەدىن كەلگەن؟ ئىنسان جۇملىسىدىن ئەمەسمۇ قانداق؟ بۇ قەۋمنى ھايۋانغا نىسبەتلىسە ھايۋانمۇ نومۇس قىلغۇدەك. ھەرقانداق ھايۋاننىڭ ئۆزىنىڭ ھايۋانلىقى بىلەن ئېتىقادى بار، — دەپ ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى ئىزھار قىلدى، ـ سەۋەبسىزلا بىر كىشىنى ئۇرسا ئۇنىڭغا ئازار يېتىدۇ، — بۇ ئەدەپسىز جانابلار ھېچقانداق تەربىيە ئالمىغانىكەن. بارگاھنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇۋاتقان ھەر بىر مۇلازىم بىردىن مەنسەپنى تۇتىۋاتىسەلەر. مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنداق قىلىقسىزلىق سادىر بولمىسۇن. ئۇلارغا قاراڭلار، ئۇلار تۆۋەنچىلىك بىلەن تەزىم قىلىپ كېلىشى لازىم ئىدى. ئەمما

ھېچقانداق سۆز، نامسىزلا بارگاھقا كىرىپ[1] كەلدى. تايىنلىق ئۇلار موللا دارابىنىڭ ئوغلى دارانىڭ ئادەملىرىدۇر.

دارا تەرەپتىن كەلگەنلەردىن بىرى بۇ خەيرىخاھلىق يۈزىسىدىن فىلقۇسنىڭ قېشىغا كەمتەرلىك بىلەن كېلىپ:

— تۆلەيدىغان باج - خىراج ھەققىدە نامە ئېلىپ كەلدىم،— دېدى. فىلقۇس ئۇلارغا خەيرىخاھلىق بىلدۈردى، ئاندىن كېيىن پادشاھ پەرماننى يەتكۈزدى. فىلقۇس:

— نامىنى بەلەن ئاۋازدا ئوقۇڭلار،— دېگەنىدى، فىلقۇسنىڭ ھۆكۈماسى شۇنداق ئوقۇدى. فىلقۇس نامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن:

— نەچچە كۈن ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، شاھنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ سىزلەرنى ئىران پادشاھلىقىغا قايتۇرىمەن،— دېدى. ئىسكەندەر نامىنىڭ مەزمۇنىنى ئىشتكەندىن كېيىن فىلقۇسنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن نامىنى ئېلىپ يىرتىپ تاشلاپ:

— بۇنداق قىلىشنىڭ ئىران پادشاھىغا ئەمدى ھاجىتى قالمىدى. مۇنداق نامىنى ياخشىسى ئەمدى ئانامغا ئەۋەتسۇن. بۇنداق نامىگە جاۋاب بېرىش ئەمدى تەس ئەمەس. يول شۇكى، قايسى بېشىڭلار بىلەن كەلگەن بولساڭلار شۇ بېشىڭلار بىلەن كېتىڭلار، سۆزۈمنى پادشاھىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار، بۇندىن بۇرۇن بۇ توخۇ تۇخۇم تۇغاتتى. بەزىلەر تۇخۇمنى پادشاھىڭلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراتتى. ئەپۇ قىلسۇنكى، ئۇ مېكىياننىڭ قانىتى سۇنۇپتۇ. ئۇ مېكىياننىڭ چۈجىلىرى خوراز

[1] قولپازمىنىڭ مۇشۇ يېرىدە فىلقۇسنىڭ ئىسكەندەرگە ئوردا قائىدىلىرى ھەققىدە تەلىم قىلىۋاتقان ھالەتتىكى؛ فىلقۇسنىڭ چۈكۈندىن غىدىرغا چاي قويۇپ تۇرغان؛ ئىسكەندەرنىڭ قول قوشتۇرۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان؛ ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س م كېلىدىغان رەڭلىك رەسىم بار.

چىقىپ قاپتۇ، بىلىسىلەركى، خورازدىن تۇخۇم چىقمايدۇ. ئەمدى پادىشاھىڭلار ئۇ تۇخۇملارنى ئالماشتۇرۇشقا ـ قايتۇرۇشقا تەييارلانسۇن. مەن لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئۆز ۋاقتىدا ئاتامدىن ئېلىپ كەتكەن خىراجەتلەرنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇۋالىمەن. ئىراننىڭ پادىشاھلىقلىرى ئىچىدە دارا ئالاھىدە بىر پادىشاھلىق ئىكەنلىكى ئىلگىرى ماڭا مەلۇم ئىدى. ھازىر پادىشاھلىقىڭلار ئۆزىنى ماڭا نىسبەتەن قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بەك ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپتىمەن. ئەمدى سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلاردىن خەۋەر ئالالمايدىغان بولدۇم، شۇنداقتىمۇ بۇرادەرلىكنى ئېسىمدە چىڭ ساقلايمەن. دارا ئۆزىنى بىلسۇن ھەم ھەددىدىن ئاشمىسۇن. بۇ نامىدىكى ئىسكەندەرنىڭ سۆزى. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن مۇشۇ سۆزۈمنى داراغا يەتكۈزۈڭلار، — دېدى ۋە مۇلازىملىرىغا:

— ئۇلارنى رۇم مەملىكىتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، — دېدى. يەنە:

— سىلەر دېگەن ئەلچى، ئەلچىنى كەنتتە تۇتۇپ قېلىش دۇرۇس ئەمەس. ھازىرلا قايتىڭلار. ئىراننىڭ مېكىيىنىغا مەنكى خورازنى تونۇپ ئېيتىڭلار، — دېگەندە، ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ھەيۋىسىدىن پۇت ـ قولى تىترەپ، ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىدىن پۇتى بىلەن چىقتىمۇ، ياكى بېشى بىلەن چىقتىمۇ، ئەقلى ـ ھوشىدىن ئازغان ھالدا ئاتقا مىنىپ ئىران تەرەپكە قاراپ كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپ مەنزىلگە يېقىنلاشتى. ئۇ يەردە بىر ئاز ئارام ئېلىپ نەچچە كۈندىن كېيىن بارگاھقا كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئىسكەندەرنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى.

ئىسكەندەرنىڭ ئەمرلىرى، بىزگە فىلقۇس ھېكىم ئۆز لايىقىدا جاۋاب بەرسۇن، جىېنىمىزلا بولسا ئىران قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىمىز، دېيىشتى. ئىسكەندەر تاشقىرىغا چىقىپ، سىپاھلارغا:

— جەڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار، ئىران پادشاھى بىلەن جەڭ قىلغىلى بارىمىز، — دېدى.
كېچىدە ئىسكەندەر ئوردىغا كىرگەندى. ئانىسى:
— ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ ساڭا بىرنەچچە نەسىھەتىم بار ئىدى. رىزا يۈزىسىدىن قوبۇل قىلغىن، — دېدى. ئىسكەندەر:
— قېنى ئېيتسىلا، جېنىم تېنىمدىلا بولسا ئورۇنلايمەن، ئېسىمدە تۇتىمەن، مىننەت قىلماسمەن، — دېدى.
ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى:
— سەن دارابنىڭ پەرزەنتى، داراب بەھمەننىڭ ئوغلى، بەھمەن ئىسفەندىيارنىڭ ئوغلى، دارا ھەم دارابنىڭ ئوغلى بولىدۇ. دارا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا، داراب شاھنىڭ تەختى - بەختى تاۋۇتقا يەتتى. ئۇنىڭغا دارا دەپ ئات قويدى. دېمەك ئۇمۇ دارابنىڭ ئوغلى بولىدۇ. ياشقا سېنىڭدىن كىچىك. ھازىر ئۇ ئىران مەملىكىتىنىڭ مىراسخورىدۇر. بىلىپ قال، دارابنىڭ ئوغلى دارا سېنىڭ قېرىنداش تۇغقىنىڭ بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە قېرىنداش ئىكەنلىكىڭنى ئېيتقىن. ئىراننىڭ ئۇلۇغلىرىغا، ئۆزۈڭنىڭ بۇرادىرىڭگە داراغا تۇغقان ئىكەنلىكىڭنى ئېيتقىن. مەرھەمەتلىك ئىش قىلغان بولىسەن. ئەلۋەتتە داراغا نىسبەتەن بۇ ئىش زىيادە. ئىراننىڭ ئۇلۇغلىرى سېنىڭ پادشاھ فىلقۇسنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭگە ئىقرار. ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا ئىش قىلساڭ، جېنىڭغا ياكى بۇرادىرىڭنىڭ جېنىغا زەرەر يېتىدۇ. ئۇ چاغدا ھېچقانداق ئىلاج قالمايدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر ئانىسىدىن بۇ سىرلىق سۆزنى ئاڭلاپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى كېڭەش قىلىشىپ، ئاندىن كېيىن:
— ئەي ئانا، ئىش ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى بۇرۇنراق ئېيتمايسىز؟ ھازىر نېمە ئۈچۈن بۇ ساۋاقنى تونۇغانسىز ۋە بۇ ۋاقىتتا ئېيتىسىز؟ — دېدى.
ئەلقىسسە، مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە خالايىقنىڭ رايى

ئىسكەندەرگە رام بولۇپ قاپتۇ. ھەر قايسى مەملىكەتلەر ئۇنىڭ ئىختىيارلىقىدا تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارىي بىلەن ئىسكەندەرگە ئەگىشىپ پادىشاھلىقنى ئىسكەندەرگە بېرىدۇ؟ يەنە كۆپچىلىك نېمە ۋەجىدىن ئىسكەندەرگە ئەگىشىپ قوزغىلىدۇ. ئۇنى دارابنىڭ ئوغلى دېسە كىم ئىشىنەر؟ ھازىرقى ئەھۋالدا چېدىر ۋە ئوردىدا، ئۇنىڭدىن باشقا ئىران، ھىندۇ[40]، فەرەڭلەردە ئۇنى فىلقۇسنىڭ پەرزەنتى، دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھەم يېقىنقى زامانغىچە تارىخ كىتابلاردا ئىسكەندەرنى فىلقۇسنىڭ ئوغلى دەپ قارايدۇ. ئىسكەندەر ئۆزى ھەققىدە «بۇ ئىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى شۇكى، بۇ سىرنى مەخپىي تۇتمەنكى، مېنىڭ دارابنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى ھېچقانداق كىشى بىلمىسۇن، بۇ ئىش مەڭگۈ مەخپىي قالغۇسى. ئەگەر ھازىر دارابنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام، ئالەم خەلقى ماڭا نەپرەت ئوقۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بەزىلەر ئىسكەندەر دارابنىڭ ئالدىدا بىچارىلىقتىن يالغان ئېيتىنى دەپ دارابنىڭ جېنىنى ئالماقچى دېيىشى مۇقەررەر. شۇڭا مەن بۇ ئىشنى قىلمايمەن. ئاتام دارابنى ئۆزۈمگە يوقتۇرمايمەن. مېنىڭ ئېتىم مۇشۇ يول بىلەن ئالەمگە مەشھۇر بولسۇن. مۇشۇلا ماڭا كۇپايە قىلىدۇ. مېنى بۇرادىرىمنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار قىلدىڭ، بەخت ماڭا يار بېرىپ ئىرانغا يېتىپ بارسام، دارا مېنىڭ قولۇمغا كەلسە ئۇنىڭغا بۇرادەرلىكىمىزنى يەتكۈزەرمەن، — دېدى ئىسكەندەر.

— ھازىر ئانا - باللىقىنىڭ يۈزىسىدىن ساڭا بۇ نەسەبنى يەتكۈزدۈم. ئەھۋالىڭنىڭ پەقەت يېرىمىنى بايان قىلدىم، — دېدى ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى. ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن كۆپ خۇرسەن بولدى. ئۇ چىن دىلىدىن خۇشال بولۇپ قەلبىدە ئانىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بولغان ھۆرمەت تېخىمۇ ئاشتى. ئالەمدىن ئىسكەندەرگە ۋەھىمە كەلگەندەك، قورال - ياراغنىڭ

تەييارلىقىنى قىلدى. فىلقۇس ئىسكەندەر ئۈچۈن قوشۇن ۋە مىراسنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قەستىدە جەزم قىلدىكى، ئۇ رەبىئى مەسكۇنغا ساھىب بولغۇسى. فىلقۇس:

— ئەي پەرزەنتىم، مېنىڭ خەزىنەمنىڭ ئىختىيار ئاچقۇچى سېنىڭ قولۇڭدا. ئۇيلاپ يېتەلىسەڭ شۇنداق قىلارسەن، ھېچقانداق نەرسىنى سەندىن ئايىمايمەن، — دەپ ۋەسىيىتىنى تۈگەتتى. ئىسكەندەر لەشكەرلەرنىڭ سانى بىلەن خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كۆردى. سىپاھلارغا خەزىنىدىكى خىراجەتنى ئېلىپ چىقىپ ئىنئام قىلىپ:

— ئىرانغا بارىمىز. قوشۇنلار ئۆزلىرىنىڭ تەييارلىقىنى قىلسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى. فىلقۇس پادشاھلىقنى ئىسكەندەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنداق ئىنئامغا ھېچقانداق پادشاھ مۇيەسسەر بولۇپ باقمىغاندۇر.

ئۇ تەرەپتە دارابىنىڭ ئوغلى دارا قوشۇن بىلەن رۇمغا بارماقچى بولۇۋىدى، ئىراننىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق مۇنەججىملىرى: «پالچى مۇنەججىمنى مەغلۇپ قىلسا ئۇۋال بولىدۇ. ئەگەر قوشۇن ئىران تەرەپتىن رۇمنىڭ دەۋاسى ئۈچۈن ماڭسا ئىران قوشۇنى مەغلۇپ بولىدۇ. ئەگەر ئىشنىڭ ئامالىنى سۈلھى بويىچە ھەل قىلسا ئۇلار غەلىبە قىلىدۇ» دەپ بېشارەت بەردى. دارا:

— ئۇنداقتا جەڭ توختىسۇن. ئاتامنىڭ سەلتەنەتلىك دەۋرىدە رۇملۇقلار باج - خىراجەتنى ئەۋەتتى. ھالا نۆۋەت ماڭا يەتكەندە رۇملۇقلار باشباشتاقلىق قىلىپ بىر مۇنچە ئەرزىمەس سۆزلەرنى قىلىپتۇ. ھەتتا مېنىڭ ئاجىزلىقىمنى ئىزلەۋاتىدۇ، — دېدى، — ئېھتىمال باشلامچى باردۇر.

فىلقۇس ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلغاندۇر ۋە ياكى يېقىنچىلىق قىلىپ، بۇ سۆزلەرنى فىلقۇسنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر گۆدەكلىكىدىن قىلغاندۇر، خوتۇن كىشى بىلەن كىچىك بالىنىڭ

-ئۆزىنىڭ نېمە پەرقى بار.

ئۇ تەرەپتە ئوردا ئەھلى:

— چۈنكى، ھەممەتىنىڭ تامامى پىر - ئۇستازلاردىن بولىدۇ، كەرەملىك. سىز يەنە بىر قېتىم سىبخىي دانىشمەنلەرنى، ئەلەمدار ۋە قەلەمدارلارنى فىلقۇسقا ئەۋەتىڭ، بەلكى شۇنىڭدىن باشلاپ باج - خىراج بۇرۇنقى تەرىقىدە دەرگاھىمىزغا قايتىپ كېلەر، — دېدى. دارا بۇ مەسلىھەتكە چىنپۇتۇپ غەيرەتكە كەلدى. ئىران پادىشاھى دارا:

— غەيرەتلىك، باتۇر، توغرا پىكىرلىك دانىشمەنلەر دەرگاھقا كىرسۇن، — دېگەنىدى. ئۇلار ھازىر بولدى. پادىشاھ ئۇلارغا:

— سىلەر رۇمغا بېرىپ فىلقۇسنىڭ قېشىدا سىلىق - سىپايىلىق بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، پۇرسەت تېپىپ ئۇنى دالالەت قىلىپ، ئۇرۇش قىلىش نىيىتىنى ئاداۋات ئوتىغا سۇ قۇيۇپ سۇسلاشتۇرساڭلار. شۇنداق بولغاندا بەلكىم جەڭ بولماي لەشكەرلەر پاراكەندىچىلىكتىن ساقلىنىپ قالار، — دېدى. ھۆكۈمالار ئانچە ھايال بولمايلا رۇمغا راۋان بولدى. مۇشۇ كۈنلەردە دارا بىر گۈزەلنى مەقسەتلىك ھالدا ئىسكەندەرگە خاس (قىز) قىلىپ: «بۇ گۈزەل بىلەن كۆڭۈل ئاچساڭ ھوزۇرلۇق ھېس قىلىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى خالىساڭ، مەن سېنى ئۆزئارا باراۋەر كۆرۈپتۇ دەپ بىلىمەن» دېگەن مەقسەتتە ئەۋەتتى. دارا يەنە بۇ كىچىك بىر ئىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمىسا، بەلكىم سىپاھىلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى بىلگىلى بولار، دەپ ئويلىدى. ئەلچىلەر دارابمۇلكىدىن ئايرىلىپ تېزلىك بىلەن رۇم شەھىرىگە يېتىپ باردى. بۇ خەۋەر فىلقۇسقا يەتكەندە، ئۇ، ناھايىتى خۇشال بولدى. مۇلازىملىرىنى ئىراننىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا

بۇيرۇدى. ئۇلارنى ھەم ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىردى. فىلقۇس ئۇلارغا قىزغىن مېھماندارچىلىقنى بىلدۈردى. ئۇن كۈن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ يۈردى.

بىر كۈنى فىلقۇس دارانىڭ ئەلچىلىرىنى كاتتا زىننەتلەنگەن بارگاھقا تەكلىپ قىلدى. ئەلچىلەر ئۆز ۋاقتىدا سورۇنغا يېتىپ بېرىپ، گىلەم، كۆرپىلەردە ئولتۇرۇشتى. دۇئا ـ سانادىن كېيىن ئۇلارغا بارگاھتىن جاي بېرىپ، پادىشاھ دارا بىلەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئەلچى ياخشى تىل ۋە كۆڭۈلنى شادلاندۇرىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق پادىشاھ بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. بۇ كۈن ساراي ئىچى بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى. ئاخىرىدا ئىران ئەلچىلىرى پادىشاھ دارا دېگەن سۆز بويىچە ئىش كۆرۈشكە باشلىدى. فىلقۇس:

— ماڭا ئارتۇق تۇسالغۇ يوق. بەزىبىر كىچىك ئىشلار تۈپەيلى ھەر يىلى تۆھپە ـ ھەدىيە بېرىش يولى بىلەن ئىران پادىشاھى بىلەن تەڭ تۆھپىدە ئىدۇق، بىراق بەزىلەرنىڭ ئۆزئارا باراۋەرلىك تەڭلەشتۈرۈشتەك ئىشلار تۈپەيلى، بەزى كۆڭۈلسىز ئىشلىرى كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ چوڭ ئىش ئەمەستۇر. مۇشۇ كۈنلەردە بىر ئىشقا دۇچ كېلىۋاتىمەن. ئۇ بولسىمۇ ئىسكەندەرنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق كۆرمىگەنلىكىدىندۇر. سىزلەر بىلىسىزلەر، مېنىڭ بۇنىڭدىن بۆلەك پەرزەنتىم يوق. پەرزەنتىمنىڭ ئۈمىدىنى سىزلەرگە ئېيتقۇم كېلىدۇ ـ يۇ، بىراق زۇۋانىم ئىختىيارسىز تۇتۇلۇپ، سىزلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان گاچا بولۇپ قالىمەن. ئەگەر باج ـ خىراجنى ئەۋەتسەم دۇنيا ئارامدا بولاتتى. ئەگەر ئەۋەتىپ بەرمىسەم پۇقرالار، لەشكەرلەر رۇم بىلەن ئىراندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ بىرىدە بولۇشى لازىم. ھازىر ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ قالدىم، — دەپ ھال تۆكۈۋاتاتتى، ئىسكەندەر بارگاھقا كىرىپ

كەلدى. بۇ يەردە ئولتۇرغان ئۇلۇغلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ:

— دارا، رۇم پادىشاھى بىلەن ئىران پادىشاھى ئارىسىدا ئەسلىدە ئاداۋەت يوق ئىدى، نادانىنىڭ تۇپەيلىدىن بەزى كىشىلەر دوستلۇقتىن باش تارتىۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ۋىلايەتلەر ھەمدەم بولۇشماي قالىدۇ. نىيەت توغرا بولمىسا، دوستلۇق بۇزۇلۇپ، ئاداۋەت ئۇچقۇنى پەيدا بولىدۇ. دوستلۇق بۇزۇلغاندىن كېيىن ئاداۋەت ئوتى كۆچىيىدۇ. سىزلەرنىڭ بېشىڭىزلارغا بۇنداق ئىشلار تېخى كەلمەپتۇ. بۆلگۈنچىلىك قىلىپ ئىشغالىيەت ئېلىپ بېرىپ، جاھانگىرلىك بىلەن مەشغۇل بولسىڭىزلار ئالتۇن بىلەن باغلانغان دوستلۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغان بولىسىزلەر. بۇ دوستلۇق ۋەجىسىدىن سىزلەرگە ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن گۈزەللىكى گۆدەك (ئىسكەندەر) ئۇچۇن كۆڭۈل شەيداسى قىلىپ ئەۋەتتى. ئىراننىڭ ئەھۋالىنى تېخى تولۇق بىلمەي تۇرۇپ ئاداۋەت قىلىش تولىمۇ بىخۇتلۇقتۇر. ئىراننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالغاندىلا ئاندىن كېيىن ئەقىلگە مۇۋاپىق جاۋابقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇلارنى ئۇنىڭغا (ئىسكەندەرگە) ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇغان دەپ ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، شاھزادە ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئۇ گۈزەل بەلكىم مېنىڭ قەستىمدە بولسا كېرەك، مەنكى قول، لەشكەر بىلەن پادىشاھ دارانىڭ بېشىنى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىمەن. ئەگەر ئىراننىڭ لەشكەرلىرى تېرىقتەك تولا بولسىمۇ، مېنىڭ لەشكەرلىرىم چۈمۈلىلەر توپىدەك ئۇزۇن، بىر سائەتتە نەيزە، گۇرزە، ئۇمۇد، قالقان ۋە شەمشەر بىلەن ھەممىنى ئۆز ئىشغالىيىتىمگە كەلتۈرىمەن، — دېدى. ئۇ يەنە سىپاھلارغا جەڭگە ئاتلىنىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى. بۇ چاغدا بىرمۇنچە ھەرەمخان پالۋان

قىزلار توخۇلارنى كەلتۈرۈپ، تېرىقنى توخۇلارنىڭ ئالدىغا چېچىپ بەرگەندى، توخۇلار بىردەمدىلا داننى قالدۇرماي تېرىپ بولدى. بۇ چاغدا ئىراننىڭ ئەلچىلىرى ئىسكەندەرنىڭ يېتىلگەن ئەقىل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ۋە سەلتەنەتلىك سۈلتىنىنى كۆرۈپ دىلىدا ۋەھىمە پەيدا بولدى. ئىسكەندەر قاتتىق «ھەق شۇكۇپ» قىلغانىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمىدى. ئەلچىلەر يەر ئۆپۈپ تۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ بۇ خىل جاۋابىغا قارىتا شۇنداق ئىلتىماستا بولدىكى:

— ئىككى تەرەپ ئەلچىلىرى ھۆججەتلەر بىلەن شاھىد بولۇپ قەسەم بەرسەك، لەشكەرلەر جەڭدىن ئامان قالسا، ئىسكەندەردىن ئۆتۈنۈپ، بۇ ئەھۋاللارنى كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، بىرىپ دارادىن تىلەيمىز، — دېدى. ئىسكەندەر:

— بۇ مېنىڭ سۆزۈم، بېرىپ پادىشاھىڭلارغا ئەرز قىلىڭلار، — دېدى. ئىراندىن كەلگەن ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئىسكەندەر:

— ئىران ئەلچىلىرى بۈگۈن كېچە ماڭا مېھمان بولسۇن، بىرمۇنچە ئەھۋاللارنى ئۇلارغا ئېيتاي، — دېدى. فىلقۇس:

— ياخشى ئويلاپسىز، — دېگەندى، ئىسكەندەر بۇ سۆزدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ تاشقىرىغا چىقتى ۋە:

— ئىراننىڭ ئۇلۇغلىرىغا زىياپەت بېرىمەن، تەييارلىق قىلىڭلار، — دېدى. مۇلازىملار بېشى بىلەن بەجا كەلتۈردى. كەچ كىرىپ، زىياپەت ۋاقتى بولدى. ئىراننىڭ ئۇلۇغلىرى ئىجازەت بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلدى. ئۇلار يەردىن باشقا جايغا قارىيالمىدى. ئىسكەندەر ئۇلارغا ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئىجازەت بەرگەندى، ھەممىسى ئۆز جايىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسكەندەر ئۇلار ئۈچۈن كەڭ - كۇشادە كۆڭۈل ئېچىش زىياپىتى قىلىپ بەردى. ھاپىزلار سازلارنى مۇڭلۇق پەدىلەرگە چالدى. مەي

قۇيغۇچىلار — ساقىلار، گۈزەل رۇخسارىلار مەي جامىلىرىدىن مەينى قەدەھلەرگە قۇيۇپ، سورۇن كەيپىياتىنى ھۇزۇر پەللىسىگە كۆتۈرگىلى قىلىقلىناتتى. زىياپەت سورۇنى كۆڭۈل تاپقىلى تۇردى. قەدەھلەردە مەيلەر ئايلىنىپ، ئۇلپەتلەر بىلەن چۆرە قىزلارنىڭ ھەۋەسلىرى قوزغىلىشقا باشلىدى. ئۇلپەتلەر ئۆزئارا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر ئىران ئۇلۇغلىرى تەرەپكە قاراپ:

— راست ئېيتىڭلار، دارانىڭ ئېسىگە نېمە كەپتۇ؟ ئەگەر مەن بىلەن جەڭ قىلماقچى بولسا، ماڭا تەڭ كېلەلمەيدىغان-لىقىنىمۇ ئويلاپ قويسۇن. لەشكەرلىرى مېنىڭ لەشكەرلىرىمدىن كۆپ بولسىمۇ ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ نېمە خىيالى بارلىقىنى بىلگىم كېلىۋاتىدۇ، — دېگەندى، ئىراننىڭ مەردانىلىرى:

— ئەي ئالىي ئەمرزادە، بۇ جەھەتتە دارا سىزگە تەڭلىشەلمەيدۇ. ئىشىنىمىزكى، سىزدەك پادىشاھنىڭ شىجائىتىدە دارانىڭ شەمشىرى بىزگە كار قىلماس. بۇ جەھەتتە ئىران لەشكەرلىرى رۇم لەشكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەمرزادىنىڭ سەلتەنەتلىك ھەيۋىتى كىيانىيان[41]دىن كەم ئەمەستۇر. ھازىر بارلىق ئىرانلار رەبئى مەسكۇنىنىڭ باتۇرلىرى ئەمرزادىنىڭ شەمشىرىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ، بەخت ئىگىسى نېمە ئىش قىلاركىن دېگەن تەشۋىشتە بولماقتا. سىزدەك پادىشاھزادىنىڭ بىزگە ئاسايىشلىق قىلغىنىڭىزغا كۆپ تەشەككۇر. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ پادىشاھىمىز سىزگە ھەرگىز يەتمەيدۇ، — دېگەندى، ئىسكەندەر:

— ئەلۋەتتە سىزلەر بىلىسىزلەر، ئىراننىڭ قوشۇنلىرى سەرخىل قوشۇن، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار پادىشاھنىڭ پەرمانىغا پۈتۈنلەي بويسۇندى دېگەندىمۇ، يەنىلا «باتۇرنى مەيداندا سىنا» دېگەن گەپ بار. ئۇلار، ياخشىسى پادىشاھنىڭ پەرمانىنى

تۇتسا بولاتتى. ئەمما ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ. مېنىڭ لەشكەرلىرىمنىڭ ئىران لەشكەرلىرىدىن قېلىشمايدىغانلىقى سىزلەرگە مەلۇم بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە تەڭرى ماڭا مەرھەمەت قىلغان، بۇ نۇسرەتنى سىزلەر تونۇپ يېتىشىڭلەر لازىم. بىزگە ھەم مەلۇم، قوشۇن كىشىنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس. دارا يۈز - ئابرۇيى بىلەن سەلتەنەتلىك غۇرۇرنى ئۈستۈن تۇتۇپ كەلگەنىدى، شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، شەمشەردىن بۆلەك ھېچقانداق نەرسە غۇرۇرنى ساقلاپ قالالمايدۇ. دارا يەنە ئۆزىنى مەن ئىسفەندىيار رۇيىنەتەننىڭ نەسلىدىندۇرمەن دەپ پەخىرلىنىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئىران ئۆلىمالىرى ئۆز ئۆيلىرى بىلەن مەقسەتلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، باشقىچە ئوي - پىكىرلىرىنى ئىزھار قىلىشتىن رايى ياندى. ئىسكەندەر يەنە:

— نېمە ئۈچۈن مەقسەتلىرىڭلارنى دېمەيسىلەر؟ بولمىسا زامانىنىڭ ئۇلۇغلىرى ھۆكۈم قىلىپ قورقۇنچاقلارغا مەدەت بەرسۇن. سىزلەر ھەر ۋاقىت دارانىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىڭلار. سىزلەر بۇ ئىشتا سۈلھىچى بولغان بولساڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار جەڭ داراغا ھۇزۇر بېغىشلىمايدۇ. غالىبلىقنى بىلگەن بولاتتى، — دېدى. ئىسكەندەر يەنە بەلەن تەلەپپۇزدا:

— قارىغاندا، لەنىتى شەيتان دارانىڭ نەپسىنى ماكان تۇتۇپتۇ. ھازىر ماڭا مەلۇم بولدىكى، ھەممە ئۇلۇغلار بۇ خىل ماخاۋ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپتۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا بولسا بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرمىگەن ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتەشپەرەست ① بولمىغان بولاتتى. مېنىڭ بۇ سۆزنى قىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، دارا ماڭا بىر نەرسە

① ئاتەشپەرەست — ئوتقا چوقۇنغۇچى، ئوت پەرەس، مەجۇسى، ئوتقا تېۋىنغۇچى.

بىر ئەرمىكىن ۋە ياكى مېنىڭدىن بىرەر نەرسە ئالارمىكىن دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى دارانى تۇيۇق يولدىن ياندۇرۇش، ئاتەشپەرەستلىك بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىكنى پارس ۋە باشقا شەھەرلەردە توختىتىش، — دېدى.

ئۇ كىچىسى ئۆلىمالارنىڭ ئەقىل ئەينىكىدىن ئىقرارلار ئۆتتى، تاڭ ئاتتى. ئىرادە بىلەن ئەمرزادە ئىران ئۆلىمالىرىغا كاتتا تۆھپە، ئىنئاملار بېرىپ، نامىنىڭ جاۋابىنى يۇقىرىدا ئېيتقان مەزمۇندا پۈتۈپ ئۇلارغا بەردى. ئىران ئەلچىلىرى ئورنۇن بوشىتىپ ئەلچىلىك دەستىكى بىلەن نامىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ يولىغا راۋان بولدى.

بىر كۈنى ئىسكەندەر ياش چەۋەندازلىرى بىلەن شىكارغا چىقتى. چۆللۈكتىكى شىكارگاھقا يېتىپ باردى. ياش چەۋەندازلار تۆت تەرەپتىن شىكار قىلىپ ئوۋ ئوۋلىدى. ئۇ چۆللۈكتە ئىسكەندەرنىڭ نەزەرى بىر كېيىككە چۈشۈپ كۆڭلىدە، ئەگەر بۇنى سالما بىلەن تۇتسام، بۇ دارا بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشتا غەلىبە ماڭا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بولۇر؛ ئەگەر كېيىك مېنىڭ ئالدىمدىن قېچىپ كېتەلىسە، مېنىڭ مەغلۇبىيىتىمدىن بېشارەت بەرگەن بولۇر، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، شۇنداق نىيەت بىلەن ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ كېيىك تەرەپكە چاپتۇردى. دەرۋەقە، كېيىك ئاتنىڭ تۇۋىقىنىڭ ئاۋازىدىن ئۈركۈپ جەزىرە تەرەپكە قاراپ چاپتى. ئىسكەندەر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، كېيىك تەرەپكە مايىل قىلىپ، كېيىككە يېتىشىپ بېرىپ سالمىنى ھالقا قىلىپ كېيىككە تاشلىغانىدى، كېيىك سالمىغا مەھكەم باغلاندى. ئىسكەندەر ئاتتىن چۈشۈپ سالمىنى كېسىپ، كېيىكنى قويۇپ بېرىپ سالمىنى ئېلىپ، ئاتقا مىنىپ كەلگەن يېرىگە قاراپ يولىغا راۋان بولدى.

ئۇ تەرەپتە چەۋەندازلار ئىسكەندەرنىڭ كېيىكنىڭ

ئارقىسىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاتىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلدى. يىراقتىن ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. چەۋەندازلار ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئىسكەندەر ھەمراھلىرى بىلەن كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ھەيۋەتلىك ئەلچى بىلەن شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئەتىسى ئىسكەندەرنىڭ دارا بىلەن جەڭ قىلىشقا بارىدىغانلىقى جەزم بولدى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىدىن قايتقان ئىران ئەلچىلىرى دارانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى تەپسىلاتى بويىچە مەلۇم قىلغانىدى، بۇ خەۋەر داراغا تولىمۇ ئېغىر بىلىندى. ئۇ:

— بىز بۇ ئىشتا بىخۇتلۇق قىلساق بولمايدۇ. ئىسكەندەر تەرەپكە يەنە كىشى ئەۋەتىشىمىزمۇ لازىمى قالمىدى. ئەمما ئىسكەندەرنىڭ باج - خىراج تۆلىمەسلىككە ھەددى ئەمەس. بىزنىڭ سەلتەنەتلىك دەۋرىمىز تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. رۇمنىڭ ئىرانغا باج تاپشۇرۇشى ئەلمىساقتىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن ئىش. ئىسكەندەرنىڭ نىيىتى باشقىچىدەك تۇرىدۇ. ئۇ ئىرانغا مۇشۇنداقلا ئىگە بولماقچى. ئەمما ئىران مەملىكىتى تېخى ئىگىسىز قالغىنى يوق. ئادەتتە بىر شاھزادىنىڭ ئىرانغا ساھىب بولمىقى ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئىش ھەرگىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولماس، — دېدى. ئەلچىلەر رۇمغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن «ئىسكەندەرنىڭ سەلتەنىتى ئىران مۇلكىنىلا ئۆزىگە قارام قىلىش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆمرى يار بەرسە پۈتكۈل قۇرۇقلۇقنى ئۆز ئىلكىگە كەلتۈرۈش ئىكەن» دەپ سۆزىنى ئادا قىلغاندا، دارا كۈلۈپ كېتىپ:

— شۇنداق، سىزلەر شۇنداق دەيسىزلەر، ئىسكەندەر قۇرۇقلۇقنىڭ ئىگىسى بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە تېخى خۇدالىق دەۋاسىنى قىلىشى مۇمكىن، شۇ چاغدىلا ئىسكەندەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئايان بولىدۇ، — دېدى.

قىسسە، دارا لەشكەر بازلىق ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى. ھەممە تەرەپتىن ئوق ئاتقۇچى لەشكەرلەر جەم بولدى. ئۇ ئەتراپ - ئالەمگە نامە ئەۋەتتى. ئەتراپتىكى شاھلار پادىشاھلىقنىڭ دۆلەت ھوزۇرىغا كېلىشتى. ئىران خىسرەۋسى ئۇلارغا خەست بىلەن تون ئىنئام قىلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى كېيىنكى قىسسىدىن ئاڭلايلى.

## يەتتىنچى قىسسە، دارانىڭ ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن كېڭەش قىلغانلىقى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ بايانى

ئەلقىسسە، بۇ داستاننىڭ رىۋايەتچىلىرى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ چاغدا ئىسكەندەر رۇم ۋىلايىتىدىن چىقىپلا: «ئاگاھ بولۇڭلار» دەپ ئەتراپ - ئالەمدىكىلەرنىڭ خەۋەرسىز قالماسلىقى ئۈچۈن ئالدىنئالا خەۋەر تارقاتتى.

ئىسكەندەر داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر داراغا يەتكەندە، دارانىڭ سەركەردىلىرى:

— ئىسكەندەرنىڭ رۇمدىن قومدەك لەشكەر بىلەن ھەرىكەتلىنىپ ئىران مەملىكىتىگە ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقى راست بولسا، بۇيرۇق جاكار قىلسىڭىز جان - دىلىمىز بىلەن ئېلىشايلى، — دەپ ئەرز قىلىشتى. دارا:

— لەشكەرلەر سۇ، ئوزۇق، يەم - خەشەك تەييارلاپ ئاتلىنىشقا تەييارلانسۇن. لەشكەرلەر جەبىرتارتىپ قالمىسۇن، — دېدى سەركەردىلەرگە قاراپ. سەركەردىلەر شاھنىڭ پەرمانى

بىلەن چېدىر ۋە قوراللارنى نار تۆگىلەرگە يۈكلەپ قوشۇنىنى دۈشمەن تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. قوشۇن دەريا دولقۇنىدەك بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگىلى تۇردى. دارا داڭدار تۇغلۇق سەردارلار بىلەن بىر جايغا چۈشتى. بۇ يەردە جەڭنىڭ تولۇق تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغدا، داراغا ئىسكەندەر يېقىنلاپ كەلدى دېگەن خەۋەر يەتتى. بارگاھتىكى قوشۇنىنىڭ سەردارلىرى تاشقىنىدەك يۈرۈپ كەتتى. دارا ھەم جىددىي ھەرىكەتلەندى. ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئىككى زور قوشۇن ئاخىرى دىدارلاشتى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تۈزۈپ ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئاندىن ئىككى تەرەپ قوشۇنىدىن پالۋانلار يېتىپ كېلىپ، ماھارەت كۆرسىتىپ پالۋان تەلەپ قىلىشتى. ئىش كۈن ئۇلتۇرغۇچە شۇ تەرىقىدە بولدى. كۈن ئولتۇرغاندا ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارامگاھىغا ياندى. ئىسكەندەر ئىران خىسرەۋسىنىڭ دىلىغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكتى. ئۇ كېچىسى جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئىران لەشكىرى تەرەپتىن ياڭرىدى. ئىسكەندەر تەرەپمۇ جەڭ دۇمبىقىنى ياڭراتتى. دۇمباق ساداسى ئاسمان گۇمبىزىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ كېچىسى ئىككى قوشۇننىڭ سەردارلىرى بېشىنى قويغۇدەك جاي تاپالمىدى. تاڭ يورۇغاندا چۆمۈلىلەردەك رەتلىك سەپ تۈزگەن قوشۇنلار قۇياشنىڭ ئالتۇندەك نۇرى ئاستىدا بەخت دەرياسى تەرەپكە ئاتلاندى.

ئىران پادىشاھى شەرققە تېزلىكتە يۈرۈش قىلىپ قاراڭغۇ كېچىدە بىر خەتەرلىك تاغنىڭ ئۈستىدىكى قەلئەگە يېتىپ باردى. ئىسكەندەر قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى بىلەن رەڭ ئالغان يەر ئۈستىدىكى بارگاھىدىن چىقىپ ئېتىنى مىنىپ، شەرققە قاراپ مېڭىپ، ئېتىنى بىر تۆپىلىك ئۈستىدە توختاتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئەتراپتىن كەلگەن شاھلارنى قوبۇل قىلدى ۋە

يەنە ئېتىغا مىنىپ سەركەردىلەرنىڭ چېدىرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئەتراپنى جانلاندۇرۇۋەتتى ۋە ئۇلارغا ئامانلىق تىلىدى.

ئەتىسىدىكى جەڭ مەيدانىدا ئىسكەندەر ئاتنى بىر مىراخورغا تاپشۇردى. ساھىبقىران[1] (ئىسكەندەر) رۇمنىڭ خانلىق ئەلمىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەنىدى. ئىران لەشكەرلىرىدىن بىرى — دارا شويلا چۈشكەندەك تېزلىك بىلەن ئاتەشپەرەست كىبىرىدە ئەتەي كۆلۈمسىرىدى. بىراق ئۇنىڭ دىلى سۇنۇق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ساھىبقىراننىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلدى. باتۇرلار ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ، كىم قايسى تەرەپنى مەيدانغا كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلاركىن دەپ مۇنتەرىز[2] بولۇپ تۇرۇشاتتى، ئىران قوشۇنى تەرەپتىن ئات مىنگەن بىر ئادەم قويۇندەك تېزلىك بىلەن مەيدان تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ جەۋلانبازلىق قىلىپ، مەيدانغا كېلىپ ماھارىتىنى كۆرسەتتى. قوشۇن قائىدىسى بويىچە دوست - دۈشمەندىن «تەھسىن» ئاۋازى جاھاننى قاپلىدى. ئىسكەندەر: رۇمنىڭ ئاتالىق پالۋانلىرىنىڭ مەردلىرىنى مەيدانغا ھەملە قىلىشقا ئەمر - ئىشارەت قىلغانىدى. ئىسكەندەر ئەھلىدىن زورغام ئاتلىق بىر پالۋان ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىردى. ئىككى پالۋان روبىرو تۇردى. ئىككى پالۋان ئات ئۈستىدە مەھكەم ئولتۇرۇشۇپ شەمشەرلىرىنى بىر - بىرسىنىڭ بېشىغا ئۇرۇشتى. تەقدىر ئۇلارنى ئېھتىيات ئېتىكى بىلەن ياپتى. بۇ ئىككى پالۋان شەمشەرۋازلىق ۋە خەنجەرۋازلىق قىلىشقاندىن كېيىن، رۇملۇق پالۋان ئېتى بىلەن ئىران پالۋىنىغا يېتىشىپ

---

① ساھىبقىران — بەختلىق، بەخت ئىگىسى، تەلەيلىك.
② مۇنتەرىز — ئىنتىزار بولغۇچى، تەلمۈرگۈچى، ساقلاپ تۇرغۇچى.

بېرىپ، ئۆزەڭگىدە مەھكەم تۇرۇپ شەمشەرنى ئۇنىڭغا ئۇرغاندى، شەمشەر دۇبۇلغىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كاتتا ئاتەشپەرەست ئىتنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، رۇم لەشكىرىنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئېگەردىن يۇلۇۋېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەلەم قىلىپ يەرگە شۇنداق ئۇرغاندى، قوۋۇرغىلىرى يۇمشاپ ئۇچەيدەك بولۇپ زېمىنغا نەقىش بولدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرى بىلەن تۆت تەرەپتىن مەيدانغا قاراپ تۆكۈلدى.

ئۇ تەرەپتىن دارا لەشكەرلىرىگە ئىشارەت قىلغاندى، لەشكەرلەر جايىدىن قوزغىلىپ ئىسكەندەر تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. ئىسكەندەر ئۇ بەختسىز ئازغۇنلارنىڭ ئالدىنى توسىدى①................................................................

بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ چاڭ-توزانلىرى كۈننىڭ يۈزىنى توسىدى، جاھان قاراڭغۇلاشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاۋازى پەلەككە يەتتى. باتۇرلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئالەمنى گۈلدۈرماممىدەك تىترەتتى. ئىسكەندەر تىغ، خەنجەر، ئوقيا، قامچا ۋە گۈرزىلەر بىلەن تۆت تەرەپتىن ئۇر-چاپقا چۈشتى. دارا قورۇق قومۇشلۇققا چۈشكەن ئوتتەك، مەيداندا رۇم لەشكەرلىرىنى خىمىرنى كەسكەندەك قەلەمچە قىلدى. ئاخىرىدا دارا بىلەن ئىسكەندەر بىر-بىرىگە يېلىمدەك يېپىشىپ، خەنجەر-قالقان بىلەن گىرەلىشىپ، كۈن ئولتۇرغىچە ئېلىشىپ پاك زېمىننى بېغىررەڭ قىلدى.

كۈن ئولتۇرغاندا ئۇرۇشتىن قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ، پالۋانلار قولىنى جەڭدىن يىغىپ خەنجەرلىرىنى قىنىغا سالدى.

① قولىيازمىنىڭ مۇشۇ يېرىدە تەخمىنەن ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 21 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان. رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى خۇددى كېچە بىلەن كۈندۈزدەك جۇدا بولۇپ ئۆز ماكانىغا قايتىشتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پادشاھى جەڭدە ئۆلگەنلەرنى ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. جەڭ ئۈچ كۈندە توختىدى. تۆتىنچى كۈنى ئىران قوشۇنىدىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرمۇ جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇدى. تۆگىلەرگە يۈكلەنگەن ناغرىلارنىڭ ئاۋازى پەلەككە يەتتى. ئۇ كېچىنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەرد - پالۋانلىرى تەشۋىش ئىچىدە بېشىنى ياستۇققا يەتكۈزمەي ئۆتكۈزدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى.

بۇ چاغدا، دارا بارگاھىدىن چىقىپ ئانىسى ھامانىنىڭ ئېتىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

دارا ئاتقا مىنىپ سەپ ئارىلاپ سەپنى مۇستەھكەم قىلدى. ئىران پادشاھى لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن مەغرۇرلىناتتى.

قىسسە، ئۇ كۈنى جەڭ كۈن ئولتۇرغىچە داۋاملاشتى، كۈن ئولتۇرغاندا دارانىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەڭ سولتانلىرى جەڭدىن قول ئۈزۈپ، قوشۇنلار ئۆز ئارامگاھىغا قايتىپ كېلىشتى. دارانىڭ ئىككى ۋەزىرى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئىسمى تاھەيار، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى جان سىپار ئىدى. بۇ ئىككى ئازغۇن «ئەمدى دارادىن سەلتەنەت كەتتى، نۇسرەت شامىلى ئىسكەندەر تەرەپكە چىقىدۇ. دارانىڭ ھايات رىشتىنى كۆرۈنمەس قىلساق» دەپ مەسلىھەتلەشتى. ئىلمي نۇجۇم ۋە پالچىلىقتا بۇ ئىككى ئەسلىنى ئۇنتۇغانلار دارا زامانىسىنىڭ ئالىمى ئىدى. كېچىسى ئۇلار بىر - بىرىگە:

— رەمل بىلەن يۇلتۇزغا قاراپ باقايلى، ئىسكەندەر بىلەن دارانىڭ قايسىبىرىگە جەڭدە غەلىبە نۇسرىتى يۈزلىنىدىكىن، — دەپ رەمل بىلەن يۇلتۇزغا قاراپ، نۇسرەت ئىسكەندەر تەرەپتە بولۇپ ، دارانىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى كۆردى. بىرى يەنە

بىرسىگە:
— بۇنىڭ بىردىنبىر ئامالى شۇكى، دارانىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا بارساق يېقىنچىلىق پەزىلىتىمىز ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئازغۇن ئۇ شەھرىيار (دارا) نىڭ ياتقان يېرىگە خۇپپىيانە بېرىپ، ئۇ نەۋجەۋاننىڭ ئۇيقۇدا ياتقان يېرىدە خەنجەر تىقىپ زەخىملەندۇرۇپ ئۇنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويىدى. دارا سۇرەن سالغانىدى، مەھرەملەر ئاڭلاپ خاسخانىغا يېتىپ كىردى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى ۋەزىر بۇ يەردىن يوقىغانىدى. بۇ كېچىسى غەۋغا - سۇرەن كۆپ بولدى. ئىسكەندەر بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال كىشى ئەۋەتىپ، ئۇ ئىككى ۋەزىرنى تۇتتى. تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەر ئۇ ئىككى ۋاپاسىز ۋەزىرگە:
— كۆرۈڭلار! بۇ نېمە ئىش؟ شەھرىيارنى نېمە ئۈچۈن نابۇت قىلدىڭلار؟ — دېگەنىدى. ۋەزىرلەر:
— ئەي شاھىنشاھ، بۇ خىزمەتنى سىزلەر ئۈچۈن قىلدۇق، — دېدى. ئىسكەندەر:
— ئەي ھارامزادە، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئىزدەپ بۇرادىرىمنى ئۆلتۈرەمسەن؟ — دەپ ئۇلارنى باغلاپ دارا ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر بۇ يەردە دارانىڭ قانغا مىلەنگەن ھالدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، دارانىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈزىدىكى قاننى يېڭى بىلەن ئېرتتى. بۇ چاغدا دارا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىشقا تىرىشتى. ئۇ كۆڭلىدە «ئىككى ۋەزىر مېنىڭ بېشىمنى ئالغىلى كەپتۇ» دەپ ئويلاپ:
— ئەي زالىملار، بىر يولىلا بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلغىن، مېنى قىينىمىغىن، بۇ دەردتىن قۇتقۇزغىن، — دېگەنىدى، ئىسكەندەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈپ، ئىسسىق ياش دارانىڭ يۈزىگە چۈشتى. ئىسكەندەر:
— ئەي بۇرادەر، كۆزۈڭنى ئاچقىن. مەن سەن بىلەن

خوشلاشقىلى كەلدىم، — دېدى. دارا بۇ سۆزنى ئىشىتىپ كۆزنى يوغان ئېچىپ، يۈزىدىكى قاننى تازىلاۋاتقان كىشى ئىسكەندەر ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي بۇرادەر، بېشىمنى بىردەم تىزىڭدا قويغىن، مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيىتىم بار، — دېدى. ئىسكەندەر يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا قويدى. دارا:

— ئەپسۇسكى، ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىنى قولاققا ئالماپتىمەن. ئاتام ماڭا مال - دۇنيا ئۈچۈن بۇرادىرىڭدىن يىراقلاشمىغىن، كۆپ مال - دۇنيا جانغا زامىن بولىدۇ، — دېگەنىدى. ئەي ئىسكەندەر، سەن كىمنىڭ ئەۋلادى؟ نەسەبىڭ كىم؟ ئېيتىپ بەر، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇن سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي دارا، سەن بىلەن مەن بىر دەرەخنىڭ يىلتىزى بىلەن شېخىدەك بىر ئادەملەر. مەن ھەم كىيانىيلارنىڭ پۇشتىدىن بولىمەن، سىزنىڭ بۇرادىرىڭىزدۇرمەن، — دېدى.

بېيىت:

يەقا يەر تابان كاجى تاشلا بان،
دېدى زار يىغلاپ بۇ سۆز باشلا بان.
كى بولسۇن تەرك يەتتە كىشۋەرى،
جاھان بولمىسۇن بەردەم ئاندىن تەھى.
ئەڭا مەن كەمىنە پەرەستەندەلىك،
پەرەستەندەلىك ئىچىدە گەر مەندە مەن.
كېرەكدۇر مەڭا قىلغۇڭ چاغلاقلىق،
ئانىڭ بارگاھىدا بەل باغلاماقلىق.

قىسسە، دارا ئىسكەندەرنىڭ سۆزلىرىدىن زار يىغلاپ:

— ئەي ئىسكەندەر، مېنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيىتىم بار. قۇلىقىڭدا تۇتقايسەن. بىرىنى ئېيتسام شۇنى

يۈرىكىڭگە نەقىش قىلىپ تۇتقىن، — دەپ ۋەسىيەت قىلدى. دارانىڭ ۋەسىيەتلىرىگە تىل ئاجىز، قەلەم نازۇك، قەغەز تارلىق قىلاتتى.

بېيىت:

چۇ ئول ئۈچ سۆزۈم ئۈچ ۋەسىيەت دۇرۇر،
كى كۆڭلۈمغە ئىزھار نىيەت دۇرۇر.
بىرسى بۇ كىم، ئول ئىككى گۇنەھ خۇۋاھ،
چۇ قاتىلىم قول سۇندىلار بى گۇناھ.
باشىنى كېسىپ ئەدلدار سەن ئەڭا ئەگاھ.

— ئەي ئىسكەندەر، ئۇ ۋاپاسىزلارنى ئۆلتۈرسەڭ ساڭا پايدىسى باردۇر. ئالەم ئەھلىگە بۇنىڭدىن ئىبرەت قالۇر. ئەي ئىسكەندەر، بۇ ئۆلۈم ماڭا يېتىپتۇ، چۈنكى بۇ مېنىڭ نادانلار بىلەن ھەمسۆھبەتلىشىپ، ئەھلى ئىلىملەرنى ئۆلپەت تۇتمىغانلىقىمدىن يەتتى. يەنە بىر ۋەسىيىتىم شۇكى، قىزىم رەۋشەڭنى ۋە خوش يېتىملەرنى خار كۆزۈڭ بىلەن كۆرمە، — دېدى.

بېيىت:

يەنە قەۋم خەلقىمغا قىلما ئەناد،
كى دەرلەر ئۇلارنى كيانى نەشراد،
كەرەم ئەيلاساڭ قەۋم خىڭمىلەئۇرۇر،
قىلۇرلا نە خىزمەتكى، مېلىڭدۇرۇر.
كى خار ئەيلەمە خاندان قەدىم،
چۇ يوقتۇر ئۇلاردىن سەڭا ھېچ رەھىم.
يەنە رەۋشەڭكى، قىزىمدۇر مېنىڭ،
بۇ كۈندىن يارۇر كوفەھىمدۇرۇر مىڭ.
گوياكى سەلاتىن نىشانى دور مەڭا،
بەر ئەندازە كيانى ئەڭا.
بىساتىڭنى ئول شەمى بىرلە يارۇت،

ئانىڭ شەمى بىرلە خاتىرەڭنى ئەۋۋەت.
كى كۆر مەھر ئەيلەپ شەبتانىڭ،
قىلىپ ئەھد ئەيلەپ ئول مورەتنىڭ.
ئېرۇر رەۋشەڭ مەزرەئەم خوشى،
سەڭا يار بولغاي جىگەر كۆشاشى.
ھەر بەھىمرا سەن داغى پەرزەند بول،
ھەمۆل خەشە كۆڭلۆمغە پەيۋەند بول.

— ئەي ئىسكەندەر، رەۋشەڭنى مېھرىبان قىلغىن. ئېھتىمال ئۆنىڭدىن بىر پەرزەنت دۇنياغا كەلسە، كىيانىيلار سۇلالىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرار. ئۆز ئورنۇڭ مۇستەھكەم بولسۇن، — دېدى.

بېيىت:
ئاتادىن ئىسكەندەر نەھار ئولغاي ئول،
ئانادىن كىيانى نەشراد ئولغا ئول.
گەر ئەلنى ئەدا ئەتكەچ ئەيلەگەي،
ئىكىمىزغە نىسبەتەن دۇرۇست ئەيلەگەي.
قەبۇل ئەيلاپ ئىشت خەستەكۆڭلۆمنى شاد،
كى ئەمدى قىلۇر ۋەقتى ئېرۇر خەير باد.

ئىسكەندەر دارادىن بۇ ۋەسىيەتلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي دارا، قىلغان ۋەسىيەتلىرىڭنى جان ـ دىلىم بىلەن ئورۇنلايمەن. ھەممە قېرىنداشلىرىڭغا ئۆز يولى بىلەن شەپقەت قىلىمەن. ۋەسىيەتنى تىغ بىلەن بويۇن سۇندۇرماقچى بولغانلارنى زەھەرلىك خەنجىرىم بىلەن چېپىپ، جىگىرىدىن تۆشۈك ئاچىمەن، — دەپ ئۇ ئىككى ۋەزىرنى شەھرىيارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ تىزلاندۇرغانىدى. دارا:

— ئەي شەھرىيار، ئۇ ۋەزىرلەرنى كەلتۈرۈپ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۆلتۈرۈڭلار، كۆزۈم كۆرسۇن. مېنىڭ قىساسىم

قىيامەتكە قالمىسۇن. دىلىمنىڭ ئۆچمەنلىكى پاك بولسۇن، — دېدى. دارا يەنە:

— ئەي شەھرىيار، دىلىمنىڭ ئۆچمەنلىكىنى ئۇ ناپاكنى ئۆلتۈرۈش بىلەن يوق قىلدىڭ. تەڭرىتائالا ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، — دېدى - دە، جېنىنى ئىگىسىگە تاپشۇردى. ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالنى گۇۋاھ قىلىپ زارلاندى، يىغلاپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بېيىت:

ئەدەم بولدى قانۇن بىر ئاسى،
نەكۇن بولدى ئەيىمن كۇشەسى.
بولۇپ تىرە كۇتاسى شەب چەراغ.
سياۋۇش مەگەر يارەسى داغ، داغ.
ئەندەن بولدى كەيكاۋۇس[42] بادى داغ،
بەل ئەۋا كەيقباد[43] داغى.
بەل ئەۋازەكەيقبادى داغدىن،
مومەنۇچەھرە كوشتى چەراغ.
فەرىدۇن دەۋا شمغە كوشتى فەرەغ.

ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر كېرمان [44] شەھىرىدىن قوزغىلىپ پايتەختكە بېرىپ شىرزات بارگاھى جەمشىد① تەختىدە ئولتۇردى. ئىرانغا تەئەللۇق شەھەرلەرنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىگە نامە ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئالدىغا كەلتۈردى، ھەممە سەردارلار، شەھرىيارلار سوۋغات - ئىنئاملار ۋە نەيزىلەر بىلەن جانابى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىتائەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، زور ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىپ ياندى. ئىسكەندەر رۇم بىلەن ئىراندىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئالدىغا پۈتۈكچىنى چاقىرتىپ:

---

① بارگاھى جەمشىد — جەمشىد بارگاھى — پادشاھلىق بارگاھ، پادشاھلىق تەخت.

— ئىسفەھان[45] غا بىر كاتتا نامە يازغىن، رەۋشەنگە ۋە ئانىسىغا ئاتىسىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈرۈشكە ئەلچى ئەۋەتىمەن، — دېدى. پۈتۈكچى شاھنىڭ پەرمانى بىلەن نامە يازدى. نامەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق تەرتىپتە يېزىلدى:

«نامە»

«ئەي مەلىكە، مەن دارانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلالمىدىم، لېكىن نېمە ئىش بولغان بولسا، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولدى. دارا ئۆزىنىڭ ئاسىي ۋەزىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە دارانىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مەن ئۇ ئازغۇن ۋەزىرلەرنى ئۆلتۈردۈم. يەنە شۇ سۆز يەتسۇنكى، شاھ دارا بۇ ئالەمدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا سىزلەرنى ماڭا بەخشەندە قىلىپ تاپشۇرغانىدى. دارانىڭ ھەممە سۆزىنى نامىگە پۈتۈپ ئەلچى ئارقىلىق ئەۋەتتىم». يەنە بىر نامىنى رەۋشەنىڭ ھەققىدە يېزىپ ئۇنى ئەلچىگە تاپشۇردى. ئۇ نامىنى مۇنداق مەزمۇندا يازدى:

بېيىت:

ئىبەردىم جانابىڭغە مەن نامە،
كى جان پەردەسىغە يازىپ خامە.
ۋەسى قىلىپ شاھ دارا نەشراد،
ئىككىمىز نىكاھىغە ئول نىڭ زاد.
مېنىڭ سارى كەلمەككە سەن خۇش تۇت
جەمالىڭ قەسرىگە خەيىم يارۇت.
ئەسىر ئەيلابان كۆڭلۈم تەخت - تاج،
پەرزەندەئى پارە تەخت - خاج.
سېنى ئەيلەيىن بانۇلار ئۈزرە شاھ
قەبۇل ئەيلەي سېنىڭ بابىڭغە سىپاھ.
چۇ بولغاي ئاتاڭ قەسرى ئاباد ھەم،
ئىسكەندەرنى قىلغايسەن شادھەم نامە تامام.

ئىسكەندەر نەچچە ئۇلىمالارنىڭ ھەمراھلىقىدا نامىنى

ئىسفەھانغا ئەلچى بىلەن ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئىسفەھانغا يېتىپ بېرىپ، دارانىڭ ھەرىمىگە كىرىپ ئىسكەندەر ئەۋەتكەن نامىنى رەۋشەنىنىڭ ئانىسىغا تۇتتى. رەۋشەنىڭ باشلىق ھەرەم ئەھلىلىرى نادامەت ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئىسكەندەرنىڭ نامىسىنىڭ مەزمۇنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىسكەندەرگە مۇناسىپ مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى.

«نامە»

«ئەي مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ پادىشاھىم، ماتەمنى مەركە قىلغۇچىدۇرسىز، قىلغان ھەربىر ئەمرىلىرى راستتۇر. تەڭرى سىلىنى ئۆز پادىشاھلىقلىرىدا پاك ۋە مەڭگۈ ئىززەتلىك قىلغاي. ئىككىنچى ئىلتىماسىم شۇكى، بىز غېرىبلاردىن مەرھەمەت ئىلكىلىرىنى يىراق تۇتمىغايلا، بۇ كۈنلەردە سىلىدىن باشقا شەپقەتچى باش پاناھىمىز يوقتۇر.»

رەۋشەنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ ئىسكەندەرگە بولغان ئۆزرىخاھلىقىنى بىلدۈرۈپ بولۇپ، كەلگەن ئەلچىلەرگە شاھانە ئىنئاملار بېرىپ:

— ئەي ھۆكۈمالار، سىزلەر قايتىڭىزلار، مەن رەۋشەننى جابدۇپ ئارقاڭلاردىن مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىمەن، — دېدى. ئەلچىلەر ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ جانابى ئىسكەندەرگە نامىنى يەتكۈزدى. ئىسكەندەر نامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئىسفەھاندىن تا ھىندىغىچە كىشى ئەۋەتىپ بۇ ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇردى. ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. رەۋشەنىڭ توي ۋەقەلىرى ئىرانىڭ «شاھنامە» سىدە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ داستان بولۇپ كىتابلاردا زىكرى قىلىنغاندۇر. ئىسكەندەر داراغا تەزىيە تۇتىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندا، قارا گەزلىمىلەردىن تارتىپ تا ئات - ئۇلاغلارنىڭ قارا قۇيرۇقى، يايلىلىرىغىچە، لەشكەرلەرنى قارا رەڭلىك،

خۇشپۇراقلىق مەخمەلگە ئورىدى. ئىسكەندەر لەشكەرلەرنى شىرزادقا قالدۇرۇپ، ئۆلىمالار بىلەن ئالتە مىڭ كىشىنى باشلاپ بەھمەننىڭ قەبرىسى بار جايغا قاراپ ماڭدى. ئىسكەندەر:

— بەھمەننىڭ قەبرىسى قەيەردە؟ — دەپ سورىغاندى. ھۆكۈمالار:

— بەھمەننىڭ قەبرىسى بىنگالنىڭ ئۈچ پەرسەخ نېرىسىدا، ھىندىستانغا يېقىن بىر تاغدا، بۇ تاغقا يېقىن جايدا بىر قەلئە بار، ئۇ قەلئەدە زەينەپ ئاتلىق بىر جادۇگەر مەزلۇم بار، — دېدى. ئىسكەندەر بىنگالغا يېقىن كەلدى. بىنگالنىڭ ۋالىيسىغا «ئىسكەندەر ئاتلىق پادىشاھ بۇرادىرى دارانىڭ جەسىتىنى بەھمەننىڭ مەقبەرىسىگە قويغىلى كەپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلگەندە، ۋالىي دەرھال ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىسكەندەرنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ خىزمىتىدە بولدى. ئىسكەندەر:

— بەھمەننىڭ قەبرىگاھى قايسى جايدا؟ — دەپ سورىدى. ۋالىي:

— شەھرىيار، مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بىر قەلئە بار. ئۇ قەلئەنى «رابىيە» دەيدۇ. ھەممە جادۇگەرلەر ئۇ قەلئەدە ماكانلاشقانىكەن، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.



## سەككىزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ دارانىڭ جەسىتىنى بەھمەن شاھنىڭ قەبرىگاھىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى، يولدا تىلسىمنى سۇندۇرۇپ شاھلارنىڭ مەقبەرىسىدە ئىسفەندىيار ۋە بەھمەننىڭ جەسىتىنى كۆرگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر رىۋايەت شۇنداق قىلىدۇكى، «رابىيە تېغى» بىنگالدىن بەش فەرسەخ يىراقلىقتىكى ئۇ قەلئە ماكان تۇتقان دەپ ئاتىلاتتى. جادۇگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە بولۇپ، جادۇگەرلەرنىڭ باشلىقى زەينەپ جادۇ دەپ ئاتىلاتتى. قازارا، ئۇ جادۇگەرلەرنىڭ سىرلىق سېھىرلىرىنى بىلىپ بېقىش كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ زىيارەتگاھلىقنى تىلسىم قىلىپ مەھكەم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ جايغا كىشى بارالمايتتى.

ئىسكەندەر: «تەڭرىنىڭ مەدىتى بىلەن پادىشاھلارنىڭ زىيارەتگاھلىقىنى كۆرۈشنىڭ ئىلاجىنى قىلغىلى بولار،» دېدى. بىر كۈنى بىر چارلىغۇچى لەشكەر تاغقا قاراپ مېڭىپ ھېلىقى زىيارەتگاھلىققا يېقىنلىشىپ بارغانىدى، زەينەپ جادۇگەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭدىن:

— ئىسكەندەر ئاتلىق بىر مەھبۇب بۇرادىرىنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن بۇ قەلئەگە كەلمەكچى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدىم، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى. چارلىغۇچى:

— شۇنداق، — دېدى. زەينەپ جادۇگەر ھەممە جادۇگەرلىرى بىلەن ئىسكەندەرنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ

ئاجايىپ ساھىبجامال يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ، ئىسكەندەرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قەلئەگە باشلاپ كەلدى. ئىسكەندەر:

— بەھمەننىڭ زىيارەتگاھى قەيەردە؟ — دەپ سورىۋىدى. زەينەپ:

— شاھ بەھمەننىڭ زىيارەتگاھىغا تېخى ھېچكىم بارالىغان ئەمەس. چۈنكى ئۇ جاي تىلسىماتلىقتۇر. ئەگەر ئۇ جايغا بارماقچى بولسىڭىز قولىڭىزنى بوينۇمغا سالسىڭىز، ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇش شەرتىنى بەجا كەلتۈرسىڭىز مەن سىزنى ئۇ تىلسىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلۇغلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن زەينەپ جادۇ ئىسكەندەرنىڭ ۋەسلىدە، بىرلىكتە بەھمەننىڭ گۈمبىزى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تىلسىمغا يېقىنلاشقاندا بىر ئېگىز تاغ كۆرۈندى. ئىسكەندەر:

— بىر كىشى بېرىپ تىلسىمنى ئېنىق كۆرۈپ كەلسۇن، — دېدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن بىر كىشى تاغنىڭ تۆپىسىگە چىققاندى، تويۇقسىزلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، گوياكى ئۇ تاغنى ئۇچۇرتۇپ كەتكەندەك قۇيۇن پەيدا بولدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ كىشى ئۆزىنى پەس يەردە كۆردى. قۇيۇن توختىدى. ئۇ كىشىدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. زەينەپ جادۇگەر:

— ئەي شەھرىيار، ئەمدى بۇ تىلسىمنى بويسۇندۇرۇش-نىڭ پەيتى بولدى. سىز دارانىڭ جەسىتىنى زىيارەتگاھلىققا ئېلىپ كىرىڭ، ئەگەر تەلىپىمگە قوشۇلسىڭىز، مەن بىر تەرەپتىن تىلسىم قىلىپ تۇراي، سىز ئاۋۋال بېرىڭ، ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا بۇ تاغنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاق قۇش ئۇچۇپ كېلىدۇ. ئۇنى ئامال قىلىپ ئۆلتۈرۈڭ، ئاندىن كېيىن سىزگە

بىر ئەركەك دىۋە[1] ئۇچرايدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرسىڭىز تىلسىم سۇنىدۇ، — دەپ تىلسىمنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەردى.

ئىسكەندەر پۇختا قوراللىنىپ تاغ تەرەپكە باردى. بىر قامەتلىك قۇش ھاۋادا پەيدا بولدى. ئىسكەندەر تەييارلاندى. قۇش ئىسكەندەرنى ئېلىپ ئۇچماقچى بولغانىدى، ئىسكەندەر ئوقنى كامانغا سېلىپ قۇشنى چەنلەپ ئوق ئاتتى. ئوق قۇشنىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ تېشىپ ئۆتتى. قۇش يۇمۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ چىقىرىغانىدى، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا بىر ئەركەك دىۋە پەيدا بولدى. ئۇ:

— ئەي ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، بۇ شەمشادنى ئال، — دەپ ئىسكەندەرگە ھەملە قىلدى. ئىسكەندەر دەرھال شەمشادنى ئېلىپ دىۋىنىڭ بېلىگە ئۇرغانىدى، دىۋە يىقىلدى. بۇ چاغدا گۈلدۈرماما پەيدا بولۇپ، قويۇن چىقىپ جاھان قاراڭغۇلاشتى. بىر مەھەلدىن كېيىن ئالەم يورۇدى. ئىسكەندەر جادۇنىڭ يىقىلىپ ئۆلگەن جەسىتىنى كۆردى. ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا بىر غار نامايان بولدى. ئىسكەندەرنىڭ ھەممە ئۆلىمالىرى تاغ ئېتىكىدە تۇرۇپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆردى. ئىسكەندەر ھەمراھلىرى بىلەن غارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ غارغا كىردى. غاردا قايغۇ بىلەن يېزىلغان مەدھىيە لەۋھە تاختىلىرىنى كۆردى. ئىسكەندەر پادىشاھلار ياتقان تونۇقلارنىڭ سۇپىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ يوپۇقىنى ئېچىپ، ساقىلى چالا ئۆسۈپ كەتكەن بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشى تەرەپتىكى تامدا

---

[1] دىۋە — قەدىمكى ئىران مىفولوگىيىسىدىكى بەھەيۋەت زىيانداش مەخلۇق. لېكىن ئۇلار بەزى سېھىرگەرلەرگە، ئەۋلىيالارغا، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگە بويسۇنغاندا، ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. دىۋە ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر زەردۇشتىيلىقتىن ئىسلامغا ئۆتكەن. ئۇلار ياۋۇز روھلار دەپ قارىلىپ، تۈرلۈك قىياپەتلەردە، مەسىلەن، يەتتە باشلىق، بىر كۆزلۈك، بەھەيۋەت، مۈڭگۈزلۈك، بەدىنى موي - يۇڭ بىلەن قاپلانغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلارغا ئاتاپ غىزا تەييارلاش، چىراغ يېقىش، جانلىق سويۇشتەك ئادەتلەرمۇ شەكىللەنگەن.

ئۈستىگە خەت يېزىلغان بىر لەۋھە ئېسىقلىق تۇراتتى. يېشىل رەڭلىك ئېسىل تاش لەۋھەگە: «مەنكى گەرشاسەب [46] ئىسفەندىيارنىڭ ئاتىسىدۇرمەن. دۇنيانىڭ جاھانگىرلىكى ئۈچۈن ئوغلۇم ئىسفەندىيارنى رۇستەم بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتىپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىم. ئاقىۋەت بۇ پانىي دۇنيادىن قايغۇ بىلەن خوشلاشتىم. ئەي پەرزەنتىم ئىسكەندەر، شۇ چاغدا بۇ خانىنى تىلسىم بىلەن ياساپ بىنا قىلدۇرغانىدىم. ھۆكۈمالار ئىسكەندەر ئاتلىق كىشى بۇ خانىنى زىيارەت قىلىشقا كېلىدۇ، دېگەنىدى، ھازىر بۇ دەھشەتلىك خانەمگە كەلگەنسەن. ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا نۇرغۇن جاۋاھىرلارنى قويۇپ قويدۇم. ئېھتىياجلىقىڭنىڭ ھەممىسىنى ئال» دەپ يېزىلغانىدى. ئىسكەندەر قولىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ بىر مۇنچە گۆھەرلەرنى ئالدى. جەسەتنىڭ روھىغا پاتىھە ئوقۇپ دۇئا قىلدى. يەنە بىر سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ساقال - بۇرۇتى ناھايىتى ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەن بىر ياش يىگىتنى كۆردى. ساقىلى شۇنداق ئۆسۈپ كېتىپتۇكى، خۇددى ئېرىق - ئۆستەڭلەر بويىدىكى ئوت - چۆپلەردەك بولۇپ كېتىپتۇ. ياقۇتتىن ياسالغان لەۋھە ئۈستىگە خەت يېزىلغان بولۇپ، لەۋھە بېشى تەرەپتىكى تامغا ئېسىلغانىدى. ئۇنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا: «مەنكى ئىسفەندىيار بولىمەن. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن رۇستەم بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاقىۋەت بىر تال ئوق بىلەن ئۇ دۇنيادىن بۇ دۇنياغا قايتىش قىلدىم. ئەي بېشىمغا كەلگۈچى، ۋەسىيىتىم شۇكى، ھەرگىز دۆلەت ۋە دۇنيانى دەپ كىشىلەر بىلەن تالاش - تارتىش قىلماڭلار. ئەي پەرزەنتىم ئىسكەندەر، ئەگەر بۇ يەردىكى قورقۇنچلۇق زىيارەتگاھقا كېلىپ قالسىڭىز، تەڭرىم ھەققىدە كەلگەن قەدىمىڭىز ئۈچۈن بېشىمدىكى ياستۇقنىڭ ئاستىغا بىرنەرسە قويۇپ قويدۇم، ئېلىپ كۆرۈڭ» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر

ئىسفەندىيارنىڭ بېشىدىكى ياستۇقنىڭ ئاستىغا قولىنى سېلىپ بىر خەنجەرنى ئالدى. خەنجەرنىڭ دەستىسى تىللا بىلەن مەرمەردىن نەقىشلەنگەنىكەن. ئىسكەندەر ئۇ خەنجەرنى غىلاپىدىن چىقىرىپ قارىدى. خەنجەرگە «بۇ تەھماسەب[47]نىڭ خەنجىرى» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. خەنجەرنى ئالدى. ئىسكەندەر يەنە بىر سۆپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ رۇستەمگىردەك ساقىلى كىندىكىگە چۈشكەن بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشى تەرەپتىكى تامغا لەئىلدىن ياسالغان لەۋھە ئېسىلغان بولۇپ، ئىسكەندەر ئۇنىڭ بېشى تەرەپتىكى لەۋھەنى ئالدى. ئۇنىڭغا: «مەن تەھماسەب پادشاھدۇرمەن. يەمەن[48]گە پادشاھ بولدۇم. ئاقىۋەت ماڭا مال - دۇنيا نەپسى پايدا يەتكۈزمەي ئۆلۈم چاڭگىلىغا گىرىپتار بولدۇم. بېشىمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر دۇبۇلغا قويدۇم. ئۆز قولىڭىزغا ئېلىڭ» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر جەسەتنىڭ بېشى تەرىپىگە قويۇلغان دۇبۇلغىنى قولىغا ئېلىپ كۆردى. دۇبۇلغىغا «بۇ دۇبۇلغا گەرشاسەبتىن قالغان» دەپ يېزىلغانىدى. ئىسكەندەر ئۇ دۇبۇلغىنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ دارانىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كىرىپ بۇلارنىڭ سۆپىسىنىڭ يېنىدا قويدى. ئاندىن كېيىن غارنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئەتتى. بۇ چاغدا زەينەپ جادۇ غارنى تىلسىم قىلىپ بېكىتتى.

زەينەپ ئىسكەندەرنى قەلئەسىگە باشلاپ كىرىپ خىزمەت قىلدى. ئۇ:

— ئەي ئىسكەندەر، بۈگۈن كېچە ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىپ ۋىسال قولۇڭنى بوينۇمغا سالغىن، — دېگەنىدى، ئىسكەندەر بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. كېچىدە زەينەپ ئىسكەندەرنىڭ خانىسىگە كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ياتتى. ئىسكەندەر بىر قولى بىلەن زەينەپنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ كېكىردىكىنى سىقتى. يەنە بىر قولى بىلەن خەنجەرنى ئېلىپ زەينەپنىڭ قورسىقىغا ئۇردى. خەنجەر راۋان

ئۆتۈپ، زەينەپنىڭ جېنىنى يەتتىنچى دوزاخقا تاپشۇردى. ئىسكەندەر دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، زەينەپنىڭ شاگىرتلىرىنى پارە - پارە قىلدى. تاڭ يورۇدى. بۇ خەۋەر بىنگال شەھىرىنىڭ ۋالىيسىغا يەتكەندى، ۋالىي جادۇنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ھەم ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئىسكەندەر ئۇ جايدىن كۆچۈپ، شىراز [49] نىڭ فەتىھى ئىشى بىلەن لەشكىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئىسكەندەر، شىراز خەلقى ئالدىمىغا كېلەر دەپ قارىغانىدى، لېكىن ھېچقانداق كىشى كەلمىدى. ئىسكەندەر دارانىڭ ۋەسىيىتىنى تۇتۇپ ئىككىلەنمەيلا ئۆز قوشۇنى بىلەن يولغا راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

**وققوزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ ئەلۋەند**
**ۇەھ تېغىغا بېرىپ، ئەلۋەند خىسرەۋخان بىلەن**
**ئۇچرىشىپ بەھمەننىڭ خەزىنىسىنى تاپشۇرۇ-**
**ۋالغانلىقى، ئاندىن ئەفلاتۇن [50] غا**
**يولۇقۇپ، ئارستونى ۋەزىرلىككە تىلىۋال-**
**غانلىقى، ئەفلاتۇننىڭ ھېكمەت دۇمب-**
**ىقىنى ئىسكەندەرگە سوۋغا قىلغان-**
**لىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر**

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر شىرازغا كىرمەسلىكنى ئېيتقانىدى، سەردارلار:

— شەھرىيار، بەھمەننىڭ خەزىنىسى ئەلۋەند تېغىدىكى

خىسرەۋخاننىڭ ئىلكىدە. خىسرەۋخان ئەلۋەند تېغىدىكى شەھەرگە پادىشاھلىق قىلىدۇ. ئۇ بەھمەننىڭ خەزىنىسىنى داراغا بەرمىگەن. ساپ ھاۋالىق ئەلۋەند تېغى ئىرانغا تەئەللۇق، ھالا خىسرەۋخان خەزىنىنى بەھمەننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ھەرقانداق كىشى بولسا ئۇنىڭغا بېرىمەن، دەيدۇ — دەپ مەلۇمات بەردى. ئىسكەندەر:

— ئۇنداقتا ھازىر مەن بېرىپ خىسرەۋخان بىلەن كۆرۈشەي، — دېدى. ئىسكەندەر يەنە:

— جەمشىد كەلگەن بولسا جەمشىد خىسرەۋنىڭ تەگدىشى ئىدى. مۇھتەر باد[1] ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇ خىسرەۋخاننىڭ ئەيپارى[2] ئىكەن، — دېدى ۋە ئۇلۇغلار بىلەن ئەلۋەند تېغىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان خىسرەۋخان ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىسكەندەرنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، بارگاھىدا ناھايىتى كۆپ مېھماندارچىلىق قىلدى. ئىسكەندەر ئۇ سورۇندا چېچى ئۇسۇپ كەتكەن. يۈزى قۇياشتەك نۇرلۇق بىر يىگىتنى كۆردى ۋە:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، خىسرەۋخان:

— ئەي شەھرىيار، بۇ ھەزرەتلىرىنىڭ غۇلامزادىسى، ئىسمى ئەمرخان بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەمرخان ئىسكەندەرنى كۆرۈپ، بۇ ياش شەھرىيارغا ئامراقلىقى ئاشتى. سورۇننىڭ ئاخىرىدا ئىسكەندەر بەھمەننىڭ خەزىنىسىنى تەلەپ قىلغانىدى، خىسرەۋخان:

— ئۆزلىرىگە مەلۇم، سىلى بەھمەننىڭ پەرزەنتلىرىدىن، ئەپسۇسكى بەھمەن ماڭا، خەزىنەمنى مېنىڭ

---

① باد — يەل، شامال، ھاۋا...

② ئەيپار — ساياق، سەرسان، ئالدامچى، ھىيلىگەر، ئەييار، نەيرەڭۋاز.

ئەۋلادىمنىڭ ئەرشەد[1] نگە بەرگىن دەپ ۋەسىيەت قىلىپ، خەزىنىنى ماڭا ئامانەت قالدۇرغانىدى. مەن سىلىنىڭ بەھەمەن پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭى ئىكەنلىكلىرىنى قانداق بىلىمەن؟ بۇندىن كېيىن يەنە بىر كىشى كېلىپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— قانداقلا بولمىسۇن، ھازىر مەن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭى بولىمەن، — دېگەنىدى، خىسرەۋخان:

— ئۇنداق بولسا مۇلكىمىزنىڭ دانىشمىنى، زامانىمىزنىڭ ھېكىمى ئەفلاتۇن قانداق ھۆكۈم قىلسا شۇنداق قىلايلى، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەفلاتۇن قەيەردە؟ ، — خىسرەۋخان:

— يۇنان [51] مەملىكىتىدە بىر تاغ بار، ئەفلاتۇن شۇ تاغدا. ئۇنىڭ ئەمرزادىلەردىن تۆت يۈز شاگىرتى بار، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ قېشىغا بارايلى. دېدى. ئىسكەندەر قوشۇنىنى جەمشىدنىڭ مەملىكىتىدە قالدۇرۇپ، يەلتاپان مۇھتەر بىلەن چىرايىدىن كۈلكە چىقمايدىغان بۈزرۈكلاردىن ئەمر خىسرەۋخان ۋە ئەمرخانلار بىلەن يۇنانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار تاغقا يېتىپ باردى. ئىسكەندەر ئېتىنى پىيادىسىگە تاپشۇرۇپ پىيادە بولۇپ، ئەمر خىسرەۋخان ۋە ئەمرخانلار بىلەن بىللە تاغقا چىقىپ، ئەفلاتۇننىڭ كاتتا خانىسىغا كىردى. ئىسكەندەر ئۇ يەردە ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بىر بوۋاينى كۆردى. ئۇ ياغاچ تەختنىڭ ئۈستىدە بېشىغا تاج كىيىپ، بېلىگە كەمەر باغلاپ ئولتۇراتتى. تۆت يۈز نەپەر دانادىل، شېرىن سۆزلۈك ھېكمەت كالام شاگىرتلىرى

---

[1] ئەرشەد — چوڭى، موبىسپىت، ياشانغان.

كىتابلىرىنى ئالدىدا قويۇپ مۇتالىئە بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەفلاتۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي ئىسكەندەر، خىسرەۋخان، ئەمرخان، خۇش كەپسىلەر، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ پەرەز بىلەن ھۆكۈم قىلىمەنكى، مەن خەزىنىنى بەھمەننىڭ چوڭ بالىسىغا تەيىن قىلدىم، — دېدى. بەھمەننىڭ چوڭ بالىسى ئىسكەندەر ئىدى. خىسرەۋخان:

— ئەي دانىشمەن ھۆكىما، سىزگە ئاپىرىن ئوقۇيمەنكى، مەن ھەم بۇ تەلەپ ئۈچۈن كەلگەنىدىم، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي ھېكىم، مەن نەچچە يىل پادىشاھلىق قىلارمەن، ؟ — دەپ سورىغانىدى. ئەفلاتۇن:

— سىز كۆن پېتىشتىن كۈن چىقىشقىچە ئۆمۈر كۆرىسىز، يەتتە ئىقلىم[52]نى ئۆز ئىختىيارىڭىزغا ئالىسىز. سىز يەنە ئاسمىنى ئورمان، زېمىنى تۆمۈردىن، تاملىرى گۆش ۋە ئۇستىخاندىن بولغان يەجۇج - مەجۇج[ 53 ]لەرگە سەددى باغلارىسىز، — دېدى ۋە يەنە:

— ئەي ئىسكەندەر، مەن بۇندىن ئىلگىرى ھېكمەت ۋە تىلسىم بىلەن سىزگە بىر دۇمباق قىلدۇرۇپ قويغانىدىم. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەر تەرەپكە يەتتە پەرسەخكىچە يەرگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى قاچانكى سىزگە نۇسرەت يار بولسا، شۇ چاغدا بەلەن چىقىدۇ ھەم يەنە قازا يەتكەندە چىقىدۇ. ئەگەر نۇسرەت دۇشمەن تەرەپكە بولسا، ئاۋازى چىقمايدۇ. يەنە سىزگە بىر تۇمار بېرەي، سىز ئۇنى ھەمراھ قىلىپ ھەرقانداق جايغا بارسىڭىز، ھەرقانداق مۇشكۇلاتقا يولۇققاندا تۇمارغا قاراپ ئىش - ئەمەل قىلسىڭىز، مۇشكۇلاتىڭىز ئاسايىش تاپىدۇ، — دېگەنىدى، ئىسكەندەر ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كۆپ تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇپ قوبۇل قىلدى ۋە:

— ئەي دانا - دانىش ھېكىم، ماڭا سىزگە ئوخشاش ۋەزىر

كېرەك ئىدى. ماڭا ۋەزىر بولۇشنى قوبۇل قىلىڭ، — دەپ ئۆتۈنگەنىدى، ئەفلاتۇن:

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز. مەن دۇنيانى تەرك قىلغان ئادەم مەن. قانداق قىلىپ سىزگە ۋەزىر بولالايمەن. مەن جاھاننىڭ كېيىنلىكىنى تارتىپ قالماي دەپ ئەلچىلىك كىيىمنى سېلىۋەتكەنمەن، — دېدى قىزىقارلىق قىلىپ. ئىسكەندەر:

— قىش كۈنى قانداق قىلىسىز؟ — دەپ چاقچاق قىلغانىدى، ئەفلاتۇن كۈلۈپ:

— يۇزۇمنى ئېچىپ، قولۇمنى بەدىنىمگە سۇركەيمەن. شۇنىڭ بىلەن بەدىنىمگە قوي يۇڭىدەك موي پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەدىنىمنى سوغۇق ئەسىر قىلالمايدۇ. ياز كۈنى بەدىنىمگە لۆڭگە ئورايمەن، ئۆزگىلەرمۇ ئۆزىگە شۇنداق تەدبىر قىلىشى كېرەك ئىدى، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئۇنداقتا شاگىرتلىرىڭىزدىن بىر كىشىنى ماڭا ۋەزىرلىككە بېرىڭ، — دېدى. ئەفلاتۇن شاگىرتلىرىغا:

— ئەي شاگىرتلىرىم، ئىسكەندەر سىلەردىن بىر كىشىنى ۋەزىرلىككە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلغان كىشى مەنسەپ ۋە ئىززەتكە يېتىدۇ. ۋەزىر بولۇشنى خالايدىغانلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، — دېگەنىدى، ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى. ئىككىنچى قېتىم ئۇندىگەنىدى يەنە ھېچكىم چىقمىدى. ئۈچىنچى قېتىم ئارستو [54] ئىسىملىك بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرغانىدى، ئەفلاتۇننىڭ شاگىرتلىرى ئارستوغا شۇ جايدىلا يىغلاپ تۇرۇپ تۆكۈردى. بۇ ئىش ئىسكەندەرگە باشقىچە بىلىنگەچكە، ئەفلاتۇنغا يېقىن كېلىپ:

— نېمە ۋەجىدىن تۆكۈرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئەفلاتۇن:

— ئۇ «مەنسەپ» تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى. شاگىرتلىرى:

— ئەفلاتۇندەك ئۇستازنى تاشلاپ، ئورۇن بىلەن مەنسەپنىڭ راھىتىگە بېرىلمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن تۇكۇرىمىز، — دېدى. ئىسكەندەر:

— مەن ھەم بۇ جەھەتتە، ئەگەر زامانىمنىڭ ئالىملىرى كەلسىمۇ ئارستودىن يۇقىرى ئورۇن بەرمەيمەن، — دېدى. ئەفلاتۇن:

— ئەي ئارستو، ھازىر نېمىنى خالىساڭ ساڭا شۇنى بېرىمەن، — دېدى. ئارستو:

— ئاۋۋال مەن ئۈچۈن بىر دۇئا قىلىسىز، — دېگەندى، ئەفلاتۇن:

— بۇ سۆزۈڭدىن يانغىن. دۇئا قىلمايمەن. يەنە بىر تەلىپىڭنى ئېيتقىن، — دېدى. ئارستو:

— خەلىپىڭىز جالىنۇس① ھېكىم يازغان ھېلىقى كىتابنى بەرسىڭىز، تەدبىر قىلىشتا پايدىلىنارمەن، — دېگەندى، يەتتە ۋاراقنى مۇقاۋىلاپ ئەكىلىپ، قالغىنىنى جالىنۇسقا قايتۇرۇپ بەردى.

ئارستونى ئارىستاتولىس دەپمۇ ئاتايدۇ. مۇئەللىم، ھېكىم ۋە پەيلاسوپ دېگەن سۆز ئارستوغا قارىتىلغان. بۇنىڭ يۇنان تىلىدىكى مەنىسى كامالەتكە يەتكەن ئالىم دېگەنلىك بولىدۇ. ئالىم، پەيلاسوپ دېگەنلىك، يۇنان تىلىدا ھېكمەتنى دوست تۇتقۇچى دېگەنلىك بولىدۇ. ئارستونىڭ تۇغۇلغان يۇرتى بەلىنە شەھىرى بولۇپ، ئۇ يىگىرمە يىل ئەفلاتۇننىڭ خىزمىتىدە بولغان؛ ئىسكەندەرگە ئىلىم - ھېكمەت ئۆگەتكەن؛ يۈز يىگىرمە

---

① جالىنۇس — جالىس — ئولتۇرغۇچى، ئولتۇرغۇچى، پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇچى، سەلتەنەت دېگەن مەنىدە.

كىتاب يازغان؛ «مەدىنەئۇل ھەجائى» دېگەن شەھەردە مەدرىسە سېلىپ، مۇدەررىس بولۇپ، ئىلىم ھېرىسمەنلىرىگە دەرس ئۆتكەن؛ ھاياتىدا تەڭرىنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن بىللە يۈرگەن، دېيىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئەفلاتون بىلەن خوشلىشىپ، ئارستونى ئېلىپ، خىسرەۋخان ۋە ئەمرخان بىلەن بىرگە بۇ يەردىن چىقىپ ئۆز قارارگاھىغا كەلدى. ئاندىن دۇمباقنى چېلىپ، ئەفلاتوننى تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئەلۋەند تېغىغا كەلدى. خىسرەۋخان ئىككى تۆگە خەزىنىنى — ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەرلەردىن ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا چاچتى. ئىسكەندەر ھەممىنى ئەمرخانغا بەردى. ئەمرخانغا ئىسكەندەرنىڭ مەردلىكى خوپ كېلىپ، ئاتىسى خىسرەۋخانغا:

— ئەي ئاتا، مەن ئىسكەندەرنىڭ مەردلىك ھالقىسىنى قۇلىقىمغا سالدىم، — دېدى ۋە يەنە:

— ئەي ئەمر، قۇللىرىنىڭ جېنى تېنىدىلا بولسا، سىلىنىڭ دەرگاھلىرىدىن يىراق بولمايمەن، — دېگەنىدى، ئىسكەندەر ئەمرخانغا كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى ۋە ئەمرخاننى لەشكەرگە سەردار - سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى. ئىسكەندەر خىسرەۋخان بىلەن خوشلىشىپ، يەلتاپان مۇھتەر بىلەن باغدادقا راۋان بولدى.

باغداتنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى ئىتائەت يۈزىسىدىن ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىدا ئىشەنچكە ئىگە بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا كىردى. خىسرەۋخاننىڭ مۇلكىمۇ ئىتائەت قىلىپ، ئالتە مىڭ كىشى بىلەن چاكار بولدى.

خىسرەۋخان:

— ئەي شەھرىيار، قەيەرگە بېرىشنى ئىختىيار قىلدىڭىز؟ — دېگەنىدى، ئىسكەندەر:

— رۇمغا بېرىپ بوۋام فىلقۇسنى كۆرىمەن، — دېدى. خىسرەۋخان:

— ئاۋارە بولۇپ بارماڭ. بوۋىڭىز فىلقۇس ۋاپات بولۇپ كەتتى. قەيسەر بوۋىڭىزنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى. چۈنكى قەيسەر: فىلقۇس مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەنىدى، فىلقۇسنىڭ ئەۋلادىنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ تېپىپ ئۆلتۈرىمەن دەرمىش، — دېگەنىدى، ئىسكەندەر:

— ئەي دانىشمەن، قەيسەر بىلەن جەڭ قىلىشنى ئىختىيار قىلاي دېسەم ھازىر ئاتلار ئورۇق تۇرسا، قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېگەنىدى. ئەمرخان:

— بەھمەن پادىشاھنىڭ ئون ئىككى مىڭ ئېتى قەترە دېگەن تاغدا فەرۇزشاھنىڭ قېشىدا تۇرۇپتۇ. بەھمەندىن كېيىن ھېچقانداق كىشى فەرۇزشاھنى ئاۋالمىغانىدى. فەرۇز شاھنىڭ قېشىدا ئەتلەس كىيگەن ئون ئىككى مىڭ باتۇر، شەمشەرۋاز ئايال لەشكىرى بار، فەرۇزشاھنىڭ ھاسىسى بىر مىڭ ئىككى يۈز پاتمان كېلىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئۇنداقتا، قەترە تېغىغا بېرىشىمىز كېرەك ئىكەن، — دېدى. ئۇلار قەترە تېغىغا قاراپ راۋان بولدى.

قەترە تېغىغا باردى. ئىسكەندەر ئۆلىمالىرىغا نامە پۈتۈشنى بۇيرۇغانىدى، تۆۋەندىكى مەزمۇندا نامە پۈتتى:

«نامە»

«ئەي پەرۋاز قىلغان فەرۇزشاھ، بىلگىنكى، مەن دارابىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر بولىمەن. مەن بوۋام بەھمەننىڭ خەلقپەرۋەرلىكىنى خالايمەن. نامە يەتكەن ھامان ئەلچىنى ئېلىپ كېلىڭ، ئات مەن ئۈچۈن زۆرۈر بولىۋاتىدۇ. بۇ يەردە بوۋامنىڭ ئەلچىسىگە ئەلمۇرۇپ تۇرۇۋاتىمىز. نامە تامام ۋەسسالام.»

نامىنى ئېلىپ يەلتاپان مۇھتەر تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى. مۇھتەر يەلتاپان ئات بىلەن قەترە تېغىغا يېتىپ باردى.

ئۇ، بۇ يەردە چىن[1] ئەلىدىنمۇ كۆپ بولغان، ئەتلەستىن ياسالغان نۇرغۇن چېدىرلارنى كۆردى. چېدىرلارنىڭ ئارىسىدىن فەرۇزنىڭ چېدىرىنى تاپتى. فەرۇز تەختتە ئولتۇراتتى. قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ياقۇتتەك نۇرلۇق نامىنى مۇھتەر يەلتاپان فەرۇزغا تۇتتى. فەرۇز نامىنى ئوقۇپ كۆرۈپ كۆلۈپ كەتتى ۋە:

— ئىسكەندەر مەندىن ئەلچى بىلەن ئات ئالىمەن دەپ خام خىيال قىپتۇ. بېرىپ ئىسكەندەرگە ئېيتقىن، جەڭگە تەييارلانسۇن. ئەگەر ئات ئالماقچى بولسا شەمشەر بىلەن ئۇرۇشۇپ مەيداندا ئالسۇن، — دېگەندى، يەلتاپان مۇھتەر دەرھال قايتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا فەرۇز ئورنىدىن تۇرۇپ سۆڭەكتىن ياسالغان كانايىنى ياڭراتقانىدى، ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكەر مۇكەممەل قوراللىنىپ تاغدىن چۈشۈپ ئالدىدا ھازىر بولدى.

مۇھتەر يەلتاپان بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى.

فەرۇز چېدىر بىلەن قارارگاھلىرىنى تىكتى.

ئىسكەندەر ئارستو بىلەن ئەمرخاننى:

— سىلەر، فەرۇز شاھنىڭ نېمە تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ياكى جەڭ قىلغىلى كەپتىمۇ بىلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇغانىدى، ئارستو بىلەن ئەمرخان فەرۇز شاھنىڭ قارارگاھىغا باردى. فەرۇز شاھنىڭ ئۆلىمالىرى:

— ئىسكەندەرنىڭ ئۆلىمالىرى سىز بىلەن كۆرۈشمەك دەيدۇ، — دېگەندى، فەرۇز شاھ:

— كىرسۇن، — دېدى. ئارستو بىلەن ئەمرخان بارگاھقا ئۆلىمالارنىڭ باشلىشى بىلەن كىردى. فەرۇز ئارستو ھېكىم بىلەن ئەمرخانغا يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپ:

---

[1] قولىيازمىدا خىتاي دەپ يېزىلغان. مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «چىن» دەپ ئېلىندى. چۈنكى بۇ يەردە جەنگو دەۋرىدىكى چىن بەگلىكى كۆزدە تۇتۇلۇشى كېرەك.

— قانداق مۇھىم ئىش ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. ئارستو:

— شەھرىيار ئىسكەندەر، فەرۇز شاھ بۇ يەرگە كېلىپ مەن بىلەن جەڭ قىلماقچىمۇ؟ ياكى باشقا تەلىپى بارمىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ بىلىپ كېلىڭلار، دېگەنىدى، — دېۋىدى، فەرۇزشاھ:

— مەن ئىسكەندەردىن بىر سوئال سورايمەن. ئەگەر جاۋابىنى بەرھەق بەرسە ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلىمەن. ئەگەر راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەرمىسە جەڭ قىلىمەن، — دېدى. ئارستو:

— ئىسكەندەر بىلەن كۆرۈشۈڭ، — دەپ فەرۇز شاھ بىلەن بىرگە ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا باردى. ئىسكەندەر كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ فەرۇز شاھنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتتى. فەرۇز شاھ:

— ئىككىمىز بىر خالىي يەردە بولساق سۆزۈمنى ئېيتاي، — دېدى. ئۇلار ئىككىسى خالىي قالدى . ئەمما ئەمرخان قولىغا قىلىچنى تۇتۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭ خىزمىتىدە ھازىر تۇردى. فەرۇز شاھ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئېيتقىنا، بەھمەن ئۆز قىزى ھۇمايغا نومۇسسىزلىق ئىش قىلدى. بۇ ياخشى ئىشمۇ ياكى يامان ئىشمۇ؟ — دېگەنىدى، ئىسكەندەر:

— تەڭرىم ئۇ يامان ئىشنى كەچۈرمىسۇن، ئۇ ناپاك ناھايىتى يامان ئىش قىپتۇ، — دېدى. فەرۇز شاھ ئولتۇرغان تەختتىن تۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىنى ئۆپۈپ:

— ئىسكەندەر بوۋىسىنىڭ مەرتىۋىسىنى يەنە يۇقىرى كۆتۈرەمدىكىن دېگەن پەرەزدە بولۇۋاتاتتىم، — دېدى. ئۇ كۈنى فەرۇز شاھ ئۆزىنىڭ ئۆلىمالىرى بىلەن ئىسكەندەرگە مېھمان بولدى. يەنە بىر كۈنى فەرۇز شاھ ئەمر قىلغانىدى، مىراخور

ئات ـ ئۇلاغلارنى بىردىن ـ بىردىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. توساتتىن ئىسكەندەرنىڭ كۆزى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ياۋا ئېشەككە چۈشتى. ئۇنىڭ بەدىنى ھەر خىل رەڭدە ئىدى. بۇ ئاتنى فەرۇز شاھتىن سورىغانىدى، فەرۇز شاھ:

— بۇنداق ئاتلار دەريادا بار، — دېدى: ئىسكەندەر

— قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈردىڭىز؟ — دېگەنىدى، فەرۇز:

— بىر كۈنى دەريا بويىدا يىلقىلار ئوتلاپ يۈرگەنىدى، بىر ئازدىن كېيىن بىر ھاڭگا ئېشەك دەريادىن شۇڭغۇپ چىقتى. ئۇ يىلقىلار ئىچىدىكى بىر بايتال بىلەن كۆيلەشتى. ئاخىرى ئۇ بايتالنى دەرياغا باشلاپ كەتمەكچى بولدى، مەن ئۇنى توسۇۋېلىشقا بۇيرۇدۇم. ئۇ ھازىر خېچىر بولۇپ يېتىلدى. بۇ خېچىرغا ھازىرغىچە بىر كىم پۇت ئارتىپ باقمىدى، — دەپ تونۇشتۇرغانىدى، ئىسكەندەر:

— مىراخور، ئېگەرنى توقى، — دەپ بۇيرۇدى. مىراخور خېچىرغا ئېگەر توقۇدى. ئىسكەندەر پۇتىنى ئۈزەڭگىگە ئالغانىدى، خېچىر تىپچەكلەپ جىم تۇرمىدى. ئىسكەندەر ھەر قانچە زور قىلىپ كۆچەپمۇ توختىتالمىدى. خېچىر ئىسكەندەرنى ئەپقېچىپ دەريا بويىغا كەلدى ۋە ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى. ئىسكەندەر خېچىرنىڭ يايلىسىنى كۈچىنىڭ بارىچە تارتىپمۇ توختىتالمىدى. خېچىر دەرياغا كىرىپ ئۈزۈپ ئاخىرى ئىسكەندەرنى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالغا يەتكۈزدى. ئىسكەندەرنىڭ ئۆلىمالىرى ۋارقىرىشىپلا قالدى. بىر چاغدا خېچىر ئوتلاش ئۈچۈن ئوتلاققا چىقتى.

شۇ چاغدىلا ئىسكەندەر خېچىردىن چۈشۈپ، ئۇنى دەرەخكە مەھكەم باغلىدى. ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ قۇرۇتۇپ، جەزىرىنىڭ مېۋىلىرىدىن تېرىپ بىر ئاز يېدى. ئاندىن يەنە

خېچىرغا مىنىپ چوڭ يول تەرەپكە قاراپ مېڭىپ بىر قەلئەگە يەتتى. بۇ قەلئەنىڭ ئون ئىككى سېپىلى بار بولۇپ، ھەر بىر غول بۇرجىكى ئۈستىدە چىڭگىلەك چاچلىرى گەدىنىگىچە چۇشۇپ تۇرغان قانجۇق (ئىت)، بىر نەچچە زەڭگى بار ئىدى. ئۇلار ناغرا - سۇنايلىرىنى خاپا ھالدا ئالدىدا تۇتۇپ، ئاغزىغا سېلىپ تۇراتتى. ئىسكەندەر بۇ ئەھۋاللاردىن تەئەججۇپلەندى. قەلئەنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىرەك بىر دەرەخنىڭ سايىسى يىراقلارغىچە چۇشۇپ تۇراتتى. دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر بۇلاق ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ دەرەخنىڭ سايىسىدە بىر تەخت قورۇلۇپ، ئېسىل بىساتلار سېلىنغلىق ئىدى. گۈللۈك رەختتىن ئىشلەنگەن بىر داستىخان دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئىسكەندەر ئۇ داستىخاننى ئېلىپ ئاچقانىدى. ئۇنىڭدا ھەر خىل تائاملار بارلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر ئۇ تائاملارنى مەزە قىلىپ يېدى. شۇ چاغدا كەمىرىگە تۆت خەنجەر ئاسقان، ئۇچىسىغا خەستىن كۆڭلەك كىيگەن بىر پالۋان ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى ۋە:

— سىز كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەمىر ئىسكەندەر:

— مەن ئىسكەندەردۇرمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ پالۋان:

— ئەي شەھرىيار، مېنى مۇھتەر مەھمۇد ئەييار دەيدۇ. بىز ئاتا - ئانىدىن ئىككى بالا. بۇرادىرىمنى مۇھتەر نەئىم ئەييار دەيدۇ. ئۆزىمىز ئەرەبتىن. مەن قىرىق مىڭ ئەرەبنىڭ سەردارى بولىمەن. بۇرادىرىم سېھىرگەرلىك ۋە ئەييارلىقتا مەغرۇردۇر. بۇ تۇرغان قەلئەنى «بىقولە قەلئەسى غولان» دەيدۇ. بۇرادىرىمنىڭ بۇ قەلئەگە كەلگەنلىكىنى كۆردۈم - يۇ، ئۈچ يىل بولدى قايتىپ چىقمىدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان بۇ قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئەتراپىدا بىرەر باتۇر كېلىپ بۇ تىلسىمنى ئاچسا، بۇرادىرىمنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقسام، دېگەن ئۈمىدتتە

يۇرۇپتىمەن. ئەگەر بىرەر باتۇر كېلىپ بۇرادىرىمنى بۇ تىلسىمدىن قۇتقۇزۇپ ئاچىقىپ بەرسە، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا ئەبەدىل خىزمەت قىلىمەن دەپ قەسەم بېرىمەنكى، باتۇرلۇق ھالقىسىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا سالىمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەگەر بۇرادىرىڭنى ساڭا تاپشۇرمىسام پادىشاھلارنىڭ نەسلىدىن بولماي كېتەي، — دەپ بىر پارچە قەغەزگە «ئەي ئارستو ۋە شەھرىيارلار، مەن تىلسىمغا ماڭدىم. ئەگەر ئۈچ كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقالمىسام سىزلەردىن كىمكى شەھەرنى خالىسا شۇ شەھەرگە كەتسۇن» دەپ يېزىپ، مۇھتەر مەھمۇدقا بەردى. مۇھتەر مەھمۇد نامىنى ئېلىپ قالدى. ئىسكەندەر تولۇق تەييارلىق بىلەن قەلئە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى كېيىنكى قىسسىمىزدىن ئاڭلىغايسىز.

## ئونىنچى قىسسە، ساھىبقىران ئىسكەندەرنىڭ جەمشىد تىلسىماتىنى سۇندۇرۇپ، جەمشىد بارگاھىنى قولغا كەلتۇرگەنلىكى

ئەلقىسسە، «ئىسكەندەرنامە»نىڭ ئاۋۋالقى داستانىدىكى دۇردانە سۆزلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ۋەقەلەر ئەقىل ئەينىكىڭىزدىن ئۆچۈپ قالمىسۇنكى، ۋاقتىكى ئىسكەندەر قەلئەگە يېتىپ كەلدى. قەلئە ئىچىدە توپ - توپ سازەندە، غەزەلخانلار داقا - دۇمباق ۋە سۇنايلارنى ياڭرىتىپ تۇراتتى. شۇ ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئىچى تەرەپتىن ئىسكەندەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر

قارا غۇلام چىقىپ كەلدى. پەقەت شۇ ئارقىلىقلا تىلسىمنىڭ سىرىنى بىلىپ ئىشىكنى ئاچقىلى بولاتتى.

ئىسكەندەر قەلئەنىڭ ئىشىكى ئېچىلغانلىقىنى كۆردى. بىر زەنگى غۇلام چىقتى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ بېشىغا مۇشت بىلەن بىر ئۇرغانىدى، كاللىسىنىڭ قېتىقى چىقتى. شۇ ئەسنادا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، تاشقىن پەيدا بولدى. بىر ئازدىن كېيىن تاشقىن پەسىيىپ، قەلئەگە كىرىدىغان بىر ئىشىك نامايان بولدى. ئىسكەندەر ئۇ يەرگە قەدەم قويدى. مېڭىپ بىر جايغا بارغاندا، بىر قېرى كىشىنىڭ كىتابنى ئالدىغا قويۇپ، چىنچىراغنىڭ خىرە يورۇقىدا كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. چىراغدىنمۇ بىر خىل ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كىشى ئىسكەندەرنى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، تەڭرىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كېلىپ بۇ چىراغنى روشەن قىلغىن. مەن بۇ كىتابنى ئوقۇۋالاي، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە چىراغنى يورۇتماقچى بولۇۋىدى، غايىبتىن: «ھەرگىزمۇ چىراغنى يورۇتمىغىن، بۇ قېرىنى ئۆلتۈرگىن» دېگەن سىرلىق ئاۋاز ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئىسكەندەر قولىدىكى خەنجەرنى ئۇ مەلئۇننىڭ كۆكرىكىگە ئۇرغانىدى، خەنجەرنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن چىقتى. بۇ ۋاقىتتا چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن گۈلدۈرماما توختاپ، بىر يارىلانغان پىتىنچىنىڭ جەسىتى يەرگە چۈشتى. شۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا: «بۇ پىتىنچىنىڭ كۆكرىكى ئۈستىدە خەت پۈتۈلگەن بىر تاختاي بار، ئۇنى ئالغىن ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن، ئۇنىڭدا كۆپ نەرسىلەر ھەققىدە يېزىلغان» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئىسكەندەر ئۇ پىتىنچىنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ، ئۈستىگە خەت پۈتۈلگەن تاختىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى خەتنى ئوقۇدى. ئۇنىڭغا: «بۇ

كۆرۈنگەن باغقا كىرگىن، ھەرقانداق كىشىنى كۆرسەڭ ئۆلتۈرگىن» دەپ يېزىلغانىدى، ئىسكەندەر باغقا كىرىپ سانسىزلىغان ئەجدىھاغا ئوخشاش مەخلۇقاتلارنىڭ ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئىسكەندەرگە ھەملە قىلغانىدى، ئىسكەندەر خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى. بۇ ئېلىشىشتا ئۇلارنىڭ خۇنى يەرگە چاچرىدى. ھەربىر تامچە قاندىن بىردىن دىۋە پەيدا بولدى. ئىسكەندەر بۇنىڭدىن ھەيران بولدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر ھېلىقى لەۋھەگە قارىدى. لەۋھەدە «بۇ تاختىنى دىۋىلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلىساڭ، كۆز ئالدىڭدا بىرنەرسە نامايان بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. ئىسكەندەر تاختىنى دىۋىلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلىدى. دىۋىلەر بىراقلا غايىب بولدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر ئەتراپىغا قارىدى. باغمۇ، قەلئەمۇ كۆرۈنمىدى.

ئارستو بىلەن ئەمرخان جەزىرىدىكى يول بىلەن ئىسكەندەرنى ئىزدەپ ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى. مۇھتەر مەھمۇد ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئارستو بىلەن ئەمرخانغا بايان قىلىپ، ئەمىر يېزىپ بەرگەن خەتنى ئۇلارغا بەردى. ئۇلار تەشۋىشلىنىپ تۇراتتى، ھېلىقى تىلسىملىق قەلئە تەرەپتىن چاڭ - توزان، ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىسكەندەر پەيدا بولدى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇلار ئىسكەندەر بىلەن جەم بولۇپ تۇرغاندا، يىراق بىر يەردە كارۋان سارىيى كۆرۈندى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يەردە بىر قېرى كىشى ئالتۇن ئاچقۇچنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئالتۇن ئاچقۇچنى ئىسكەندەرگە بەردى. ئىسكەندەر ئۇ يەردىكى ھۇجرىلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. بۇ جەمشىد خەزىنىسى ئىدى. جەمشىد بارگاھى تىلسىملىق ئىدى. ھېلىقى كىشى، جەمشىد ئەلىمى ۋە بارگاھى مۇشۇدۇر، دېدى.

ئىسكەندەر ھۆجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئەييار چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئايىغىنى سۆيدى. بۇ چاغدا مۇھتەر مەھمۇد ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. ئىسكەندەر:
— بۇ كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، مۇھتەر مەھمۇد:
— بۇ مېنىڭ بۇرادىرىم مۇھتەر نەئىم بولىدۇ، — دېدى.
ئىسكەندەر جەمشىدنىڭ مال - دۇنياسىنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى تاشقىرىغا چىقىپ تۇردى. بۇ چاغدا قەددى يۈز غېرىچ كېلىدىغان بىر كىشى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىسكەندەر:
— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇ:
— مەن جەمشىد ئەلەمدارى ئىدىم. مېنى ھەردۇم دەپ ئاتايدۇ، مەن تا ھازىرغىچە تىلسىمدا ئىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. ئىسكەندەر:
— جەمشىد بارگاھىنى تىكىڭلار، — دەپ بۇيرۇغانىدى، بارگاھى جەمشىدنى تىكتى. ئىسكەندەر بارگاھ ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىرمىڭ تۆت يۈز تۆۋرۈكلۈك ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئىسكەندەر ئارستوغا قاراپ:
— ئەسلىدە مەن بۇ بارگاھقا لايىق پادشاھ ۋە باتۇرلارنى تۇتسام بولاتتى، — دېگەنىدى. ئارستو:
— خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ. ئۇنچىلىك تاجىدار پادشاھلار ۋە پالۋانلار ھۇزۇرىڭىزغا ھامان كېلىدۇ. ھەتتا بۇ بارگاھتا ئولارغا ئولتۇرغىلى جاي تېپىلماي قالىدۇ. ئەھد قىلىمەنكى، ئەتە كۈرەگە ئاپتاپ چۈشكۈچە، ئۇنداقلار سىزگە مۇسەخخەر بولىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر بۇنىڭدىن بەك خۇرسەن بولۇپ بارگاھتا ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى. بىر ئادەمنىڭ پىيادە ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كىشى:
— مېنىڭ خۇرجۇنۇمدا بىر پارچە نامە بار، ئېلىپ

كۆرۈڭلار، — دەپلا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئىسكەندەر ئۆمەرالىرىغا بويرۇغانىدى، نامىنى ئېلىپ ئوقۇدى. نامىدە: «ئەي ئىسكەندەر، مەنكى هام [55] نىڭ پەرزەنتى ئىبراھىم خەلىلۇللا [56] بولىمەن. دىنىم ئىسلامدۇر. هازىر مەككە [57] نىڭ تۆت ئەتراپىنى غەيرىيلەر مۇھاسىرە قىلىۋالدى. بۈگۈن ياكى تاڭلا مەككىنى مۇسەخخەر قىلىدۇ. خەۋەردار بولۇپ ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىختىيارلىقىڭىزدا» دەپ يېزىلغانىدى. ئىسكەندەر تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن، قەدىرى - شەربەتنى ئۇ پىيادىنىڭ ئاغزىغا قۇيغۇزدى. پىيادە هوشىغا كەلدى. ئىسكەندەر:

— ئەي جاھان كەزگۈچى، سەن بېرىپ مەككىنىڭ سەردارىغا ئېيتقىن، بىز كەينىڭدىن يېتىپ بارىمىز، — دەپ ئۇنىڭغا تائام بېرىپ يولغا سالدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، مىسىر لەشكەرلىرىدىن ئون ئىككى مىڭ، رۇم لەشكەرلىرىدىن ئون يەتتە مىڭنى، ئەمرخان ئەلۋەند كۆھتىن ئالتە مىڭ لەشكەرنى ئەبۇئەلفەزىل باغدادىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ماڭدۇردى. قوشۇن مەككىگە يېتىپ كەلگەندە، شەددات [58] مەككە مۇكەررەمنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغانىكەن. شەددات مەككىنى ئىشغال قىلىدىغانغا ئاز قالغاندا، ھېلىقى پىيادە كېلىپ مەككە ئەھلىنى ئىسكەندەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار قىلدى. مەككە ئەھلىنىڭ ئۇلۇغلىرى بۇنىڭدىن كۆپ خۇشال بولۇپ، جامائەت بولۇپ ئىسكەندەرگە تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇپ، ناغرا - سۇنايلىرىنى شادىيانىگە چالدى. ئىسكەندەر ناغرا - سۇناينى چېلىشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ سەپ تۈزدى. شەددات نەرە تارتىپ مەيدانغا كېلىپ، غەزەپ بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، شەمشىرىنى ئۇرغانىدى، ئىسكەندەر شەدداتنىڭ قولىدىن شەمشىرىنى تارتىۋېلىپ، شەدداتنىڭ بېشىغا شۇنداق

ئوردىكى، تاكى بېلىگىچە ئىككى پارە بولۇپ يىقىلدى. بۇ چاغدا ئەمرخان ئۆزىنى ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ئېتىكىگە يەتكۈزگەندى، شەدداتنىڭ بۇرادىرى ساتور[1] نى ئەمرخانغا ئوردى. ساتور ئەمرخاننىڭ قولىغا تېگىپ قولىنى يارىلاندۇردى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر يېتىپ كېلىپ ساتورنى تارتىۋېلىپ، شەدداتنىڭ بۇرادىرىنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى، ساتور خۇددى خېمىرنى كەسكەندەك ئۇنى تاكى ئېتىنىڭ ئېگىرىگىچە ئىككى پارە قىلىپ ھالاك قىلدى. بۇ چاغدا شەدداتنىڭ ھەندان ھەمەدانى دېگەن پالۋىنى بۇرادىرىنى ئېتى بىلەن مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئەمرخانىمۇ پالۋانلار مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ھەبەش بىلەن زەنگىبار [59] نىڭ لەشكەرلىرى شەدداتنىڭ بۇرادىرىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى كۆرۈپ قېچىشقا باشلىدى. ھەمان شەرىق مەككىدە ئىدى. ئۇ يالغۇز شەھەردىن چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئايىغىغا ئۆپۈپ تەسلىم بولدى. ئۇ ئىسكەندەرنى ئۆز خانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، ئىسكەندەرگە كۆپ خىزمەتكارلىق قىلدى. ئىسكەندەر ئارستوغا: «ئەمرخانغا داۋا» دەپ بۇيرۇغانىدى، ئارستو ئەمرخاننىڭ قولىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئەمر، ئەمرخاننىڭ قولى داۋا قوبۇل قىلمىغىدەك. ئۇ بىر قول بىلەن جەڭنىڭ ئىشىنى تۈگىتەلمەيدۇ، — دېگەنىدى، ئەمرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. بۇ ھالدا ئەمرخان:

— شەھرىيار، بۇيرۇسىڭىز، مېنى ھەرەمگە ئەكىرىپ قويسۇن. تەڭرىم جاھاننىڭ شىپالىقىنى بەرسە يارام ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇمەرالىرىنى بۇيرۇپ ئەمرخاننى ھەرەمگە ئەكىرىپ قويدى. ئەمرخان تولا يىغلاپ تەڭرىدىن شىپالىق تىلىدى.

بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئەمرخاننىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ

---

[1] ساتور — قەدىمكى زاماننىڭ ئۇرۇش قورالى.

كۆزى ئۇيقۇغا مايىل بولۇپ كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر مويسىپىت ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— ئەي مەرد، كۆزۈڭنى ئاچ، — دېدى. كۆزىنى ئېچىپ يارىلانغان قولىغا سۆيۈق دەمىدىنى سۈركەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەنە:

— ئاگاھ بولغىن، مەن ئىبراھىم خەلىلۇللا بولىمەن. مېنىڭ ساڭا نەزەرىم چۈشتى. مەن سېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىڭنى ئاۋۋالقىدىن زىيادىرەك قىلىشقا ئەھد قىلىمەن، — دەپ مۇبارەك مويلىرىدىن تۆت تال بەردى، — بۇنى ئىسكەندەرگە بەرگىن، سول بىلىكىگە باغلىسۇن، پۇت - قولى قۇدرەت - كامال تاپىدۇ، — دەپ غايىب بولدى. ئەمرخان ئويقۇدىن ئويغىنىپ، تۆت تال مۇبارەك موينىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى، پۇت - قوللىرىنىڭ قۇۋۋەتلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. تاڭ ئاتتى. ئەمرخان بارگاھقا كىرىپ ئىسكەندەرگە بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ، مۇبارەك موينى بەرگەندى، ئىسكەندەر ۋە سەردارلارنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇپ، ناغرىنى شادىيانىگە چالدى. ئىسكەندەر مويى مۇبارەكنى ئەنگۇشتەر سۆپىتىدە خەزىنىگە تاپشۇردى. ئەمما ئۇمەرالاردىن ھەمان ئىسكەندەرگە:

— ئوغلۇم نەۋفىل مۇلازىمىتىڭىزنى قىلىشنى ئىختىيار قىلىۋاتىدۇ. نەۋفىلگە چۈشلۇق خىزمەت بەرسىڭىز، — دەپ ئەرز قىلغانىدى، ئىسكەندەر نەۋفىلنى ئالدىغا چاقىرتتى. نەۋفىل ئەمرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ئىسكەندەر ئون تۆت ياشلىق، چىرايى قىزىل ياقۇتتەك نەۋفىلنى كۆرۈپ:

— ئەي پەرزەنتىم، قايسى مەنسەپنى ئىختىيار قىلىسىز؟ — دېدى. نەۋفىل:

— شەھرىيار، مەن ئىبراھىم خەلىلۇللانى چۈشۈمدە كۆردۈم، ئۇ ماڭا پەرمان قىلىپ: «ئىسكەندەرنىڭ مۇلازىمىتىدە بولغىن. ساڭا مەن پادشاھ شاھانىسىنى ئېلىپ يۈرىدىغان ئەمەل

بەردىم دېدى» دېگەنىدى، ئەمىر نەۋقىلنى ئون يەتتە بۇرادىرى بىلەن شاھانىلىقنى ئېلىپ يۈرىدىغان مەنسەپكە تەيىن قىلدى.
ئابدۇللا مۇبارەك خەلىلۇللانىڭ قەسرىدە ئىدى، ئۇنى تائامپۇرۇش ۋە يۇگۇر - يېتىم ئىشلارنىڭ باشلىقلىق مەنسىپىگە تەيىنلىدى. ئون ئىككى مىڭ كىشىنى نەۋقىلگە تاپشۇردى ۋە:
— جەمشىد بارگاھىنى بەرپا قىلسۇن، — دەپ ھەر بىرىنى ئۆزىگە لايىق ۋارىسلىق مەنسەپكە تەيىنلىدى. ھەممانىغا ھەم پەخرى ۋارىسلىق مەنسىپىنى بەردى.

## ئون بىرىنچى قىسسە، ئەفلاتۇن ھېكىم بىلەن فەرىدۇن شاھ يۇنانى توغرىسىدا بىرنەچچە كەلىمە ئىشتىك

ئەلقىسسە، ھەممىڭىزگە مەلۇم بولسۇنكى، «ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئاۋۋالقى فەسىللىرىدە ئىسكەندەرنىڭ يۇنان شەھىرىدىن كەتكەنلىكىنى سۆز ئۇنچىلىرى ئارقىلىق زىكرى قىلغانىدۇق. ئىسكەندەر يۇنان شەھىرىدىن كەتتى...
بىر كۈنى ئىسكەندەرنىڭ يۇنانغا قويغان ۋالىيسى — فەرىدۇن شاھ ئەفلاتۇننى كۆرگىلى، ئەفلاتۇن ئولتۇرغان تاغدىكى ئېتىكاپخانىغا بارغانىدى، ئەفلاتۇن ئۇنىڭغا پەقەت قارىمىدى. فەرىدۇن شاھ يۇنانى غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە يامان سۆزلەرنى قىلدى. ئەفلاتۇن ھېكىمگە بۇ سۆزلەر تەسىر قىلىپ، ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن فەرىدۇن شاھنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپ، ئۆزى بېرىپ فەرىدۇن شاھنىڭ تەختىگە

چىقىپ ئولتۇرۇپ، شاھلىق ئەمرى بىلەن مەشغۇل بولدى.
ئاخىرى فەرىدۇن شاھنىڭ مۇلازىملىرى بۇنىڭغا چىدىماي، قايتىپ بېرىپ، بۇ ئىشنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن ئەپسۇسلىنىپ، ئارستوغا:
— ئەفلاتۇن، مەن دۇنيانى تەرك قىلغان بىر دەرۋىش، دۇنيا ئىشلىرى بىلەن كارىم يوق دېگەنىدى. ھالا ئەمدى ئەفلاتۇنغا تەنبىھ بەرمەك لازىممەدەك تۇرىدۇ، — دەپ نەۋقىلگە شاھانە بارگاھنى ئون ئىككى مىڭ ئەرەب نەيزىۋازلىرى بىلەن يۇنان تەرەپكە يۆتكەشكە بۇيرۇدى. ئىسكەندەر پالۋانلىرى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى، نەچچە كۈندىن كېيىن شەھەرگە قارارگاھ تىكىپ ئارام ئالدى. ئەفلاتۇن شەھەر سېپىلىنىڭ بۇرجەكلىرىنى ئېچىپ خەندەكلەرگە سۇ قويدى. شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپى دەريا، بىر تەرىپى تاغ ئىدى. ئەمدى شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن پەقەت تاغدا ئادەم ماڭغۇدەك بىرلا يول بار بولۇپ، ئۇ يول ناھايىتى تار ئىدى. ئىسكەندەر ھىندان ھەمەدانىنى:
— ئەفلاتۇننىڭ قېشىغا بېرىپ، «ئىسكەندەر سىلىنى چىقىپ فەرىدۇن شاھنى زىنداندىن چىقىرىپ تەختتە ئولتۇرغۇزسۇن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا شەھەرنى خاراب قىلىمەن، ئەفلاتۇننى تۇتۇپ كوسا قىلىپ قويىمەن دەيدۇ» دەپ ئېيتقىن، — دەپ بۇيرۇدى. مۇھتەر ھىندان دەرۋازىغا يېقىن باردى. ئەفلاتۇن دەرۋازىنىڭ پەشتىقىدا تۇرغانىدى. ئۇ ئەفلاتۇنغا ئىسكەندەرنىڭ ئېيتقان سۆزىنى ئېيتتى. ئەفلاتۇن:
— ئىسكەندەرگە ئېيتقىن، قولىدىن كەلسە پەقەت ئايىمىسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى.
قىسسە، ئىسكەندەر بىر يىل قەلئەنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ ياتتى. ئەمما شەھەرنى ئېلىش نېسىپ بولمىدى. بىر كۈنى ئىسكەندەر پادىشاھلار بىلەن شەھەرنى ئېلىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىپ كېڭەشتى. ئەمىرخان:

— ئەي شەھرىيار، بۇ شەھەرنى زورلۇق قىلىپ شەمشەرنىڭ كۈچى بىلەن ئالماق تەس ئوخشايدۇ، — دېگەندى.
ئارستو:
— ئەمىرخان راست ئېيتىدۇ. كۈچ بىلەن بۇ شەھەرنى ئالماق تەس. ئەگەر ماڭا قىرىق كۈن مۆھلەت بەرسىڭىز، بۇ شەھەرنى سىز ئۈچۈن مۇسەخخەر قىلاي، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئۇلىما ئارستو دەرۋىشلىك لىباسىنى دۇرۇس كىيىپ، ھىيلە - مىكىر بىلەن شەھەرگە كىردى.
ئەفلاتۇنغا يېقىن يەردە بىر قېرى مەزلۇمنىڭ ئۆيى بار بولۇپ، ئۇ مەزلۇم جادۇگەر ئىدى. ئارستو ئۇ يەرگە يوشۇرۇندى. كېچە بولدى. ئەفلاتۇن بىلەن جالىنۇس شاگىرتلىرىغا دەرس ئۆتتى. ئۇ ئۇ سېھىرنى بويسۇندۇرۇش ھىيلىسىنى سۆزلىدى. ئۇ شاگىرتلىرىغا سۆزلىگەن ساۋاتلارنى ئارستو ھەم يادلىدى. ئۆز ھىيلىسىنى ئۆز تەدبىرى بىلەن بەرباد قىلماقچى بولدى. شۇ تەرىقىدە ئوتتۇز توققۇز كۈن ئۆتتى. قىرىقىنچى كۈنى ئارستو ئەمر ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئەمدى تېزدىن ئاتلانغايسىز، شەھەرنى ئېلىش ئاسانلاشتى، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇلۇغلار بىلەن دەريا يولى ئارقىلىق بېرىپ شەھەرنى ئالدى. «ئىسكەندەر شەھەرگە كىرىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئەفلاتۇنغا يەتتى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر ئەفلاتۇننىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ئەفلاتۇنغا:
— ئەي ئەفلاتۇن، نېمە ئۈچۈن فەرىدۇن شاھقا رەھىمسىزلىك قىلدىڭىز؟ — دېگەندى. ئەفلاتۇن:
— مېنىڭ مەقسىتىم، ئارستو قانداق تەدبىر بىلەن شەھەرنى ئالاركىن، — دەپ ئۇنى سىنىماق ئىدى. مەن بولسام قاراڭغۇدا ئالغان بولاتتىم. ھازىر بەربىر ئىش مەن دېگەندەك تامام بولدى. ئەي ئىسكەندەر، كېلىڭ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئىشتىڭ. مېنىڭ جالىنۇس ئىسىملىك بىر شاگىرتىم بار. ئۇ

ئارستوغا ئۇستاز بولۇشقا لايىق. ئۇ ئارستودىن قابىل ئۇنى ۋەزىر قىلىشىڭلىك،— دېدى. ئىسكەندەر:

— تەڭرىمگە قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سىز ۋەزىرلىكنى تەلەپ قىلسىڭىزمۇ ئەمدى بەرمەسمەن، چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا شاگىرتلىرىڭىز بىلەن ئارستونىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەنىدىڭىز. شۇ چاغدا گوياكى ماڭا تۈكۈرگەندەك بولدى،— دېگەنىدى، جالىنۇس:

— ئەي ئىسكەندەر، سەن ھازىر ئەفلاتۇننىڭ سۆزىگە قوشۇلمىدىڭ. بۇندىن كېيىن ھەر قانداق شەھەرگە بارساڭ، مەن ھەر ۋاقىت ئالدىڭدا بېرىپ، ساڭا ھېچ ۋاقىت تاتلىق سۇ ئىچكىلى، شېرىن سۆز ئاڭلىغىلى ۋە ئاسايىشلىق قويمايمەن،— دېدى. ئىسكەندەر پالۋانلارغا:

— جالىنۇسنى تۇتۇڭلار،— دەپ بۇيرۇدى. جالىنۇس ئىككى قانىتى بىلەن قانات قېقىپ فەرەڭ تەرەپكە كەتتى. بۇ ھەقتە ئۆز نۆۋىتىدە زىكرىسى باردۇر.

قىسسە، ئەمر ئەفلاتۇن بىلەن ۋەدىلىشىپ شەھەردىن چىقىپ ئوردىغا قايتىپ كەلدى ۋە مۇھتەر نەئىمگە:

— شەھەردىن بىرئاز ئوزۇق ئېلىپ كەلگىن،— دەپ بۇيرۇدى. مۇھتەر نەئىم شەھەرگە قاراپ راۋان بولدى.

مۇھتەر نەئىم شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەندە دەرۋازا مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. يۇنان ئەھلى مۇھتەر نەئىمنى كۆرۈپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدىن ئوق ئاتقىلى تۇردى ۋە:

— ئىسكەندەرگە ئېيتقىن، بىز ئەھدىمىزدىن يېنىۋالدۇق. ئەفلاتۇننى مەملىكەتكە ھاكىم قىلدۇق. بىزنىڭ پادشاھىمىز ئەفلاتۇن. سىلەرگە ئوزۇق بەرمەيمىز،— دېدى. مۇھتەر نەئىم قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئارستوغا يەتكۈزدى. ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ:

— ئەي ھېكىم، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاۋۋال ئەفلاتۇن

يۈز ئۆرىگەنىدى، ئەمدى شەھەر ئەھلىمۇ يۈز ئۆرۈپتۇ، — دېدى. ئارستو:

— نەچچە يىل تۇرغان بىلەنمۇ بۇ شەھەرنى ئالماق ئەمدى قىيىنغا توختايدۇ. مۇبادا شەھەر خەلقىنى سۇدا غەرق قىلىپ ھالاك قىلىشۋەتسەك ئاندىن ئالغىلى بولىدۇ. بولمىسا ئالماقنىڭ ئىمكانىيىتى يوق، — دېدى. ئىسكەندەر يەنە كىشى ئەۋەتىپ سۈلھى سۆھبىتى قىلىپ باقتى، زادىلا ئۇنۇم بەرمىدى. ئارستو:

— مەن ھېكمەت بىلەن ياغ تەييارلاي، ئۇ ياغنى تاغقا سەپسەك تاغ ئېرىپ يەر بىلەن باراۋەر بولسا، شۇنىڭ بىلەن شەھەرنى سۇ باسىدۇ. خالايىق سۇدا قېلىپ ھالاك بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت قىلىپ، يەتتە يۈز شاگىرت بىلەن يەتتە كۈنىنىڭ ئىچىدە ياغ تەييارلىدى. ياغنى تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ تاغقا سېپىپ ئوت ياقتى. تاغ خۇددى مومدەك ئېرىپ قارا سۇ بولۇپ، يەر بىلەن تەڭ بولدى. يۇنان ھۆكۈمالىرى كېمە بىلەن قاچتى. شەھەرنى سۇ بېسىپ خاراب قىلدى. ئون مىڭ بۆشۈك سۇ يۈزىدە ئاقتى. ئەفلاتۇن شاگىرتلىرى بىلەن بىرلىكتە چوڭ بىر قېيىققا چۈشۈپ سۇ يۈزى بىلەن مەغرىب [60] زېمىنى تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بۇ ھەقتە ئۆز نۆۋىتىدە زىكرى بولغۇسى. ئىسكەندەر ئۇ يەردە قەرۇغ شەھىرىنى بىنا قىلىپ ئۇ جايغا ۋالىي قويدى. ئىسكەندەر شاھانە بارگاھنى رۇم تەرەپكە يۆتكەشكە ئەمر قىلدى. ئۇ يەردە ئىككى يول بار ئىدى، بىرى گەردۇسىيە شەھىرى تەرەپكە، يەنە بىرى مىسىر تەرەپكە باراتتى. ئارستو، ئەمىرخانلار لەشكەر باشلىقلىرى بىلەن مىسىر تەرەپكە ماڭدى. ئىسكەندەر:

— مەن گەردۇسىيىگە بارىمەن، — دېدى. گەردۇس فىلقۇسنىڭ خەزىنىدارى ئىدى. ئىسكەندەر: «بەلكىم ئۇنى ئۇ يەردە كۆرەرمەن» دەپ گەردۇسىيىگە راۋان بولدى.

قىسسە، بىر كۈنى ئىسكەندەر پەرىزاتلار توپلىشىپ

ئۇلتۇرغان سورۇننىڭ تۆپىسىگە كېلىپ قالدى. كۆپلىگەن ئەتلەس ۋە كىمخاپ كىيگەن جادۇ كۆزلەر بىر يەرگە جەم بولغان بولۇپ، ئۇلار خۇددى چىمەنزارلىقتەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ جايدا خۇددى سۇبھىدە چىققان قۇياشتەك ئاپتاپ تەلئەتلىك گۈزەل قىزلار ئورۇن ئالغانىدى. ئىسكەندەر مۇھتەر نەئىمنى بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغانىدى، مۇھتەر نەئىم ئۇ يەرگە باردى. مۇھتەر نەئىم ئۇ يەرگە بېرىپ زىبالىقىدا قاراشقا پېتىنغىلى بولمايدىغان بىر نازىنىننى كۆردى. ئۇ نازىنىننىڭ كۆزى بېلىگە تۆت خەنجەرنى ئاسقان پالۋان مۇھتەر نەئىمگە چۈشتى. ئۇ گۈزەل ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي يىگىت، سەن نېمە ئادەم؟ — دېگەنىدى، نەئىم:

— مەن ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى بولىمەن. سىزنىڭ نام - شەرىپىڭىز نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ گۈزەل:

— مەن گەردۇس شاھىنىڭ قىزىدۇرمەن. مەن تەڭداشسىز گۈزەللەرگە ئاشىق. ئىسكەندەرگە ئېيتقىن، كېلىپ مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلسۇن، — دېگەنىدى، نەئىم قايتىپ كېلىپ ئىسكەندەرگە:

— شەھرىيار، گەردۇسىيە شاھىنىڭ قىزى سىزنى تەكلىپ قىلدى، — دېدى. ئىسكەندەر مۇھتەر نەئىم بىلەن نازىنىننىڭ چېدىرىغا كەلدى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئىسكەندەرنى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. ئىسكەندەر قىز بىلەن قولللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

گەردۇس شاھ ئىسكەندەرنىڭ ئۆز دىيارىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇلۇغلىرى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. گەردۇس شاھ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا خىزمەت كەمىرىنى باغلاپ ئەھۋال

سورىغانىدى، ئىسكەندەر مەقسەت سۆزىنى بايان قىلدى. نەچچە كۈندىن كېيىن گەردۇس شاھ:

— مېنىڭ قىزىم نازۇك ئەندامنى[1] ئەقىدىلىرىگە ئالسىلا، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئىسكەندەر بۇنى قوبۇل قىلدى. شەھەرنى رەسىم - قائىدە بويىچە مۇستەھكەم قىلدى. سازەندە ۋە غەزەلخانلار ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى. نازۇك ئەندامنى ئىسكەندەرگە نىكاھلاپ بەردى. ئۇلار ۋىسال جامىدىن مەي ئىچتى. ئۇ كېچىسى ئىسكەندەرنىڭ شەھۋىتىدىن ئۇ نازىنىنىڭ بويىدا سۇلتان تىغورنىڭ ھامىلىسى پەيدا بولدى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە زىكرى قىلىنغۇسى.

يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەر ھاممام[2]غا كىرىپ چىقىپ، قىزنىڭ بارگاھىغا داخىل بولدى. قىز مۇلازىملىرىغا باغ ئىچىدىكى دەرياچىنىڭ بويىغا ھۇجرا سېلىشقا بۇيرۇپ، ئۇ يەردە ئەيش - ئىشرەتتە ئولتۇردى. ئىسكەندەرنىڭ مەھرىمى مۇھتەر نەئىم ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا پايگادا ئولتۇراتتى. توساتتىن بىر تەرەپتىن، بىر نازىنىن قىز پالۋانلىق لىباسىنى كىيىپ پەيدا بولدى. ئۇ نازۇك ئەندامنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇردى. مۇھتەر نەئىم ئۇ قىزنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق شەيدا بولدى. ئىسكەندەر:

— بۇ ئەييارلىق لىباسىنى كىيگەن نازىنىن قىز كىم بولىدۇ؟، — دەپ سورىغانىدى. نازۇك ئەندام:

— مېنىڭ ئەييارىم، ئىپتى فەتنە بولىدۇ، — دېدى. مۇھتەر نەئىم ئىسكەندەرگە:

— شەھرىيار، فەتنەنى تىلەپ ماڭا ئېلىپ بەرسىڭىز. مەن ئۇنىڭغا ئاشىق - بىقارار بولدۇم، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

---

[1] ئەندام — بەدەن، تەن، جىسىم.
[2] ھاممام — مۇنچا.

ئىسكەندەر نازۇك ئەندامغا:

— فەتنەنى مېنىڭ ئەييارىم نەئىمگە ئەھد قىلساق، — دېگەنىدى، نازۇك ئەندام:

— شەھرىيار، فەتنەنى ئۆزىدىن سورىسىڭىز، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي فەتنە، مەن سىزنى مۇھتەر نەئىمگە نىكاھلاپ توي قىلىپ بېرىمەن، رازى بولۇڭ، — دېگەنىدى، فەتنە:

— شەھرىيار، بۇنىڭغا ھېچقانداق مۇخالىپ يوق. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئەييارلىق قىلىمەن، ئەگەر نەئىم مېنىڭ قولۇمنى ئەييارلىق بىلەن باغلىسا، ئۇنىڭ خوتۇنى بولىمەن، ئەگەر مەن نەئىمنى باغلىسام، نەئىمنى نېمە قىلىش ئۆزۈمنىڭ ئىشى، — دېدى. ئەمىر نەئىمگە قاراپ:

— ئەي نەئىم، نېمە دەيسەن؟ — دېگەنىدى، نەئىم:

— چاتاق يوق، قوبۇل قىلدىم، — دېدى.

ئۇلار ئىككىلىسى باغدىن چىقتى. فەتنە بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ يوشۇرۇن يىغلىدى. مۇھتەر نەئىم كېلىپ فەتنەنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. قىز:

— ئەجەب خاتا ئىشنى قىپتىمەن. مەن مۇھتەر نەئىمنى قانداق قىلىپ يېڭەلەيمەن، — دېدى. مۇھتەر نەئىم دىلغۇل بولۇۋاتقان قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي نازىنىن، قۇربانىڭ بولاي، كەلگىن مېنى باغلىغىن، «مەن نەئىمنى ئەييارلىق بىلەن باغلاپ ئېلىپ كەلدىم» دېگىن، — دېدى. فەتنە:

— مەن ھەرگىزمۇ مۇنداق رەسۋا ئىشنى قىلمايمەن. مەن سېنىڭ كېنىزىكىڭ بولىمەن دەپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن سېنىڭ قولۇڭنى باغلايمەن. ئەي يار، بىرئاز ئولتۇرغىن، سېنىڭ بىلەن مۇڭداش بولاي. بىر ئاز مەي ئىچەيلى، — دېگەنىدى، مۇھتەر نەئىم ئولتۇردى. نەچچە جام مەي ئىچتى. نەئىمنىڭ

توساتتىن بېشى ئايلىنىپ بىھوش بولدى. فەتتە نەئىمنىڭ قولىنى باغلاپ ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. نازۇك ئەندام كۆلۈپ تۇرۇپ:

— ئەي شەھرىيار، مېنىڭ ئەييارىم ئەلۋەتتە نەئىمنى باغلايدۇ، — دەپ مەغرۇرلاندى. ئىسكەندەر:

— نەئىمنى ھوشىغا كەلتۈرگىن، — دېدى. فەتتە نەئىمنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر:

— ئەي جىنكەش، دىلكەش. مېنى نازۇك ئەندامنىڭ ئالدىدا خىجالەتتە قويدۇڭ، — دېدى. نەئىم:

— شەھرىيار، ئەگەر بۇ نۆۋەت فەتتە مېنى تۇتۇۋالسا، فەتتەنىڭ كۆڭلىدە ئارمان قالمايدۇ، — دېدى. فەتتە:

— شەھرىيار، بۇ نۆۋەت نەئىمنى تۇتسام، بىر قولىقىنى كېسىۋالىمەن، ئەگەر نەئىم مېنى تۇتۇۋالسا، مەن ئۆزۈمنى كېنىزەكلىككە قوبۇل قىلاي، — دېدى. ھەر ئىككىسى باغدىن چىقتى. فەتتە بېرىپ بىر دەرەخنىڭ تۆۋىدە ئولتۇرۇپ بىر كېنىزەكنى چاقىرىپ كېلىپ قېشىدا ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا مۇھتەر نەئىم كەلدى. فەتتە:

— بىلىمەن، سىز مەن بىلەن ئىچمەيسىز. كېلىڭ، مۇڭدىشىپ بولۇپ لېۋىمگە سۆيۈپ كۆڭلىمىزنى ئېچەيلى، لېۋىم قەندىنمۇ تاتلىقراقتۇر، — دېدى. مۇھتەر نەئىم سۆيۈشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭدا ئەييارلىقدىن ئەسلا ئەسىر قالمىدى. فەتتە كېنىزىكىگە:

— بارغىن، ئۇ قىزىل قۇتىنى مەلىكە ئۈچۈن سېتىۋالغانىدىم، ئۇنى ئېلىپ كەلگىن، ئۇنى مۇھتەر نەئىم كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى. كېنىزەك بېرىپ قۇتىنى كەلتۈردى، فەتتە ئۇنى مۇھتەر نەئىمنىڭ قولىغا بېرىپ:

— بۇ قۇتىنى ئېچىپ كۆرگىن. قانچىگە ئالسا بولىدىكەن، باھا قويۇپ باققىن، — دېدى. نەئىم قۇتىنى

ئېلىپ ئاغزىنى ئاچماقچى بولۇپ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاچالمىدى.
فەتنە:
— چىشىڭىز بىلەن سول تەرەپكە تولغىسىڭىز —
ئېچىلىدۇ، — دېدى. مۇھتەر نەئىم چىشى بىلەن قۇتىنىڭ ياپقۇسىنى سول تەرەپكە بۇراپ ئاغزىنى ئاچقانىدى، قۇتىنىڭ ئاغزىدىن چىققان دۇتلۇق - ھىد نەئىمنىڭ بۇرۇن - دىمىغىغا كىرىپ بىھوش قىلدى. فەتنە نەئىمنى كۆتۈرۈپ ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر نەئىمنى ھوشىغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى ۋە غەزىپىنى باسالماي:
— ئەي مەلىكە فەتنە، ئۇنىڭ قولىقىنى كەسكىن، —
دېدى. فەتنە دەرھال خەنجەرنى ئېلىپ مۇھتەر نەئىمنىڭ قولىقىنى كەسمەكچى بولغانىدى، نازۇك ئەندام:
— ئەي فەتنە، قولۇڭنى تارت، — دەپ ۋارقىرىدى. فەتنە قولىنى يىغىپ:
— شەھرىيار، نەئىم ماڭا ئاشىقتۇر، ئەگەر بۇ نۆۋەت ماڭا ھەمراھ قىلسىڭىز مەن يەنە ئۇنى باغلايمەن، — دېدى. كۆپ تالاش - تارتىشتىن كېيىن فەتنەنى نەئىم كوسغا نىكاھلاپ توي قىلىپ بەردى.
رىۋايەتچى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، نەئىمنىڭ شەھۋىتىدىن فەتنە راھىتىدە جەڭ - جېدەلسىز تاغ باغرىدىكى قەلئەدە، تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇ پايانسىز قىرغاقتا نەزەر سېلىشى بىلەن بىر زادە پەيدا بولدى. ئەمدى مۇھتەر نەئىم ئەييارنىڭ قىسسىنى ئاڭلىغايسىز.

## ئون ئىككىنچى قىسسە، قەيسەرنىڭ زالىم شەدداتنى گەردۇسىيىگە ئەۋەتكەنلىكى، ئىسكەندەر-نىڭ شەدداننىڭ قولىغا چۈشۈپ قەيسەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكى، فەتنەنىڭ قەيسەرنى ئۆلتۈرۈپ ئىسكەندەرگە نىجاتلىق بەرگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەت قىلغۇچىلار بۇ داستاننى پەم-پاراسەت مۇنبەتلىرىگە شۇنداق تېرىپتۇكى، شۇ چاغدا قەيسەر رۇمى فىلقۇسنىڭ خەزىنىسى گەردۇسىيە شاھىنىڭ ھاشاسىدا① ئىمىش دەپ ئاڭلىدى. قەيسەر رۇمنىڭ بىر سەردارى بار ئىدى، ئۇنى شەددات دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئاجايىپ شىجائەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنى چاقىرىپ كۆپ لەشكەر بەردى ۋە ئۇنىڭغا:

— گەردۇسىيىگە بېرىپ، فىلقۇسنىڭ خەزىنىسىنى گەردۇس شاھتىن ئېلىپ كەلگىن. ئەگەر گەردۇس شاھ پەرمانىغا بويسۇنمىسا، شەھەرنى خاراب قىلىپ، گەردۇس شاھىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. شەددات بۇنى قوبۇل قىلىپ گەردۇسىيىگە قاراپ ئاتلاندى. بۇ خەۋەر گەردۇس شاھقا يەتكەندە، ئاھ ئۇرۇپ، شەھەرنىڭ تۇر-مۇنار، سېپىل، قەلئەلىرىنى مۇستەھكەملەش بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ چاغدا

① ھاشا — ساقلىسۇن، ساقلىماق.

ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، يۈز نەپەر پالۋان بىلەن قارارگاھتىن چىقىپ كېلىپ، گەردۇس شاھنىڭ دەرۋازىسىنى چەكتى. بىراق گەردۇس شاھ ھېچكىمنى كىرىشكە رۇخسەت قىلمىدى. باشقا ئامال بولمىدى. ئىسكەندەر ئاخىرى شەدداتنىڭ قارشى تەرىپىگە كېلىپ تەق بولۇپ تۇردى. ئىسكەندەر مەيدانغا كىرىپ:

ــ مەرد بولسا مەيدانغا كەلسۇن، ــ دەپ ۋارقىرىغانىدى، شەددات:

ــ كىم سەن؟ نېمانچە چوڭ پاراڭ سالىسەن! ــ دەپ ۋارقىرىدى. ئىسكەندەر:

ــ ئاڭلاپ تۇر، مېنى بۈيۈك مەملىكەتنى بويسۇندۇرغۇچى ئەمر دەپ ئاتايدۇ، ــ دېدى. شەددات:

ــ سېنىڭ خۇشال بولۇپ مەيدانغا چۈشكىنىڭ ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس. كەلگىن، سېنى قەيسەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراي. قەيسەرگە زىياپەتتە مەي قۇيغۇچى بولالىساڭمۇ چوڭ ئىش. چۈنكى، سەن تېخى كىچىك، ــ دېگەنىدى. بۇ گەپلەر ئىسكەندەرگە ئېغىر كەلدى. ئىسكەندەر:

ــ ئەي ناپاك چۈپرەندە، قەيسەردەكلەر مېنىڭ مۇلازىمىتىمنى قىلىدۇ. كەلمەمسەن، ــ دېگەنىدى، شەددات نەيزىسىنى ئالدى. ھەر ئىككىسى مەيدانغا كىرىپ نەيزىۋازلىق قىلدى. ئىسكەندەر ئوتتۇز نەيزىنى كەينى ـ كەينىدىن رەت قىلىپ قايتۇردى. شەددات غەزەپلىنىپ قولىغا مىسران قىلىچىنى ئېلىپ ئاتتىن يەرگە چۈشتى. ئىسكەندەر قولىدىكى نەيزە بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىگە راسا بىرنى ئۇرغانىدى، قىلىچ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا شەددات چەبدەسلىك بىلەن ئىسكەندەرنىڭ بېلىنى تۇتۇۋالدى. ھەر ئىككىسى جاھىللىق بىلەن ئېلىشىپ كۆپ چۈش بولدى. ئىسكەندەر شەدداتنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەلەم قىلىپ يەرگە ئۇرماقچى

بولغانىدى، شەددات ئەسىرنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى. ئەسىر شەدداتنى يەردە قويدى. ئۇ ئازغۇن ھىيلىگەرلىك قىلىپ ئىسكەندەرگە بەيئەت قىلدى. شەددات ئىسكەندەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ بارگاھىغا كىرىپ:

— شەھرىيار، بۈگۈن كېچە پېقىر پالۋانلىرى بىلەن مېھمان بولسىلا، ئەتە لەشكىرىمنى ئېلىپ قەيسەر بىلەن جەڭ قىلىشقا بارايلى، — دەپ يالۋۇردى. ئەسىر قوبۇل قىلدى ۋە:

— مۆھتەر نەئىم، بېرىپ گەردۇس شاھقا ئېيتقىن، بۈگۈن كېچە شەدداتنىڭ ئالدىدا مېھمان بولىمەن. سىلەر ساقىيلىق قىلىشقا تەييارلىنىڭلار، — دەپ كېتىپ قالدى.

تائاملار كەلتۈرۈلدى. ئىسكەندەر تائامدىن نەچچە لوقما يېگەنىدى، ھوشسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۆز جايىدا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. شەددات دەرھال پالۋانلىرىنى ئىسكەندەرنىڭ پۇت - قولىنى باغلاشقا بۇيرۇدى. ئاندىن شۇ كېچىدىلا چېدىر بىلەن بارگاھنى بۇزۇپ خېيىم - خەتەرسىز رۇمغا قاراپ راۋان بولدى.

ئىسكەندەرنى ساندۇققا سېلىپ، يەنە قىرىق ساندۇقنى ئوخشاش ياساتتى. ئەگەر كىشى ئىسكەندەرنى قۇتقۇزۇشنى قەست قىلسا، ئىسكەندەرنىڭ قايسى ساندۇقتا ئىكەنلىكىنى بايقىمىقى ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا نازۈك ئەندام بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ زار يىغلاپ، بىئارام بولدى. فەتنە نازۈك ئەندامغا:

— ئەي نازىنىن، مەن بېرىپ ئىسكەندەرنى قۇتقۇزاي، — دەپ نەسىھەت قىلغانىدى، نازۈك ئەندام:

— ئەگەر ئىسكەندەرنى قۇتقۇزىدىغان بولساڭ، ھەرقانداق گۇناھىڭدىن ئۆتۈپ تەلىپىڭنى ئورۇنلايتتىم، — دېدى. فەتنە ئەييارلىق لىباسىنى كىيىپ دەرھال يولغا چىقتى. ئۇ شەدداتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىپ، شۇ ئەتراپتىكى كەنتكە يوشۇرۇنۇپ

پەيت كۆتۈپ تۇردى. فەتنە بىر كومزەك خۇشپۇراق ئېسىل مەينى بىھوش دورا ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىۋالغانىدى. ئۇ يېرىم كېچىنى ئۆتكۈزۈپ شەدداتنىڭ ئۇردىسىغا قاراپ ماڭدى. فەتنە ساندۇق بار چېدىرنىڭ ئىشىكىگە باردى. كېچىدە يۈرگەنلەر ئۇنى كۆردى. ئۇلار قورۇ ئىچىدە شاراب كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بۇ ياش يىگىتتىن:

— ئەي غۇلام، بۇ نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— شاراب، — دېدى.

— ساتامسىز؟ يىگىت:

— مېنىڭ ئاتام مەيپۇرۇش، بۇ كومزەكتىكى شارابنى ئاتام سېتىپ كېلىشكە چىقاردى. پۇلغا ساتىمەن، — دېگەنىدى، ئۇلار كېلىپ پۇل بېرىپ مەينى سېتىۋالدى ۋە:

— ئەي يىگىت، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرغىن، كومزەك بوشىسۇن، — دېدى. فەتنە تىت - تىت بولۇپ تەڭرىدىن ئاسايىشلىق تىلەپ بىر چەتتەرەك ئولتۇردى. بۇ يۈزدەك ساراي قوغدىغۇچىلىرى كومزەكتىكى شارابنى ئىچىپ ھەممىسى بىھوش بولدى. فەتنە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ساندۇقلار ئارىسىغا كىرىپ بىر - بىرىنىڭ يېنىدا قاتار تىزىلغان قىرىق ساندۇققا يېقىن كېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى. فەتنە قاتىرىغا ئوتتۇز يەتتە ساندۇقنى ئاچتى. ئىسكەندەر يەنىلا كۆرۈنمىدى. بەلكىم شەدداتنىڭ ھېلىقى ئانىسى خاتا ئېيتقان بولسا كېرەك. ياخشىسى، ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئوقۇپ باقاي. قاراۋۇللار قانداق قاراۋۇللۇق قىلىۋاتىدىكىن، دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى بىھوش ياتاتتى. فەتنە ئۇلارنى چىراغ يورۇقىدا مەيخانىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆردى. بىر ئەييار ئۇ جايدا تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا فەتنەنىڭ كۆزى شەدداتقا چۈشتى. ئۇ قاچماقچى بولۇۋىدى، شەددات ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا سىرتماق سالدى. فەتنە سىرتماققا چۈشۈپ قالدى.

شەددات ئۇنى تۇتۇپ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ:
— بۇ يىگىتنى زالغا ئېلىپ بېرىڭلار. مەي قۇيۇشقا لايىق ئىكەن، — دېدى. مۇلازىملار فەتنەنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، توساتتىن مۇھتەر نەئىم يېتىپ كەلدى. ئۇ خوتۇننى شەدداتنىڭ ئادەملىرى باغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ شەدداتنىڭ مۇلازىملىرىغا ئېتىلدى. شەدداتنىڭ مۇلازىملىرىمۇ مۇھتەر نەئىمغا ھۇجۇم قىلدى. مۇھتەر نەئىم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، چەبدەسلىك بىلەن يېرتقۇچتەك ۋارقىراپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. فەتنەنىڭ بوينىدىكى سىرتماقنى كېسىپ تاشلاپ فەتنەنى يېتىلەپ ئىككىسى بەدەر قاچتى. مۇھتەر نەئىم قېچىپ كېتىۋېتىپ فەتنەگە قاراپ:
— ئەگەر يەنە بىر نۆۋەت مۇشۇنداق تەۋەككۈلچىلىك قىلساڭ، بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن. ئەگەر مەن كەلمىگەن بولسام، ئۇ ئازغۇنلار بىلەن قانداق قىلاتتىڭ؟ — دېدى. فەتنە:
— مەن نازۇك ئەندام بىلەن ئىسكەندەرنى قۇتقۇزۇشقا ۋەدىلەشكەن. جەزمەن بىلگىنكى، ئىسكەندەرنى قۇتقۇزمىغىچە بۇ ئىشتىن قول يىغمايمەن، — دېدى. نەئىم:
— شۇنداق بولسۇن ئەي مەزلۇمە، سەن ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولغىن. مەن ئەمىرخان بىلەن لەشكەر باشلاپ كېلەي، قەيسەر ئىسكەندەرگە ئازار بەرمىسۇن، — دەپ مىسىر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. تاڭ ئاتتى. شەددات ئىسكەندەرنى ئېلىپ رۇمغا يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەرنى قەيسەرنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كىرگەندى، قەيسەر ئىسكەندەرنى قاماپ قويدى. ئۇلارنى قاماپ قويغان جاينى قەيسەر ئۆزى بىلەن كېنىزەكتىن باشقا كىشى بىلمەيتتى. ئەمما شۇ چاغدا رەبىئەنىڭ خوتۇنى فەتنەنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغانىدى، فەتنە بولغان ئەھۋاللارنى

ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. رەبىئەنىڭ خوتۇنى فەتنەنى ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا باشلاپ باردى. فەتنە ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ دەپ سورىدى.

— ئىسكەندەرنى تۇتۇپ، قاماپ قويۇپتۇ. ئۇنى قەتل قىلارمىكىن دەپ قورقىمەن، — دېدى ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى. فەتنە:

— كۆڭلىڭىزنى خۇش تۇتۇڭ. ئەگەر ئىسكەندەرنى قۇتقۇزمىسام ئەييار بولماي كېتەي، — دېدى. سۆزلەۋاتقاننىڭ ئۈستىگە قەيسەرنىڭ دەللالى مەريەم جاۋاھىر پۇرۇش كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەمىشە قەيسەرگە جاۋاھىر ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، ساھىبجامال قىزلارنى تاللاپ قەيسەرگە ئەكىلىپ بېرەتتى. بۇ چاغدا مەريەمنىڭ كۆزى فەتنەگە چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى، رەبىئەنىڭ خوتۇنىنى قىچقىرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ:

— ئىسكەندەرنى قاماقتا دەيدۇ. تۇرغان جايىنى ھېچكىشى بىلمەيدىكەن، — دېگەندى، رەبىئەنىڭ خوتۇنى مەريەمنىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئەي مەريەم، سەن قىلقۇسنىڭ تۈزىنى تولا يېگەن. ئىسكەندەرنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى ئېيتىپ بەرگىن، ئىسكەندەر قاماقتىن قۇتۇلسۇن، — دېگەندى، مەريەم:

— تەخىرىمگە قەسەم قىلىمەنكى، ئىسكەندەرنى قەيەرگە قامىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇنداق بولغاندىكىن، مەن ئۇنىڭ قانداقمۇ چارىسىنى قىلاي؟ — دېدى. فەتنە:

— سەندىن ئۈمىدىم شۇكى، مېنى قەيسەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارساڭ، — دېگەندى، مەريەم:

— سېنى قەيسەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارساممۇ باراي،

لېكىن قالغان ئىشنىڭ چارىسىنى ئۆزۈڭ قىلغىنىڭ تۈزۈك،— دېدى. فەتنە بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. مەريەم قەيسەرنىڭ قېشىغا كىرىپ، كەمتەرلىك قىلىپ ناز تارتىپ تۇرغانىدى. قەيسەر:

— بۈگۈن دۈشمىنىم قولۇمدا تۇتقۇندا بولغانلىقى ئۈچۈن مىجەزىم ناھايىتى ئوبداندۇر،— دېدى. مەريەم:

— بىر گۈزەلنى سوراپ تاپتىم، ئەمما ئۇلۇغ خاندانلىقتا ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە بولماق لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ تېنىڭىزگە راھەت بېغىشلايدۇ،— دەپ شۇنداق تەرىپلىدىكى، قەيسەر ئۇنى كۆرمەيلا ئىشقىدىن ھوشىنى يوقاتتى. قەيسەر:

— ئەي مەريەم، بېرىپ ئۇنى دەرھال ئېلىپ كەلگىن،— دېگەندى، مەريەم بېرىپ فەتنەنى ياساندۇرۇپ ئەكىلىپ قەيسەرگە كۆرسەتتى. قەيسەر ئۇنى كۆرۈپ بىتاقەت بولدى. فەتنە ھەم شۇنداق نازاكەتلىك قىلىپ قەيسەرنىڭ يۈرىكىنىڭ قېنىنى ئىچىپ بىھوش قىلدى. قەيسەر فەتنەنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ خانىسىنى خىلۋەت قىلدى. مەريەم ھەم چىقىپ كەتتى. قەيسەر گۈزەلنىڭ كويىدا ۋارقىراپ، ئۇنىڭدىن ھايانى كۆتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. قەيسەر فەتنەگە قاراپ:

— ئەي نازىنىن، جامىمنى ئۆز قولۇڭبىلەن بەرگىن،— دېگەندى، فەتنە بىر ئاز ھودۇقتى. نەچچە جامغا بىھوش دورىسىنى قوشۇپ جامنى قەيسەرگە تۇتتى. قەيسەر ئۇنى ئىچىپ بىھوش بولدى. فەتنە دەرھال پىچاقنى چىقىرىپ قەيسەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ۋە كېنىزەكنى چاقىردى. كېنىزەك خانىغا كىرىپ، قەيسەرنىڭ تېنىدىن بېشى جۇدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ قاچماقچى بولىۋىدى، فەتنە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ خەنجەرنى كۆكرىكىگە تىرەپ تۇرۇپ، كېكىردىكىنى سىقىپ:

— ئەگەر بۇ ئىشنى ئاشكارا قىلساڭ كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن. ئىسكەندەرنى قەيەرگە قاماپتۇ، تېز ئېيتىپ

بەرگىن. ئەگەر راست ئېيتساڭ سېنىڭ بىلەن كارىم يوق، — دېگەندى، كېنىزەك:
— تۇرغىن، مەن بىلەن بىرگە بارساڭ كۆرسىتىپ بېرەي، — دېدى. فەتنە ئورنىدىن تۇردى. كېنىزەك:
— تەختنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرپە ياكى ياستۇقنىڭ ئاستىغا قارىغىن، — دېگەندى، فەتنە شۇنداق قىلدى. كېنىزەك دەرھال كەمەردىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشكنى ئاچتى. فەتنە شەمشىرنى يۇلتۇزدەك چاقنىتىپ ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىسكەندەر يورۇقلۇقنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. ئۇ ئۆزىگە، ئۇلارنىڭ بۇ زىندانغا كېلىشى، مېنى قەتل قىلىشنىڭ نىشانى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ جېنىدىن ئۈمىد ئۈزگەندى. ئەمما فەتنە كېنىزەكنى ئالدىغا سېلىپ تۆشۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، كېنىزەكنى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ قەددىنى رۇسلىدى. ئىسكەندەر نازىنىن فەتنەنى كۆرۈپ ئۇنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىپ:
— ئەي فەتنە، قۇتقۇزغىنىڭغا مىڭ ئاپىرىن، — دېدى.
قىسسە، فەتنە ئىسكەندەرنى باغلاقتىن بوشاتتى ۋە دەرھال راۋاققا چىقتى. قەيسەرنىڭ بېشىنى ئالتۇن تەشتەككە سېلىپ ئۈستىگە يوپۇقنى ياپتى.
تاڭ ئاتتى. ئەمىر فەتنەگە:
— ئوبۇلقاسىم جاۋاھىر پۇرۇچنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قەيسەر مېنى ئۇن ئىككى مىڭ باتۇرنى دەرھال تەييارلاپ كەلسۇن دەپ بۇيرۇدى، دېگىن، — دېدى. فەتنە بۇ سۆزنى ئوبۇلقاسىمغا يەتكۈزدى. ئوبۇلقاسىم ھەيران بولۇپ:
— بۇنداق چاغدا قەيسەر مېنى خالىمايدۇ، — دېدى - دە، باتۇرلارغا ئىلاج قىلىپ تون كىيگۈزۈپ بارگاھقا كېلىپ تەق بولۇپ تۇردى. ئۇ تەرەپتىن ئۇلۇغلار بىر - بىرلەپ كەلدى. ئەمما ئىسكەندەر يۈزىگە چاقماق نىقاب تارتىپ تەختتە

ئۆلتۇرغانىدى، بۇ چاغدا فەتنە قەيسەرنىڭ بېشىنى تەشتەك بىلەن ئېلىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قويدى. ئوبۇلقاسىم باتۇرلىرى بىلەن شەمشەر تۇتۇپ بىر چەتتە تەييار ھالەتتە ئۆلتۇراتتى. ئىسكەندەر ئوبۇلقاسىم جاۋاھىر پۇرۇچقا قاراپ:

— مەن تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىمدا نېمە سەۋەبتىن كەلدىڭىز؟ — دېگەنىدى، ئوبۇلقاسىم:

— مېنى ئىسكەندەرنىڭ چاكارلىرى دەپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى. ئەمر:

— ئالدىمغا كەلگىن، — دېدى. ئوبۇلقاسىم ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىسكەندەر نىقابىنى كۆتۈرۈپ، يۈزىنى ئوبۇلقاسىمغا كۆرسەتكەنىدى، ئوبۇلقاسىم ئىسكەندەرگە قاراپ:

— ئاپىرىن ساڭا، ئەي شەھرىيار، — دېدى. ئىسكەندەر نىقابىنى يۈزىگە يېپىپ ئۇلۇغلار تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ:

— ئەي قەۋم، رۇم پادشاھلىقى ئاۋۋال كىمگە تەئەللۇق ئىدى؟ — دەپ سورىدى. خالايىق:

— ئاۋۋال قەيسەرگە، ئاندىن كېيىن فىلقۇسقا، فىلقۇسدىن كېيىن قەيسەرنىڭ پادشاھلىقى سىزگە كەلدى. سىز بىزگە قەيسەر① دۇرسىز، — دېدى. ئىسكەندەر:

— قەيسەرنىڭ شەپقىتىنى قوبۇل قىلامسىلەر؟ — دېگەنىدى، ئۇلار:

— بىزنىڭ نېمە ھەددىمىز. پەقەت كەمىنىڭىزلا بولسىڭىز، — دېدى. ئىسكەندەر:

— قەيسەرلىك فىلقۇسدىن كېيىن كىمگە كېلىدۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇلار:

— ئىسكەندەرگە، — دېدى. ئىسكەندەر:

---

① قەيسەر — قەدىمكى رىم (رۇم) پادشاھلىرىنىڭ نامى، پادشاھ.

— ھەممىگلارغا مەلۇمكى، قەيسەر ئىسكەندەرنىڭ يۇرتىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالغان، — دەپ نىقابىنى يۈزىدىن سۆكۈپ ئېلىۋەتتى. يوپۇقنى تەشتەكتىن ئېلىپ تاشلاپ، قەيسەرنىڭ بېشىنى تەشتەكتىن ئېلىپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— مەن ئىسكەندەر بولىمەن. بۇ قەيسەرنىڭ بېشى بولىدۇ. ھازىر ھەق بىلەن ناھەق جامائەتكە ئېنىق بولدى، — دېدى. ئۇلار:

— شەھرىيار، بىز سىزنىڭ سادىق چاكارلىرىڭىز، — دېدى. ئەمر بۇيرۇغاندى، دۇمباقنى شادىيانىگە چالدى.

ئەمر تەختتە مەغرۇر ئولتۇردى. قۇتبە[1] نى ئىسكەندەرنىڭ نامىغا ئوقۇدى. ئەمر يەنە شەدداتنى كەلتۈرۈپ:

— ئەي ئانا، ساڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟ — دېدى.

بۇ چاغدا شەددات:

— سېنىڭ مۇبارەك نامىڭ ئاستىدا چاكىرىڭ بولاي، — دەپ ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىدا بولۇشقا قەسەم قىلدى. ئۇ تەرەپتىن مۇھتەر نەئىم بىلەن ئەمىرخان لەشكەر باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئەمر ئۆز تەختىدە ئولتۇراتتى. ئەمىرخان بۇنى كۆرۈپ بارگاھقا كىرىپ ئەدەپ بىلەن يەر ئۆپۈپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئەمرنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئەمر بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئوبۇلقاسىم جاۋاھىر پۈرۈچنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى. ئانىسىنى رەبئەنىڭ خانىسىدىن ھەرەمگە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئەكەلدۈردى. رەبئەگە قائىدە بويىچە ئالىي مەنسەپ بېرىپ خەزىنىچى قىلدى. رۇم ئەھلىنىڭ ھەممىسى پەرمانىغا باش ئەگدى. شۇ چاغدا فەتنە رۇمنىڭ خاتىرجەملىكىنى كۆرۈپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن گەردۇسىيگە راۋان بولدى.

---

② قۇتبە — بۇرۇنقى رەسىمدە باشقىلارنى جامائەت مەيدانىدا دىنىي شەرىئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چاكارلاشتۇر.

## ئون ئۈچىنچى قىسسە، گەردۇس شاھنىڭ خەتەرلىك تاغدا سەئىدنىڭ قولىدا ئۆلگەندىلىكى، ساھىبقىراننىڭ خەتەرلىك تاغدا قىلىپ زۇلماتقا ماڭغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، قەيسەرنىڭ خالەزادىسى[1] بار ئىدى. ئۇنى خەتەرلىك تاغ سەئىد دەپ ئاتايتتى. قەيسەرنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى ئۇنىڭغا يەتكەندە، ئۇ ئون ئىككى مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ گەردۇسىيە شەھىرىگە يول ئالدى. ئۇ شەھەرگە يېقىنلاشقاندا گەردۇسىيە شاھىغا سەئىد قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر يەتتى. گەردۇس شاھ سېپىلنىڭ ئىستىھكاملىرىنى پۇختىلاپ تەييارلىق قىلدى. ئاندىن پەشتاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، دەرۋازىنىڭ يۇقىرىسىدا تۇردى. ئۇ تەرەپتە سەئىد لەشكەرلىرى بىلەن قەلئەنىڭ ئۇ تەرىپىدە توختاپ:

— ئەي گەردۇس، شاھلىق ۋاقتىڭ توشتى. قەيسەرنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىمەن. سېنى دەرۋازىنىڭ پەشتىقىنىڭ ئالدىدىكى دارغا ئاسىمەن. سېنىڭ قىزىڭ ئىسكەندەرنىڭ ھەرىمىدەدۇر، ئۇنى ھەم ئەسىرگە ئالىمەن، — دېگەندى، گەردۇس شاھ:

---

[1] خالەزادە — 1) ئانا بىلەن بىر تۇغقان قېرىنداش؛ 2) خالەزادە — خالەنىڭ بالىسى.

— ئەي قاقباش قېرى، سېنىڭ قولۇڭدىن قانچىلىك ئىش كېلىدۇ؟ كۆتا ئىش قىلمىغىن، — دېدى ۋە فەتنەنى چاقىرىپ:

— ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلغىن، — دېدى. فەتنە ئەمىرنىڭ قېشىغا بېرىپ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئەمما سەئىد خەتەر كۆھلىرى[①] قەلئە ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى. گەردۇس شاھنىڭ ئوقياچىلىرى ئوق ئېتىپ، سەئىدنىڭ لەشكەرلىرىنى جان تەسلىم قىلدۇردى. سەئىد بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ خەندەكتىن سەكرەپ چىقىپ، ئۇمۇدنى پەشتاققا شۇنداق ئۇرغاندى، پەشتاق پارە بولۇپ كەتتى. لەشكەرلىرى خەندەككە كۆۋرۈك قويۇپ، سەئىد تاغلىقنىڭ ئارقىسىدىن شەھەرگە بېسىپ كىردى. سەئىد تاغلىق گەردۇس شاھنى تۇتۇپ، ئۇنى ناچار ھالدا دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى دارغا ئاستى. ئىرادىنىڭ مەرھەمەتلىك ئەلچىسى بۇ ۋەقەنى نازۇك ئەندامغا يەتكۈزدى بولغاي، ئۇ سەئىد ھەرەم تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر مىسقال زەھەرنى جامغا قۇيۇپ:

— ئەي دوستلار، ئىسكەندەرگە مەندىن سالام ئېيتىڭلار، دىدار كۆرۈشمەك قىيامەتكە قالدى، — دەپ جامنى كۆتۈرۈپ، زەھەرنى مەي بىلەن قوشۇپ ئىچىپ جان تەسلىم قىلدى.

سەئىد ھەرەمگە يېتىپ كېلىپ ئالتۇن - كۈمۈش جاۋاھىرلارنى ئېلىپ بولۇپ، كەلگەن يولىغا قاراپ راۋان بولدى. ئەلچى بىلەن فەتنە ئىسكەندەردىن قورقۇپ تۇرۇپ گەردۇسنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئەمىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇردى. كەينىدىن يەنە بىر خەۋەرچى كېلىپ نازۇك ئەندامنىڭ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى، ئىسكەندەر ئۇلار ئۈچۈن قاتتىق قايغۇردى. گەردۇس شاھنىڭ

① خەتەر كۆھ — خەتەرلىك تاغ، كۆھىقاپ.

بارگاھىدا داد - پەرياد كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا شەددات رۇمى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— شەھريار، ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن بېرىپ سەئىدنى تۇتۇپ كېلەي، يا بولمىسا بېشىنى ئېلىپ كېلەي، — دەپ ئىجازەت سورىدى. ئەمىر ئىجازەت بەردى. ئابدۇللا مۇبارەكمۇ رۇخسەت سورىدى. ئۇلار ئون ئىككى مىڭ كىشى بىلەن گەردۇسىيگە قاراپ راۋان بولدى. خىسرەۋخان ئۇلارنىڭ كەينىدىن رۇخسەت ئېلىپ يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن ماڭدى. سەئىد ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قوشۇنى بىلەن چېدىرىدا يوشۇرۇندى. شەددات چېدىرغا يېقىنلىشىۋىدى، سەئىد چېدىرىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ شەدداتنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئازغۇن شەدداتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ شەدداتقا خەنجەر ئۇردى. بۇ ئىش لەشكەرلەرگە مەدەت بېرىپ ئۇر - چاپقا چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇللا مۇبارەك يېتىپ كەلدى. سەئىد ئۇنى ھەم ياردار قىلىپ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلدى.

ئىسكەندەرگە بۇ خەۋەر يەتكەندە، ئات - ئۇلاغلارنى زەربىدارلىق بىلەن تەييار بولۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئون ئىككى مىڭ كىشىنى باشلاپ يولغا چىقتى. ئەمىرخانمۇ قىرىق مىڭ كىشى بىلەن يولغا چىقتى. ئەمىرخاننىڭ ئارقىسىدىن ئەمىر سەكسەن مىڭ كىشى بىلەن ماڭدى. ...............①

ئۇلار سەئىد تۇرغان جىراغا يېقىنلاپ كەلدى. سەئىد ئۇلارنىڭ سەردارىنىڭ شەمشىرىنى ئېلىپ نەۋفىلگە ئاتقانىدى، شەمشەر نەۋفىلنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. ئاتلىق ئەرەب خۇنخور ئۇ شەمشەرنى يۇلۇپ ئېلىۋالدى. ئەمدى مەزكۇر

---

① قولىيازمىنىڭ مۇشۇ يېرىدە، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 16 س م، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 14 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

قىسسىگە كېلىمىز.

قىسسە، شۇ ئەسنادا ئەمىرخان يېتىپ كەلدى. سەئىد ئۇنى باشقىلارغا ئوخشاش چاغلاپ، ئەمىرخاننى سەپتىن تاشقىرىغا چىقىرىپ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئەمىرخاننىڭ ئالدىنى توسقانىدى، ئەمىرخان سەئىدگە پۇرسەت بەرمەي شەمشەر بىلەن قولىغا ئۇردى. شەمشەر سەئىدنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەمىرخان قولىنى ئۈزىتىپ ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەلەم قىلىپ يەرگە ئۇردى. بۇ چاغدا خىسرەۋخان دەرھال كېلىپ سەئىدنىڭ پۇت - قولىنى باغلىدى. لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ، ئەمىرخاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئەمىرخاننىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى چېكىندۈردى. خىسرەۋخان شۇ پەيتتە سەئىدنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئۇلار دەريا بويىغا باردى. ئۇ يەردە كېمە ھازىر ئىدى، خىسرەۋخان سەئىدنى بىرنەچچە لەشكەر بىلەن بىرگە كېمىگە ئولتۇرغۇزۇپ دەريا بىلەن تېزلىكتە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى ئەمىرخانغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز سەئىدنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماقچى بولۇپ:

— مەن دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدا بولىمەن، سىلەر سەئىدنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇڭلار، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر سەئىدنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئۇ ئالەم ئىگىسى نۇرغۇن يەرلەرنى كېزىپ، ئاخىرى دەريانىڭ بويىغا يەتتى. ئۇ كېمىچىلەردىن سەئىدنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. كېمىچىلەر:

— ئۈچ سائەت بولدى، سەئىد كېمىدە ئولتۇرۇپ كەتتى، — دېدى.

ئەمىر شۇ يەردىكى جەزىرىدە ئېتىنى ئوتلىتىپ بىرئاز بىئارام بولدى. قېچىرنىڭ ئېگىرىنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. بىر سائەت بولا - بولمايلا ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ چاغدا باشقىلار ئىسكەندەردىن قورقۇپ يۈرىكى سۇ بولدى. ئەمر ئويغىنىپ بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە (ئېگىزلىكى) ئون يەتتە گەز كېلىدىغان بىر مەخلۇقاتنى كۆردى. ئۇ ئىككى كۆزىنى مەشئەلدەك پارقىرىتىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. ئىسكەندەر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ، ئۇ مەخلۇقنىڭ بېلىگە شۇنداق ئۇرغانىدى، ئۇ مەخلۇق ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. ئىسكەندەر يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى بىدار ئىدى. دەرۋەقە، دەريادىن كېلەڭسىز بىر پاقا چىقىپ ئاغزىدىن گۆھەر چىقىرىپ يەرگە قويدى. جەزىرىنىڭ ھەممە يېرى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئىسكەندەرنىڭ قېچىرى يەنىلا ئوتلاقتا ئوتلىماقتا ئىدى. ئىسكەندەر ئۆزىگە، ئەگەر بۇ گۆھەرنى قولغا كەلتۈرسەم ئىشىمنىڭ ھەممىسى ئويلىغىنىمدەك بولىدۇ، دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر پارچە لاينى ئېلىپ دەرەخنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ، ئۇ لاينى گۆھەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. بۇ چاغدا جەزىرىنى زۇلمەت باستى. پاقا كېلىپ دەرەخكە ئۆزىنى شۇنداق ئۇرغانىدى، جان بەردى. ئەمر گۆھەرنى ئالدى. گۆھەر توخۇ تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتا ئىدى.

قىسسە، تاڭ ئاتتى. ئەمىرخان لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەمر لەشكەر بىلەن كېمىدە ئولتۇرۇپ سۇ يۈزى بىلەن ماڭدى. ئون ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن توساتتىنلا قارا بوران چىقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، توپ ـ توپ كېمىلەر ئۆزئارا سوقۇلۇشقا باشلىدى. ئەمرنىڭ تەخت ـ راۋاقلىرىمۇ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئىسكەندەر بىلەن ئارستونى دەريا دولقۇنى قىرغاققا ئېلىپ بېرىپ تاشلىدى. سۇ دەريانىڭ قىرغىقىغا دەھشەت بىلەن ھەملە قىلاتتى. ھادىسە فەرەڭ مەملىكىتى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ جاي خىسرەۋخاننىڭ باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق ئىدى. ئىسكەندەر بىلەن ئارستو خادىملار بىلەن سۇدىن چىققاندا، خىسرەۋخاننىڭ

خادىملىرى باج ئېلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەر:

— بىزنىڭ ماللىرىمىز كەينىمىزدىن كېلىدۇ، سەۋرى قىلىڭلار، يېتىپ كەلسۇن، قانچە باج ئالساڭلار بېرىمىز، — دېگەندى، ئۇلار قوبۇل قىلىپ قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى لەشكەرلەردىن بەزىلىرى دېڭىزدىن چىقىپ، قوشىنلاردىن چېدىر ئېلىپ كېلىپ چېدىرلارنى تىكتى. ئەمىر ئارام ئالدى. ئۇنىڭغا ئەييارلاردىن ھەمدانلا ھەمراھ بولغانىدى.

ئەمىر ئۇنى:

— خىسرەۋخاندىن بىر خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. ھەمدان قوبۇللۇق ئەڭگۈشتىرىنى كۆزىگە ئەملەپ بولۇپ يولىغا راۋان بولدى. ھەمدان مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ، خىسرەۋخاننىڭ ئالدىدا سەئىد خەتەر كۆھنىڭ مەغرۇر ئولتۇرغانلىقىنى بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن كۆردى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— بىز جەزىرىنىڭ ئادەملىرىدۇرمىز. ئىسكەندەرنىڭ مۇھتەر مەھمۇد ۋە مۇھتەر نەئىم دېگەن ئىككى سەردارى لەشكەرلىرى بىلەن ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىپ بىزنى تالان - تاراج قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەمىرخان دېگەن كىشى يەنە نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىپ ھەممە ماللىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى. ئەمىرخاننىڭ لەشكەرلىرى يەنە بىر قېتىم كېلىپ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ۋە چارۋپايلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىمىزنى تالان - تاراج قىلدى، — دەپ ئەرز قىلغانىدى، سەئىد خەتەر كۆھ:

— مەن ھازىرلا بېرىپ ئەمىرخاننىڭ قولىنى باغلاپ كېلىمەن، — دەپ تۆت مىڭ كىشى بىلەن ئاتلىنىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقتى. ھەمدانى بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئەمىر ھەم ئاتلىنىپ سەئىدنىڭ ئارقىسىدىن دەرھال يۈرۈپ كەتتى. بۇ ھەقتە خىسرەۋخانغا:

— ھېلىقى دەريا بويىدىكى ياش يىگىت سودىگەر بولماستىن، بەلكى ئۇ ئىسكەندەر ئىكەن، — دېگەن خەۋەر يەتتى. بۇنى بىلگەندىن كېيىن خىسرەۋخان دەرھال لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلىنىپ ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەمىرخان لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ باردى. سەئىد ئەمىرخاننىڭ سالاپىتىنى كۆرۈپ قەرەڭ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئۇ تەرەپتە خىسرەۋخان خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مەيدانغا كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئىسكەندەر مەيدانغا كىرىپ، خىسرەۋخاننىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەندى، خىسرەۋخان: «شاھ شۆھرىتىڭىز بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىگەم سۈپىتىدە ياخشىلىق قىلسىلا، بۇ جەزىرىدە تەڭرىم ھەققىدە كەچۈرسىلە» دېدى. ئەمىر ئۇنى يەردە قويدى. خىسرەۋخان چىن دىلى بىلەن كەلىمە ئېيتىپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. ئاندىن كېيىن ئەمىرنى ئۆلىمالىرى، سەردارلىرى ۋە ئەييارلىرى بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىرىپ زىياپەت بەردى. ئىسكەندەر ئەتراپ - ئالەمدىكى بۇرادەرلىرىگە نامە ئەۋەتىپ، سەركەردىلەر بىلەن ئەييارلارنىڭ ھەممىسىنى يىغدى. بۇ يىغىلىشتا شەددات، نەۋفىل ئەرەب، خىسرەۋخان ۋە ئەبۇلئەلفەزىل باغدادى قاتارلىق ئەلپەرۋەرلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسكەندەرگە: «ئالتۇن، قەسىر ساڭا يار بولسۇن» دېيىشتى. ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى بەلخ[61] شاھلىقىنىڭ شاھى فەرەڭدىن ئىشىتىڭ.

نەقىلچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بەلخ شاھى بارگاھتا ئولتۇرغاندى، مۇلازىمى: «بىر ھېكىم خۇداپەرەسلەرنىڭ جەبىردىن قېچىپ كېلىپ شاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. بەلخ شاھى:

— ئۇنى كەلتۇرۇڭلار، — دېدى. جالىنۇس ھېكىم بارگاھقا كىرىپ، ئىسكەندەرنىڭ نۇرغۇن شىكايىتىنى قىلىشقا باشلىدى. بەلخ شاھى ئۇنى ياخشى جايدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— بۇتىنىڭ مەدىتى ۋە بەدۋىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ دۆلىتىنى ۋەيران قىلىمەن، — دېدى. بەلخ شاھىنىڭ ئاتىسى بار ئىدى. ئۇنى مەرزۇق فەرەڭگى دەيتتى. مەرزۇقنىڭ پايتەختىنى شەھرى قەبرىيە دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ بىر باتۇرى بار ئىدى. باتۇرلۇق دىيارىدا ئۇنىڭغا باراۋىرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئىت تېرىسى بار ئىدى. مەيدانغا چىققان ۋاقتىدا بىرسىنى كىيىۋالاتتى. بۇ تېرىلەرنىڭ بىرسى ئاق، بىرسى سېرىق، يەنە بىرسى قارا ئىدى. تۆت كۆزلۈك كەمەر ۋە يەتتە قات سالىمنى بىر قىلىپ بېلىگە باغلىۋالاتتى. ئۇنى بەرق فەرەڭگى دەيتتى. خالىسىڭىز مەرزۇقنىڭ قىسسىنى كېيىن ئىشىتىكەيسىز.

## ئون تۆتىنچى قىسسە، ئەمىرخاننىڭ خىسرەۋ-خاننىڭ قىزى لەئبەت فەرەڭگە ئاشىق بولغانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر، خان تاجى خىسرەۋخاننى بەيئەت قىلدۇرۇپ، بارگاھى جەمشىد تىكىڭلار، دەپ ئەمىر قىلغانىدى. بارگاھى جەمشىدنى بەرپا قىلدى. ئىسكەندەر گۆلرىز نەشىن خىسرەۋخانغا پادىشاھلار قاتارىدىن ئورۇن بەردى. كەچ بولدى. قاراۋۇللار باشلىقى ئەمىرخان تاغ يۆتكەر تاشقىرىدا يېرىم

كىچىككىچە تۇردى. ئەمىرخان دەريانىڭ قىرغىقىدا ناھايىتى كۆپ شام - چىراغلارنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇ يەرگە باردى. ئۇ يەردىكى ھەممە پەرى - پەرىزاتلارنىڭ پىكىر - خىيالى ئەمىرگە خىزمەت قىلىشتا ئىدى. نازىنىن قىزلار مەي ئىچىپ، سازەندىلەر ساز چېلىپ، غەزەلخانلار غەزەل ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئەمىرخانىنىڭ كۆزى ئۇ دىلكەشلەرنىڭ جامالىغا چۈشۈپ، چىن دىلىدىن ئىشارەت قىلدى. بىر پەرى قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر ياش يىگىتنى كۆردى. ئۇ رۇستەمگىزنىڭ بۇرۇتى تېخى خەت تارتمىغانىدى. قىز ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئۆزلۈك بىلەن: «بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىپسىز، بىرەر سائەت مۇڭدىشايلى» دېگەنىدى، ئەمىرخان پىيادە بولۇپ قىزنىڭ يېنىدا بىر سائەت ئولتۇردى. قىز سورىدى:

— ئەي يىگىت، سىز كىم بولىسىز؟

— سەركەردىمەن. ئەي نازىنىن، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى ئەمىرخان. قىز:

— مېنى لەئبەت فەرەڭ دەپ ئاتايدۇ، — دېدى - دە، مەي ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەمىرخان:

— نازىنىن، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن جەزىرىدىكى ئەنبەر تاغقا بارغانىدىم. بىرئاز ئەنبەر ئېلىپ، ئىختىيارسىز بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. بۇ جايغا خىسرەۋخان گۇلرىز نەشىن (خان تاجى) نىڭ ئوردىسى يېقىن، ئۇ مېنىڭ ئاتام بولىدۇ، — دېدى قىز.

قىسسە، ئۇلار سۆھبەتلىشىپ بىر- بىرىگە ۋەدە بېرىشتى ۋە ئەمىرخان:

— سىزنى قايسى جايدىن تاپىمەن؟ — دېگەنىدى، قىز:

— ئوردىنىڭ بېغىدا بولىمەن. سىز مېنى مۇڭداشباغدىن تېپىڭ، — دېدى. ئەمىرخان قىزنى بىرنەچچە قېتىم لەۋلەپ

(سۈيۈپ) قويۇپ ئوردىغا قايتتى.

تاڭ ئاتتى. خىسرەۋخان:

— شەھرىيار، بۈگۈن شەھەردە ئوبدان تاماشا بار، — دېگەنىدى. ئىسكەندەر:

— قانداق تاماشا بار؟ — دەپ سورىدى. خىسرەۋخان:

— بۈگۈن ئېتىكاپچىلار جەم بولىدۇ. چوڭ بۇتلار ياسىلىدۇ. بەلخ شاھى كېلىپ گۈلباغدا ئورۇنلىشىدۇ، ئارستو نېمە دەيدىكىن؟ — دېگەنىدى، ئىسكەندەر:

— بۇ شەيتاننىڭ ئىشى. شەيتانغا ئىتائەت قىلغانلارغا لەنەت بولسۇن، — دېدى.

قىسسە، ئىسكەندەر لىباسىنى كىيىپ ئوردىنى ئەمىرخانغا تاپشۇردى. ئۆزى فەرەڭلەرنىڭ مەيدانىغا باردى. ئېتىنى مۇھتەر مەھمۇدقا بېرىپ ئىبادەتخانىغا كەتتى. ئىسكەندەر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا باردى. دەربەند [1] لەر تەبىئىي كۈمۈشتىن ياسالغان، نۇرغۇن بۇتلارغا تىللادىن كىيىم كىيگۈزگەنىدى. چىرايلىق قەدەھلەرنى تىزىپ قويغان، ئىچىگە تىللالارنى سېلىپ قويغانىدى. ئىككىنچى دەربەندمۇ تىللادىن ياسالغانىدى. ئۈچىنچى دەربەندمۇ نەقىشلەنگەنىدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بەلخ شاھى ئولتۇراتتى. جالىنۇسنىڭ ئالدىدا كىشىلەر توپلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇتى يەتتە يۈز پاتمان تىللادىن ياسالغانىدى. ئەمىر يارانلىرى بىلەن بىر خالىي جايدا ئولتۇرغانىدى، توساتتىن بۇتنىڭ ئىچىدىن بىر يالىڭاچ كىشى قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا چىقتى. ئۇ ئۆزىنى ياغلىقنى بوينىغا چىرمىدى. ياغلىقنىڭ يەنە بىر ئۇچى بىلەن كۆزىنى ئەتتى. يەنە بىر قولىدا ئىلمەك شەمشەرنى تۇتقان، يەنە بىرقولى بىلەن ئوقيانىڭ ئوقىنى تارتقانىدى، ئوق ئۆزىنىڭ بېلىگە تېگىپ ئىككى پارە بولدى. ئۇ:

---

[1] دەربەند — ئىشىك، تاقاق، تىركەك، دەرۋازا.

— شۇ تاپتا مېنىڭ تەگرىمگە ئىشەندىڭلارمۇ؟ — دېگەنىدى، بەلخ شاھى:
— راست ئېيتىدۇ، ئىسكەندەر ئاتلىق بىر ئادەم بۇ ۋىلايەتكە كەپتۇ. ئۇنىڭ ئامالىنى قىلغىن، — دېدى. بۇت:
— سەن لەشكىرىڭنى يىغقىن. مەن ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىمەن، — دەپ ئۇ كىشى بۇتنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى. ئىبادەتخانا ئەھلى قايتىپ كەتتى. بەلخ شاھى جالىنۇس بىلەن بىللە كەتتى. ئىسكەندەر، خىسرەۋخان ھەم ئارستولارمۇ ياندى. ئىسكەندەر ئارستودىن:
— ئۇ يالىڭاچ كىشى كىم بولىدۇ؟ — دېگەنىدى، ئارستو:
— شەھرىيار، ئۇ شەيتان لەئىن بولىدۇ، ئۇنىڭ بىر كۆزى كور. قىرىق ياغلىقنى بويىنىغا ئوراپ، بويىندىكى مارجاننى كىشى كۆرمىسۇن دەپ يېپىۋاپتۇ، — دېگەنىدى، ئەمىر:
— راست، — دېدى. خىسرەۋخان:
— شۇنداقتۇر، ئۇلار بىزگە ھېچقانچە خەۋپ ئەمەستۇر، — دېدى. ئاخىرى ئۇلار ئۆز ئوردىسىغا كەتتى. ئەمدى سەركەردە ئەمىرخان بىلەن لەئبەت فەرەڭدىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.
كېچە بولدى. ئەمىرخان ئوردىنىڭ بىر تەرىپىدە ئىدى. لەئبەت فەرەڭنىڭ ھەۋىسى دىلىغا چۈشتى. ئەمىرخان مۇھتەر ھىندىننى چاقىرتىپ، ئۇنى ياساندۇرۇپ ئوت - چۆپلۈك باغنىڭ ئەتراپىغا ئەۋەتتى. ئۇ تاڭ ئاتقان ۋاقتىدا كېلىپ خەۋەر قىلغانىدى، ئەمىرخان شەھەرگە كېلىپ باغقا باردى. باغ ئىچىدىكى قىزنىڭ كۆزى ئەمىرخاننىڭ ئېتىكىگە چۈشۈپ قوچاقلىشىپ تالاغا چىقتى. ئۇلار مۇڭداشىباغدا سۆھبەتكە مەشغۇل بولۇپ، مەي ئىچىشكە كىرىشتى. ئەمىرخان مۇھتەر

ھىندانىغا:

— سەن ئوردىغا بېرىپ ئىسكەندەردىن خەۋەر ئالغىن. ئەگەر ئىسكەندەر ئەھۋال سورىسا ئەمىرخاننىڭ بېشى ئاغرىپ قاپتۇ دېگىن، — دېگەنىدى، ھىندانى ئوردىغا باردى. ئۇ تەرەپتە لەئبەت فەرەڭ ئەمىرخان بىلەن مەي ئىچىۋاتاتتى، تاماق ۋاقتى بولۇپ زىياپەتكە تائام كەلتۈردى. داستىخانغا بەزى پەرىلەرنىڭ ئىنىكئانىلىرى قولغا سۇ بەرگىلى ئاپتۇۋنى ئېلىپ كەلدى. ئەمىرخان قولىنى سۇغا تۇتقانىدى، قولى كۆيۈپ قولىنى تارتىۋالدى. قىز ئىنىكئانىسىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە شاپىلاق بىلەن ئۇرغانىدى، ئىنىكئانا يىقىلىپ چۈشتى. بىرئازدىن كېيىن ئورنىدىن قوپۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل خىسرەۋخاننىڭ يېنىغا باردى ۋە قىز بىلەن ئەمىرخاننىڭ باغدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. خىسرەۋخان بۇنىڭغا غەزەپلەندى. ئۇنىڭ ئەزەنفەر بىلەن مۇزەفەر دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى. مۇزەفەرگە:

— ھەممىڭلار بىرلىكتە بېرىپ، ئۇ يىگىتنى تەسلىم قىلىپ، بېشىنى ئېلىڭلار. ئولتۇرغان بېغىنى خاراب قىلىڭلار، — دېگەنىدى، مۇزەفەر بىرنەچچە لەشكەر بىلەن راۋان بولدى.

ئۇ تاغنىڭ ئېتىكىگە باردى. كېنىزەكلەر قىزغا خەۋەر بەرگەنىدى، قىز ئەھۋالنى ئەمىرخانغا بايان قىلدى. ئەمىرخان:

— نازىنىن، ئاۋازىڭنى چىقارمىغىن، — دېدى. شۇ چاغدا مۇزەفەر يېتىپ كېلىپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئەمىرخانغا ئۇردى. ئەمىرخان ئۇ باتۇرنى چەبدەس قولى بىلەن باغلاپ، قىلىچىنى تارتىۋېلىپ يىراققا تاشلىۋەتتى. ئەنجان مۇشتى قۇلاق تۈۋىگە تەگكەنىدى، مۇزەفەر موللاق ئېتىپ چۈشتى.

ئەمىرخان مۇزەفەرنىڭ كۆكرىكىگە مىنىپ تۇرۇپ، قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ كاللىسىنى

ئالماقچى بولىۋىدى، قىز:

— ئۆلتۈرمىگىن، — دەپ ئاغزىدا ئىلتىماس قىلدى-يۇ، ئۆلتۈرىۋەتكىن دەپ ئىما-ئىشارەت قىلدى. ئەمىرخان شەمشىرىنى مۇزەففەرنىڭ ئېگىكىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، كاللىسىنى ئالماقچى بولىۋىدى، مۇزەففەر:

— شەھرىيار، مەن سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزدا بولىمەن، — دېدى. ئەمىرخان ئۇنى قويۇپ بەردى. مۇزەففەر كەلىمە ئېيتىپ قورقۇنچىسىدىن ئېتىقادىنى توغرىلاپ، خىزمەت كەمىرىنى باغلىدى. ئەمىرخان يەنە لەئبەت بىلەن مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىبادەتكە تۇردى. بۇ چاغدا ئازغۇن مۇزەففەر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئەمىرخان بېشىنى سەجدىگە قويغاندا خەنجىرىنى ئۇنىڭغا ئۇردى. خەنجەر ئەمىرخاننىڭ بېشىغا تەگدى. قىز بۇنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ ناپاك يوغان بىر تاشنى ئېلىپ قىزغا ئاتقاندى، قىز تاشنىڭ ئاستىدا قالدى.

قىز تاشنىڭ ئاستىدا ئىمجان ئىدى. ئۇ ناپاك ئىككىسىنى ئۆلدى دەپ باغقا بېرىپ، باغنى خاراب قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئوردىسىغا قايتتى. ئۇ قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى مەلۇم قىلدى. ئەمدى ئەمىرخان بىلەن لەئبەت فەرەڭدىن نەچچە كەلىمە ئېشىتىڭ.

قازارە، بىرنەچچە دېھقان كېتىپ بېرىپ ئۇ باغنىڭ خاراب بولغانلىقىنى كۆردى. كۆچەتتىن بىرنەچچە تال ئېلىپ كېتەيلى دېيىشىپ، ئۇلاردىن بىر بوۋاي ئاۋۋال باغقا كىردى. ئۇنىڭ كۆزى بىر قامەتلىك يىگىتكە چۈشۈپ دىلى كۆيدى ۋە كۆچەتنى ئۇنىڭدىن سوراپ ئېلىپ كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. يەنە بىر دېھقان كىرىپ، تاشنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقان بىر خىل نالە ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇ يەرگە بېرىپ، تاشنىڭ ئاستىدا ياتقان قىزنى كۆرۈپ تاشنى ئېلىپ تاشلاپ، نازىنىن قىزنى يۆلەپ

ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇلار ئۇنى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، يارىسىنى تېڭىپ، دورا سۈرتۈپ ياتقۇزۇپ قويدى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر كەلىسا[1]دىن ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئەمىرخاننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، مۆھتەر ھىندانىدىن سورىدى. مۆھتەر ھىندانى ئەھۋالنى بايان قىلىشقىلا ئەمىر:

— بىز دۈشمەننىڭ ئالدىدا تۇرساق، ئوردىنى تاشلاپ قويۇپ ئەيش - ئىشرەت بىلەن بولامدىكەن كىشى، — دەپ مۆھتەر نەئىم بىلەن ھىندانىنى:

— ھەرقانداق يەردە بولسا ئەمىرخاننى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار تېزلىكتە چىمەنلىككە بېرىپ باغنىڭ خارابىنى كۆرۈپ، ئۇ يەردىكى خالايىقلاردىن ئەھۋالنى سورىغانىدى، ئۇلار ئەمىرخان بىلەن قىزنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇردى. ئىرادە بىلەن مۆھتەر نەئىملەر كەنتتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تۇساتتىن بىر بوۋاينى ئۇچراتتى ۋە ئۇنىڭدىن:

— قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپ سورىغانىدى، بوۋاي:

— بىر ئوغلۇم بار ئىدى، يارىلىنىپ قالدى تېۋىپ ئېلىپ كېلەي دەپ ماڭدىم، — دېدى. نەئىم، ئۇ ئەمىرخان بولمىسۇن يەنە دەپ ئويلاپ:

— مەن سىزگە ياردەم قىلىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ تېۋىپقا ئېلىپ بارايلى، — دېدى. بوۋاي ماقۇل بولدى. ئۇلار بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلدى. نەئىم ئەمىرخاننىڭ بۇ يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئەمىرخاننىڭ يارىسىنى يۇيۇپ سۈرتۈپ دورا تاڭدى. شۇندىن كېيىن ئون كۈن ئۆتكەندە ئەمىرخان كۆزىنى ئېچىپ، ئۇلارنى كۆرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

---

[1] كەلىسا — خرىستىئانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى.

— نەئىم، مېنىڭ مەشۇقۇمدىن خەۋەر ئالدىڭمۇ؟ — دېگەندى، مۇھتەر نەئىم:

— ئەي كاتتا ئەلپەرەس تاغ يۈتكەر باتۇر، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇپمۇ تېخىچە مەشۇقۇڭدىن لەۋ ئۈزمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

ئەمىرخان:

— جان دوستۇم نەئىم، ئىسكەندەرنىڭ بېشى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قىزنى سوراپ تاپقىن. ئەگەر ئۇنى تاپساڭ مىڭ ھەتتا تۈمەن پۇل دېسەڭمۇ بېرىمەن، قىز تېپىلسا، جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن، — دېدى. ئۇلار توخۇنىڭ تۇخۇمىنى ئىزدىگەندەك ئۆيمۇ ئۆي ئىزدەپ يۈردى. ئاخىرى ئۇلار بىر ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆينىڭ ئىچىدىن نالە ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۆيدىن يەنە كىمدۇر بىرسىنىڭ «سېنى بۇرادىرىڭ ئۆلتۈرمەكچى» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مۇھتەر نەئىم بىلەن ھىندانى ئۇ سەھرالىقنىڭ ئۆيىگە كىردى. مۇھتەر نەئىم بىلەن مۇھتەر ھىندانى قىزغا ئۆزىنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. قىز ھالسىزلانغان ھالدا يارا يۈزىنى تۇتۇپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. ئۇلار قىزنى ئېلىپ ئەمىرخان بار ئۆيگە كەلدى ۋە:

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئۆلتۈرۈشىمىزنىڭ ئەمدى پايدىسى يوق، — دەپ قىزنى ئېلىپ كەلگەنلىك خۇش خەۋەرنى ئەمىرخانغا يەتكۈزدى. دېھقان ئەمىرخاننىڭ ھايات ئىكەنلىك خەۋىرىنى قىزغا يەتكۈزگەندى، بىر مۇشتچىلىك ئالتۇننى دېھقانغا بەردى. نەئىملار بىرى قىزنى، يەنە بىرى ئەمىرخاننى كۆتۈرۈپ ئوردىغا كەلدى. ئىسكەندەرگە ئەمىرخاننىڭ خەۋىرىنى بەرگەندى، ئارستو بۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەمىرخان بىلەن قىزنىڭ يارىسىغا مەلھەم قويدى. ئۇلار ساقىيىپ ئەسلىگە كەلدى. ئەمىرخانغا ئىسكەندەر كۆپ نەسىھەت قىلدى. ئەمىرخان ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھامامىغا باردى.

ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇققا توي چېيى ئىچكۈزدى. ئوردىنى بېزەپ ئەمىرخانغا خاس تون كىيگۈزدى. ئەمىرخاننىڭ خىلۋەت خاسخانىسىنى ئەمىرنىڭ خاسخانىسىنىڭ باراۋىرىدە قىلدى. لەئبەت فەرەڭنى خاس خانقىزلار ياساندۇرۇپ، ئەمىرخاننىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق ۋىسال جامىدىن شادىمانلىق شەربىتىنى ئىچتى. ئۇ كېچىسى ئەمىرخاننىڭ كەمىرىدىن ئۇ دىلىستاننىڭ رەھىمىدە مۇھەممەد شىرزادنىڭ كېلىشكەن ۋۇجۇدى ئۆز ھامىلىدا بولدى. خالىسىڭىز، بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ قىسسىنى دوستلارنىڭ سەمىگە يەتكۈسى.

## ئون بەشىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ پەرزەنتى تىغۇر بىلەن مۇھتەر نەئىمنىڭ پەرزەنتى نەسىم ۋە نەسىمنىڭ مۇئەللىمگە ئەيىيار- لىق قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ فەرەڭ مەملىكىتىگە ماڭغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەمىرنىڭ سۇلتان تىغۇر ئاتلىق ئوغلى بىلەن فەتتەنەنىڭ نەسىم ئىسىملىك ئوغلى ۋە ئوبۇلقاسىم جاۋاھىر پۇرۇچلار ئىسكەندەرنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ مەكتەپكە باردى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بالا - قازادىن خالىي، خاتىرجەم ئوقۇۋاتاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە نەسىمنى شەيتان ئازدۇردى. ئۇ بىر ئاز شەيتانچۇك ئىدى، مۇئەللىم ئۇنىڭغا تەنبىھ بەردى.

بىر كۈنى نەسىم سۇلتان تىڭشۇرغا:

— بالانى ئەپەندىمنىڭ بېشىغا كەلتۈرەيكى، بۇ ئىشنى داستانچىلار تىللاردا داستان قىلىشسۇن، — دېدى. سۇلتان تىڭشۇر:

— نېمىنى ئويلىغان بولساڭ شۇنى قىلغىن، — دېدى. نەسىم ئەپەندىمگە ئازار بېرىشكە بەل باغلىدى.

بەس، بىر كۈنى نەسىم بازارغا بېرىپ، بىر قېرى سودىگەرنىڭ ئوخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. نەسىم ئاستا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆرە تۇردى. سودىگەر بوۋاي كۆزىنى ئاچتى. نەسىم:

— ئەي سودىگەر، — دېگەنىدى، سودىگەر — كىمدۇر ئۇ دەپ ئارقىغا قارىدى. بۇ چاغدا نەسىم بىردەستە سۆزىنى ئوغرىلاپ يولغا تاشلىدى. سودىگەر:

— ئەي ئانىسى تالاقىنىڭ ئوغلى، نەرسىلىرىمنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسەن؟ — دەپ توۋلىدى. نەسىم موللاق ئېتىپ ئۇ بىچارىنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتتى. سودىگەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقانىدى، نەسىم قېچىپ بىر خالتا كوچىغا كىرىپ قېلىپ تۇتۇلۇپ قالدى. نەسىم:

— خاتا ئىش قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىق قىلمايمەن، — دەپ بىر قولىنى قوينىغا تىقىپ، بىر سىقىم خاك (تۇپراق) ئېلىپ سودىگەرنىڭ كۆزىگە چاچتى. سودىگەر بىر ئازدىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزى مۇچ قۇيغاندەك كۆيۈپ ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ:

— ئەي هارامزادە، سەن جىنمۇ يا ئادەممۇ؟ ! — دەپ قارغاپ كەتتى. شۇ كۈنى مۇهتەر نەسىم ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. تاڭلا ئەتىسى ئۇ مەكتەپكە هەممىدىن بۇرۇن بېرىپ، مۇئەللىم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا خۇپىيانە يىڭنە سانجىپ قويدى. تالىپلاردىن بىر نەچچىسى كەلگەنىدى، مۇئەللىم ئۇلارنى بىر

كۈنلۈك قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇلار كەتتى. بىر ۋاقىتتا مۇئەللىم خانىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدى، قوڭغا يىڭنە سانجىلدى. بۇ چاغدا سىرتتا قاراپ تۇرغان نەسىم جىنىغا ئوخشاش سەكرەپ، مەكتەپخانىنىڭ تېمىغا ئۆزىنى ئاتتى. مۇئەللىم ۋارقىرىغانىدى، سۇلتان تىفۇر كۈلۈپ كەتتى. بىردەمدىلا بالىلار توپلاشتى. قان كۆپ ئاققانلىقتىن، مۇئەللىم بىھوش بولدى. نەسىم مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

— مۇئەللىم ئۆلۈپ قالدى،— دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. مۇئەللىمنىڭ خوتۇنى نالە - پەرياد قىلدى. مۇئەللىمنىڭ قېرىنداشلىرى كېلىپ يىغا - زارە قىلىشتى. مۇئەللىمنىڭ ئاخىرەتلىكلىرىنى ھازىرلىدى. نەسىم ئۆيىگە بېرىپ ئاپىسىغا:

— ھالۋىنى مۇئەللىم ئۈچۈن پىشۇردۇڭما، قوي ئەمدى. خالايىق ھەممىڭلارنى مۇئەللىمنىڭ ھازىسىغا چاقىرتىۋاتىدۇ،— دېدى. مۇئەللىمنى سۇغا ئالغاندا مۇئەللىم ھوشىغا كېلىپ ياتقان يېرىدىن قوپۇپ ئولتۇردى ھەمدە:

— مەن ئۆلمىدىم،— دېدى. مۇئەللىم،— يەنە: تۆۋا قىلدىم. ئەمدى مۇددەرىسلىك قىلمايمەن.

نەسىم تىفۇرنى ئۆيىگە چاقىرتىپ كېلىپ:

— ھازىر ئورۇش قىلىپ تىغ ۋە ئوقيا بىلەن جەڭ قىلىدىغان ۋاقىتتۇر. پەقەت تىغ كۆتۈرۈپ ئۆزگىلەر بىلەن جەڭ شادىيانىسىنى ياڭراتقاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزگە بەخت - سائادەت يارىتالايمىز. ئەمدى ئوقۇش كېرەككە كەلمەيدۇ. مەن ئۈچۈن ئاتاڭ — ئەمىرنىڭ ئالدىغا بارغىن،— دېدى. ئۇ ئوبۇلقاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مەقسىتىنى ئېيتتى ۋە ئۈچ ئايغىچە ئۇ شاھزادە ئات مىنىش، ئات چاپتۇرۇش، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلدى. ئاندىن كېيىن ئوبۇلقاسىم قىرىق مىڭ كىشىنى بېرىپ، نەسىمنى جابدۇپ ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا يولغا سالدى. بۇ ھەقتىكى قىسسىنى كېيىنكى قىسسىمىزدە ئىشىتكەيسىز.

## ئون ئالتىنچى قىسسە، بەلخ شاھىنىڭ ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، جەزابەر ئادىنىڭ بەلخ شاھقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكى، لەشكەرلەرنىڭ ئىسكەندەر-گە ياردەم بەرگىلى كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى شاھ ئالەم ئىسكەندەر بارگاھىدا ئولتۇرۇپ دىلاۋەر[1] لەر بىلەن خاسىيەتلىك ئىشلار ئۈستىدە سۆھبەتلىشىۋا-تاتتى، توساتتىن ئەتراپ - ئالەمدىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزاننىڭ ئىچىدىن سەككىز توغ - ئەلەم زاھىر بولدى. بۇ سەكسەن مىڭدەك كىشىدىن بىشارەت بېرەتتى. ئەلەمنىڭ ئالدىغا پەردە تارتىلغان بولۇپ، ئەلەمنىڭ سايىسىدە بەلخ شاھى ئەركەك پىلغا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇيرۇق قىلغاندى، جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە چالدى. ئىسكەندەرمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن دۇمباقنى زەپەر مارشىغا چېلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپ جىددىي جەڭ تەييارلىقىنى قىلدى. ئىسكەندەر ئەلەمگاھىنىڭ يېنىدا بىقارار بولدى. بەلخ شاھى ئۆزىنىڭ سارغايغان بايرىقى ئاستىدا قارار ئالدى. بەلخ

---

[1] دىلاۋەر ـــ يۈرەكلىك، باتۇر، قەھرىمان.

شاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى كەفىسەلسال، بىرىنىڭ ئېتى كەفى زەلزال، يەنە بىرىنىڭ ئېتى كەفىئادى ئىدى. كەفىسەلسال ئېتىغا مىنىپ مەيدانغا بىرىپ پالۋان چاقىردى.

بۇ تەرەپتىن شاھى ئالەم بىر پالۋانغا ئىشارەت قىلىپ:

— باتۇرلاردىن بىرى بېرىپ ئۇ لالما كۈچۈكنىڭ ئەدىپىنى بەرگەي، — دەپ بۇيرۇدى. تاغ يۆتكەر ئەمىرخان مەيدانغا چۈشۈشنىڭ رەسىم - قائىدىلىرىنى باتۇرلارچە ئورۇنداپ مەيدانغا مەردلەرچە كىردى. ئاندىن ئۇ ئازغۇنىنىڭ ئالدىنى توسىدى. بەلخ شاھى:

— بۇ يىگىت كىم؟ — دەپ جالىنۇستىن سورىغانىدى:

— بۇ ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىنىڭ سەرخىلى تاغ يۆتكەر ئەمىرخاندۇر، ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ھەركەردىسى، — دەپ جاۋاب بەردى. جالىنۇس بەلخ شاھى:

— بۇتلار ۋە كەسلا پەرزەنتىمگە يار بولىدۇ، ھازىرلا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ، — دېدى. مەيداندا كەفى سەلسال ئەمىرخان بىلەن نەيزىۋازلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ يىلانباشلىق نەيزىلىرى بېلىقتەك ئويىنىشاتتى. بۇ چاغدا كەفىسەلسال قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ ئەمىرخانغا ئۇردى. ئەمىرخان قامچىسى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئۇرغانىدى، قامچا كەفىسەلسالنىڭ قولىنى تىلدى بولغاي، قولىدىن قان ئاقتى، ئەمىرخان سەلسالنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى تارتىۋېلىپ چۆرىۋەتتى — دە، قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ كەفىسەلسالغا ئۇرغانىدى، سەلسال قالقان بىلەن شەمشەرنى توسىدى. شەمشەر قالقاندىن ئۆتۈپ بېشىغا ئۈچ ئىلىك پاتتى. بۇ چاغدا فەرەڭنىڭ قوشۇنى تەۋرىدى. جەڭ كەفىسەلسالنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ بولدى. تىنچلىق دۇمبىقى چېلىنىۋېدى، ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى جەڭدىن

يېنىپ ئارامگاھىغا قايتىشتى. كەچ كىردى. جەڭ دۇمباقلىرى ئىككى تەرەپتە چېلىنىپ تۇردى. ئەتىسى يەنە ئىككى تەرەپتە سەپ تۈزۈلدى. بۇ چاغدا جەزىرە تەرەپتىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئوتتۇز ئەلەم كۆرۈندى. بۇ ئوتتۇز مىڭ لەشكەردىن دېرەك بېرەتتى. خەۋەرچىلەر: «ئەلەمنىڭ ئاستىدا قاۋۇل كەركىدانغا مىنگەن، بۆرىنىڭ تېرىسىدىن تون كىيگەن، بېشىدىكى چىڭگىلىك چاچلىرى چۇۋۇلۇپ بېلىگىچە چۈشكەن، بورۇتى قۇلىقىدىن ئۆتۈپ تۇرغان پالۋان بەلخ شاھقا ياردەمگە كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى جەزابەر ئاد ئىمىش، دەپ بەلخ شاھىغا خەۋەر بەردى.

بەلخ شاھى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. بۇ چاغدا ئۇ تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، چاڭ - توزان ئارىسىدىن قىرىق ئەلەم كۆرۈندى. بۇ قىرىق مىڭ كىشىدىن نىشان ئىدى. ئەلەمنىڭ ئاستىدا، خىسرەۋخان موڭ، ئەمىرخاننىڭ خوتۇنىنىڭ ئاتىسى، ئەزەنفەر، مۇزەففەرلەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈنى جەڭ بولمىدى. كەچ كىرگەندە ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمباقلىرى چېلىندى. ئەتىسى بەلخ شاھى تەرەپتىن جەزابەرئاد ھايالسىزلا مەيدانغا كىرىپ پالۋان چاقىردى. ئىسكەندەر تەرەپتىن خىسرەۋخان ئىجازەت بىلەن مەيدانغا كىرىپ ئېلىشىپ ياردار بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇلغەزىل، شەددات، ئەمىرخانلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا چۈشۈپ ياردار بولدى. ئەييارلار ئۇلارنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا دەشتنىڭ ئېتىكىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، جۇل - جۇل يىرتىلغان ئوتتۇز ئەلەمنىڭ بەلگىسى كۆرۈندى. ئەلەمنىڭ سايىسىدە ئوتتۇز مىڭ نىقابلانغان كىشى يېتىپ كېلىپ، جەزابەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، دوست - دۇشمەنلىكنى مەلۇم قىلدى. جەزابەر نەيزىۋازلىقتىن كېيىن ھېچقانداق

پۇرسەت بەرمەي، قولىغا خەنجەر ئېلىپ نىقابدارنىڭ غول ئوتتۇرىسىغا ئۇرغانىدى، خەنجەر كاسىسىنىڭ پايىنكىدىن تۆت ئىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئورۇن ئالدى. ئېتى قان پۇرىقىدىن ئۈركۈپ نىقابدار بىلەن دەشت تەرەپكە قاچتى. بۇ ھەقتىكى قىسسىنى كېيىن ئىشتكەيسىز.

ئۇ تەرەپتىن تىنچلىق دۇمبىقى چېلىنىش بىلەن، ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى جەڭدىن قول يىغىپ ئارامگاھىغا ياندى. بەلخ شاھى ئالتۇن ـ كۈمۈش تىللالارنى كەلتۈرۈپ، جەزابەرنىڭ باش ـ ئايىغىدىن چاچقۇ قىلدى. بۇ چاغدا جەزابەر:

— تاڭلا مەيداندا خۇداپەرەسلەرنى تارمار قىلىپ ئەسىر قىلىمەن، — دەپ كۆرەڭلىدى.

ئەتىسى ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تارتىپ جەڭگە تەييارلاندى. بەلخ شاھ تەرەپتىن ھېلىقى جەزابەر ئاد پالۋان مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا دەشت تەرەپتىن ئوتتۇز ئەلەمنىڭ بەلگىسى بىلەن ئوتتۇز مىڭ كىشى ئەلەمنىڭ ئاستىدا نىقابلىق پالۋان يېتىپ كېلىپ جەزابەرنىڭ ساراسىمىنى ئالدى. نىقابدار ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولغانىدى، ئېتى جەزابەرنىڭ ئەپتىدىن ئۈركۈپ قاچقىلى تۇردى. نىقابدار ئېتىدىن چۈشۈپ قولىغا شەمشەر ئالدى. جەزابەرنىڭ ئېتىمۇ ئۈركىگىلى تۇردى. جەزابەر ئېتىدىن چۈشۈپ شۇ ئاچچىقىدا نىقابدارغا شەمشەر ئۇرغانىدى، شەمشەر دۇبۇلغىنى تېشىپ ئۆتۈپ بېشىغا يەتتى، لېكىن تىغ ياندى. چۈنكى ئۇ رۇيىنتەن بولغاچقا تىغ كار قىلمىغانىدى. بېشىدىكى چېچى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھالىدىن كەتتى. نىقابدار جەزابەرنىڭ پېيىگە چۈشتى. بىر پىيادە نىقابدارنىڭ ئېتىنى ئۇنىڭ يېنىغا يەتكۈزدى. جەزابەر نىقابدارنىڭ ئېتىنى مىنىۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئېتىنى قوغلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەي نىقابدار، ھىيلە بىلەن ئېتىمنى ھەيدىۋېتىپ

ئۆزۈڭ ئېتىڭنى مىنىۋاپسەن، لېكىن جېنىڭنى ئېلىپ كېتەلمەيسەن، — دەپ ۋارقىرىدى. جەزابەر نىقابدارنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ كۈن ئولتۇرغىچە ئېلىشتى. كەچ بولدى. بۇ ئىككى بۇقا قوللىرىنى بىر - بىرىنىڭ ياقىلىرىدىن بوشىتىپ، ئۆزىنىڭ ئارامگاھلىرىغا ياندى. ھېلىقى نىقابدار شۇ كېچىسى سىپاھلىرىنى باشلاپ ئۆز يولىغا كېتىپ قالدى. ئەمدى نىقابداردىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

قىسسە، ئۇ كۈنى ئات نىقابدارنى ئېلىپ مەيداندىن چىقىپ چېدىرىغا كەلدى. سىپاھلىرىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ جاڭگالدا يېتىشىۋالدى. نىقابدار سىپاھلىرىغا:

— مېنىڭ ئارقامدىن ھېچقانداق كىشى كەلمىسۇن، — دېدى. نىقابدار بىر جاڭگالغا كەلدى. ئارقىدىن پىيادىسى كېلىپ:

— شەھرىيار، قەيەرگە بارىسىز؟ دېدى.

نىقابدار ئارقىغا قاراپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ:

— ئەي تىجىمەل، توختا، ئاناڭنى تەرتىڭگە ئولتۇرغۇزماي يەنە، — دەپ ۋارقىرىغانىدى، پىيادە ئارقىغا ياندى. نىقابدار ئۆز - ئۆزىگە:

— بۇندىن كېيىن تىرىكلىك ماڭا ھارامدۇر، — دەپ نۇرغۇن تاشنى يىغىپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى دەرەخنىڭ شېخىغا چىگىپ، يەنە بىر ئۇچىنى بويىنىغا سېلىپ، تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پۇتى بىلەن تاشنى تەپكەنىدى، تاش يۇمۇلىنىپ ئۆزى ئېسىلىپ قالدى. سىرتماق بويىنىنى سىقتى. پۇت - قولىنى مىدىرلاتماقچى بولىۋىدى. قىمىرلىتالماي بىھوش بولدى. بىر ئازدىن كېيىن شەھرىيار ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئالتە قەدىرىيەنىڭ يېنىدا كۆردى. ئۇنىڭ تۇپراق بېشىدا ئۆلۈغلار ئولتۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ بىرسى ئادەم ئەلەيھىسسالام[62]، يەنە بىرسى ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللا مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا،

بىرى نوھ ئەلەيھىسسالام [63]، يەنە بىرى يەھيا ئەلەيھىسسالام [64]، يەنە بىرى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام [65] ئىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي پەرزەنتىم، نېمە ئۈچۈن ئۆز جېنىڭنىڭ قەستىنى ئۆزۈڭ قىلدىڭ؟ سەن مەجرۇھ بولغانىدىڭ. بىز ساڭا بەخش بەردۇق، — دېگەنىدى، ئۇنىڭ روھى جىسمىدا ھازىر بولدى. ئۇ پەيغەمبەرلەرنى كۆرۈپ سالام قىلىپ، ھەر بىرىنىڭ قولىنى سۆيدى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام:

— كەلگىن، ساڭا بىرنەرسە ھەدىيە قىلاي، — دېدى. نىقابدار:

— ئۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سورىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام:

— ئاياغ ئىزىمنىڭ توپىسى. بىر جام بار، ئۇنىڭغا بىر جۇملە ئىسمى ئەزەم نەقىشلەنگەن، ھەر ۋاقىت خالاپ جامغا سۇ قۇيۇپ، بۇ توپىنى ئۇنىڭغا سېلىپ، ئۇ كەلىمىنى ئوقۇساڭ، قانداق قىياپەتتە بولاي دېسەڭ شۇ قىياپەتتە بولالايسەن، — دېدى. پىيادە خۇشال بولۇپ بۇنىڭ ئۈچۈن تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇدى ھەمدە قولى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتەكلىرىنى تۇتۇپ:

— ئەي پەيغەمبەر، خۇش بولۇپ كېتەي، بۇ تاغنى تىللا قىلغىن، — دېگەنىدى، ئىبراھىم خەلىلۇللا:

— مېنىڭدىن قولۇڭنى تارتقىن، — دېدى. ئۇ نىقابدار پىيادە:

— تارتمايمەن، — دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەگەر تىللا بولسا ساڭا بەردۇق، ئۇ تاغقا قارىغىن، — ئۇ نىقابدار تاغ تىللا بولغان ئوخشايدۇ دەپ قارىغانىدى، ھەزرەتلەر غايىب بولدى. نىقابدار:

— ئەي ئەييار، كۆرگىن. تەمەگەرلىكىڭدىن پەيغەمبەرلەرمۇ قېچىپ كەتتى، — دېدى.

بەس، نىقابدار لەشكەرلىرى بىلەن ئوردىسىغا قايتىپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە يەنە بىر كونى جەزابەر ناپاك جەڭ مەيدانىغا قەدەم قويدى. بۇ تەرەپتىن نىقابدار نەيزىسىنى بىر تەرەپكە تاشلىۋېتىپ، جەزابەرنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ كۈچ بىلەن بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. نىقابدارنىڭ پىيادىسى چاقماقتەك تېزلىك بىلەن كېلىپ، جەزابەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پۇت - قولىنى باغلىدى.

فەرەڭ لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ جايىدىن تەۋرەپ كەتتى. ئۇ كونى كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ بولدى. كۈن ئولتۇرغاندا تىنچلىق دۇمبىقىنى چېلىپ، هەر قايسى تەرەپ ئۆز ئارامگاهىغا ياندى.

ئىسكەندەر، ئارستو، ئەمىرخانلار نىقابدارنىڭ ئالدىنى توسۇپ بارگاهقا ئېلىپ كەلدى. نىقابدارنىڭ پىيادىسى كېلىپ ئەمىرنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئىسكەندەر:

— ئەي جان پەرزەنتىم، ئېيتقىنا، كىمنىڭ گۈلىستانىدىن كەلگەنلىكىڭنى بىلەي،— دەپ نىقابدارنىڭ نىقابىنى تارتقانىدى. پىيادىسى ئالدىغا كېلىپ:

— شەهرىيار، بۇ سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز ۋە ئەركە تايچىقىڭىز سۇلتان تىفۇر بولىدۇ، نازۇك ئەندام بالىسى، گەردۇس شاهنىڭ قول ئاستىدىن، مەن قۇللىرى هەم سىزنىڭ خانزادىلىرى سۆيۈملۈك نەئىمنىڭ ئوغلى بولىمەن، فەتنەدىن تۇغۇلغان. ئېتىم نەسىم بولىدۇ،— دېگەنىدى، بارگاه ئەهلى نەسىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، هاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئەمىر پەرزەنتىنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. مۇهتەر نەئىم هەم نەسىمنى ئالدىغا تارتىپ يۈزىگە سۆيدى. سۆيگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ نەسىم ئەڭگۈشتىرىنى نەئىمنىڭ قولىدىن ئېلىۋالدى.

ئەلقىسسە، ئۇ كونى كېچە ئۆتۈپ، تاڭ ئاتتى. جەڭ

دۇمبىقىنى ئۇرغانىدى، بەلخ شاھى:

— نېمە ئىش يۈز بەردى؟ دەپ سورىدى. جالىنۇس:

— ھېلىقى نىقابدارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى تىفۇر ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. ئۇلارنى تۇتۇپ كېلەي، رۇخسەت قىلغىن، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى مەرزۇق شاھ بىلەن ئۇنىڭ ئەيياردىن ئىشتىڭ.

بىر كۈنى مەرزۇق شاھ بەرقكە:

— ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىرى ئارستونى تۇتۇپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كەلگىن، — دېگەنىدى، بەرق قوبۇل ئەڭگۈشتىرنى كۆزىگە قويۇپ تاشقىرىغا چىقتى. تۈن نىسبىدىن ئۆتكەندە، ئۇ قارا ئىتنىڭ تېرىسىنى كىيىپ، تىللا زەنجىرنى بويىنىغا ئېسىپ، توسۇقلاردىن ئۆتۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كىردى. ئۇ بارگاھنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ بېرىپ، شاملارنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىچىدىكىلەر ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى. ئارستو ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ قاراپ بېقىپ، يەنە خانىسىغا ماڭدى. بەرق ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئارقىسىدىن كەلدى. ئارستونىڭ مۇلازىملىرى ئۇ «ئىت» نى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا باغلانغان ئالتۇن زەنجىرگە كۆزى چۈشتى. ئۇ «ئىت» فەرەڭنىڭ ئىتلىرى ئىدى. بىرسى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى تۇتماقچى بولىۋىدى، ئىت ئۇ بىچارىنىڭ قورسىقىغا ئۇردى. ئۇ بىچارە يارىلىنىپ يىقىلدى، لېكىن ئىتقا ھېچكىم پەسەنت قىلمىدى. بىرسى يىراقتىن ھاۋاغا نان تاشلاپ بەرگەنىدى، ئىت سەكرەپ بېرىپ ھاۋادىن ناننى تۇتىۋېلىپ يېدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىتنى بىرئاز ئۆگىتىپ، ئىتنىڭ بويىنىدىكى زەنجىرنىڭ ئۇچىدىكى ئالتۇن قوزۇقنى بارگاھنىڭ ئىشىكىگە قاقماقچى. بىرھازادىن كېيىن مۇلازىملار ئۇخلاپ قالدى. بەرق ئىت تېرىسىدىن چىقىپ، چېدىرغا كىرىپ ئارستونى بىھوش

قىلىپ، پەردە ـ گىلەمگە ئوراپ بەدەر قاچتى.

تاڭ ئاتتى. بەرق فەرەڭگى مەرزۇق شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پەردە ـ گىلەمنى ئاچقانىدى، مەرزۇق شاھ ئۇنىڭغا تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئوقۇپ:

ــ ئەي بەرق، ئارستونى ئوبدان ساقلىغىن، تاكى ئىسكەندەرنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغۇچە، ــ دېدى. بەرق ئارستونى قەپەزگە سېلىپ، تۆت كوچىغا ئېلىپ بېرىپ ئېسىپ قويدى. قىزىققان ئەيىيارلارنى قاراۋۇللۇقا قويدى.

ئۇ تەرەپتىن تاڭ ئاتقاندا، «بۈگۈن كېچە ئارستونى ئازغۇنلارنىڭ ئەيىيارلىرى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ» دەپ ئارستونىڭ خانىسىنىڭ ئەتراپىدا غەۋغا كۆتۈرۈلدى. ئىسكەندەر ئەيىيارلارنى چاقىرىپ:

ــ مۇھتەر مەھمۇد، مۇھتەر ھىندانى، مۇھتەر نەئىملار بېرىپ، ئارستونى قۇتقۇزسۇن، ــ دەپ ئەمىر قىلدى. شۇ ھامان مۇھتەر نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ شەھرىيار، ھۇزۇرىڭلاردا ئەيىيارلار تولا، بۇ ئەيىيارلارغا بىر سەركەردە زۆرۈر. ھەرقانداق كىشى ئارستونى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەلسە، ھەممە ئەيىيارلار ئۇ ئەيىيارلارنىڭ قولىقىغا باتۇرلۇق ھالقىسىنى سالسۇن ۋە ئۇ ھەممە ئەيىيارلارغا سەركەردە بولسۇن، ــ دېگەنىدى. ئىسكەندەر ئاپىرىن ئېيتىپ:

ــ ھەر قانداق كىشى ئارستونى قۇتقۇزۇپ كەلسە، ھوقۇقدارنىڭ ئورنىدا دۆلەتنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ بېشىغا تاج كىيسۇن، ــ دېدى. ئەيىيارلار ھەم قوبۇل قىلىپ ئارستونى قۇتقۇزۇشقا ماڭدى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئەمىر قىلغانىدى، جەزابەر ئادنى تاغدىكى زىنداندىن ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر:

ــ ئەي جەزابەر، كەلگىن، مېنىڭ ئېتىقادىمدا بولغىن. بىز ئىككىمىز بىر ئېتىقادتا بولايلى، ــ دېگەنىدى، جەزابەر

ئاد:

— مەن ھەرگىز بۇت پەرەسلىكنى تەرك قىلمايمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— بۇ ناپاك روينتەننى خۇددى مۇنۇ شېشىنى چاققاندەك چاقىاق بولغۇدەك، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ جەزابەرنى چاپماقچى بولغانىدى، توساتتىنلا غايىبتىن بىر قول پەيدا بولۇپ، جەزابەرنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ: «مەرجان جادۇنىڭ بېشى تېنىدىلا سالامەت بولسا ھېچقانداق كىشى جەزابەرگە تىغ ـ دەستە سالالمايدۇ» دەپ ۋارقىراپ ھاۋاغا ئېلىپ بەدەر كەتتى. ئەمدى ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىدىن نەچچە كەلىمە ئىشتىڭ.

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، قەبىسىيە شەھىرى مەرزۇق شاھنىڭ پايتەختى ئىدى. ئەييارلار ئۇ يەرگە بېرىپ بىر خارابە ھاممامغا كىردى. بۇ چاغدا خەۋەرچى مەرزۇق شاھقا:

— بىر ھېكىم خۇدا پەرەسلەرنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ دەرگاھىمىزغا كەپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. مەرزۇق شاھ ئۇنىڭغا كۆرۈنۈش قىلدى. ئۇ ھېكىم جالىنۇس ئىدى. جالىنۇس كىردى. مەرزۇق شاھ بەلخ شاھنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى، جالىنۇس بەلخ شاھنىڭ ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. مەرزۇق شاھ جالىنۇسنى ئوبدان مەنسەپكە بۇيرۇدى.

ئۇ تەرەپتە نەسىم ئەييار ئۆزىنى بىر قېرى كىشى سۈرىتىدە قىلىپ، بىر باغلام يانتاقنى ئۆشنىسىگە يۈدۈپ، بىر پۇتىغا چورۇق، بىر پۇتىغا چۆپنى ئوراپ، بېشىغا يىرتىق بۆك كىيىپ، قاسماق، سەرگەردان ھالەتتە مۇنچا تەرەپتىن چىقىپ، ئۇ يەردىن سەراش فەرەڭنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ ئۇستاتلىق بىلەن:

— قورسىقىمغا بىر ئاز تائام بەرسىڭىز، بىر نەرسە يېمىگىلى ھەپتە كۈن بولدى، — دېگەندى. دۇكان خوجايىنى:

— تىلەمچىلىكنى قويغىن، دۇكانغا كىرگىن، — دېدى. نەسىم يانتاقنى قويۇپ دۇكانغا كىرىپ:

— ئۇنداق بولسا تائام بېرىڭ، — دېدى. خوجايىن تائام تەييارلاۋاتاتتى. نەسىم ئۇنىڭ پۇل ساندۇقىنى ئوغرىلىۋالدى.

— غىزا يېگىن، — دەپ تاۋاقنى قويدى. لېكىن باشقا ئىشنى كۆرمىدى. دۇكاندىكى غەللە - ساندۇققا قارىغانىدى، پۇل يوق چىقتى. بىرئاز تاقەت قىلدى. بىراق نەسىمنى تاپالمىدى. مۇشۇ چاغدىلا خوجايىن تىلەمچىنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

نەسىم ئۇ پۇل ساندۇقىنى خارابە مۇنچىغا ئېلىپ باردى. ئاندىن نەسىم يەنە سودىگەر سۈرىتىدە ياسىنىپ، مەخمەل چاپان كىيىپ، قىرىق ئالۋان ئاچقۇچىنى كىيىمىگە ئېسىپ، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىمالال ئۆتۈپ تۆت كوچىغا كەلدى. ئۇ يەردە جاۋاھىر پۇرۇشنىڭ دۇكىنى بار ئىدى. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ، بەرقىنىڭ بىر ئورۇندا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئەييارلارنىڭ قاتارىدا ئولتۇراتتى. نەسىم جاۋاھىرپۇرۇشقا قاراپ:

— ئوبدان جاۋاھىر بولسا كۆرسەتكىن، — دېگەنىدى، جاۋاھىرپۇرۇش يەتتە دانە جاۋاھىرنى پاختىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كېلىپ نەسىمنىڭ قولىغا بېرىپ:

— بۇ جاۋاھىر ئانچە ياخشى ئەمەس، — دېدى. نەسىم:

— ئوبدىنىنى كۆرسىتىڭ، — دېدى. جاۋاھىرپۇرۇش يەنە ئۈچ دانە جاۋاھىرنى كۆرسەتتى. نەسىم ئون يەتتە جاۋاھىرنىڭ پۇلىنى بېرىپ:

— قالغىنىنى ئەتە بېرىمەن، — دەپ ئولتۇرغانىدى، جاۋاھىرپۇرۇش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەر تىكىۋەتتى. جاۋاھىر پۇرۇش ئۆيىدىن چىقىپ قارىغانىدى، ئۇ سودىگەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. خىيال قىلىپ، ئۇ سودىگەر ئوغرى ئىكەن دەپ ئويلاپ، دەرھال بەرقىنىڭ يېنىغا

بېرىپ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ:

— سەن بۇ جايدا قاراپ ئولتۇرۇپ مالنى ئالدامچىغا ئالدۇرۇپسەن. ئۇ شۇنچە كۆپ جاۋاھىرنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەمدى مەن مېلىمنى سەندىن ئالىمەن، — دېدى. بۇ چاغدا ئاشپەز كېلىپ ئەھۋالنى سۆزلىگەندى، بەرق:

— ئۇ دۇز ئەيىارنى ئېلىپ كېلەي، سىزلەر ھازىرچە كېتىپ تۇرىڭىزلار، — دەپ ئۇ ئوغرىنى ئىزدىگىلى تۇردى. ئاخىرى ئۇ نەسىمنى تاپتى. نەسىم بىر تىجارەتچى سىياقىدا كۆرۈندى. بىراق بەرق نەسىمنى ئەيىارغا ئوخشاش كۆردى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن نېمە ئادەم؟

— سودىگەر بولىمەن.

— ئۆيۈڭ نەدە؟

— كارۋان سارىيىدا.

— باشلاپ بارغىن، ئۆيۈڭنى كۆرىمەن.

نەسىم ئالدىدا ماڭدى، ئەمما كارۋان سارىيىنى بىلمەيتتى. تاسادىپەن ئالدىدا بىر كارۋان سارىيى كۆرۈندى. ئۇ يەرگە بېرىپ قاراپ بىر ھۇجرىنىڭ سولاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. «بۇنى قانداق قىلىپ ئاچقۇلۇق» دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى - دە، دەرھال پېشىدىن بىر ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. بەرق قاراپ ئۆيدە چىرايلىق رومال، ئوبدان سەللە، ئېسىل كىيىملەر بارلىقىنى كۆردى. بۇ چاغدا نەسىم دەرھال ئىككى توپ رومالنى بەرقنىڭ قولىغا بەردى. بەرق خاتىرجەم بولۇپ چىقىپ كەتتى. نەسىم سودىگەرنىڭ ساندۇقىنى، جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ مېلىنى ئېلىپ بەدەر تىكىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھۇجرىنىڭ ئىگىسى كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ، جاۋاھىر ساندۇقى بىلەن بىرمۇنچە روماللارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، يىغلاپ - قاقشاپ

شاھقا ئەرز قىلدى. مەرزۇق شاھ بەرقنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى تېپىڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. جالىنۇس:

— ھەر قاچان بۇ يەرگە ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى كەلگەن، — دېدى. ئۇ نەسىمنى تېخى ئېنىق كۆرمىگەن، لېكىن ئۇنىڭ قاپقىنىغا كۆپ چۈشكەنىدى. جالىنۇس رەملىگە بىرنەچچە قېتىم قاراپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ رەقىبى نەسىم ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى ۋە:

— ئەگەر بۇ ئەييارنى تۇتىۋالسام ئۇنىڭ قېنىنى تۆكىمەن، — دېدى. ئۇ تەرەپتە نەسىم ئەييارلارنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، تاماشا قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بۇگۈن كېچە ئارستونى قۇتقۇزايلى، — دەپ قويۇپ مۇنچىغا باردى. كەچ كىردى.

ئۇچىنچى قېتىم تەك - تەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار تۆت كوچىغا بېرىپ بىر تەرەپتىن شام - چىراغلارغا تاش ئېتىپ چىراغلارنى ۋەيران قىلىۋېتىپ بەدەر تىكىۋەتتى. بەرق پالۋانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. نەسىم بىر دۇكانغا كىرىپ قاراڭغۇدا يوشۇرۇنىۋالغانىدى، بەرق ئۇلارنى تاپالماي باتۇرلىرى بىلەن قايتىپ كەتتى. بۇ چاغدا نەسىملەر تۆت كوچىنىڭ خىلۋەت قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئارستونى قۇتقۇزماقچى بولىۋىدى، بەرق بىلەن ئەييارلار پەيدا بولۇپ: «نېمىشقا ۋارقىرايسىلەر؟» دېدى. نەسىم بۇنى ئاڭلاپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئەييارلار ھەرقانچە يۈگۈرۈپمۇ نەسىمگە يېتىشەلمىدى.

تاڭ ئاتتى. نەسىم يەنە بىر قاراۋۇل سۈرىتىدە ياسىنىپ تۆت كوچىغا كەلدى. بەرق بۇنى كۆرۈپ «ئاجايىپ باتۇر ھەبەش ئىكەن» دەپ ئۇنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە تۇتتى.

بەرق:

— بىرئازدىن كېيىن مىنىڭ كىيىملىرىمنى كۆتۈرۈپ مۇنچىغا ئېلىپ بارغىن. مەن مۇنچىغا كىرىمەن، — دېگەنىدى، نەسىم رەختىنى (لۆڭگە) كۆتۈرۈپ بىر تەرەپكە بەدەر كەتتى. بەرق مۇنچىدىكىلەردىن:

— بىر قارا غۇلام كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى، ھېچقانداق كىشى بىلمىدى. بەرق ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەييارلىرىدىن بىرنى ئەۋەتىپ ئۆيدىن كىيىم كەلتۈردى. بەرق مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇندى. ئەمما نەسىم ئۇ كىيىملەرنى مۇنچىنىڭ خارابىسىغا ئېلىپ بېرىپ كۆمۈپ قويۇپ يەنە مۇنچىغا كەلدى. نەسىم مۇنچىغا كېلىپ مۇنچىنىڭ خوجايىنىنى بىھوش دورىسى بىلەن بىھوش قىلىپ، مۇنچىنىڭ خوجايىنى سۈرىتىدە ياسىنىپ بەرقنىڭ كىيىملىرىنى يەنە ئېلىپ كەتتى. بەرق مۇنچىدىن چىقىپ مۇنچا خوجايىنىنى تاپالماي، يەنە بىر قېتىم ئۆيىگە كىشى ئەۋەتىپ كىيىم ئەكەلدۈرۈپ كىيىپ تۆت كوچىغا كەلدى.

كەچ كىردى. نەسىم ئەييارلار بىلەن كېلىپ ھەر بىرسى بىردىن تاشنى ئېلىپ مەشئەل - چىراغقا ئاتتى. بەرق ئەييارلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى. نەسىم مەيداننىڭ خالىي قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئارستو تۇرغان قەپەزنى خەنجىرى بىلەن كېسىپ تاشلاپ، ئارستونى كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى، بەرق ئەييارلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. نەسىم ئۇلارنى كۆرۈپ قويۇندەكلا بىر تەرەپكە كېتىپ قالدى. بەرق فەرەڭگى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايتتى. دەرۋەقە نەسىم بىرخالتا كوچىغا كىرىپ قالدى. بۇ ھەيرانلىقتا تۇرغاندا ئالدىدا بىر ئىشىك ئېچىلدى. بىر كىشى:

— ئەي نەسىم، دەرھال ئۆيگە كىرگىن، — دېدى. نەسىم ئۆيگە كىردى. ئۇ كىشى ئىشىكنى تاقىدى. ئاندىن كېيىن بەرق

يېتىپ كەلدى، لېكىن بۇ يەردە ھېچقانداق كىشىنى تاپالمىدى، ئاخىرى ئۇ قايتىپ كەتتى. نەسىم ئۆيگە كىرىپ بىر بوۋاينىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئون تۆت ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى. ئۇ كىشى نەسىمگە كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى. نەسىم:

— ئەي بوۋاي، سىلى كىم بولىدىلا؟ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك «مېھرىبانلىق» قىلىدىلا؟ — دەپ سورىغانىدى، بوۋاي:

— مېنى ھىرز قەلەمزەن ئاتا دەپ ئاتايدۇ. جالىنۇس بۇ شەھەرگە كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن مېنى مەرزۇق شاھنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈرىۋەتتى. بۇنىڭدىن نەچچە كۈن ئىلگىرى ئىبراھىم خەلىلۇللانى چۈشۈمدە كۆردۈم، ئۇ مېنىڭ ئېتىقادىمغا يول كۆرسەتتى. ئۇ ماڭا: «بىر كېچىسى نەسىم ئەييار بۇ يەرگە ئارستونى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا مەدەت بەرگىن» دېدى. مۇشۇ ۋەجىدىن مەن ساڭا ياردەم بەردىم. ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئوغلۇم ئەقلىمۇنى بىللە ئېلىپ بېرىپ ئىسكەندەرگە ئېيتساڭ، تۆھپەمنى كارامەت قىلسا، — دېدى. مۇھتەر نەسىم ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ كېچىسى ئارستو بىلەن ئەقلىمۇنى ئېلىپ دەرۋازىغا كەلدى. دەرۋازىۋەن ئوخلاۋاتاتتى. بىھوش دورىسىنى ئۇنىڭ دىمىغىغا سۈرتۈپ، دەرۋازىۋەننى بىھوش قىلىپ قويۇپ دەرۋازىنى ئېچىپ ئوردا تەرەپكە ماڭدى.

تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى ئارستونى نەسىم ئېلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. ئەييارلار ھەم ئەمىرنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئەمىر ئارستونى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، مەملىكەتنىڭ تاجىسى بىلەن تەختى ـ راۋىنىنى نەسىمگە بەردى. ئەقلىمۇنى خەزىنىچى قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن نەسىھەت قىلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئون يەتتىنچى قىسسە، بەرق فەرەڭنىڭ ئىسكەندەرنى ئىسھاق بىننى ئەلۋەسنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئىسھاق بىننى ئەلۋەسنىڭ ئىسكەندەرنى زەنجىر بىلەن باغلاپ، ھاجى تۇرخان تەرەپكە ئېلىپ بارغانلىقى

ئەلقىسسە، سۆز ئۈنچىلىرىنى تىزىپ، رىۋايەت قىلغۇچى ھېكىملەر مەزكۇر قىسسىنى «ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئاۋۋالقى جىلدىدا مۇنداق رىۋايەت قىلغانكى، ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئەلۋەس شىرنىقابداردىن ياردار بولۇپ، لەشكەرلىرى شىكەستە يەپ، قېچىپ بىر مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن، ئۇمەراغا:

— بۇ يەردە ئوبدان مەسلىھەتلىشەيلى،— دەپ شۇ يەردە قارار ئالدى. ئىسھاق بىننى ئەلۋەس بەرق فەرەڭنىڭ قەسرىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىپ:

— ئەي سەردار، ئەگەر ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا بېرىپ، ئىسكەندەرنى پاراسەت بىلەن ئالدىمغا ئېلىپ كەلسەڭ، ئون مىڭ تۈمەن بېرەي،— دېگەندى، بەرق فەرەڭ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ راۋان بولدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېقىن كېلىپ، ئىتتىنىڭ تېرىسىگە ئورىلىۋېلىپ سەۋرى قىلىپ تۇردى. كەچ بولدى. ساراي خوجايىنى ئالماس بىلەن پۇقرالار مەيزاپخانىغا كىرىپ ئۆز ھۇجرىلىرىدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، بەزىلىرى مەي ئىچىشكە مەشغۇل ئىدى. بەرق ئاتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ھەممە يەرگە سەپسېلىپ قاراپ يۈرۈپ

ئوردىغا كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ خانىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا بېرىپ پەردىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. چېدىرنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. بەرق ئىسكەندەرنىڭ بۇرنىغا بىھوش دورىسىنى سۈركەپ بىھوش قىلىپ، ئىسكەندەرنى پەردە - گىلەمگە ئوراپ كۆتۈرۈپ، كەلگەن يولى بىلەن راۋان بولدى.

بەرق تۈن نىسبى بولغاندا ئىسكەندەرنى ئىسھاق بىننى ئەلۋەسنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ يەردە قويدى. ئىسھاق ئىسكەندەرنى هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، لەشكەرلىرى بىلەن هاجى تۇرخان تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتە جالىنۇس رەملىگە قاراپ، ئىسكەندەرنىڭ ئىسھاق بىننى ئەلۋەسنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن جالىنۇس پەرۋاز قىلىپ، هاجى تۇرخاننىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەلۋەسكە:

— بىر هېكىم خۇداپەرەسلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ كەپتۇ، سىلى بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ، — دېگەن خەۋەر يەتتى. ئەلۋەس كۆرۈنۈش بەردى. جالىنۇس كىرىپ ئەلۋەسكە ئىسكەندەرنىڭ نۇرغۇن شىكايىتىنى قىلغانىدى. ئەلۋەس هېكىمگە (جالىنۇسقا) خېرىدارلىق قىلىپ زىياپەتكە ئولتۇردى. تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدىن «ئىسكەندەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ»، دەپ پەرياد - پىغانلار كۆتۈرۈلدى. سۇلتان تىغۇر پالۋانلارنى چاقىرتىپ:

— قاراڭلار، شاهىنشاهنى كىم ئېلىپ كەتكەندۇ؟ — دېدى.

ئەييارلار ئىسكەندەرنى ئىزدەپ هەر تەرەپكە ماڭدى. بىر ئازدىن كېيىن نەسىم:

— ئەمىرنى ئىسھاق بىننى ئەلۋەس هاجى تۇرخان تەرەپكە ئېلىپ كېتىپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى، ئارستو

شاھزادىگە قاراپ:

— ھازىر سەن ئەمىر كەلگۈچە لەشكەرلەرگە سەردار بولغىن، — دېدى. تىغۇر، ئارستوننىڭ پەرمانى بىلەن تەختنىڭ يەتتىنچى پەلەمپىيدە ئولتۇردى. لەشكەرلەر شۇ ھامان ھاجى تۇرخان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئىسھاق ئىسكەندەرنى بىر خېچىر ھارۋىسىغا سېلىپ ھاجى تۇرخان شەھىرىگە يېتىپ بارغانىدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئون سەككىزىنچى قىسسە، بەلخ شاھىنىڭ مىكىر قىلىپ، ئىسكەندەرنى ھوشەڭنىڭ تىلسىمغا تاشلىغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى بەلخ شاھى ئىسكەندەرگە:

— يېقىن ئەتراپتا بىر تاغ بار. ئۇ تاغ شىكار قىلىشقا باب كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇ يەر خۇش ھاۋالىق. ئۇ تاغدىن ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر مەيلىڭىز بولسا، بېرىپ ئوبدان بىر تاماشا قىلايلى، — دېگەنىدى، ئەمىر:

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دەپ باشقا بىر كۈنى بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى.

ئۇلار ئۇ يەرنى كۆرۈش ئۈچۈن شىكارگاھقا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە بېرىپ تاغنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپ ۋارقىرىغانىدى، ئاۋاز

تاغ ـ ئورمانلارغا يەتتى. ئەمىر ئىتىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ بىر تاغنىڭ ئىتىكىگە باردى. ئۇ يەردە بىر غارنى كۆردى. ئۇ غاردىن بىر دىۋە چىقىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئەگەر مەرد بولساڭ ئالدىغا ماڭغىن، — دەپ نەرە تارتتى. بۇ چاغدا سۇلتان تىغۇر پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. دىۋە ئۇنىڭ ياقىسىنى ئىلىپ غارغا ئىلىپ كىرىپ كەتتى. ئىسكەندەر ئاھ ئۇرۇپ قالدى. ئەمىرخان ①

.................... غارنىڭ ئالدىغا بارغانىدى، ئۇنىمۇ غارغا ئىلىپ كىرىپ كەتتى. ئارقىدىن سۇلتان تىغۇر غارغا كىرىپ كىتىپ چىقمىدى. ئەمىرخان، شەددات، خىسرەۋخان، كىيارود، ئەزەنغەر، مۇزەفەر، ئەبۇلفەزىل، باغدادى، يەلتاپان سەئىدان قاتارلىق ئالاھەزەل يىگىرمە تۆت نەپەر باتۇرنىڭ ھەممىسى غارغا كىرىپ كىتىپ تاشقىرىغا چىقمىدى. بۇ ھالدا ئىسكەندەر نەسىمگە:

— بۇ يەردە مىنى ئۈچ كۈنگىچە ساقلىغىن، ئەگەر مەن چىقمىسام، ئۇ چاغدا نامىنى ئارستوغا بەرگىن، ئاندىن قەيەرگە بىرىشنى خالىساڭلار، شۇ يەرگە بىرىش ئىختىيارىڭلاردا، — دەپ نامە يازدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى غارغا قاراپ ماڭدى. نەسىم بىر چەتتە ئولتۇردى. ئارغۇن بەلخ شاھى ئىسكەندەرنىڭ غارغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئوغۇللىرى كەفى سەلسال بىلەن كەفى خەلخال ۋە ۋەزىرى بىلەن لەشكەر باشلاپ بىرىپ بىنگال شەھىرىنى ئىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىنى يوقىتىمەن، ئىسكەندەر ئۇ يەردىن ھازىرچە چىقالمايدۇ، دەپ كۆرەڭلەپ، ئورنىدىن قوزغىلىپ بىنگال تەرەپكە ماڭدى. چۈنكى كىچە قاراڭغۇ ئىدى، مەشئەل بىلەن

---

① قولىيازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا ئىبنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م، بويىنىڭ ئىگىزلىكى 18س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئىھتىمال.

يولنى يورۇتۇپ تاغ ئىچىگە يېتىپ باردى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ شۇۋرغان پەيدا بولدى. بەلخ شاھىنىڭ ۋەزىرى:

— ئۇ تەرەپتىكى غارغا بارايلى، غار ئۇ تاغنىڭ ئارىسىدا، ئۇ يەردە تۈنەپ تاڭ ئاتقاندا ماڭايلى، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر تىلسىملىق غارغا كىردى. شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، بەجايىكى ئازغۇنلارنىڭ كۆڭلىدەك زۇلمەت ئىدى. ئىسكەندەر قاراڭغۇدا كېتىپ باراتتى. بىر جايدىن يورۇقلۇقنى كۆردى. بېرىپ ئۇ يەردە بىر بوۋاينىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئالدىدا چىراغنى قويۇپ، چىراغنىڭ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دېۋە بار ئىدى. دېۋە ئىسكەندەرنى كۆرۈپ نەرە تارتتى. بوۋاي:

— ئورنىڭدىن تۇرغىن، ئۇ تىلسىمنى سۇندۇرىدىغان ئادەمدۇر، — دېدى. دېۋە ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىسكەندەر شەمشەر بىلەن ئۇنىڭ بېلىگە بىر ئۇرغانىدى، دېۋە ئىككى پارە بولدى. شۇ ھامان ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى. بىر ئازدىن كېيىن گۈلدۈرماما پەسىيىپ، شۇۋرغانمۇ توختىدى.

بۇ چاغدا ئىسكەندەر كۆزىنى ئېچىپ بىر باغنى كۆردى. ئۇ باغدا گۈل - گىياھلار بولۇپ، باغنىڭ ئىچىدە بىر قەسىرنى كۆردى. بىر نەچچە قىزلار ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ مەي ئىچىۋاتاتتى. ئەمىر قەسىرگە يېقىن كەلدى. قۇلىقىغا خۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. خانقىز سورۇننىڭ تۆرىدە ئولتۇراتتى. ئىسكەندەر ئولتۇراي دەپ ئالدىغا بارغانىدى، قىز ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئەجەب ئوبدان كەلدىڭ، — دېدى.

ئىسكەندەر شەمشەر بىلەن ئۇنىڭ بېلىگە ئۇرۇپ نازۇك تېنىنى قەلەمچە قىلدى. بۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاققاندىن

كېيىن يەر ـ جاھان يورۇپ كەتتى. ئىسكەندەر ئەتراپقا قارىغانىدى، باغمۇ، قەسىرمۇ كۆرۈنمىدى. ئەمما بىر كارۋان سارىيى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن قورقۇنچلۇق، سېرىق چاچلىق، قارا كۆزلۈك جىن① غا ئوخشاش تائىپە پەيدا بولۇپ:

— تىلسىمنىڭ ئىشىكىنى سۇندۇرغىنىڭغا مۇبارەك بولسۇن، — دېدى. ئۇلۇغلاردىن، ئەمىرخان، سۇلتان تىفۇر ۋە باشقا باتۇر ـ سەردارلارمۇ پەيدا بولدى. تىلسىملىق غاردا بىر مۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىرلار بار ئىدى. ئەمىر ئۇنىڭدىن ئېلىپ يولىغا راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىدە، كەيۋان شاھنىڭ ئوردىسىدىن نەچچە كەلىمە ئىشتىڭ......

②.........................................

قىسسە، رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، ئارستو ئارامگاھىدا ئولتۇراتتى. مۇھتەر نەئىم:

— ئەي ئارستو ئولتۇرىسىزغۇ؟ ئەلۋەس ئۇستا سەكسەن مىڭ لەشكىرى بىلەن ھەشەتتۇرخان تەرەپتىن جەڭ قىلىشقا كەپتۇ، — دېدى. ئارستو خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئەتىسى باياۋان تەرەپتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، ئەلۋەس باشلىق ھەشەتتۇر خاننىڭ لەشكەرلىرى جەڭ دۇمبىقىنى

---

① جىن — ئىسلام ئەقىدىسىدە ياۋۇز روھلار. ئىسلامغىچە ئەرەبلەر ئىچىدە قىياپەتسىز ئىلاھلار ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار مەۋجۇت بولۇپ مەككىلىكلەر ئۇلارنى ئاللاغا يېقىن، ئاللا بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ، دەپ قارىغان ھەم ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغان، ئۇلاردىن ياردەم سورىغان. ئىسلام رىۋايەتلىرىگە كۆرە، جىنلار ساپ ئوتتىن يارىتىلغان بولۇپ، ھەرخىل شەكىللەردە نامايان بولالايدىغان ۋە ھەرقانداق بۇيرۇقلارنى ئورۇنلىيالايدىغان روھدۇر. خەلق ئارىسىدا جىنلار ھەققىدە كۆپلىگەن ئەپسانە، رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ، ئۇلار خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە كەڭ ئورۇن ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتىقادىدا، جىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، چۆل ـ باياۋاندا، خارابىلىقلاردا، غارلاردا، كونا تۈگمەنلەردە، ئورمان ۋە دەرەخزارلىقلاردا ياشايدىغان، كىشىلەرگە ھەرخىل قىياپەتلەردە كۆرۈنۈپ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان مەخلۇق سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بۇنداق تەسەۋۋۇرلار كىشىلەر ئېڭىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

② قوليازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18س م. بويىنىڭ ئېگىزلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

كەچكىچە چالدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تۈزدى. ئىسھاق بىننى ئەلۋەس مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئارستو ئوردىدا يالغۇز خىيال سۈرۈپ، ئىسھاقنىڭ ئىلاجىنى قىلىشنى ئويلاۋاتاتتى. تۇساتتىن كامالەتكە يەتكەن كۈچ - قۇدرەتنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە يەر - جاھاننى تىترىتىپ دەشت تەرىپىدىن چاڭ - توزان پەيدا بولدى. بىر ئازدىن كېيىن نىقابلانغان بىر كىشى چاڭ - توزان ئارىسىدىن چىقىپ، جازابەرنىڭ ئېتىغا مىنىپ قىرىق مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئىسھاقنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار بىر قەپەس نەيزىۋازلىق قىلىشقاندىن كېيىن نىقابدار قولىغا تىغنى ئېلىپ ئىسھاقنىڭ بېشىغا ئۇردى. تىغ دۇبۇلغىنى قەلەمچە قىلىپ ئۆتۈپ، ئىسھاقنىڭ بېشىغا تۆت ئىلىك ئورناشتى. ئىسھاق بەدىنىنى ئەپقاچقانىدى، تىغ جايىغا تەگمەي پىلىنىڭ بېشىغا تېگىپ ئىسھاق پىلدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئەلۋەسنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ھەشەتتۇرخاننىڭ لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغىلىپ ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. بۇ چاغدا نىقابدار ئۇ تائىپەنىڭ لەشكىرىنى تۇماردەك چىرماپ، ئەلەمدارنى قەلەمچە قىلدى. مەغلۇبىيەت تائىپىلەرگە يۈز تۇتتى. ئۇستاد ئەلۋەس ھەم ياردار بولۇپ ھەشەتتۇرخان تەرەپكە بەدەر تىكىۋەتتى. ئەمدى سۇلتان ساھىبقىراندىن بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

ساھىبقىران تىلىسىمنى سۇندۇرۇپ ئەتىسى ھەندان كېلىپ ئوردىنىڭ ئەھۋالىنى ئىسكەندەرگە مەلۇمات قىلدى. ئەمىر ئوردىغا قاراپ ماڭدى. ئەمىر ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. بىر جايغا يېتىپ كەلگەندە تاسادىپەن ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزىنى كۆردى ۋە نەسىمنى چاقىرىپ:

— بۇ تۇياق ئىزىنى كۆردۈڭمۇ؟ مەن قارىسام بىز تەرەپكە كېتىۋاتقان ئىز ئىكەن، — دېدى. مۇھتەر شۇ ئىزنى

قوغلاپ مېڭىپ تا غارنىڭ ئىشىكىگىچە يەتتى. ئەمىر ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باردى. ئۇلار غار ئىچىدىن بىر خىل ئاۋاز چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئەمىر غارنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى كۆتۈردى. ئۇ يەردە بەلخ شاھىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمىر:

— ئەي بەلخ شاھى، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى. ئۇ بېشىنى سېلىپ ھېچقانداق ئۈندىمەي تۇردى. ئەمىر يەنە:

— سىز مېنىڭ ھۆكۈمالىرىمنىڭ مىكرىدىن قورقۇپ سىر ساقلىغانىكەنسىز. سىزنىڭ ھىيلە - مىكرلىرىڭىزنى تەڭرى راۋا كۆرمىدى بولغاي، نەيرەڭلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بەربات بولدى، — دەپ ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇلار بىرمۇنچە مەنزىلنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر ئوت يورۇقىنى كۆردى. مۇھتەر نەسىمنى ئۇ ئىس - تۈتەك چىقىۋاتقان يەرگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى بۇيرىغانىدى، نەسىم ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇ يەردە بىر دىۋانە[1] ئورۇنلاشقانلىقىنى بىلدى. ئۇ مەززىلىك مەينى ئىچىپ، قولان گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇراتتى. دەرۋەقە ئۇ نەسىمنىڭ ئىتىنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. نەسىمگە قارىغانىدى، نەسىمنىڭ جېنى تۇيۇپ قاچتى. دىۋانە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ يېتىشەلمىدى. نەسىم ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۇ يەردە دىۋانە بار ئىكەن. مەن يېقىنلاپ بارغاندا مېنى تۇتۇپ كاۋاپ قىلغىلى تاس قالدى، — دېدى. ئەمىر:

— بىز ھازىرلا ئوردىغا بارايلى، ئوردىغا بارساق دىۋانىلەرنى تۇتۇش ئاسان، ئوردىدا قانداق خەۋەر بارلىقىنى بىر بىلەي، — دەپ ئوردىغا قايتتى. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە بەلخ شاھى ۋەزىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. ئەمما كەفى سەلسال بىلەن

---

[1] 1) دىۋانە — ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋلىيا، سوپى دەپ تونۇلغان كىشىلەر؛ 2) قەلەندەر، ئەقلىدىن ئاداشقان سارالڭ، ئەقلىدىن ئاداشقان ئاشىق.

كەفى زەلزال قايتىشقا ئۇنىمىدى. بەلخ شاھى شەھەرگە بېرىپ دەرۋازىلارنى ئېتىپ، خەندەكلەرگە سۇ قويۇپ جەڭگە تەييارلاندى. بۇ تەرەپتە ئىسكەندەر بەلخ شاھىنىڭ ئوغلانلىرى بىلەن ئوردىغا كەلدى. لەشكەر - سەركەردىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئەمىر بارگاھقا كىرىپ بىشارەت ناغرىسىنى سوقۇشقا بۇيرۇدى.

ئەتىسى ئىسكەندەر بەلخ شاھىنىڭ مىكىرلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كەفى سەلسال بىلەن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەسلىھەت قىلغانىدى، كەفى سەلسال:

— نېمە قىلىشنى مەنمۇ بىلمىدىم، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن، — دېدى. ئارستو:

— ماڭا يەتتە كۈن مۆھلەت بېرىڭ. بۇ شەھەرنى خاراب قىلاي. ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلاردۇر، — دەپ تۆت يۈز شاگىرتى بىلەن يەتتە كۈن ھىيلە قىلدى. تۆت مىڭ دانە پارتلاتقۇچ (دورا) ياساپ، ئۇ يەردىن بىنگال شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ، لەشكەرلەرنى خەندەك كولاشقا بۇيرۇدى. ئارستو خەندەك قازغۇچىلارغا:

— شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاپ پارتلاتقۇچلارنى كۆمۈڭلار، — دېدى. پارتلاتقۇچلار كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر بىر مەنزىل ئارقىسىغا چېكىنىپ بىر جايدا قاراپ تۇردى. نەسىم ھەر قېتىم بەلگە ئاۋازى ئاڭلانسا:

— ئوت قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەمما بەلخ شاھى ئىسكەندەرنىڭ بىر مەنزىل ئارقىغا چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ مەغرۇرلىنىپ، قەلئەنىڭ قاپتىلىدا پەشتاقنىڭ تۆپىدە ئولتۇردى. نەسىمنىڭ بەلگە ئاۋازى كەلگەن ھامان پىلتىگە ئوت قويغۇچىلار پارتلاتقۇچقا ئوت ياقتى. تۆت تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا پارتلىدى. شۇ چاغدا بەلخ شاھى دەرۋازىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغانىدى. پارتلاش ئاۋازى شەھەرگىچە ئاڭلاندى. تاكى يەتتە

كۆنگچە تاش - توپلار ئاسماندىن ياغدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر شەھەرگە ئوت قويۇپ ئوردىغا قەدەم قويدى.

## ئون توققۇزىنچى قىسسە، بەرق فەرەڭنىڭ ئىسكەندەرنى ئىسھاق بىننى ئەلۋەس ئۈچۈن زەنجىربىلەن باغلاپ، ھاجى تۇرخان تەرەپكە ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، گۈزەل قەمەررۇخ دەرۋازىنىڭ پەشتىقىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئەدەپلىك ئىسكەندەرگە چۈشۈپ، ئاشىق - بىقارار بولدى. ئۇ ئىسكەندەرنى ئۇ جايدىن ئېلىپ كەتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئاخىرى گۈزەلنىڭ دامىغا چۈشكەنلىك خەۋىرى مۈلكى ئەلۋەسكە يەتكەندى، ئۇ خۇشاللىق ناغرىسىنى شادىيانىگە چالدۇردى. رىۋايەتچىمىز مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، گۈزەل قەمەررۇخ ئىسكەندەرنىڭ قولىنى باغلاتقۇزۇپ ئەلۋەسنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئەلۋەس:

— ئەي دانىشمەن كىشى، قانداق قىلىپ بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىڭ؟ — دېگەندى، ئىسكەندەر ئۇندىمىدى ھەم بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى. ئەلۋەسنىڭ غەزىپى كېلىپ ئەمرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. جاللاتلار شۇ ھامان ئەمرىنى جادۇنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغۇزدى. ئەلۋەس:

— ئەي شەھرىيار، ئۆلتۈرۈش مېنىڭدىن، قۇتۇلۇش ئۆزۈڭدىن، — دېدى. ئەلۋەس ئىككىنچى قېتىم يەنە:

— بۇ بى دۆلەتنىڭ بېشىنى كەسكىن، — دېگەنىدى، جاللات قىلىچىنى ئۇرۇشقا كۆتۈرۈۋىدى، بۇ چاغدا ئەييارلارنىڭ سەردارى نەسىم پەيدا بولدى. ئۇ جاللاتنىڭ ئەمرگە تىغ سالماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، تاشنى پالاققا سېلىپ جاللاتنىڭ پېشانىسىنى چەنلەپ ئاتقانىدى، تاش جاللاتنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ، بېشىدىن قان ئېقىپ يىقىلىپ چۈشتى. مۇھتەر دەۋران ئايلىنىپ يۈرۈپ شۇ ھالەتتە ئۈچ جاللاتنى جەھەننەم[1] گە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا جالىنۇس:

— ھازىر ئىسكەندەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئىشى جاللاتتىن ئەمەس، بەلكى ئەييار نەسىم بۇ جايدا بار ئوخشايدۇ، — دېدى. ئەلۋەس:

— نەسىم دېگەن قانداق كىشى؟ ئۇنى بىر كۆرسەم بولاتتى، — دېگەنىدى، جالىنۇس:

— مەن سىزگە نەسىمنىڭ نىشانىدىن كېيىن خەۋەر بېرەي، — دېدى. ئەلۋەس ئەمىر قىلغانىدى، ئىسكەندەرنى زىندانغا ئېلىپ كەتتى. مۇھتەر نەسىم شۇ جاينىڭ ئۆزىدە جاكارچى قىياپىتىدە يۈرگەنىدى، جالىنۇسنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ:

— جارچىنى تۇتۇڭلار، جارچىنىڭ ئۆزى نەسىم دېگەن شۇ، — دېگەنىدى، نەسىم دەرھال پەس بولۇپ بېشىدىن بۆكىنى ئېلىپ، ياساۋۇل قىياپىتىگە كىرىۋالدى. جالىنۇس:

— ياساۋۇلنى تۇتۇڭلار، — دېگەنىدى، نەسىم رىيات[2] سۈرىتىدە بولىۋالدى. جالىنۇس:

— نەسىم باشقا رەڭدا بولىۋالدى، — دېگەنىدى، ئاخىرى نەسىم نەچچە جارچىنىڭ ۋە ياساۋۇلنىڭ كاللىسىنى

---

① جەھەننەم — دوزاخ.

① رىيات — ئۆزىنى يالغاندىن ياخشى قىلىپ كۆرسىتىمەك، كۆز بويىمچىلىق.

ئالدۇرۇۋېتىپ، بۆكىنى قولىغا ئېلىپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئەلۋەسنىڭ ئەيیارى ئىسفەندىيار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. بىراق نەسىم كۆزدىن غايىب بولدى. نەسىم خارابە هامام① غا كېلىپ، ئۇ يەردە هەندان ئەييار بىلەن ئۇچراشتى. نەسىم:

— ئەي هەندان، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى.

— ئەمىرگە نىجاتلىق بېرەي دەپ كەلدىم، — دېدى هەندەن ئەييار.

— مەن بۈگۈن كېچە جالىنۇسنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچىمەن، — دېدى نەسىم.

ئەلقىسسە، نەسىم ئۇ كۈنى هامامنىڭ خارابىسىدا كەچ قىلدى. ئۇ تەرەپتە ئەلۋەس ئەييار ئىسفەندىيارغا:

— ئىسكەندەرنى تاغدىكى قارارگاھقا ئېلىپ بېرىپ باغلاپ قويغىن، ئۇنى ئۆزۈڭ ئەييارلار بىلەن ساقلىغىن، — دېدى. ئىسفەندىيار ئەمىرنى تاغدىكى قارارگاھىغا ئېلىپ بېرىپ باغلاپ قويدى. كەچ كىردى.

نەسىم بىلەن هەندان كونا مۇنچىخانىدىن چىقىپ تۆت كوچا تەرەپكە باردى. لېكىن ئۇ يەردە ئىسكەندەرنى سولىغان ساندۇق كۆرۈنمەيتتى. بىراق ئىككى كىشى بىر - بىرىگە، ئىسكەندەرنى تاغدىكى غارغا ئېلىپ كەتتى، ئۇنى جەڭگە سالارمىش دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلىدى. نەسىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ئەي هەندان، مەن بۈگۈن جالىنۇسنىڭ ساقلىنى چۈشۈرگىلى بارىدىغان ئوخشايمەن، — دېگەنىدى. هەندان:

— مەنمۇ بىللە باراي، — دېدى. ئىككىسى بىرلىكتە راۋان بولدى. ئۇلار جالىنۇس تۇرۇشلۇق قاراگاھقا بېرىپ، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي تۇراتتى، تۇساتتىن جالىنۇس خېچىر

② خارابە هامام — كونا مۇنچا، مۇنچىنىڭ خارابىسى.

مىنىپ، ئات يېتىلىگۈچى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. جالىنۇس قاراگاھىغا بېرىپ خېچىردىن چۈشۈپ مۇلازىملىرىغا:

— بۈگۈن كېچە مېنىڭ كۆڭۈللۈك ياشايدىغان كېچەم، نەسىم سەراخەتمەگە كېلىپ قالمىسۇن يەنە، ئاگاھ بولۇڭلار، — دېدى. ئەتراپقا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان نەسىم كۇلدى ۋە كۆڭلىدە «ئەي ھارامزادە، ئۇبدان خىيال يادىڭغا يېتىپتۇ، ياخشى ئويلاپسەن، ئەمدى ئۆزۈم ئالدىڭغا كەلدىم» دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ئۇ كېچىسى جالىنۇس ئۆيىگە كېلىپ بىر سائەت كىتاب كۆرۈپ ئاندىن كېيىن ئۇخلىدى. ئەمما ھەر بىر سائەتتە بىر قېتىم چۆچۈپ ئويغىنىپ يەنە ئۇيقۇغا كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ يېرىم كېچە بولدى. نەسىم بىلەن ھەندان قاراۋۇللارنىڭ بىخەستىلىكىنى كۆرۈپ، قاراگاھنىڭ ئۈستىدىن ئارقاننى تاشلاپ سىپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئاندىن كېيىن ئۇ تائىپە تەرەپكە بېرىپ پەسكە چۈشۈپ جالىنۇسنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار قاراڭغۇدا پەردىنى كۆتۈرۈپ ئېلىۋېتىپ، جالىنۇسنىڭ يېتىشىنى تاماشا قىلدى. جالىنۇس ئۇيقۇدىن بىر قېتىم چۆچۈپ ئويغىنىپ:

— ئەي بۇرادەر نەسىم، بېشىڭدىن ئۆرگىلەي، بۇ ئالەم شۇنداق غەلىتە ئالەم، — دەپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ:

— بوۋا، مەن سىنىڭ ئالتۇندەك قەدىرلىك ئادىمىڭدۇرمەن، — دېگەندى، نەسىم قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى. جالىنۇس ئويغىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ نەسىمنى كۆرۈپ:

— بۇرادەر، خۇش كېلىپسىز، نەچچە دانە ئېسىل جاۋاھىرنى سىز ئۈچۈن قەلەمداندا ساقلىغانىدىم، — دەپ قەلەمداننى ئېلىپ نەسىمنىڭ ئالدىغا قويدى. نەسىم:

— «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» ئىشىنىڭ ئالدى قولۇمغا كەلدى. مۇبارەك بولغاي، — دېگەنىدى، جالىنۇس:

— ئەي نەسىم، مەن سىزنىڭ جامالىڭىزنى بىر كۆرسەم، — دېدى. نەسىم:

— مەن بۇگۈن كىچە سېنىڭ ساقىلىڭنى چۈشۈرىمەن دەپ قەسەم قىلغانىدىم، سوغۇق سۇدا چۈشۈرەيمۇ ياكى ئىسسىق سۇدا چۈشۈرەيمۇ ياكى قۇرۇق چۈشۈرەيمۇ؟ ئىختىيار قىلغىن، — دېدى. ھەندان نەسىمگە:

— سۇ ئىسسىتىپ كەلگۈچە پۇرسەت كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكىم مۇلازىملار كېلىپ قالار، — دەپ بېشارەت بەردى. جالىنۇس:

— مەرد، ئىسسىق سۇ بىلەن چۈشۈرۈڭ، — دېدى. نەسىم تامبىلىنىڭ بېغىنى يېشىپ ئاپتوۋىنى قولىدا تۇتۇپ جالىنۇسنىڭ ساقىلىغا سىيگەنىدى، سۈيدۈك جالىنۇسنىڭ ياقىسىنىڭ ئىچىگە ئاقتى. مۇھتەر نەسىم جالىنۇسنىڭ ساقىلىنى قىرىپ چۈشۈرۈپ بولدى. جالىنۇسنىڭ يېنىدا بار ئاقچا بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى ھەندانغا كۆتۈرگۈزۈپ، جالىنۇسنى بىھۇش قىلىپ قويۇپ، كەلگەن يولى بىلەن چىقىپ مۇنچىخانىنىڭ خارابىسىغا كەلدى.

تاڭ ئاتتى. سۇلتان لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ چېدىر ۋە ئارامگاھ تىكىپ ئارام ئالدى. ئۇ تەرەپتە مەرزۇق فەرەڭ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ چۈشتى. ئەلۋەس ناغرا - سۇنايلىرىنى شادىيانىگە چالدۇردى. مۇھتەر نەسىم بىلەن ھەندان بارگاھقا كېلىپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۇلتان تەفۇرغا سۆزلەپ بەردى.

ئۇ تەرەپتە جالىنۇس ئەلۋەسنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئەلۋەس بىلەن مەرزۇق جالىنۇسنىڭ مال - مۈلكىنى يىغىشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىزگە نېمە بولدى؟

— نەسىم مېنى مۇشۇ سۇرەتتە قىلىپ قويدى، — دەپ ئەرز قىلدى جالىنۇس.

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەرزۇقنىڭ بىر باتۇرى بار ئىدى. ئۇنى سەئدان دىۋزاد دەپ ئاتايتتى. مەرزۇق ئۇ دىۋىنى بىرگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئاتىسىنى «سۇرخاب (قىزىل سۇ)» دەپ ئاتايتتى. ئۇنى بەزىلەر سەئداننىڭ ئاتىسى دەيتتى.

سەئدان بارگاھقا كېلىپ:

— بۈگۈن جەڭ دۇمبىقىنى مېنىڭ نامىمدا چالسۇن. خۇداپەرەسلەرنىڭ جاجىسىنى ئۆزۈم بېرىمەن، — دېگەنىدى، ناغرا - سۇنايىنى شادىيانىگە چالدى.

بۇ تەرەپتە نەسىم جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزدى. سەئدان دىۋزاد مەيدانغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ چېچى ئۇسۇپ كەتكەن بولۇپ، گەدىنىگىچە چۈشكەنىدى.

ئۇ تەرەپتىن بىر پىيادە قەلئەدار (شەھەر ئالغۇچى) خۇددى قۇيۇندەك تېزلىكتە قىرىق پىيادە بىلەن كېلىپ، سەئداننىڭ ئالدىنى توسىدى. سەئدان:

— سەن نېمە ئادەم؟ نېمە ئۈچۈن باتۇرلارنىڭ ئالدىنى توسىسەن؟ — دەپ قولىدىكى قوش دەستىلىك تىغنى پىيادىگە ئۇرغانىدى، پىيادە تېزلىكتە خالتىدىن تاشنى ئېلىپ پالاققا سېلىپ سەئداننىڭ قوش دەستىسىگە ئاتتى. تاش ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ، قوش دەستە قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. پىيادە سەئدانغا پۇرسەت بەرمەي پېشانىسىگە قارىتىپ يەنە بىر تاش ئاتتى. تاش سەئداننىڭ كاللىسىغا تېگىپ ئورۇن ئالدى. بەرق فەرەڭ پىيادىلىرى بىلەن كېلىپ سەئداننى مەيداندىن دەرھال ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ پىيادىمۇ مەيداندىن غايىب بولدى. كەچ كىردى. مۇھتەر نەسىم:

— ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، قارارگاھقا — تاغقا تۈشۈك

تىشىپ باقسام، — دەپ ئەرز قىلغانىدى، سۇلتان تىـــفۇر ئىجازەت بەردى. مۇھتەر نەسىم تاغدىكى قارارگاھىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ تەرەپتە بەرق فەرەڭ خۇداپەرەسلەرگە تۇيۇقسىـــز قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوردىسىدىن چىقتى. نەســم يىراقتىن ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ، سالمىنى يولغا كۆمۈپ قويۇپ، ئۆزى بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. بەرق سالما كۆمۈلگەن جايغا كەلدى. نەسىم ئوغلاقتەك مەرىگەنىدى، بەرق بۇ تەرەپكە كېلىپ قارىدى. نەسىم سالمىنى تارتقانىدى، بەرق يەرگە يىقىلدى. نەسىم دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە مەھكەم ئولتۇرۇپ قولىنى باغلىدى. بەرق:

— كىم سەن؟ — دېدى. نەسىم:

— سىنىڭ ئۇستاز ئاكاڭ، مۇھتەر نەسىم بولىمەن، — دېدى. بەرق:

— ئەگەر مېنى ئوردىغا ئېلىپ بارساڭ، شاھزادىلەر مېنى ئىسكەندەرنىڭ غىمىدە ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن. دۇنيالىقىمدىن نىمىنى خالىساڭ شۇنى بېرەي، مېنى ئوردىغا ئېلىپ بارمىغىن، قەيەردە بولسام مەن سىنىڭ دۇئا گويۇڭ بولاي، — دېدى.

نەسىم:

— ئەي هارامزادە، دىۋەيۈز[1] قالايمىقان سۆزلىمە. مەن ئۈچۈن مال - دۇنيا ھېسابسىز، — دېدى. بەرق قۇتۇلۇشىنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خامۇش بولدى. ئۇنىڭ ھەمراھى ئاستا كېتىپ قالغانىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا قولىنى بوشىتىپ، كېچە قاراڭغۇلىقىنىڭ كەمرىنى ئېلىپ:

— بۇرادەر نـەسىم، قولۇمنى چىڭ باغلىساڭمۇ باغلا، لېكىن مـاڭا رەھىم قىلسـاڭ، — دەپ نالە - پەرياد قىلدى. نەسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، بۇ چاغدا بەرق بىھوش دورىسىنى

[1] دىۋەيۈز — جانلىق تىلدا دەيۈز.

قاراۋۇل بىلەن نەسىمنىڭ يۈزىگە چاچتى، دورىنىنىڭ پۇرىقى نەسىمنىڭ دىمىغىغا كىرىپ بىھوش بولدى. بەرق بىر تاشنىڭ يېنىغا بېرىپ، قولىدىكى ئارغامچىنى تاشقا سۈركەپ ئۈزدى. ئاندىن كېيىن نەسىمنىڭ قولىنى باغلاپ كۆتۈرمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، بىر پىيادە يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا خەنجەر بىلەن تەھدىت سالدى. بەرق ئۆزىنىڭ بۇ پىيادىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلدى ـ دە، نەسىمنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى. پىيادە نەسىمنى ھوشىغا كەلتۈردى. نەسىم ئۇنىڭغا تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇدى.

قىسسە، يەنە بىر كۈنى، سەپ تۈزۈشۈپ ئۇ تەرەپتىن سۇرخاب دىۋە مەيدانغا كېلىپ ھۆكىرەپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، نىقابلانغان لەشكەرلەر ئىچىدىن بىر نىقابدار چىقىپ مەيدانغا قەدەم قويدى. ئۇ سۇرخابنىڭ ئالدىغا باردى. سۇرخاب شەمشەر ۋە نەيزىسى بىلەن نىقابدارغا ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار سۇرخابنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ شەمشاد نەيزىسىنى قولىدىن تارتىۋېلىپ، قولىغا تىغ ئېلىپ دىۋىنىڭ كاللىسىغا ئۇرغانىدى، تىغ دۇبۇلغىدىن ئۆتۈپ تۆتلىك ئورنىدى. بۇ چاغدا سۇرخابنى پىيادىلىرى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مۇھتەر نەسىم قارارگاھ تاغنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە چىقتى. ئىرادە بىلەن بەرق تالاغا چىقىپ نەسىمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى. سالىمنى كۆمۈپ قويۇپ، نەسىمنىڭ كېلىپ سىرتماققا دەسسىشىنى كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. نەسىم كېلىپ سالىمغا قەدەم قويغانىدى، بەرق ئارغامچىنى تارتتى، نەسىم يىقىلىپ چۈشتى. بەرق دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلىدى. ئاندىن ئۆشنىسىدە كۆتۈرۈپ بىر ئاز يول ماڭغانىدى، بىر مومايىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بەرق ئارقىسىغا قارىدى، بىر پىيادە سالىمنى تارتقانىدى، بەرق يىقىلىپ يۈزى يەرگە تەگدى.

نەسىم:

— ۋايجان، بېشىم يېرىلدى، — دەپ نالە - پەرياد قىلدى. بۇ چاغدا «ئاپىرىن ساڭا بەرق» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، بەرق ئۇنىڭ ھېلىقى قەلئەدار پىيادە ئىكەنلىكىنى كۆردى.

قەلئەدار پىيادە:

— ئەي نەسىم، بېشىڭ ئەلۋەتتە يارىلانغاندۇ، — دەپ ئۇنى ئورىغان پەردە - گىلەمنى ئېچىۋاتقاندا، بەرق بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بەدەر قاچتى. نەسىم بىلەن پىيادە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئىرادە بىلەن تۆگىچىلەر نەچچە رەت يوك يۈكلەنگەن تۆگىلەرنى ئەلۋەسنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانىكەن، بەرق ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۆزىنى ئالدى.

نەسىم بىلەن پىيادە ئۇنى تاپالماي قايتىپ كەتتى.

قىسسە، بىر كۈنى كەچتە سۇلتان تىفۇر نەسىمگە:

— قارارگاھ تاغقا بېرىپ ئەمىرنى قوتقۇزۇپ كېلىڭ، — دېگەنىدى، نەسىم قولى بىلەن كۆزىنى سىيپاپ تالاغا چىقتى. دەرۋەقە ئۇ تاغنىڭ باغرىدىكى بىر غارغا نەزەر قىلدى. غارنىڭ ئاغزى تاش بىلەن مەھكەم ئېتىلگەنىدى. نەسىم غار ئاغزىدىكى تاشلارنى ئېلىۋېتىپ قىرىق ئالتۇن كۆپنى كۆردى. كۆپلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن تىللالار بار ئىدى. ئاندىن ئىشىكنى يەنە تاش بىلەن مەھكەم ئېتىۋەتتى. بىراق نەسىمنىڭ ئىچىدە بىھوش دورىسى بار ياقۇت قۇتىسى غارنىڭ ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ قالدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئىتنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قارىغانىدى، شۇ ھامان يەرگە بۇددەك يىقىلىپ نەقىش بولدى. بۇ چاغدا بەرق نەسىمنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلىدى. نەسىم:

— ئەي بۇرادەر، ھازىر مېنى ئۆلتۈرمەڭ. ساڭا گەنجىستان ① بېرەي، ئالغىن، ئاندىن كېيىن ئۆلتۈرسەڭمۇ

① گەنجىستان — خەزىنە بار ماكان، ئالتۇن - كۈمۈش بار جاي.

مەيلى، — دېدى. بەرق:

— ئۇ قانداق نەرسە؟ قەيەردە؟ — دېدى. نەسىم:

— ماڭا ھەمراھ بولۇپ بارغىن، كۆرسىتەي، — دەپ بەرقنى غارنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ كەلدى. بەرق غارنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىچىدىكى جاۋاھىرلارغا كۆزى چۈشۈپ:

— ئەي نەسىم، ئىلگىرى سېنى ئۆلتۈرمىگەن بولسام، ئەمدى ئۆلتۈرىمەن، بىلدىڭمۇ؟ — دېدى. بېشىغا كەلگەن بالايى - قازا ئالدىدا نەسىم:

— ئۇ لەئل ياقۇتنى ئۆزىڭىز ئېلىۋېلىڭ، ھەرگىز باشقىلار ئېلىپ كەتمىسۇن، — دەپ ئۆتۈندى. بەرق ئۇ يەردە تۇرغان قۇتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچقانىدى، بىر خىل دۇت بۇرنىغا كىرىپ، ئاھ ئۇرۇپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. نەسىم قولىنى بوشىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ بەرقنىڭ قولىنى باغلاپ، غارنىڭ ئىشىكىنى ئاۋۋالقىدەك تاش دۆۋىلەپ ئېتىپ قويۇپ، ئوردىغا كېلىپ سۇلتان تىغۇرنىڭ ئالدىغا كىردى. ئۇ ھەممە بولغان ئەھۋالنى ۋە ھېلىقى خەزىنىسى بار جاينى بايان قىلغانىدى، شاھزادە:

— ھۆكۈمالار بېرىپ گەنجىلەرنى ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. ئەمىرخان نەچچە قاتار تۆگىلەرنى جابدۇپ، ئىككى مىڭ ئاتلىق ۋە نەسىم بىلەن بىرلىكتە غارغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار غارغا يېتىپ كەلدى. جاۋاھىراتلارنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ يولغا چىقتى. ھالبۇكى، بۇ خەۋەرنى بىراۋ ئەلۋەسكە يەتكۈزدى بولغاي، ئەلۋەس ئىسھاققا:

— مىسران شەمشەر بىلەن لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى قايتۇرۇپ كەلگىن، — دېدى. ئىسھاق ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق چەۋەنداز بىلەن غار تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. ئەمىرخان يولدا كېتىپ باراتتى. ئىسھاق ئەمىرخاننىڭ

ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ ئەمىرخاننىڭ ئالدىنى توسىدى. ئەمىرخان ئىسھاق بىلەن ئېلىشتى. بۇ خەۋەر ئەلۋەسكە يەتكەندى، ئەلۋەس جەزابەر ئادنى ئىسھاققا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. جەزابەر ئاد يېتىپ بېرىپ ئەمىرخانغا روبىرو بولدى. ئەمىرخان جەزابەرنىڭ بېشىغا شەمشەر ئۇردى. ئۇ رۇيىنتەن بولغاچقا تىغ كار قىلمىدى. ئۇ ناپاك قولىدىكى ساتور بىلەن ئەمىرخاننىڭ بېشىغا قايتۇرۇپ ئۇرغانىدى، ئەمىرخاننىڭ بېشىغا تۆتلىك ئورناشتى. بۇ چاغدا باياۋان تەرەپتىن پىيادە قەلئەدار كەلدى. ئۇ جەزابەرنىڭ ئالدىنى توسىدى. جەزابەر پىيادىگە ساتور ئۇردى. پىيادە تاشنى پاللاققا سېلىپ جەزابەرنىڭ قولىغا ئاتقانىدى، جەزابەرنىڭ قولىدىكى ساتور يىراققا ئۇچۇپ كەتتى. يەنە بىر تاشنى ئاتنىڭ بېشىغا ئاتتى، تاش ئاتنىڭ بېشىغا تەگدى. ئاتنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلدى. جەزابەرنىڭ لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. پىيادە ئەمىرخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ گەنجىلەر ئەمدى بىزگە تەئەللۇق بولدى. ئىسكەندەر قاچان كەلسە، ئۇلارنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىمەن، — دېدى ۋە نەسىمگە:

— بېرىپ بەرقنى ئېلىپ كەلگىن، ئۇنى ماڭا بەرگىن، مۇبادا سەن ئۇنىڭغا ھاجەت بولساڭ، ساڭا تاپشۇرىمەن، — دېدى.

قىسسە، نەسىم بەرقنى ئېلىپ كېلىپ پىيادىگە بەردى. پىيادە تۆگىلەرنى يېتىلەپ بەرق بىلەن يولىغا راۋان بولدى.

قىسسە، بىركۈنى جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ ئىككى تەرەپتە سەپ تۈزۈلدى. ناپاك جەزابەر مەيدانغا كىرىپ پالۋان تىلىدى. بۇ چاغدا تاغ ئېتىكىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، چاڭ - توزان ئارىسىدىن نىقابدار لەشكەر باشلاپ يېتىپ كېلىپ، جەزابەرنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇلار بىر قەپەس نەيزىۋازلىق قىلىشتى. بىر چاغدا نىقابدار نەيزىسىنى تاشلىۋېتىپ، جەزابەرنىڭ ياقىسىدىن

تۇتۇپ ئېگەردىن يۇلۇۋېلىپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن پۇت - قولىنى باغلاپ، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلاپ بەردى. بۇنى كۆرگەن فەرەڭ ئەھلى جايىدىن قوزغىلىپ، جەڭدىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۈمىد ئۈزدى. كۈن ئولتۇردى. تىنچلىق دۇمبىقى چېلىندى. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭدىن قول ئۈزۈپ ئارامگاھىغا ياندى. بىر كۈنى پادىشاھ ئەلۋەس:

— ئىسكەندەرنى زىنداندىن ئېلىپ كەلسۇن، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا دارغا تارتىپ تىرىپىرەن قىلسۇن، فەتنەنىمۇ بىر تەرەپ قىلسۇن، — دەپ بۇيرۇغانىدى، ئەييارلار ئىسكەندەرنى زىنداندىن ئېلىپ كېلىپ، دەرۋازا ئالدىغا دار تىكتى. مۇھتەر نەسىم بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ، شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ مەقسىتىنى بايان قىلدى. سۇلتان تىغۇر ئەتىسى ئاتلىنىپ فەرەڭلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئاتلاندى. ئۇ كۈنى قاتتىق جەڭ بولدى. ئىككى قوشۇننىڭ ئارىلىقى يېقىن بولۇپ، فەرەڭنىڭ مەغلۇبىيىتى مۇقىملىشىپ قالدى. ئەلۋەس ئىسكەندەرنى داردىن چۈشۈرۈپ، تاغدىكى قارارگاھقا يەنە ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئەمما نەسىم ئۆزىنى ئىسفەندىيارنىڭ ئەييارى سۈرىتىدە قىلىپ تاغدىكى قارارگاھقا بېرىپ يوشۇرۇندى.

كەچ كىردى. مۇھتەر نەسىم ئەتراپىنى كۆزىتىپ چىقتى. ئاندىن زىنداننىڭ ئىشىكىگە باردى. ئىسفەندىيارنىڭ ئەييارلىرى تېخى بىدار ئىدى. ئەييارلار مۇھتەر نەسىم زىندانغا چۈشمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتىۋالدى. نەسىم ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىلاجسىز ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. ئۇ ئەسلىدە سۇنى ئانچە ياخشى ئۈزەلمەيتتى. ئۇ سۇدا ئۈزۈپ، ئاخىرى مۇشەققەتتە قىرغاققا چىقىۋالدى.

تاڭ ئاتتى. نەسىم مىڭ مۇشەققەتتە ئوردىغا بېرىپ،

شاهزادىگە سۆزىنى بايان قىلىپ:

— كىم بولسا بولسۇن، مەن بىلەن بىر باتۇر بىللە بارسا ئەمىرنى قۇتقۇزسام، — دېدى. ئەمىرخان بىلەن نەۋفىل ۋە شەددات، مۇھتەر نەسىم بىلەن بارماقچى بولۇپ دەرھال راۋان بولدى. ئۇلار قارارگاھ تېغىغا يېتىپ باردى. كېچىدە بىر پىيادە بۆكدەدار[1] نەسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى ۋە:

— بۇ يېرىم كېچىدە قەيەرگە بارىسىزكىن؟ — دەپ سورىدى. نەسىم مەقسىتىنى ئېيتىۋىدى، بۆكدەدار:

— مەنمۇ سىز بىلەن باراي، — دەپ مۇھتەر نەسىمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ئۇلار قەلئەنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ئەمىرخان، شەددات ۋە نەسىملەر ئارغامچىنى تاشلاپ قەلئەنىڭ ئۈستىگە چىقتى. قەلئەنىڭ ئۈستىدە بىرسى كالا بىلەن سۇ توشۇپ ئەكەلسە، يەنە بىر كىشى سوغا (چېلەك) بىلەن سۇ تارتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر كۆزى كور ئىكەن. نەسىم كېلىپ خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا ئۇرغانىدى، خەنجەرنىڭ ئۇچى دۈمبىسىدىن چىقتى. ئۆلۈكنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ، چېلەكنى تۆۋەنگە سۇنغانىدى، پىيادە بۆكدەدار ئۈستىگە چىقتى. نەسىم:

— سەن ئاۋۇ كالا ھەيدەۋاتقان كىشىنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، — دېدى. ئۇ دەرھال ئۇ يەرگە باردى. كالا ھەيدەۋاتقان كىشى:

— ئەي بوۋا، نېمە ئۈچۈن بىزگە سۇ تارتىپ بەرمەيسەن؟ — دېگەنىدى، بۆكدەدار:

— ساڭا ئېيتىدىغان بىر ئاز سۆزۈم بار، ئالدىمغا كەلگىن، — دېدى. ئۇ قارىغۇ كىشى بۆكدەدارنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۆكدەدار ئۇنىڭغا خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكنى

---

[1] بۆكدەدار — خەنجەر تۇتقۇچى، خەنجەرۋاز.

دەرياغا تاشلىۋېتىپ، تۆۋەندىكى دىلاۋەرلەرنى تارتىپ يۇقىرى چىقاردى. باتۇرلار خەنجەرلىرىنى چىقىرىپ، ئەييارلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ، نەچچىسىنى خەنجەر تىقىپ جەھەننەمگە يولغا سالدى. ئىسفەنديار بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ قېچىپ كەتتى.

نەسىم ئىسكەندەرنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. ئىسكەندەرنىڭ كۆزى پىيادىگە چۈشتى ۋە:

— نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دېگەنىدى، ئەمىرخان ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىسكەندەرگە باشتىن - ئاياغ بايان قىلىپ بەردى. ئەمىر:

— ھاجىتىڭ بولسا ئېيتقىن، — دېدى. پىيادە:

— باشقا تەلىپىم يوق، مەن بېرىپ جاۋاھىراتلارنى مۇھتەر بەرق بىلەن ئېلىپ كېلەي، — دەپ كېتىپ قالدى.

ئەمىر ھەمراھلىرى بىلەن ئوردىغا كېلىپ ناغرا - سۇنايىنى شادىيانىگە چالدۇردى. بۇ خەۋەر ئەلۋەسكە يەتكەندە، ئۇ ناھايىتى ئازار يېدى. ئىسكەندەر جەزابەرنى ئېلىپ كېلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى، شۇ ھالەتتە ھاۋادىن بىر قول پەيدا بولۇپ جەزابەرنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— جەزابەرنىڭ مەشۇقى مەرجان جادۇ تېخى ھاياتتۇر. ھېچقانداق كىشىنىڭ تىغى جەزابەرنىڭ تېنىگە يەتمەيدۇ، — دەپ كۆككە چىقىپ كەتتى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە ھېلىقى بۆكدەردار مۇھتەر بەرقنى ۋە بايلىقنى تۆگىگە يۈكلەپ يېتىپ كەلدى. ئەمىر خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا كۆپ مېھرىبانلىق قىلىپ:

— ئەي پەرزەنت، نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دېگەنىدى، ئۇ:

— شەھرىيار، مەن بەھمەننىڭ ئوغلى، ئېتىم ئەۋۋر مەھمۇر. مەرزۇق ئاتامنىڭ مۇلازىمى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ مېنىڭ پادىشاھلىقىمنى ۋەھشىيلەرچە تارتىۋالدى. شۇڭا

ئەمدى ئاتامنىڭ جايىنى ماڭا بەرسىڭىز، — دېدى. ئەمىر:

— تەڭرىم خالىسا شۇنداق قىلاي، — دېدى. ئەۋۋەل مەھمۇر خۇشاللىقىدا بەزم بىلەن كېتىپ قالدى. ئەمىر بەرقنى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ:

— ئۇردىمىزغا ئىتائەت قىلغىن. ساڭا نەسىمنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن بېرەي. نەسىمنىڭ ئورۇنباسارى بولىسەن، — دېدى. بەرق:

— شەھرىيار، مەن نەسىم بىلەن ئەييارلىق كۆرسىتىشەي، ئەگەر نەسىم مېنى مەغلۇپ قىلسا، نەسىمنىڭ قولىقىغا باتۇرلۇق ھالقىسىنى سالىمەن. ئەگەر مەن نەسىمنى مەغلۇپ قىلسام، مەن ئەييارلارنىڭ سەردارى بولاي، نەسىم مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولسۇن، — دېدى. ئەمىر بۇنى ماقۇل كۆردى. نەسىم:

— نېمە قىلماقچىسەن؟ — دېدى. بەرق:

— بۈگۈن كېچە سۇلتان تىغۇرنى ئېلىپ قاچىمەن، ئەگەر پالۋان بولساڭ، سۇلتان تىغۇرنى قۇتقۇزغىن، — دېدى. ئەمىر بەرققە رۇخسەت بەردى. بەرق بۇ يەردىن بەدەر كەتتى.

ئۇ تەرەپتە بەرق مەرزۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ مەقسىتىنى ئېيتقانىدى، مەرزۇق ئۇنى ماختاپ كەتتى. كەچ كىردى. نەسىم:

— بۈگۈن كېچە سۇلتان تىغۇر بىلەن سەردارلار ۋە پالۋانلار مېنىڭ مېھمىنىم بولسۇن، — دەپ بىر يەرگە سورۇن تۈزدى. سۇلتان تىغۇر تاھارەت سۇندۇرغىلى چىقماقچى بولدى. نەسىم:

— قەيەرگە بارىسىز؟ — دېدى. سۇلتان تىغۇر:

— بىئارام بولىۋاتىمەن، — دېدى.

نەسىم ئەييار ئاتىسى نەئىمگە:

— شامدانىنى كۆتۈرۈپ ھەمراھ بولۇپ بېرىپ شاھزادىدىن

ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ، بەرق ئېلىپ كەتمىسۇن، — دېگەندى، نەئىم ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. نەئىم شاھزادە بىلەن بىللە كىرىپ خالادا ئىستىراھەتتە ئولتۇردى. بۇ چاغدا بەرق ئۆزىنى ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ، شام كۆتۈرگەن ئەييارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىھوش دورىسىنى شامدانىنىڭ ئۈچىغا باغلىدى. كېچىدە دورىنىڭ پۇرىقى كېلىپ نەئىمنى بىھوش قىلدى، نەئىم يىقىلدى. بەرق شامداننى ئېلىپ ئۇنىڭ قېشىدا قويۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. شاھزادە قوپۇپ خالادىن تاشقىرىغا چىقتى. بەرق شامچى سىياقىدا تۇرۇپ، دورىنىڭ پۇرىقىنى چاندۇرماي شاھزادىنىڭ دىمىغىغا پۇراتقاندى، شاھزادە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بەرق دەرھال ئۇنى گىلەمگە يۆگەپ گەدىنىگە ئېلىپ كەتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتتى. شاھزادە بىلەن نەئىم كەلمىدى. نەسىم خالانىڭ ئىشىكىگە بېرىپ نەئىمنىڭ بىھوش بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى. شاھزادىمۇ يوق ئىدى. نەسىم نەئىمنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ نەچچىنى تېپىپ، بېشىغا نەچچە تەستەك ئۇردى. نەئىم كوسا:

— ئەي ئوغلۇم، ئاتاڭنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويمىغىن يەنە. نېمە ئۈچۈن مېنى ئۇرىسەن؟ — دېگەندى، نەسىم:

— ئەي قېرى ئوغرى، شاھزادە قېنى؟ — دېدى. نەئىم بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇردى. نەسىم بارگاھقا كىردى. ئەمىر:

— نېمە خەۋەر بار؟ — دەپ سورىدى. نەسىم ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئەمىر:

— دەرھال بېرىپ شاھزادىنى ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. نەسىم خۇش دەپ تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپ قالدى.

تاڭ ئېتىپ جاھان يورۇشقا باشلىدى. نەسىم ئەلۋەسنىڭ بارگاھىغا كەلدى. بۇ چاغدا جالىنۇس ئەلۋەس مەملىكىتىگە يېتىپ بارغانىدى. جالىنۇس مەرزۇققا:

— ھەر قانداق كىشى نەسىمنىڭ ئېتىنى ئۈچ قېتىم

چاقىرسا، نەسىم شۇ جايدا ھازىر بولىدۇ، — دېدى. مەرزۇق:
— نېمە دەيسىز؟ ئۈچ قېتىم چاقىرساق، سىناپ باقايلى، — دېدى. مەرزۇق:
— يا نەسىم! يا نەسىم! نەسىم، — دەپ ئۈچ قېتىم چاقىرغانىدى. مۇھتەر دەۋران شۇ ھامان سورۇندا ھازىر بولدى. جالىنۇس نەسىمنى كۆردى. نەسىم يۇنان زۇۋانى بىلەن:
— بوزۇقچىلىق قىلمىغىن، — دېدى. جالىنۇس:
— بۇرادەر، ئاجىزلىقىڭغا تەن بەرگىن، لېكىن مەردانە بول، — دېدى. نەسىم:
— مەردانە بولىمەن. ئەگەر سەن يول قويساڭ، بۈگۈن كېچە قەپەزدىكى تىنفۇرنى، مەرزۇق، ئەلۋەس ۋە ئىسھاقنى بىرگە ئېلىپ كېتىمەن، — دەپ قەپەزنى كۆتۈرۈپ بەدەر تىكىۋەتتى. نەسىم بارگاھقا قايتىپ بېرىپ قەپەزنى يەردە قويغانىدى، ئەمىر نەسىمنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن ئاپىرىن ئوقۇدى.
ئۇ تەرەپتە جالىنۇس:
— خەۋەردار بولۇڭلار، بۈگۈن كېچە نەسىم سىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ، ھەر قانداق پىكرىڭلار بولسا قىلساڭلار بولىدۇ، — دېدى. ئەلۋەس:
— بۈگۈن يېرىم كېچىدە شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ سۆھبەتلىشەيلى، — دەپ قويۇپ مۇلازىملارنى بۇيرۇدى. ئۆزى ئوردىغا قاراپ ماڭدى. مەرزۇق ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل كۆرۈپ كەچتە شەھەرگە كىردى. ئۇ قەسىرگە كىرىپ مۇھتەر ئىسفەندىيارنى نۆۋەتچىلەر بىلەن كۆزەتچىلىككە قويدى.
كەچ بولدى. مۇھتەر نەسىم شاھانە كىيىملەرنى كىيىپ مەرزۇقنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئۇ ئوردىغا كىرىپ خامانچىنىڭ سۈرىتىدە بولدى. ئۇ يەنە كىرىپ ئوردىدا ھېچكىم يوقلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەرگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ شەھەرگە

قاراپ ماڭدى. خەندەكتىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىردى. ئەلۋەسىنىڭ قەسرىگە كەلدى. ئەييارلار قەسرىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. نەسىم ئىسفەندىيارنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ئەييارلارنىڭ قېشىغا باردى. ئەييارلار:

— سەردار، قەيەرگە بارسىز؟ — دېگەنىدى، نەسىم:

— بەرق بىلەن ئىشىم بار، — دەپ قەسىرگە كىرىپ كەتتى. قەسىر ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يېمەك - ئىچمەككە مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ئەگەر ئالدىغا بارسام جالىنۇس تۇتۇۋالىدۇ» دەپ خىيال قىلىپ، ياندىكى باغنى كۆرۈپ باغقا كىردى. باغدا بىر قىز سەيلە قىلىپ ئولتۇراتتى. قىز نەسىمگە قاراپ:

— ئەي ئىبراھىمنىڭ خۇداسى، مۇھتەر نەسىمنى ئېلىپ كەلگىن. ھازىرلا بېرىپ ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. نەسىم:

— نەسىم بىلەن نېمە ئىشىڭ بار؟ — دېدى.

— ھەزرىتى ئىبراھىم چۈشۈمدە بۈگۈن كېچە نەسىم بۇ جايغا كېلىدۇ، دەپ بېشارەت بەرگەنىدى، سەن نەسىمگە ۋاقتىنى ئېيتقىن، — دېدى قىز.

— مەن نەسىم بولىمەن.

— سەن ئىسفەندىيار ئەمەسمۇ؟

— مەن نەسىم بولىمەن، ھەرقانداق قىياپەتكە ئۆزگىرەلەيمەن، — دەپ نەسىم ئۆز ئەسلىگە كېلىپ:

— ئەي قىز، سەن كىم؟

— مەن ئىسھاق بىن ئەلۋەسىنىڭ قىزى بولىمەن، — دېدى قىز.

— شۇنداق ئەھدە قىلىمەنكى، سىزنى ئىسكەندەرنىڭ ھەرەمخانىسىدىكىلەردىن قىلغۇم بار، — دەپلا نەسىم ئۇ قىزنى كېنىزەك سۈرىتىگە كەلتۈردى. ئۇلار ئىككى كومزەك شارابنى كۆتۈرۈپ بىرلىكتە ئەلۋەسىنىڭ قەسرىگە باردى. ئىسھاق دېدى:

— ئەي قىز، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟
— ئىككى ساپال كومزەكتە شاراب ساقلىغانىدىم، مەرزۇق شاھقا ئېلىپ كەلدىم. ئۆزۈم بىردەم زىياپەتنىڭ تاماشاسىنى كۆرەي دېگەنىدىم، — دېدى قىز.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەلۋەس شاھ بىلەن مەي ئىچكىلى مەشغۇل بولدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار بىھوش بولۇپ يىقىلدى. نەسىم ھەمراھلىرىنى چاقىرىپ ئەلۋەس، ئىسھاق، مەرزۇق، بەرقىنى پەردە - گىلەمگە ئوراپ، ئىسفەندىيارنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ئۇلارنى كۆتۈرۈپ قەسىردىن ئېلىپ چىقتى. سۈبھى ۋاقتىدا بارگاھقا قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىدا قويدى. ئەمىر:
— ئەي بوتا، نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى. مۇھتەر نەسىم ئەھۋالنى بايان قىلدى. بارگاھ ئەھلى ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇدى. نەسىم ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر مەرزۇققا:
— ئىتائەت قىلىپ ئېتىقادىڭنى توغرىلىغىن، يەنە فەرەڭگە پادشاھ بولىسەن. ئەگەر ئىتائەت قىلمىساڭ، قەيەرگە بارساڭ ئىختىيارىڭ ئۆزۈڭدە، — دېدى. مەرزۇق:
— ئىتائەت قىلمايمەن، — دېدى. ئىسكەندەر ئات - ئۇلاغ، پۇل - مال كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. مەرزۇق ئالىدىغاننى ئېلىپ، ئاتنى مىنىپ چىقىپ كەتتى. شاھ ئەلۋەس بىلەن ئىسھاق ئىسكەندەرنىڭ بۇ خىل مەردلىكىنى كۆرۈپ، ئىخلاس بىلەن دىنىي ئېتىقادىنى توغرىلىدى. مۇھتەر بەرقمۇ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئۇنى نەسىمنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمىر مۇلكى ئەلۋەسكە پادشاھلارنىڭ يۇقىرىسىدىن ئورۇن بەردى. ئىسھاققا سول تەرەپتىن، ئەمىرخاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن بەردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمىرنىڭ مەرھەمىتىدىن خۇرسەن بولدى. جالىنۇس بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن

رەملىگە قاراپ:

— بۇگۇن ياكى ئەتە ئىسكەندەر ھاجى تۇرخاننى مەرزۇقنىڭ قولىدىن ئالىدۇ. ئەمما مازەندەران[66]غا ئازراق ۋاقىت بار، — دەپ، يەلتاپان بولۇپ مازەندەران تەرەپكە كەتتى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر باتۇرلىرى بىلەن شىكارغا چىقتى. دەرۋەقە سۇرخاب دىۋە ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ «ئەگەر ئىسكەندەر بولسا ئۇنى تۇتۇپ، يەرگە ئۇرۇپ، پۇت - قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەلسەم» دېگەن خىيالدا كېتىپ باراتتى. كۆتۈلمىگەندە ئىسكەندەر ئۇنى تۇتۇپ يەرگە ئۇرۇپ پۇت - قولىنى باغلاپ شىكاردىن ياندى. سەئدان ئاتىسىنىڭ ئىسكەندەرگە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تەييارلىنىپ قوش دەستىلىك تىغنى ئېلىپ ئەمىرنىڭ بارگاھىغا كەلدى. دەل بۇ چاغدا ئىسكەندەر سۇرخابقا بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتاتتى:

— سەئدان ئادەم بالىسى بولسا، ئېنىقكى، تېزدىن ئالدىمغا كەلسۇن. بولمىسا ئېلىپ كېلىڭ، — دېگەنىدى، سۇرخاب:

— شەھرىيار، سەئداننى ھىندىستان ئەمىرىدىن بۆشۈكتىكى چېغىدا ئالغانىدىم. ئۇ چاغدا ئانىسى يىغلاپ: «ئۇ ئەركەك دىۋنى بەك ئەركىلەتمىگىن، ئۇ ساسانىلار سۇلالىسى [67] نىڭ ئىككىنچى پادىشاھى بەھمەننىڭ ئوغلى ئىسفەندىيار بولىدۇ» دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇلاقتا تۇتماي، ئۇنى باياۋاندىكى كۆلبەمگە ئېلىپ كەتتىم، شىر، قاپلان ۋە ئارسلاننى ئۇنىڭغا كۆندۈرۈشكە بەرگەنىدىم، ھازىر شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، — دېدى. شۇ چاغدا سەئدان:

— ئاتامنى باغلاپ سوراقتا تارتقان كىم؟ — دەپ ۋارقىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئىسكەندەر:

— سېنىڭ ئەيىبىڭ شۇكى، دىۋنى ئاتام دەپ يۈرۈپسەن، كەلگىن، سەن كىمنىڭ پەرزەنتى

ئىكەنلىكىگىنى بىلىۋالغىن، — دېدى. ئەمىرخان:
— ئەي باتۇر، سەن ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى ئىكەنسەن، — دەپ ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ، بۇ جەرياننى ئىسپاتلىغاندى، سەئدان قولىغا ساتورنى ئېلىپ سورخابنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. سورخاب ئەمىرنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن گۇناھىدىن ئۆتۈشنى ئۆتۈندى. ئەمىر سورخابنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. سەئدان ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. ئەمىر ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ پېشانىسىگە سۆيدى. سورخابقا سول تەرەپتىن، سەئداننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن بەردى.
يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەر بىلەن مەرزۇق ئىككى تەرەپتىن دۇمباقنى شادىيانىگە چالدى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، مەرزۇق ئۆزى جەڭ مەيدانىغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ تەرەپتىن شەددات ھالىغا يەتكۈچىدىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ، مەرزۇقنى ساتور بىلەن پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى توپ - توپ بولۇپ فەرەڭنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سەلدەك يامىشىپ، تومۇردەك قورشاپ كەلگەندى، فەرەڭ لەشكەرلىرى ئۆزلۈكىدىن ئەمىرخانغا تەسلىم بولدى. ھەمھۇرنى فەرەڭنىڭ مۈلكىگە پادشاھ قىلدى. بۇتخانىلارنى خاراب قىلىپ، ئورنىغا مەكتەپ - مەدرىسىلەرنى بىنا قىلدى. ئىسكەندەر ئەلۋەسنى ئۆزىگە نايىپ[1] قىلىپ، ئۆزى ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. پادىشاھنىڭ قىزى قەمەررۇخنى توي قىلىپ ئەمىرىگە ئالدى. مۇھتەر بەرقىنىڭ قىزىنى مۇھتەر نەسىگە نىكاھ قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن مۇھتەر نەئىم سانى[2]نىڭ نەسەبى داۋاملىشىپ كەلدى. مۇھتەر

---

[1] نايىپ — ئورۇنباسار، ئورنىنى باسقۇچى، ۋەكالەتچى، ياردەمچى، كاتىپ.
[1] سانى — ئىككىنچى.

ئىسفەندىيارنىڭ قىزىنى مۇھتەر نەئىمگە بەردى. مۇھتەر نەئىمدىن مۇھتەر قەررەم هامىلە بولدى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئىسھاقنىڭ قىزى سۇلتان تىنغۇرغا توي قىلدى. ئۇنىڭدىن ئابدۇلھېمىت تۇغۇلدى. (بۇ توغرىدىكى قىسسىنى كېيىن ئاڭلىغايسىز). ئاندىن كېيىن ئەمىر ھۆكۈمالىرىدىن:

— بۇ يەردىن قەيەرگە بارىمىز؟ دەپ سورىدى. مۇلك ئەلۋەس:

— مازەندەرانغا بارساق بولارمىكىن، — دېدى. ئەمىر يەنە:

— ئۇ جاينىڭ پادشاھى كىم؟ دەپ سورىدى. ئەلۋەس:

— پادشاھى كىيا تالىپ يەنى كىيا مۇزەففەر، ئۇنىڭ ئون ئىككى مىڭ دىۋىسى بار، — دېدى. ئەمىر:

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ مازەندەرانغا بېرىشىمىز زۆرۈر بولدى، — دېدى ۋە نەۋقىلىگە:

— شاھانە تەختنى مازەندەران تەرەپكە ئېلىپ مېڭىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. تەگرى نېمىنى ئىختىيار قىلسا شۇنى كۆرەيلى.



## يىگىرمىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ مازەندەرانغا بېرىپ ئەرجەڭ دىۋىلەر بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە ئەرجەڭ دىۋىنىڭ يېگانە قالغانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، جالىنۇس ھاجى تۇرخاندىن چىقىپ، پەرۋاز قىلىپ مازەندەرانغا باردى. مۇھتەر ئىسفەندىيار مازەندەراننىڭ ئەيياردىرى بىلەن كىيا مۇزەففەرگە:

— بىر ھېكىمم خۇداپەرەسلەردىن قېچىپ بۇ يەردە پاناھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزگەنىدى، كىيا مۇزەففەر:

— ئۇنى كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. جالىنۇس بارگاھقا كېلىپ ئولتۇرۇپ، كىيا مۇزەففەرگە ئىسكەندەر توغرۇلۇق تۈرغۇن شىكايەت قىلىپ بەردى. كىيا مۇزەففەر:

— ئەگەر ئىسكەندەر بۇ جايغا قەدەم قويسا، ئەرجەڭ دىۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنىڭ دۆلىتىگە شىكەست بېرىمەن، — دېدى. جالىنۇس:

— رەملىگە قاراپ بىلدىمكى، ئىسكەندەر قولۇڭغا چۈشىدۇ، — كىيا مۇزەففەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، جالىنۇسنى ئەرجەڭ دىۋىنىڭ غارىغا ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا جالىنۇسنىڭ كۆزى بىر ئەركەك دىۋىگە

چۈشتى. دىۋنىڭ مۈڭگۈزى بىر غولاچ بولۇپ، ئۇتتۇشۇپ تۇراتتى. دىۋىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى سىپاھلارغا ئوخشاش سەپ تارتىپ تۇراتتى. كىيا مۇزەففەر، كىيا تالىپ ۋە جالىنۇسلار تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشتى. جەڭنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى، ئەرجەڭ دىۋە ئۇلاردىن ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئەرجەڭ دىۋە بىر ئەركەك دىۋىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا نامە پۈتتۈردى. نامىگە: «ھەزار داستان[1] چەھارۇم كوھىقاپ تېغىدىكى قەلئەدىن دەرھال قوزغىلىپ، بۇ جايغا كېلىپ ئىسكەندەر لەشكىرىنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن» دەپ يازدى. ھەزار داستان دىۋىمۇ سېھىرگەر ئىدى. ئەركەك دىۋە ئەرجەڭنىڭ نامىسىنى ئېلىپ ھەزار داستاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئۇ چەھارۇم كوھىقاپتىكى قەلئەگە قاراپ ماڭدى. بۇ تەرەپتە، نەۋفىل دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كېلىپ چېدىر ۋە خەيرگاھنى تىكتى. ئەمىر لەشكەر بىلەن جاھاننى تىترىتىپ يېتىپ كېلىپ بارگاھتا ئارام ئالدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

نەچچە كۈندىن كېيىن ئارستو سەئىدنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈچۈن كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادا ئايلاندى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت پەرسەخ كېلىدىغان بىر ئارال بار ئىدى، ئارستونىڭ كېمىسى شۇ يەرگە بېرىپ قالدى. ئارستو ئىسكەندەرگە:

— «سەئىد خەتەرلىك تاغدا ئورۇنلىشىپ، ئۇ جاينى ماكان تۇتۇپتۇ، تاغلا مازەندەرانغا بارىدىكەن، — دېگەن خەۋەرنى بەردى. ئىسكەندەر سەركەردىلەر بىلەن قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. سەئىد تۆت مىڭ كىشى

---

[1] ھەزار داستان — دىۋىنىڭ نامى.

بىلەن ئۇ جايدا كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ ئىسكەندەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ، بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى ۋە ئۇنى قورچى[1] بەگ قىلدى. ئىسكەندەر ئەتىسى سۇ يولى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. مۇراد شاملى چىقىپ كېمىلەرنى سۇ يۈزىدە ئوقيانىڭ ئوقىدەك غەلىبە بىلەن ئېلىپ ماڭدى. بىر ئايدىن كېيىن كېمىلەر قۇرۇقلۇققا يېتىپ باردى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرى بىلەن كېمىدىن تاشقىرىغا چىقتى. ئىسكەندەر مۇھتەر نەسىمنى چاقىرىپ:

— بۇرادەر، مازەندەران شەھىرىگە بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دېگەنىدى. مۇھتەر نەسىم شەھەرگە قاراپ ماڭدى. نەسىم شەھەرگە يېتىپ باردى. بۇ دۆلەتنىڭ ھاۋاسى ساپ، ئارامبەخش ئىدى. نەسىم قېرى كىشى قىياپىتىگە كىرىپ، بىر باغلام يانتاقنى كۆتۈرۈپ، كۆز - بۇرۇنلىرىدىن سۇ ئېقىتىپ، ئاغزىنى يۇمۇپ، بىر پۇتىغا يىرتىق ئاياغنى، يەنە بىر پۇتىغا چورۇق كىيىپ، ھەر قەدەمنى ھىيلە بىلەن بېسىپ بىر ئاشپۇزۇلغا كىردى.

دۇكاندا بىر ياش يىگىتنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. دۇكاندىكى قاچىلارنىڭ ھەممىسى تىللا بىلەن كۈمۈشتىن ئىدى. نەسىم يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. يىگىت:

— ئەي بوۋاي، يانتاقنى ساتامسەن؟ قانچە پۇلغا ساتىسەن؟ — دېدى.

— ساتىمەن. نېمە بەرسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدى نەسىم.

— ئالمايمەن، بۇ يەرنى خالىي قىلغىن، — دېدى يىگىت.

نەسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

---

[1] قورچى — مەرتىۋە، ئورۇن، ئەمەل نامى.

— ئېلىۋالغىن، — دېدى. يىگىت شاگىرتىغا قاراپ:

— بۇ يەرنى خالىي قىلغىن، — دېدى. نەسىمنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ:

— ئۇ سېھىرگەر بولمىسۇن يەنە، — دەپ پۇل ئالغىلى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

يىگىت يۇڭدىن توقۇلغان قېلىن ۋە قوپال تونىنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى. نەسىم ئانچە رازى بولمىغاندەك قىلىۋېدى، يىگىت يەنە ئىككى دىنار پۇل قوشۇپ بەردى. يىگىت زېرەك بولغاچقا پۇلنى ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بەردى. بوۋاي تونىنى ۋە ئىككى دىنارنى ئالغانىدى، يىگىت:

— ئەي بوۋاي، ئەگەر قونۇشقا جايىڭ بولمىسا كەلگىن، بىزنىڭ يېنىمىزدا مېھمان بولغىن، — دېدى. نەسىم قونغىلى ئوبدان جاي تاپتىم دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ، دۇكاندىكى ئۇستا بىلەن ھەمراھ بولۇشقا پۈتۈشۈپ، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. كەچتە نەسىم دۇكان ئىشىكىگە باردى. ئۇ يەردە ئۇستات:

— ئوغرىنى تۇتۇڭلار، — دەپ ھەيۋە قىلىپ ۋارقىرىدى - دە، نەسىمنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ، ئۇنى مىدىرلاتمايلا پۇت - قولىنى باغلاپ بىر خارابىققا تاشلاپ قويدى. نەسىم ئۆز - ئۆزىگە: ئەي نەسىم كوسىنىڭ ئوغلى، ئاخىرى تەمەخورلۇقنىڭ خاسىيىتىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۆزۈڭ - ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىڭ، دېدى. ئۇ ئەتراپىغا قارىغانىدى، ئادەملەرنىڭ قۇلىقى، بۇرنى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ نەسىم:

— يارەببىم (يائاللا)، يارەببىم، — دەپ كەتتى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى دۇكاندار ئۇستات، نەسىمنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ:

— پىچاقنى كەلتۈرۈڭلار، بۇ ئوغرىنىڭ كاللىسىنى ئالاي، ئۇ مۇھتەر نەسىم دېگەن ئەييار ئىكەن، — دېدى.

نەسىم:
— مەن مۇھتەر نەسىم ئەمەس. مۇھتەر نەسىمنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى، — دەپ پەرياد قىلدى. يىگىت:
— مۇھتەر نەسىم ئەمەس بولساڭ سېنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپ نەسىمنى يەرگە يېسىپ پىچاقنى كانىيىغا تەڭلىگەنىدى، نەسىم نالە - پەرياد قىلىپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا بىر مەزلۇم ئۇ ھويلىدىن چىقىپ:
— بولدى دېگەندىن كېيىن، بولدى قىلىڭلار، بۇرادىرىمنى نېمە قىلاي دەيسىلەر؟ سەن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىغانىدى، دۇكاندار يىگىت:
— ئۇنداق بولسا ئۇنى ساڭا بەردىم، — دەپ نەسىمنىڭ ئۈستىدىن تۇردى. بۇ چاغدا ئۇ مەزلۇم كېلىپ نەسىمنىڭ قولىنى بوشىتىپ، ئۆزىنى نەسىمنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. نەسىم:
— سەن قانداق قىلىپ تۇغقىنىم بولىسەن؟ ئەي تومپاي خوتۇن، سەن مېنىڭ تۇغقۇنۇم ئەمەس، — دېگەنىدى، ئۇ مەزلۇم:
— ئۆز ۋاقتىدا مۇھتەر نەئىم گەردۇسىيدىن مىسىرغا كېلىپ مېنىڭ ئانامنى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ۋۇجۇتقا كەپتىمەن. بۇ كىشىنى سەردار مىسىرى دەپ ئاتايدۇ. ھازىر ئۇ مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ. ئۇ مېنى مىسىرغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ چاغدا سېنىڭ ئاتاڭ فەرەڭدە ئىدى. نەچچە يىللا مەندىن ۋۇجۇتقا كەلدى، — دېگەنىدى، نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئۇستاتىنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ:
— سەن مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ نومۇس پەردىسىنىڭ قەستىدە مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىكەنسەن، ئەمدى مېنى ئۆلتۈرگىن، — دېدى. ئۇ سەردار:
— بۇرادەر، ئۇنداق نادانلىق قىلمىغىن، مەن ئۇ

ئازغۇنلارنىڭ قولاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىپ تاشلىدىم. كۈندۈزى تاماق قىلىمەن، كېچىسى قانخورلۇق قىلىمەن، — دېدى.

نەسىم ئەييار شەبەنىڭ بىر تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى كۆردى. شەبە ئون ئىككى يېشىدا سەركەردە بولغانىدى. ئۇستات:

— بارغىن، جاندوستۇڭنى كۆرۈپ قولىغا سۆيۈپ قويغىن، — دېگەنىدى، شەبە نەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى سۆيدى. ئاندىن نەسىم ئۇنىڭ ياقۇت ئەڭگۈشتىرىنى قولىدىن تۇيدۇرماي ئېلىۋالدى. نەسىم قولىقىدىن هالقىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. بىر ئازدىن كېيىن نەسىم ئەڭگۈشتەرنىڭ قولىدا يوقلىقىنى بىلىپ هەسرەت چەكتى. ئەبۇلفەتەھ ئەڭگۈشتەرنى سويۇپ ئېلىپ نەسىمنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئۆزىنىڭ هالقىسىنى ئالدى. نەسىم ئۇنىڭ بۇنداق كارامەتلىك ماهارىتىدىن هەيران قالدى.

نەسىم ئۇ كېچىسى شۇ جايدا قالدى. ئەتىسى كىيا مۇزەففەرنىڭ بارگاهىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ دەرۋازىغا يېتىپ بارغاندا، مۇهتەر ئىسفەندىيار مازاندەرانى ئون يەتتە ئەييارى بىلەن نەسىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. كىيا مۇزەففەر بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەرجەڭ هەزار داستان دىۋىنىڭ ئارقىسىدىن دىۋە ئەۋەتمەكچى ئىدى، هالا تېخى بۇ يەرگە يېتىپ كەلمىدى. ئەمدى بىز جەمشىددىن ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىشىمىز زۆرۈر بولۇپ قالدى، — دېدى. يۇقىرىدىكى مەزمۇندا نامە پۈتتۈرۈپ، ئەتراپ - ئالەمدىكى ئەردەشىر[68] شاھ ئەهلىگە ئەۋەتتى. نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. ئەمىر ئارستوغا:

— ئەي هېكىم، قاراپ باققىن. بۇ يەردە بىردەم هەرىكەت قىلساق بولامدىكىن؟ — دېدى. ئارستو:

— بىرنەچچە كۈن توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى. ئەمىر:
— مۇھتەر نەسىم، سەنچە قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى.
— ئالدى بىلەن مۇرەككەپ بولغان جاڭگال مۈلكىنىڭ سەردارلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئەھۋالنى ئېنىقلاش لازىمدۇر، — دېدى نەسىم.
— ئۇنداقتا بىر باتۇر ئالدىمىزدا دەرەخ - تاشلارنى چېپىپ جاڭگالغا ماڭسۇن، چۈنكى ئۇ يەردە چاتقال - ئورمان كۆپ، — دېدى ئىسھاق.
مازەندەران ئۇلارنىڭ كەينى تەرىپىدە قالغانىدى. ئەلۋەسكە ھەممە تەرەپتىن ئوق ئېتىلدى. ئۇلاردىن يۈز نەپەر ئادەم ئۆلدى. ئىسھاق ئەمىرگە بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەنىدى، ئەمىر:
— جاڭگالدا مۇنداق نىشانلارنىڭ تولا ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ — دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش قىلىپ ئىسھاققا ۋارقىرىدى. ئىسھاق بېشىنى سىلىپ تۇردى. ئەمىر ئۇنى يەنە ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن بېرىشقا يارلىق قىلدى. ئىسھاق جاڭگالغا باردى. ئۇ يەردە ھەزارداستان ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ھەزار ئۆزىنى ئەمىرخانىنىڭ سۈرىتىدە قىلىپ ئىسھاققا يېقىنلاشتى. ھەزار داستان:
— كەلگىن باتۇر، بىر ئاز مەي ئىچىشەيلى، — دېگەنىدى. ئىسھاق ئۇ ناپاك بىلەن جاڭگالغا كىردى. ھەزار داستان سېھىر ئەلىمى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ غارنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ سولاپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىنى ئىسھاق سىياقىدا قىلىپ چىقىپ بىرنەچچە بىچارىلەرنى ئۆلتۈردى. ئىسھاقنىڭ ئادەملىرىدىن بىرمۇنچىسى قېچىپ بېرىپ ئىسكەندەرگە:
— ئىسھاق بىچارىلەرنىڭ بوينىغا تىغ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، — دەپ خەۋەر بەرگەنىدى، ئىسكەندەر سەئدانغا:
— بېرىپ ئىسھاقنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كەلگىن، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلمىسۇن، — دېدى. سەئدان جاڭگالغا

بارغانىدى، ئىسھاق سەئىدانغا:

— كەلگىن، مەي ئىچەيلى، ئاندىن كېيىن مەن ئوردىغا باراي،— دەپ ئۇنى ھەم مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن غارغا ئېلىپ كىرىپ بەنتكە تارتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنى سەئىدان قىياپىتىدە قىلىپ چىقىپ، بىچارىلەنىڭ نەچچىسىنىڭ گەدىنىگە خەنجەر ئۇردى. بۇ ئىش يەنە ئىسكەندەرگە يەتتى. ئىسكەندەر سەئىداننى تەلەپ قىلدى. ئۇ كونى كەچ بولدى. ئىسكەندەر كېچىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆردى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي پەرزەنت، ئاگاھ بولغىن، سەئىداننىڭ سىياقىدىكى ھەزارداستان دىۋىدۇر، بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرگىن،— دېدى. ئەمىر ئويغىنىپ ئورنىدىن قوپۇپ، خوجا كافۇر بىلەن خوجا زەبىلگە:

— ئالماسقا خەۋەر بېرىڭلار،— دېگەنىدى، ئۇلارغا خەۋەر يەتتى. ئالماس كەلدى. ئەمىر:

— ئوقيا بىلەن ئوقنى ئېلىپ كەلگىن،— دېدى. ئۇلار سەئىدان بار چېدىرغا كەلدى. بۇ چاغدا ھەزارداستان دىۋىگە ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر يېتىپ، ئۇ چېدىرىدىن چىقتى ۋە:

— شەھرىيار نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟— دېيىشىگە، ئەمىر ئوقنى كامانغا قويغانىدى. ئۇ ناپاك نەرە تارتىپ تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بولدى. ئەمىر ئوقنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. ئوق ئۇنىڭ يوتىسىغا تېگىپ ئۇ تەرەپتىن چىقتى. ئەتىسى ئىسكەندەر:

— شەھەردىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن،— دەپ نەسىمنى بۇيرۇدى. نەسىم شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يولدا كىيا مۇزەفەرنىڭ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. كىيا مۇزەفەر كىياتالىپ ئەدبەسىنىڭ قېشىغا كېتىپ بارغانىكەن. نەسىم

ئۇنىڭ بىلەن ماڭدى. ئۇلار بىر تاجدارنى كۆردى. ئارقىسىدىن ئۇنىڭ باتۇرلىرى كەلدى. ئۇنىڭ تەگدىشى يوقتەك كۆرۈنەتتى. نەسىم:

— بۇ باتۇر كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ تورمەستور، — دېدى كىيا مۇزەفەر. ئۇلار بارگاھقا كەلدى. نەسىم:

— تەڭرىم، بۇ باتۇرنىڭ شەمشىرىنى ئىسكەندەرنىڭ بېشىدىن يىراق قىلغىن، بەس، — دېدى.

— بۇ خۇداپەرەس قانداق كىشىدۇ، مەن كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن، — دېدى تور.

— ئۇلاردىن ئىككىسىنى تۇتۇپ باغلاپ قويدۇم، — دېدى كىيا مۇزەفەر.

— ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى تور. پاسبانلار سەئدان بىلەن ئىسھاقنى قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەلدى. تورنىڭ كۆزى بۇلارغا چۈشۈپ:

— بۇلار شىجائىتىنى قانداق يوقاتقاندۇ؟ — دېدى.

— بۇلارنىڭ شىجائىتى شۇكى، شەمشىرىنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇرسا، شەمشىرى ھەتتا ئېتىنىڭ يېرىمىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى جالىنۇس.

— ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، — دېدى تور.

— بۇنداق لاپ ئۇرمىغىن. ئەگەر مېنىڭ قولۇم ئىختىيارلىقىمدا بولسا، سېنى نېمە قىلىۋېتىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئەمما بىزنى سىلەر نامەردلىك بىلەن تۇتتۇڭلار. قولۇمنى باغلاپ سولاپ قويدۇڭلار. نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن، — دېدى سەئدان.

— ئۇنىڭ قولىنى يېشىڭلار، تاكى بىرىمىزنى يەر چىشلەتكىچە ئېلىشايلى، كىم لاپ ئۇرغانلىقىنى كۆرەي، — دەپ سەئداننىڭ قولىنى بوشاتتى. تور نەسىم ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا

بېرىپ خەۋەر قىلغۇچە، نەچچە باتۇرى بىلەن قوراللىرىنى ئېلىپ لىباسىنى كىيىپ باشقا بىر تۇسكە كىرىپ ماڭدى. نەسىم بۇ يەرگە ۋاقتىدا يېتىپ باردى. تۇر بىلەن سەئدان مەيداندا قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. سەئدان قاتتىق بىر زور قىلغانىدى. تۇرنىڭ پۇتى تىترەپ ئېتىدىن يەرگە يىقىلدى. . . ①

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

مازەندەراننىڭ تەختى جايىدىن قوزغىلىپ كەتتى بولغاي، ئەمىر شەمشەرنى ئېلىپ مەيدانغا قويۇندەك كىردى. نەسىم چاپسانلىق بىلەن ئىسھاقنىڭ قولىنى بوشاتتى. ئىسھاق قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ، مازەندەرانلىقلارنىڭ ئارىسىغا بېلىقتەك شۇڭغۇپ كىردى. بۇ چاغدا يول باققۇچى دىۋە بىلەن كوھىقاپنىڭ ئەركەك دىۋىلىرى يېتىپ كېلىپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئەمىرخان ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەي قولاق تۈۋىگە بىر مۇشت ئۇرغانىدى، بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلدى. ئەمىر ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى سۇندۇرۇپ قەدەھ قىلدى. ئۇ تۆگىدەك تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشىنى چىرماپ، چېچىدىن تۇتۇپ چۆرۈپ تاشلىغانىدى، مازەندەران ئەھلىدىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

ئەمىر باتۇرلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا ياندى. يەنە بىر كۈنى جاڭگالدىن چىقىپ شەھەرگە يېقىن يەرگە چېدىر تىكتى.

ئۇ تەرەپتە تۇر ھەم يەتمىش مىڭ كىشى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ چېدىرىنىڭ ئۇدۇلىغا چېدىر تىكتى. تۇرنىڭ سەركەردىلىرى جەڭ دۇمبىقىنى تۇرنىڭ نامىغا چالدى.

ئەتىسى ئىككى دەريا لەشكەرلىرى بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تۈزۈپ مەۋج ئۇردى. تۇر مەست ھالدا مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. سەئدان مەيدانغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار بىر

---

① قولىيازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا ئېنىنىڭ كەڭلىكى 16.5 س م، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 5. 10 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزماقچى بولغان بولۇشى ئېھتىمال.

قەپەس نەيزىۋازلىق قىلىشتى. نەيزىلەر يالتىراپ ئاتنىڭ بويۇنلىرىدىن قان ئاقتى. سەئدان قولىغا شەمشەر ئېلىپ تۇرنىڭ بېشىدىكى قۇببىسىگە ئۇرغانىدى، شەمشەر دۇبۇلغىدىن ئۆتۈپ تۇرنىڭ بېشىغا ئىككى ئىلىك ئورنىدى. تۇر ئىككى قولىدىكى تىغنى سەئدانغا ئۇرغانىدى، ئۇنىڭغا تەگمەي بوشقا كېتىپ ئۆزى يىقىلىپ كەتتى. مازەندەراننىڭ قوشۇنى جايىدىن تەۋرەپ كەتتى. ئۇنىڭ جېڭى مەغلۇبىيەتكە يۈز قويدى. كۆن ئولتۇردى. هەر ئىككى تەرەپ جەڭدىن قول يىغىپ ئارامگاھىغا قايتىپ ئارام ئالدى. ئىسكەندەرنىڭ هۆكۈمالىرى سەئداننىڭ بىلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ئەتىسى جەزىرىنىڭ ئېتىكىدىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدىن سەكسەن ئەلەمنىڭ نىشانى بىلەن سەكسەن مىڭ لەشكەر نامايان بولدى. ئەمىر:

— ئەي نەسىم، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دېگەنىدى، نەسىم شۇ هامان يۈرۈپ كەتتى. نەسىم ئۇلار تەرەپكە بېرىپ، تاجدار بىر سالاپەتلىك، ساقاللىق كىشىنىڭ پىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ قىزى بولسا ئەييارلىق لىباسىنى كىيگەن بولۇپ، شىر سۈپەت قىرىق ئەييار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. ئەمما، مىڭ چىچى ئۇنى پەرىشان قىلىپ تۇرغانىدى. نەسىم يېتىپ كېلىپ:

— بۇ پادىشاھ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇلاردىن بىرى:

— ئۇ ئەردەشىر شاھ بولىدۇ. بىز ئەردەشىر شاھ ئەھلىدىن. ئۇ چاچلىق ئەييارە ئۇنىڭ قىزى فەتانە، — دېدى. بۇ چاغدا ئەردەشىر شاھ كېلىپ بىر تەرەپكە چۈشتى. نەسىم فەتانەنىڭ چېدىرىغا باردى. يىراقتىن فەتانەگە قارىدى. بۇ چاغدا فەتانە بىر كىمنىڭ بويىنىنى سوزۇپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئەييارلىق ئۇسۇلى بىلەن ئۇنىڭ نەسىم

ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يۈز پەردىسىنى كۆتۈرۈپ ئاپتاپ تەلئەتنى ئاچتى. نەسىم ئۆزىگە ئۆزى:

— بەلكىم ئۇ مېنى تونۇپ قالغان بولسا كېرەك، يەنە ئۇ مېنى تۇتۇۋالمىسۇن، — دەپ ئۆزھىي ئەپقېچىپ يۈردى. شۇنداقتىمۇ فەتانە نەسىمنى كۆرۈپ قېلىپ چېدىردىن چىقىپ نەسىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، تامبىلىنىڭ بېغىنى يېشىپ سىيىشكە ئۇلتۇردى. نەسىم قورقىنىدىن دىلغۇل بولۇپ گەپمۇ قىلالماي قالدى. ئەمما فەتانە ئۇنىڭ قوربانى بولسام بولايكى، كەچ كىرگەندە بۇ كاساپەتنىڭ قوينىغا كىرمىسەم، دەپ تامبىلىنىڭ بېغىنى چىگىپ، يۈز پەردىسىنى يېپىپ ماڭدى. بۇ چاغدا نەسىم بۇ يەردىن كەتمەكچى بولىۋىدى، فەتانە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سالما تاشلاپ تۇتۇپ يەرگە ئۇردى. نەسىم يەرگە نەقىش بولدى. فەتانە نەسىمنىڭ پۇت - قولىنى تۈۋرۈككە باغلاپ:

— ئەي نەسىم، ئەجەب ئوبدان قولغا چۈشتۈڭ، — دېدى. نەسىم:

— مەن بىر بىچارە قېرىندۇرمەن، نەسىم دېگەن كىم ئۇ؟ — دېدى. فەتانە:

— سەن نەسىم ئەمەسمۇ؟ — دەپ يەنە خەيرلىك قولىنى ئۇزىتىپ نەسىمنىڭ ئېتىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يەتتە قاتار مەرۋايىت ئاسقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇلازىملىرىغا:

— بۇنى ئوبدان ساقلاڭلار، بۇنى تاڭلا ئۆلتۈرىمەن، — دەپ كېتىپ قالدى. ئەبۇ ئەلفەتەھ جاۋاھىرزادە نەسىم تۇرغان چېدىرنىڭ ئىشىكىگە، بېرىپ نەسىمنىڭ ئەھۋالىنى كۆردى. ئۆزۈن ساقلىدى، كەچ بولدى. جاۋاھىرزادە چېدىرنىڭ ئىككى مىخىنى (قوزۇق) يۇلۇپ، چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ نەسىمنى بوشىتىپ تاشقىرىغا چىقتى. جاۋاھىرزادە:

— بۇ يەردىن ئىلدامراق كېتەيلى، ئۇ ناپاك ئاجايىپ

مەككاردۇر، — دەپ ئويلىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار بارگاھقا كەلگەندە، بارگاھتا تېخى زىياپەت باشلانمىغانىكەن. نەسىم كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئەمىر ئەبۇئەلفەتەھكە ئوڭ قول تەرەپتىن، نەسىمنىڭ تۆۋىنىدىن نەئىم كوسىنىڭ باراۋىرىدە ئورۇن بەردى. ئەتىسى فەتانە بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق ھەسرەت چەكتى.

ئۇ تەرەپتە كىيا تالىپ، كىيا مۇزەففەر ۋە جالىنۇسلار ئەرجەڭنىڭ غارىغا بېرىپ غارغا كىرىپ،

— تۇر يارىلاندى، يەنە كىمنى بۇيرۇيدىلاركىن، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلغاندى، ئەرجەڭ:

— دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى جەم بولسۇن، — دېدى. شۇ زامان قىرىق مىڭ دىۋە ھاۋا يۈزىدىن قويۇن چىقىرىپ يېتىپ كەلدى. ئەرجەڭ:

— بۈگۈن كېچە ئىسكەندەرنىڭ ئويىغا شىكەستە بېرىڭلار، خۇداپەرەسلەرنىڭ بېشىغا تاش بىلەن ئۇرۇڭلار، ساق ئادىمى قالمىسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى.

مۇھتەر ئەلفەتەھ كىيا مۇزەففەرنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا يۈرگەنىدى، بېرىپ بۇ ئەھۋالدىن ئەمىرگە خەۋەر بەردى. ئەمىر ئارستو بىلەن مەسلىھەتلەشتى:

— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىرمۇ كىشى تىرىك قالمايدۇ، — دېدى ئارستو.

— بۈگۈن كېچە ئەركەك دىۋىنىڭ باتۇرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، بىرنىمۇ قويماي تۇتۇپ كېلىڭلار، — دېدى ئەمىر. سەئدان دىۋزاد ئورنىدىن تۇردى. مۇھتەر ئەبۇلفەتەھ ئۆزىنىڭ ئەييارلىرى ۋە قىرىق مىڭ كىشى بىلەن راۋان بولدى. ئەمىرنىڭ ئويىدىن بىر پەرسەخ يىراقتىكى جايغا بارغاندا، ھاۋادىن دىۋىلەر چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇلار قارىغاندى، سەپنىڭ ئالدىدا سۇرخاب دىۋە تۇراتتى. سەئدان:

— قەيەردە ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. سۇرخاب دىۋە:
— تاغدا ئىدىم، سىىنى كۆرەي دەپ ئون ئىككى مىڭ ئەركەك دىۋە بىلەن كەلدىم، — دېدى. سەئدان مەقسىتىنى ئېيتتى. سۇرخاب دىۋىلىرىنى يىغدى، ھەربىر دىۋە ئىككى ئادەمنى ئۆشنىسىگە مىندۈرۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. سەئدان تىغ تارتىپ ئەرجەڭنىڭ دىۋىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. دىۋىلەر يەر چىشلىدى. دىۋىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مازەندەراننىڭ تۇپرىقىدا ئۆلدى. سۇرخاب ئەرجەڭنىڭ قەلئەسىگە بېرىپ، نەيزە بىلەن تۇرنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى، تىغ ئىككى مۇڭگۈزىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئەرجەڭنىڭ دىۋىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قېچىپ كەتتى. ئەمىرنىڭ پالۋانلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈردى. تاڭ ئاتقاندا پالۋانلار نەيزە-گۈرزىلىرىنى يەردە قويدى. دىۋىلەردىن بىرنەچچىسىلا تىرىك قالدى. پالۋانلار كېلىپ ۋەقەنى ئەمىرگە بايان قىلغانىدى، ئەمىر سەئدانغا تەھسىن ئاپىرىن ئوقۇدى. سۇرخابنى ماختاپ كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى.

ئۇ تەرەپتە كىيا مۇزەفەر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ غەمكىن بولدى. تۇرنىڭ يارىسى ساقايدى. كىيا مۇزەفەر:
— جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە چالسۇن، — دېدى.

ئەتىسى ئىككى قوشۇن سەپ تۈزۈپ مەۋج ئۇردى. تۇر مازەندەراننىڭ مەيدانىغا كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. سەئدان ئەمىردىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى. بۇلار ئىككىسى بىر پەس نەيزىۋازلىق قىلدى. تۇر سەئدانغا پۇرسەت بەرمەي خەنجەرنى چىقىرىپ ئۇرغانىدى، سەئداننىڭ بېشىغا تېگىپ ئۈچ ئىلىك ئورۇن ئالدى. ئەبۇلفەتەھ سەئداننى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئىسھاق ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن مەيدانغا كىردى. ئۇمۇ ياردار بولدى. ئەمىرخان مەيدانغا كىرىپ

شاھلارچە ئېلىشتى. ئاخىرى مۇرادى ھاسىل بولمىدى. ئىككىسى كۈن ئولتۇرغىچە ئېلىشىپ چارچىدى. تىنچلىق دۈمبىقى چېلىندى. ئۇلار ئارامگاھىغا ياندى.

ئەتىسى ئۇ تەرەپتىن فەتانە مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي مۇھتەر نەسىم، ئەگەر مەرد بولساڭ مەيدانغا كەلگىن، — دېگەنىدى. مۇھتەر نەسىم ئىسكەندەردىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى. فەتانە:

— ئەگەر مەن سېنى تۇتۇۋالسام، سېنى نېمە قىلغۇم كەلسە، شۇنداق قىلىمەن. ئەگەر سەن مېنى تۇتۇۋالساڭ، نېمە قىلىشنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن، — دېدى. بۇ چاغدا ئەردەشىر شاھ، كىيا مۇزەفەرلەر ھۆكۈمالىرى بىلەن ئەلەمنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى.

نەسىم بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپ، مەيدانغا كىرىپ خەنجەرۋازلىق قىلغىلى تۇردى. فەتانە پۇرسەت تېپىپ خەنجەرنى نەسىمگە ئاتتى. نەسىم بوۋاي موللاق ئاتقانىدى، فەتانەنىڭ خەنجىرى قاڭقىپ يەرگە سانجىلدى. مۇھتەر نەسىم، ئەگەر بىپەرۋالىق قىلسام ئۆلتۇرگۈدەك، دەپ فەتانەگە يېقىنلاپ ھەيۋە قىلىپ خەنجەرنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، فەتانەنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەتمەكچى بولغانىدى، بىر قول ھاۋادىن چۈشۈپ، ئىككىلىسىنىلا كۆتۈرۈپ پەلەككە ئاچىقىپ كەتتى. ئەتراپ - ئالەمدىكىلەر ھەيران قالدى. قالغانلار ئارامگاھىغا قايتتى. مەخپىي قالمىسۇنكى، نەسىم بىلەن فەتانەنى ئېلىپ كەتكەن قول ئەرجەڭ دېۋىنىڭ قولىدۇر. ئەرجەڭ ئۇلارنى ئېلىپ بېرىپ غاردا قويدى. ئۇ:

— ئەي نازىنىن، مەن سېنىڭ جامالىڭغا ئاشىقدۇرمەن. بۇ ئەييار سېنى تۇتۇۋالدى. ئەمدى ئۇنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن، — دېدى. بۇ چاغدا كىيا مۇزەفەر بىلەن جالىنۇس ۋە مۇھتەر ئىسفەندىيارلار يېتىپ كەلدى.

جالىنۇسنىڭ كۆزى نەسىمگە چۈشتى. ئۇ:
— ئالىيلىرى، بۇ شەيتاننى ئۆلتۈرگۈلۈك. بۇ يەردىن تىرىك چىقمىسۇن. ئۇ ھىيلە كەسپدارىدۇر، — دېدى.
ئەرجەڭ:
— نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى قىلىڭ، — دېدى.
جالىنۇس:
— ئۇنى زەھەر بىلەن ئۆلتۈرۈش لازىم، — دېدى.
مۇھتەر ئىسفەندىيار:
— ئۇنى مەن ئىسكەنجىگە ئالاي، — دېدى. نەسىم:
— ئەي جالىنۇس، ئىش قىلغاندا ئۆزىڭنىمۇ ئويلىشىپ قويۇش لازىم جۇمۇ، — دەپ ۋارقىرىدى. جالىنۇس:
— مەن ئەمدى ئىشىمنى باشلايمەن، — دېدى رەملىگە قاراپ ۋە. نەسىمنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىدىن ئازراق ۋاقىت بارلىقىنى بىلىپ ئىسفەندىيارغا:
— ئۇنى تۆت كۈچىدىكى دەرۋازىغا ئېلىپ بېرىپ ئاسقىن، — دېدى. ئىسفەندىيار نەسىمنى دەرۋازىغا ئېلىپ بېرىپ شۇنداق قىيىندىكى، نەسىم بەرداشلىق بېرەلمەي ھوشىدىن كەتتى. فەتانەنىڭ بۇنى كۆرۈپ دىلى كۆيدى. ئۇ ئورنىدا تۇرۇپ:
— ئەي نامەردلەر، بۇ راستتىنلا نامەردلىك بولىدۇ، بۇنداق قىلساڭلار ماڭا ئاھانەت، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدۇ. ئۇنى قاچانغىچە قىينايسىلەر، — دېدى. ئەرجەڭنىڭ فەتانەگە ئاشىقلىقى تۇتۇپ:
— نەسىمنى غارغا ئېلىپ بېرىپ سولاپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.
ئەلقىسسە، نەسىمنى داردىن چۈشۈرۈپ يەنە بىر غارغا تاشلىدى. مۇھتەر نەسىم بىر زاماندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى شەھرىيارنىڭ دەرگاھىدا كۆردى. نەسىم بىر تونۇش

ئاۋازنى ئاڭلاپ:

— سەن كىم؟ — دېگەنىدى.

— مەن ئىبراھىم خەلىلۇللا بولىمەن، ساڭا شىپالىق بەردىم. سەن ئىسكەندەرنىڭ ياخشى ئەلچىسى، — دېدى ئۇ. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ھەزرەتنىڭ قولىنى سۆيدى. ئۇ شەھرىيار غايىب بولدى. نەسىم ئويغىنىپ ئۆزىنى يەنە ئەرجەڭنىڭ غارىدا كۆردى.

ئۇ تەرەپتە ئەرجەڭ غارنى خىلۋەت قىلدى. باشقىلار يېتىپ قالدى. ئەرجەڭ فەتانەگە:

— ئەي نازىنىن، مەن سېنىڭ جامالىڭغا ئاشىقدۇرمەن. كەلگىن، ۋىسال قولۇڭنى بوينۇمغا سالغىن، — دېدى. فەتانە ئەرجەڭنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىكى چىنارنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۆزىنىڭمۇ ئىختىيارسىز ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىكى كېيىك تۇۋىقىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى بىلدى. ئۇ تەدبىر يۈزىسىدىن:

— ئەيىب يوق، كەلگىن. ئاۋۋال نەچچە پىيالە مەي ئىچەيلى، ئاندىن ئىشرەت قىلايلى، — دېگەنىدى، ئەرجەڭ قوبۇل قىلدى. فەتانە ئارقا - ئارقىدىن مەي تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەرجەڭ بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قەدەھ تۇتماقچى بولىۋىدى. ئەمما مادارى يەتمىدى. فەتانە بىر تولۇم دورا بىھوش ئارىلاشتۇرۇلغان مەينى ئەرجەڭگە بەرگەنىدى، ئەرجەڭ ئىچىپ بىھوش بولدى. فەتانە ئەمدى ئۆزىنىڭ قۇتۇلغانلىقىنى بىلىپ بۇ يەردىن بەدەر كەتتى.

مۇھتەر نەسىم ئەرجەڭنىڭ بىھوش بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. ئاندىن غاردىن چىقىپ ئەرجەڭنىڭ بېشىنى كىيا مۇزەفەرنىڭ بارگاھىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويدى ۋە كىيا مۇزەفەرگە:

— خۇنۇمنى قاچان تۆكەرسەن، — دەپ تاشقىرىغا چىقىپ

جالىنۇسنىڭ قەسرىگە كەلدى. نەسىم جالىنۇسنىڭ كات ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ۋاقىتتا جالىنۇس ئويغىنىپ:

— بۇرادەر، سادىق قۇلۇڭ بولاي، — دەپ يالۋۇردى. نەسىم:

— ئەي جالاپنىڭ بالىسى، بېشىڭنى خوتۇنىڭنىڭ كالتا ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىمەن، كىيا مۇزەفەر بىلەن ئىككىڭ خۇنۇمنى تۆكمەكچى ئىدىڭلار. ئەمدى سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن، — دېگەندى، جالىنۇس:

— بۇرادەر، مال - مۈلكىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرەي. مېنى ئۆلتۈرسەڭ نېمە پايدا كۆرەرسەن. ئىسكەندەرنىڭ بېشى بىلەن قەسەم قىلىپ بېرەي، — دەپ نەسىمگە قەسەم بەرگەندى، نەسىم ئۇنىڭ جېنىدىن كەچتى. ئەمما بىھوش قىلىپ ساقال - بۇرۇتىنى چۇشۇرىۋېتىپ، نۇرغۇن جاۋاھىرلارنى ئېلىپ ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى.

بۇ چاغدا فەتانە ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا ئىلتىپات كۆرسىتىش يۈزىسىدىن ياخشىچاق بولۇپ، مۇھتەر نەسىم ئۆلدى، دەپ خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كەلگەندى. ئەمما مۇھتەر نەسىمنىڭ ئۇ يەردە سىپاھى بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم سىرتماقنى يولغا كۆمدى. فەتانە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار فەتانەگە قاراپ ۋار - چۇرقىرىغانىدى، فەتانە ئارقىغا قارىدى. مۇھتەر نەسىمنىڭ لەشكەرلىرى سىرتماقنى تارتتى. فەتانە يەرگە يىقىلدى، نەسىم فەتانەنىڭ قورسىقىغا مىنىپ تۇرۇپ:

— قولۇڭنى بەرگىن، باغلايمەن، — دېگەندى، فەتانە نەسىمنى:

— ئۆلمىگەنلىكىڭگە شۈكرى، ئۇستۇمدىن قوپقىن. سېنىڭ ئېتىقادىڭ بەرھەق ئىكەن، — دېدى. نەسىم ئۇنىڭ

قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. فەتانە راستچىللىق بىلەن نەسىمنىڭ ئېتىقادىغا ئىشەندى. نەسىم:

— ھازىرلا مۇڭداشباغقا بارايلى، — دېدى. فەتانە:

— سەن بېرىپ تۇرغىن، مەن كېلىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپ كەتتى. نەسىممۇ ياندى. ئەمما كۆڭلىدە فەتانە يەنە بىرەر مىكىر قىلمىسۇن، دەپ تەشۋىشلەندى.

نەسىم ئوردىغا باردى، ئەمما دىلغۇل بولۇپ ئولتۇرۇپ ئاۋۋالقى كېچىنى ئۆتكۈزدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزخانىسىنى تازىلىدى. ئاندىن قوللارنىڭ ئاقساقىلى ئالماسنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار نەسىمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ، نەسىمنى ئولتۇرغۇزۇپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئۇ تەرەپتە فەتانە مۇھتەر نەسىمنىڭ ئالدىدىن كېتىپ تۇرنىڭ خانىسىغا باردى. فەتانە بىلەن تۇر مەي ئىچىپ تۇرنى بىھوش قىلىپ، ئۇنى پەردىگە ئوراپ كۆتۈرۈپ كەتتى. شەپەق تاڭنىڭ ئەسىرىنى ئالدى. فەتانە ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. مۇھتەر نەسىم ئېگىزدە ئولتۇرغانىدى:

— كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. فەتانە:

— مەن، فەتانە، — دەپ جاۋاپ بەردى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشاللىقىدا تېرىسىگە سىغماي قالدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغان ھالدا:

— كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى. بەس، ئۇلار بىرلىكتە ئوردىغا كىردى. ئىسكەندەر بارگاھتا ئولتۇرغانىدى، نەسىم فەتانە بىلەن بىللە كېلىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەزىم قىلدى. ئەمىر نەسىمنى كۆرۈپ كۆپ خۇرسەن بولدى ۋە:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، نەسىم:

— مېنىڭ دىلھۇزۇرۇم فەتانە بولىدۇ، — دېدى. ئەمىر ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئادەمگە قاراپ:

— كىمنى ئېلىپ كەلدىڭلار؟ — دېدى. نەسىم:

— تۇرنى، — دېدى. ئەمىر غەزەپلىنىپ:
— ساڭا كىم تۇرنى ئېلىپ كەلسۇن دەپتۇ؟ — دەپ كايىپ كەتتى. بەس، ئەتىسى ئىسكەندەر تۇرنىڭ شەمشىرىگە جاۋاب قايتۇرالمىغانلىقى ئۇچۇن كېچىدە ئادەم ئەۋەتىپ تۇرنى كەلتۇردى. فەتانەنىڭ قولىنى تۇۋرۇككە باغلاپ قويغانىدى، سەئىد تاغ ئاشار تاياق بىلەن فەتانەنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بىر هازادىن كېيىن تۇر ئاغزى - بۇرنى ۋە پۇت - قولى باغلاق هالدا هوشىغا كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ بىر كىمنى تاياق بىلەن ئۇرغۇزىۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە ئۇچۇن تۇرنى ئېلىپ كېلىسەن دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىسكەندەر ئاجايىپ مەرد ئىكەن دەپ:
— ئەي ئەمىر، باتۇرنى مەن ئۇچۇن قويۇپ بەرگىن. مەن سېنىڭ ئېتىقادىڭدا بولىمەن، — دەپ ئۆندىدى. ئەمىر تۇرنى خالىي قىلىۋەتتى. ئۇ ئەمىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، پۇتىنى سۆيۈپ راستچىللىق بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى.
تاڭ ئاتتى. ئۇ تەرەپتە كىيا تالىپ تۇرنى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ مۇهتەر ئىسفەنديار مازەندەرانىي:
— بىرىپ تۇرنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتتى. مۇهتەر ئىسفەنديار ئىسكەندەرنىڭ بارگاهىغا كېلىپ، تۇرنىڭ تەخت ئۇستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قايتىپ كېلىپ كىيا تالىپقا بۇ ئەهۋالنى يەتكۈزدى. كىيا تالىپ بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتقا مىنىپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاهىغا بىرىپ ئاتتىن چۈشتى. ئالماس ئىسكەندەرگە خەۋەر بەرگەنىدى، ئەمىر:
— كىيا تالىپنى بارگاهقا ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى. ئۇنى ئېلىپ كېلىشتى. ئەمىر تەختنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ:
— ئەگەر ئىتائەت قىلىمەن دەپ كەلگەن بولساڭ ئولتۇرغىن، ئازغۇن بولساڭ قوپۇپ كەتكىن، تۇر يول تاپتى، — دېگەنىدى. كىيا تالىپ:

— مەنمۇ يول تاپتىم، — دەپ راستچىللىق بىلەن كەلىمە ئېيتىپ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئەمىر:

— ئەي كىيا تالىپ، راستىنى ئېيتقىن، تۇر سېنىڭ پەرزەنتىڭمۇ؟ — دېدى. كىيا تالىپ:

— مېنىڭ پەرزەنتىم ئەمەس، لېكىن مەن ئۇنى چوڭ قىلدىم، — دېدى. ئەمىر:

— ئۇنىڭ ئاتىسى كىم؟ — دېدى. كىيا تالىپ مۇنداق دېدى:

— بىر كۈنى بەھمەن رۇستەمنىڭ ئەۋلادىنى ئۆلتۈردى. بەھمەنمۇ ئۆلۈپ كەتتى. بەھمەننىڭ قىزى هوماي ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ھەرقانداق جايدا رۇستەمنىڭ ئەۋلادى بولسا ئۆلتۈردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىكارغا چىققانىدىم. بىر ۋاقىتتا جاڭگال تەرەپتىن بىر زەئىفە خوتۇن بىلەن بىر دىۋانە ئالدىمغا كەلدى. ئۇ دىۋانە ئېتىمنىڭ كاللىسىغا مۇشتى بىلەن ئۇرغانىدى، ئېتىمنىڭ كاللىسى چۇۋۇلۇپ مېڭىسى تۆكۈلدى. مەن ئۇ زەئىفەدىن: «ئۇ تەلۋە كىم؟» دەپ سورىدىم: «رۇستەمنىڭ ئەۋلادى،» دېدى زەئىفە. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدە ئوت چۇشۇپ ئۇنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. كۈنلەر ئۆتتى. مەن قىزىمنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدىم. بۇ ئوغۇل — تۇر مېنىڭ قىزىمدىن تۇغۇلغان. ئۇنىڭ زۇلۇم تارتقان ئاتىسى ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇنى پەرزەنتىم دەپ تەربىيىلەپ چوڭ قىلدىم.

ئىسكەندەر كىيا تالىپنى ئازاد قىلىپ، مۇلكى ئەلۋەسنىڭ قاتارىدا، سول قول تەرىپىدە تەخت قويۇپ ئولتۇرغۇزدى. تۇرغا ئوڭ قول تەرەپتىن سەئدانىڭ قاتارىدا ئورۇن بەردى. ھەتانەگە خۇش مۇئامىلە قىلدى.

ئۇ تەرەپتە ئەردەشىر شاھ كىيا تالىپنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ ھەممە ئۇلۇغلىرى بىلەن كېلىپ ئىسكەندەرگە بەيئەت

قىلدى. ئۇنىڭغا خىسرەۋخان گۈلرىز گۈل چاچقۇچى رەئىسنىڭ قاتارىدا ئورۇن بېرىلدى. ئەردەشىر شاھ بىلەن كىيا تالىپ ئەمىرنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلدى. مۇھتەر ئىسفەندىيار مازەندەرانى بۇ خەۋەرنى كىيا مۇزەفەرگە يەتكۈزگەندى، كىيا مۇزەفەر:

— ئەي ئىسفەندىيار، بېرىپ ئىسكەندەرنى ئوغرىلاپ كېلىپ، دىۋە سۇپەتنىڭ غارىغا ئېلىپ بېرىپ قاماپ قويغىن، — دېدى. ئىسفەندىيار دەرھال يولغا چىقتى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شەھرىيار، مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، — دېگەندى، ئەمىر خۇش مۇئامىلە قىلدى.

كەچ كىردى. ئىسفەندىيار قەدىمىنى ئەمىرنىڭ خانىسىغا تاشلىدى. ئۇ شەھرىيارنى بىھوش دورىسى بىلەن بىھوش قىلىپ، شايى ـ پەردىگە ئوراپ، ئۇچىسىدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا مۇزەفەرنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەلدى. كىيا مۇزەفەر دەرھال ئۇلۇغلىرى ۋە جالىنۇسقا:

— ئىسكەندەرنى ئېلىپ دىۋە سۇپەتنىڭ غارىغا ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى. ئۇ تاغدا بىر غار بار ئىدى. ئۇ دىۋە سۇپەت رۇستەمنىڭ غارى ئىدى. ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، تاغنى تېشىپ بىر يول ئاچقان بولۇپ، ئۇ يول بىلەن غاردىن چىقىش ئاسان ئەمەس ئىدى. تاغنىڭ ئاستىغا ھۇجرا ياسالغان بولۇپ، ئۇلار ئەمىرنى شۇ يەرگە قاماپ قويدى.

تاڭ ئاتتى. ئوردىدىكىلەر ئەمىرنىڭ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. سۇلتان تىفۇرنى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، مازەندەران شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار شەھەرگە يەتكەندە، شەھەر ئەھلى ئۇلارغا ئىتائەت قىلدى. شاھزادە نەسىمنى چاقىرتىپ:

— بېرىپ ئەمىرنى قۇتقۇزغىن، — دېدى. نەسىم:

— شەھرىيار، مەن دىۋە سۈپەتنىڭ غارنىڭ ھېچقانداق نام - نىشانىنى بىلمىسەم قانداق بارالايمەن؟— دېگەندى، شاھزادە:

— ئەگەر بېرىپ ئەمرىنى قۇتقۇزساڭ، ساڭا ئۇن مىڭ تۈمەن بېرىمەن،— دېدى. نەسىم ئۆز - ئۆزىگە: «ئەمدى نېمە دەيمەن. ئەگەر بارمىسام بەزىلەر بارمىدى، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ پاناھىنى قۇتقۇزماي ئىستىقبالىنى ئويلىمىدى دەيدۇ» دېدى. بەس، نەسىم يەنە:

— نەچچە ساندۇققا باتۇرلارنى سېلىپ قەلئەگە بارايلى،— دېگەندى، ئالدى بىلەن تۆر ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىسھاق بىن ئەلۋەس، كىيا تالىپ ۋە سەئدانلار ئورنىدىن تۇردى.

ئەلقىسسە، نەسىم بىر قانچە ئەييار بىلەن ئۆزىنى تۆگىچى سىياقىدا ياساپ، باتۇرلارنى ساندۇققا سولاپ، تۆگىلەرگە يۈكلەپ يولغا چىقتى.

ئۇلار قەلئەنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەمما رەئىد دىۋە غارنىڭ ئېغىزىنى ساقلاپ تۇراتتى. ھەرقانداق كىشى كەلسە ھالاك قىلاتتى. سودىگەرلەر قەلئەنىڭ ئەتراپىغا كەلدى. شاھماران[1]:

— ئۇلارنى قەلئەگە كىرگۈزۈڭلار،— دېدى. ئۇلارنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىش ئۈچۈن ئەركەك دىۋىلەر كېلىپ:

— ئەي سودىگەرلەر، قەلئەگە كىرىڭلار،— دېدى.

مۇھتەر نەسىم تۆگىلەرنى قەلئەگە يېتىلەپ كىردى. نەسىم دەرھال ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىدى، باتۇرلار ساندۇقتىن چىقىشقا باشلىدى. رەئىد دىۋە بۇلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپتى. تۆر باتۇر ۋارقىراپ بېرىپ، شەمشەر بىلەن ئۇنى چېپىپ ئىككى

---

[1] شاھماران — دىۋىلەرنىڭ شاھى، يىلانلارنىڭ پادشاھى.

پارە قىلىۋەتتى. كىيا تالىپ، كىيا مۆزەفەرگە يېتىشىپ بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ شەمشەر تەڭلىگەندى، ئۇ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باتۇرلار دۇەە سۇپەتىنىڭ غارىغا بېرىپ ئىسكەندەرنى قۇتقۇزدى. ئۇلار ئوردىغا قايتىپ كىردى. ئەمىر تەختتە ئولتۇرۇپ ناغرا - سۇنايىنى شادىيانىگە چالدۇردى. ئەبۇئەلفەتەھ ئىسفەندىيار مازەندەراننىڭ قولىنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. نەسىم:

— ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىۋېتەيلى، — دېدى. ئەمىر:

— ئەگەر ئېتىقادىنى توغرىلىسا شۇنداق قىلغىن، — دېدى. مۇھتەر ئىسفەندىيار سادىقلىق بىلەن ئەقىدە قىلىپ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئەمىر ئۇنى تۇرغا ئەيىار قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا بۇ يەرگە بىر نامدار نىقابدار يېتىپ كەلدى. ئەمىر ئۇنى كاتتا مۇراسىم بىلەن كۈتۈۋالدى. ۋە:

— ئەي جان پەرزەنت، ئۆزۈڭنى تېز ئاشكارا قىلغىن. كىمنىڭ ساڭا تەڭداش بولالايدىغانلىقىنى كۆرەي، — دەپ نىقابدارنىڭ نىقابىنى يۈزىدىن ئالدۇردى. شۇنداق بىر يىگىتنى كۆردىكى، چېچى يەلكىسىدىن ئېشىپ تۇراتتى. ساقىلى تېخىچە چىقمىغان بولسىمۇ بۇرۇتى خۇددى خەنجەردەك تازا ئۆسكەندى. ئەمىر:

— جان پەرزەنتىم، كىمنىڭ گۈلىستانىمىدىن كېلىۋاتىسىز؟ — دېگەندى، يىگىت:

— شەھرىيار، قۇللىرى يۇنانلىق فەرىدۇن شاھنىڭ بالىسى بولىمەن. ئەفلاتۇن ئاتامنى تۇتۇپ كەتتى. تۇخۇم - ئالتۇنلىرىمنى ئېلىپ مېنى ۋەيران قىلدى. مەن فەرىدۇننىڭ بالىسى فەرۇخ بولىمەن. بوۋام تىلسىمنى باغلىغانىكەن. ئۇنىڭ سىرىنى ئاچتىم دەپ كۆپ دۆلەتنى قولغا كەلتۈرۈپ يۇنانغا كەلسەم، يۇناننى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقىدا شەھەر بىنا قىلدىم، شەھەرنى بېزىدىم. ئۇنى «رەشت دىيارەت»

دەپ ئاتىدىم. شەھرىيارنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. مېنىڭ ئىبتىم سام ىبىن فەرىدۇن بولىدۇ، — دېگەنىدى، ئەمىر خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى. خاس تون بېرىپ ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتەيلى.

## يىگىرمە بىرىنچى قىسسە، سام ئىبىن فەرىدۇننىڭ تەمھالخان شەرۋاننىڭ ئۇستىگە بارغانلىقى، ئۇ باتۇرنىڭ تەمھالخاننىڭ قولىدا يارىدار بولغانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچى نەقىل قىلىپ شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى ساھىبقىران بارگاھىدا ئولتۇرغانىدى، بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن غەۋغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمىر مۇلازىمىدىن سورىغانىدى، مۇلازىم سىرتقا چىقىپ بىر قېرىنىڭ بالىسىنى بوينىدا كۆتۈرۈپ:

— شەھرىيار، بىز رەشت ۋەلىي ئەھدىخانىنىڭ باتۇرلىرى بولىمىز. شەرۋان شاھىنىڭ شىرۋانە لەشكەرلىرى بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ بىر باتۇرى بولۇپ، ئۇنى تەمھالخان دەيدۇ. ئۇ ئاجايىپ شىجائەتلىك بولۇپ، بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى تارتىۋالدى. بىزنىڭ ھالىمىزغا يەتكىن، — دەپ ئەرز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. فەرىدۇن:

— شەھرىيار، بۇ خىزمەتنى ماڭا تاپشۇرسىڭىز، — دەپ تەلەپ قىلىپ رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئون ئىككى مىڭ كىشى بىلەن رەشت تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شەرۋان شاھقا — سام

ئىبىن فەرىدۇن ھېسابسىز لەشكەر بىلەن شەرۋانخاننى تۇتقىلى كېلىۋېتىپتۇ، — دېگەن خەۋەر يەتتى. سامنىڭ بىر ساۋۇتى بار ئىدى، نەيزە ئۇنىڭغا كار قىلمايتتى. ئۇنى «زەرەئى داۋۇدەئى» دەيتتى. سامنىڭ لەشكەرلىرى شەرۋان شاھنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا چۈشتى. شەرۋان شاھنىڭ بىر پالۋىنى بار بولۇپ، ئۇنى زەرقان شىردىل شەرۋانە دەيتتى. شەرۋان شاھ زەرقاننى چاقىرىپ:

— بۈگۈن كېچە بېرىپ سامنىڭ «زەرەئى داۋۇدەئى» قوراللىرىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. كېچە بولغاندا مۇھتەر زەرقان خىللانغان قوشۇننى باشلاپ سامنىڭ چېدىرىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. دورا بىھوشىنى سامنىڭ دىمىغىغا پۇرىتىپ ئۇنى بىھوش قىلىپ، بېشىدىكى قورال ساندۇقنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى. سىرتىدىكى لەشكەرلىرى ئۇنىڭغا ھەيران قالدى. زەرقان چاقماقنىڭ تېزلىكىدە قايتىپ كەتتى.

تاڭ ئاتتى. زەرقان شەرۋان شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ساندۇقنى يەرگە قويغانىدى، شەرۋان شاھ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن لەشكەرلىرىنى ئاتلىنىشقا بۇيرۇق قىلدى. قوشۇن سەپ تۈزۈپ جايىدىن قوزغالدى. ئۇ تەرەپتە سام ساندۇقنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ بىئارام بولدى. فەرىدۇن ئۇرۇش مەيدانىغا كېلىپ ئەلەم ئاستىدا ئولتۇرغانىدى، تەمھالخان مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. سام بىننى فەرىدۇن مەيدانغا كىرىپ نەيزىۋازلىق قىلدى. نەيزىۋازلىقتىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. سام قولىغا قىلىچنى ئېلىپ تەمھالخانغا ئۇردى. تىغ تەمھالخانغا كار قىلمىدى. سام قاراپ ئۆزىنىڭ ساۋۇتىنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. تەمھالخان سامنىڭ بېشىغا ساتور ئۇرغانىدى، ساتور سامنىڭ بېشىغا تېگىپ بېشىدىن قان ئاقتى. ئېتى قاننىڭ ھىدىنى پۇراپ

سامنى مەيداندىن ئېلىپ قاچتى. خالىسىڭىز ئۇنىڭ قىسسىنى كېيىن ئىشىتكەيمىز. ئەمدى ئىسكەندەرنىڭ قارارگاھىدىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

نەقىلچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شەمسىئى ئالەم - ئالەمنى نۇرلاندۇرغۇچى - ئىسكەندەر، مازەندەراندىن بىرىنى ئۇ يەرگە ھاكىم قىلىپ، شەھەرنىڭ تاشقىرىدا پادشاھ قەسرىنى تىكىپ چۈشكۈن قىلدى. بۇ چاغدا سامنىڭ شىكەستە يېگەن لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، ساھىبقىران:

— باتۇرلار بىرىپ تەمھالخانغا شىكەستە بەرسۇن، — دېدى. مازەندەرانلىق تۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىجازەت ئېلىپ، قىرىق مىڭ مازەندەرانلىق يىگىتنى باشلاپ مۇھتەر ئىسفەندىيار بىلەن رەشتكە قاراپ ئاتلاندى. تۇر كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئەمىر ئەنسىرەپ:

— يەنە بىر باتۇر بارسۇن. چۈنكى تەمھالخان بەك شىجائەتلىك ئىمىش، مۇبادا كۆز تېگىپ تۇر ياردار بولمىسۇن، — دېگەنىدى. سەئدان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىجازەت بەرسىڭىز مەن بارسام، — دەپ ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلاندى. ئۇلار كەتتى. ئارستو:

— شەھرىيار، بۇ يەردە ئوبدان پاراسەت يۈرگۈزەيلـ ـى، بولمىسا تۇر بىلەن سەئدان بىرى كۆز بولسا، بىرى قۇلاق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى. ئەمىر:

— يەنە بىر باتۇر بارسۇن، — دەپ بۇيرۇغانىدى، ئىسكەندەرنىڭ ئوردا سەركەردىسى ئەمىرخان ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىرمە مىڭ تاغ يۈتكەر باتۇر بىلەن ئىجازەت ئېلىپ راۋان بولدى. ئەمىر ھەم قوزغىلىپ لەشكەرلەر بىلەن قىيامەت

ئەسىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىدىن يۇرۇپ كەتتى. ئەمدى سام ئىبىن فەرىدۇندىن بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

ئەقىلدىن يىراق بولمىسۇنكى، ئىبتى فەرىدۇننى جەڭگاھتىن ئېلىپ چىقتى. بىر مۇنچە جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ ئاخىرى بىر قۇشلار ماكانىغا ئېلىپ كېلىپ ئوتلاشقا باشلىدى. سامىنىڭ قولى ئاتىنىڭ چۇلۇۋرىدىن ئۈزۈلۈپ يەرگە يىقىلدى. بىر باتۇر بار ئىدى، ئۇنى بەھرام قاپلان دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئون ئىككى مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ يۈرەتتى. ئۇ بۇ قۇشلار ماكانىدا چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشقانىدى.

قىسسە، بەھرامىنىڭ نەۋكەرلىرى سامىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ بەھرامغا خەۋەر يەتكۈزگەنىدى، بەھرام:

— مەن ئۇ يۇنانىينىڭ تاغلىق رەقىبلىرىدىن بولىمەن. ئىلگىرى بۇ سامىنىڭ زاتىدىن پادىشاھلىقنى ئېلىۋالىمەن دېگىلى بولمايتتى. ئەمدى ئۇ مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپتۇ. ئۇنى ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈڭلار، — دېگەنىدى، بەھرامىنىڭ پالۋانلىرى سامىنىڭ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەلدى. ئۇنى ھارۋىدا ئولتۇرغۇزدى. بەھرام سام ئىبىن فەرىدۇنغا قاراپ:

— ھازىر ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلغىلى بارىمەن، — دەپ جەزابەرنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاتقا مىنىپ لەشكەر بىلەن يۇرۇپ كەتتى. ئەمدى تۇر مەس بىلەن سەئدانىنىڭ قىسسىسىنى ئىشىتىڭ.

سەئدان تۇرنىڭ ئارقىدىن يېتىشىپ باردى. سەئدان تۇرغا:

— ئەمىر سېنىڭ قايتىشىڭنى بۇيرۇدى. ئۇ يەرگە مەن بارىمەن، — دېگەنىدى، تۇر:

— ئەي دىۋانە، نېمە دەيسەن؟ — دېدى. ئاخىرى ئىككىسى قولىغا شەمشەر ئېلىپ، بىر - بىرىگە روبىرو بولۇشتى. ئىككى يولۋاس خىرىستا ئىدى، بۇ چاغدا ئەمرخان

يېتىپ كېلىپ بۇلارنىڭ خۇسۇمەت دەۋاسى قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— قولۇڭلارنى يىغىڭلار، — دېدى. ئۇلار پەرۋا قىلمىدى. شۇ چاغدا چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، نىقابلىق كىيىم كىيگەنلەر يېتىپ كېلىپ:

— ئەي دىۋانىلەر، بىر - بىرىڭلاردىن قولۇڭلارنى تارتىڭلار، سىلەر دېگەن سەركەردە - سەردارلار، قولۇڭلارنى يىغىڭلار، نېمە ئۈچۈن ئەمىرخاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايسىلەر؟ — دەپ ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى. تۇر:

— ئەي چۈپرەندە، سەن قەيەردىن پەيدا بولدۇڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىسەن؟ سېنىڭ بىزگە نەسىھەت قىلىش سالاھىيىتىڭ يوق، — دېگەندى، نىقابدار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر قولى بىلەن تۇرنىڭ كەمىرىنى، يەنە بىر قولى بىلەن سەئىداننىڭ كەمىرىنى تۇتۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەلەم قىلىپ يەنە ئېگەردە قويدى. ئەمىرخان ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. نىقابدار لەشكەرلىرى بىلەن بىر تەرەپكە كېتىپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسكەندەر سەيىيالدەك[①] لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەمىرخان تۇر بىلەن سەئىداننىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەرگەندى، ئەمىر خوپ بەدماغ بولدى. ئۇلارغا ھېسداشلىقى يوقالدى. نەۋقىلىگە قاراپ كېچىلىك ئارامگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ رەشتىكە قاراپ ماڭدى. ئىسكەندەر تەمھالخاننىڭ قارشى تەرىپىگە كېلىپ بارگاھنى تىكتى. شەرۋانخان تەمھالخانغا:

— ئىسكەندەر ئۆزى كەپتۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن جەمشىد بارگاھنى ئېلىپ، بالدۇرراق باشقا يەرگە كەتسەك

---

①سەيىيال — ئاققۇچى، سۇيۇقلۇق، دەريا دولقۇنى.

ئىسكەندەرنىڭ ئىلاجىنى قىلالىغان بولىمىز، — دېدى. شۇ كېچىسى تەمالخان بىلەن شەرۋاننىڭ لەشكەرلىرى ئىسكەندەر تەرەپكە يېتىپ بېرىپ، نەۋفىلنىڭ لەشكەرلىرى ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى ئون يەتتە بۇرادىرى بىلەن ياردار قىلدى، ئون ئەرەب ئەييارنى ئۆلتۈردى. تۆگىلەرنى ئەكىلىپ بارگاھى جەمشىدنى يۈكلەپ ماڭماقچى بولغانىدى، بارگاھ ئىگىسى ئىسكەندەر بۇنى سېزىپ قېلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن شەمشەرلىرىنى قولغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. شەرۋان ئىسكەندەرگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ دەرھال بىر تەرەپكە قاچتى. تەمالخان يەنە بىر تەرەپكە بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ئەمما شەرۋاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسىرگە چۈشتى. تۇر مەس شەرۋان شاھىنىڭ ئوغلىنى ھۇجرىسىدا ئەسىرگە ئېلىپ بارگاھىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ، ئۇنىڭدىن شەرۋان شاھىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى، ئۇ:

— بىلمەيمەن، — دېدى.

ئەبۇئەلفەتەھ بۇ ئىشنى سەئدانغا خەۋەر قىلدى. سەئدان ھەم ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولدى. سەئدان بۈگۈن كېچە تۇرنىڭ چېدىرىغا بېرىپ، شەرۋاننىڭ ئوغلىنى تۇرنىڭ قولىدىن ئېلىپ قويۇپ بەرمىسەم دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قورالىنى ئېلىپ، ئەبۇئەلفەتەھ بىلەن تۇرنىڭ چېدىرىغا كەلگەنىدى. ساراي كۆتۈۋاللىرى سەئداننى كۆرۈپ ھېچقانداق گەپ قىلمايلا كىرگۈزىۋەتتى. سەئدان تۇرنىڭ خاسخانىسىدا ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەبۇئەلفەتەھكە فەرىدۇننى تۈۋرۈكتىن بوشاتقىن، دېدى. ئەبۇئەلفەتەھ فەرىدۇننى بوشاتتى. ئۇلار كەتمەكچى بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە ئۇنى تۇرغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ كېتىش لازىم، دەپ، تۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ پىچاقنى كۆتۈرۈپ تۇرنىڭ بېشىغا ئۇرماقچى بولىۋىدى، سەئدان تۇرنىڭ كاللىسىنىڭ تېنىدىن جۇدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

تاڭ ئاتتى. سەئىدان ئۆزىگە ئۆزى: «ئۇنىڭ جىنىغا كىم، نېمە ئۈچۈن زامىن بولغاندۇ؟ چۈنكى، بۇ ئىشقا مەندىن باشقا كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرگەن ئادەم يوق ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ بۇ ئىشنى سەن قىلدىڭ دېيىشى تايىنلىق،» دەپ ھەسرەتلەندى. بۇ چاغدا ئەبۇئەلفەتەھ:

— يۈر، بۇرادەر قايتايلى، — دېدى. سەئىدان ئۆزىنىڭ خانىسىغا قايتتى. لېكىن ئۇ كېچىسى تۇرنىڭ ھەسرىتىدە تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىيالمىدى.

تاڭ ئاتتى. تۇرنىڭ بارگاھىدىن غەۋغا كۆتۈرۈلدى. ئاخشام تۇرنىڭ كىيىمىنى يىرتىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ، دېگەن شۇم خەۋەر ئالەمگە تارالدى. كىيا تالىپ يىغلاپ ھەسرەت چېكىپ بارگاھىغا كېلىپ:

— شەھرىيار، ساراي كۈتكۈچىلىرى شۇ كېچىسى سەئىداننىڭ تۇرنىڭ چېدىرىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، — دېگەندى، ئەمىر قاتتىق ئاھ ئۇردى ۋە:

— سەئىداننى كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. ئەمىرخان سەئىداننى ئېلىپ كەلدى. ئەمىر سەئىدانغا ناھايىتى قاتتىق غەزەپ قىلدى. كىيا تالىپ:

— ئەي نامەرد سەئىدان، تۇرغا رەھىم قىلمىدىڭ، — دېگەندى، سەئىدان:

— مېنىڭ خەۋىرىم يوق، — دەپ قەسەم قىلىپ فەرىدۇننى تەلەپ قىلدى. ئەمىر فەرىدۇنغا:

— تۇرنىڭ جېنىغا كىم زامىن بولدى؟ — دېگەندى، فەرىدۇن:

— شەھرىيار، مەن بىلمەيمەن. سەئىدانمۇ بۇ ئىشنى قىلمىدى، — دېدى. شەرۋان شاھنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى، ئۇ:

— ئۇ ناھراھ ھېرمان زېمىنىغا كەتتى بولغاي، — دېدى.

ئىسكەندەر فەرىدۇننى ئۆز ئېتىقادىغا دەۋەت قىلغاندى، فەرىدۇن قوبۇل قىلدى. ئاندىن فەرىدۇن چېدىرىغا كەتتى.

تاڭ ئاتتى. سەئدانىنىڭ چېدىرىدىن غەۋغا كۆتۈرۈلدى. شۇ كېچىسى سەئدانىنىڭ بېشىنى كېسىپ كېتىپتۇ. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاھ ئۇرۇپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى. مۇھتەر نەسىمنى چاقىرىپ:

— ئەي قاراقچى، بۇ ئىشنى كىم قىلغاندۇ؟ — دېگەندى، نەسىم:

— سېنىڭ بېشىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، نەق مەيداندا ھەر قانچە قارىغان بولسامۇ ھېچقانداق كىشىنىڭ ئاياغ ئىزى يوق ئىكەن، — دېدى. ئەمىر ئۇلارنىڭ جەسىتىنى ياخشى بىر ياقلىق قىلىشنى بۇيرۇغاندى، ئۇلارنىڭ جەسىتىنى ساندۇققا سېلىپ قويدى. ئاندىن نەۋفىلگە شاھانە تەختىنى ھېرمان زېمىنىغا قاراپ يۆتكەشنى بۇيرۇدى. ئەمدى تۇر مەس بىلەن سەئدانىنىڭ قىسسىسىنى ئىشىتىڭ.

نەقىلچى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، تۇر مەسنىڭ كاللىسى خانىسىدا ئۇخلاپ ياتقاندا ئېلىنىدى. بۇ ۋەقە ئەسلىدە مۇنداق يۈز بەرگەن: ئۇ كېچىسى تۇر ئۇخلاپ ياتاتتى، بىر چاغدا ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى قەسىرنىڭ ئىچىدە كۆردى. بىر شېرىن سۆزلۈك شەربەت لەۋلىك نازىنىن سەنەم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. تۇر:

— ئەي نازىنىن سەن كىم؟ بۇ قەيەر؟ كىم مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى؟ — دېگەندى. قىز:

— ئەي يىگىت، مەن ساڭا ئاشىق - بىقارار، مېنى مېھرى جاھانسۇز دەيدۇ. خىسرەۋخان شاھنىڭ قىزى بولىمەن. بىلمەكچى بولساڭ بۇ يەر شەھرار دېيىلىدۇ. بۇ يەردە بىر ئىنىكئانام بار ئىدى، ئۇنىڭدىن ئۆتۈنگەنىدىم، ئۇ جادۇگەر ساڭا ئوخشاش جەسەتنى قالدۇرۇپ سېنى ھىيلە-

— سىھرى بىلەن مەن ئۇچۇن بۇ يەرگە كەلتۈرۈپ بەردى، —
دېدى. تۇر:
— مېنىڭ بىر ئۇلپىتىم بار، ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا سائادەت كويىنى چېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئېتى سەئدان بولىدۇ، — دېدى. يەنە بىر كېچىسى ئۇ نازىنىن جادۇگەر خوتۇننى ئەۋەتىپ شۇ ئۇسۇلدا سەئداننى كەلتۈردى. مېھرى جاھانسوزنىڭ بىر ئەتىۋارلىقى بار ئىدى، ئۇنى فەرخەندەبانۇ دەيتتى. فەرخەندە بانۇنىڭ كۆزى سەئداننىڭ جامالىغا چۈشۈپ ئاشىق - بىقارار بولدى. سەئدان ھەم ئۇنىڭ فىرقىسى بولدى. ئۇلار كۆڭۈل سۆزىنى ئىزھار قىلىشتى. فەرخەندەبانۇ سەئداننى باشلاپ ئۆز قەسرىگە كىرىپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. كەچ كىرگەندە ھۇجرىسىدا شاھى كىيىملىرىنى سېلىشىپ خوپ ئىشلارغا تەرەددۇت قىلدى. سەئدان بەلۋاغلىرىنى يېشىپ شەمشىرىنى ئوتتۇرىدا قويۇپ ئۇخلىدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. تۇرمۇ، سەئدانمۇ ئورنىدىن تۇردى. تۇر بىلەن سەئدان قايتىپ بېرىپ خىسرەۋخاننى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، تۇر بىلەن قىزنى كېلىشتۈرۈپ قويىمىز، دەپ ئويلاشتى. سەئدان بىلەن فەرخەندەبانۇ قول تۇتۇشۇپ راۋان بولدى.
ئەتىسى تۇر بىلەن سەئدان بارگاھقا كەلدى. تاج كىيگەن پادشاھ تەختتە ئولتۇراتتى. تۇر بىلەن سەئدان شەمشەرنى قىنىدىن چىقىرىپ:
— ئەي پادشاھ، بۇ گۇمراھلىق يولدىن قايتىشىڭ لازىم. خۇداپەرەسلىك بىلەن مەشغۇل بولغىن، — دېگەنىدى، بۇ سۆز پادشاھقا ھەرەج كەلدى ۋە:
— ئۇلارنى تۇتۇڭلار، — دەپ ئالىي پەرمان قىلغانىدى، نەچچە نەپەر كىشى تۇر بىلەن سەئداننىڭ ئالدىغا كەلدى. تۇر بىلەن سەئدان ئۇلارغا كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ قەلەمچە قىلدى. سەئدان كېلىپ خىسرەۋخاننىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ يەرگە

ئۇردى. خەنجەر بىلەن كاللىسىنى ئالماقچى بولغانىدى، خىسرەۋخان ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خىسرەۋخان يەتتە كېچە - كۈندۈز شەھەردە زىياپەت بېرىپ بايرام قىلدى. خىسرەۋخان ئىككى قىزىنى - مېھرى جاھانسوزنى تۇرغا، فەرخەندەبانۇنى سەئىدانغا ئالىي توي قىلىپ بەردى. بۇلار مۇرادىغا يەتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن سەئىدان:

— ئەي خىسرەۋخان، بىز خوجىمىز ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا بارايلى، — دېگەنىدى، خىسرەۋخان لەشكەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، قىرىق مىڭ كىشىنى ئېلىپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## يىگىرمە ئىككىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ هىرمان زېمىنىغا بېرىپ دەبدەبە جادۇگەرنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلىكى، نىقابدارنىڭ ئەمىرخاننىڭ قولىدا ئاشكارىلانغانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىمىز ئاۋۋالقى بابلىرىمىزدا زىكرى قىلىنغانلىقىدىن ئاگاھ بولۇڭ.

ئىسكەندەر:

— بارگاھنى هىرمان زېمىنى تەرەپكە يۆتكەڭلار، — دەپ نەۋفىلگە بۇيرۇدى. ساھىبقىراننىڭ لەشكەرلىرى جاھاننى تىترىتىپ يولغا چىقتى. ئەمما شەرۋان شاھ بىلەن تەمالخان ئاتەش دىيارىغا كەتتى. ئۇ يەردە بىر ھەيۋەتلىك جادۇگەر مەخلۇق بار ئىدى. ئۇنى دەبدەبە جادۇ دەپ ئاتايتتى. شەرۋان شاھ دەبدەبە

جادۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغاچ ئىسكەندەرنىڭ شىكايىتىنى قىلغانىدى. دەبدەبە جادۇ:

— ئاتەشىمگە قەسەم قىلىمەنكى، ئىسكەندەرنىڭ تاجۇ تەختىگە ئوت ياقىمەن، — دەپ شەرۋان شاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئاتەش تاغقا باردى. مۇلازىم شەرۋان شاھقا:

— بىر ھېكىم (جالىنۇس) خۇداپەرەسلەر تەرەپتىن قېچىپ كەپتۇ. كۆرۈشىمەن دەيدۇ، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزگەندى، شەرۋان شاھ:

— كىرسۇن، — دېدى. جالىنۇس كىرىپ كەلدى ۋە سەرۇپايىنى يەرگە ئۇرۇپ:

— ئىسكەندەر ئەييارى نەسىم بىلەن سىز سارى يېتىپ كەپتۇ، — دەپ شىكايەت قىلدى. شەرۋان شاھ:

— ئەي ھېكىم، خاتىرەڭنى جەم قىلغىن، مۇھتەر زەرقاننى ئۇ شەيتاننى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم، ئاتەش سەۋزاننىڭ ھىممىتى بىلەن ئۆزۈم ئىسكەندەرنىڭ ئىلاجىنى قىلىمەن، — دېدى.

قىسسە، ئەتىسى ئىسكەندەر قوشۇن بىلەن يېتىپ كېلىپ، چېدىر ۋە خەيمىگاھىنى تىكىپ ئارام ئالدى. ئۇ تەرەپتە شەرۋان شاھ ئاتەش تاغدىن تاشقىرى چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قوشۇننى سەپ تۈزدى. جەڭ دۇمبىقى ئىككى تەرەپتە چېلىنىپ جەڭگە چاقىردى. ........... ①

ئەتىسى ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈپ چىقتى. سىپاھلار مەيدانغا كىم كىرەركىن دەپ تۇرغانىدى، مەيداننىڭ سىرتىدىن بۆرە تېرىسى كىيگەن بىر پالۋان كېلىپ، يەنە بىر پالۋان بىلەن

---

① قولبازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 17س م، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 13 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان ھەم بىر ئادەمنىڭ بېلىنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ باش بىلەن سول قولى ۋە بىر چەمبىرەك سىزىلغان.

ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ پالۋان چاقىردى. بۇ چاغدا جەزىرە تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدىن يىگىرمە تۆت ئەلەمنىڭ بەلگىسى بىلەن يىگىرمە تۆت مىڭ كىشى يېتىپ كەلدى. ئەلەمنىڭ ئاستىدىن بىر نىقابلانغان كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەقىلدىن ئاداشقاندەك كېلىپ پالۋاننىڭ ئالدىنى توسىدى. پالۋان ئۆزىنىڭ قوش بىسلىق تىغىنى نىقابدارغا ئۇردى. نىقابدار ئەپچىللىك بىلەن پالۋاننىڭ قولىدىن تىغنى تارتىۋالدى. پالۋان چەبدەسلىك بىلەن كېلىپ نىقابدارنىڭ ياقىسىنى تۇتتى. ھەر ئىككىسى قۇچاقلىشىپ ئېلىشقىلى تۇردى. نىقابدار پالۋاننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولىۋىدى، ئەتراپتىكى پالۋانلار قولىغا قوش دەستىلىك تىغنى ئېلىپ شامالدەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنى نىقابدارنىڭ قولىدىن ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلىسى ئۆز لەشكەرلىرى ئارىسىغا باردى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىسى ئۇ پالۋان جەڭدىن قايتىپ كېلىۋاتقانىدى، ئالدى تەرەپتىن يەنە چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. مەردلىك كىيىمىنى كىيگەن بىر نىقابدار ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇ پالۋاننىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇ پالۋان قوش دەستىلىك تىغنى ئېگىز كۆتۈرگەنىدى، نىقابدار قىلىچى بىلەن ئۇرۇپ قوش دەستىنى قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ باتۇرلىرى يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ ئۆز قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كەلدى. پالۋان باتۇرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، نىقابدارغا ئىتائەت قىلىۋىدى، ئۇلار لەشكەرلىرى بىلەن جەزىرە تەرەپكە كېتىپ قالدى.

ئەلقىسسە، كەچ كىردى. ئىسكەندەر مۇھتەر نەسىمنى چاقىرىپ:

— بېرىپ شەرۋان شاھنىڭ خەۋىرنى ئېلىپ كەلگىن، —

دېدى. نەسىم:

— شەھرىيار، مېنىڭ يۈرىكىم سىېلىۋاتىدۇ. قورقىنادەك تۇرىمەن، — دېدى. ئەمىر:

— مۇتىھەمىلىك قىلما، دەردىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، — دەپ ئالتۇن كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا بەردى. نەسىم:

— شەھرىيار، پاختىچى باققال مەندىن قەرز تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى بەجا كەلتۈرەي دېسەم قەرزدارلار تاشقىرى چىققىلى قويمايدۇ. سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دەپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ ھېرمان دىيارىغا قاراپ راۋان بولدى. ئايلىنىپ يۈرۈپ قەلئەنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېرىق سۇڭگۈچى ئارقىلىق قەلئەگە كىردى. بارگاھقا بېرىپ جادۇنى كۆردى. جادۇ:

— ئەي شەرۋان شاھ، تاڭلا ئىسكەندەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، — دېگەنىدى، ئوتنىڭ ئارىسىدىن:

— ئەي شەرۋان شاھ، خاتىرەڭنى جەم قىلغىن. تاڭلا ئىسكەندەرنىڭ ئەدىپىنى مەن بېرىمەن، — دېگەن سادا ئاڭلاندى. بۇ چاغدا شەرۋان شاھ ۋە باشقىلار «راست، راست، ئۇنىڭ خۇداۋەندىسى راست ئىكەن» دېيىشتى. نەسىم ئۆز - ئۆزىگە:

«ئەي نەئىم كۆسەنىڭ ئوغلى، چاپسان كەتكىن. بۇ سېنىڭ جايىڭ ئەمەس» دەپ قوپۇپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇ بۇت ئۇستىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ يەردە نەچچە بىراھمى[1] ئولتۇرغانىكەن، ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ دەسمالغا ئوراپ ئېلىپ راۋان بولدى. ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتەش سەۋزان جادۇنىڭ سۆزىنى ئېيتقانىدى. ئەمىرئەلۇەس بىلەن كىيا

① بىراھمى — يولسىز، ئاداشقان، يولدىن ئازغان.

تالىپدىن:

— ئوتنىڭ ئالامىتى نىمە؟ — دەپ سورىدى. ئارستو:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى سىھىرگەرلىكنىڭ ئالامىتىدۇر، — دېدى.

قىسسە، ئەتىسى ئىككى تەرەپتىن سەپ تۈزدى. تىللادىن نىقاب كىيگەن بىر باتۇر خىللانغان ئون ئىككى مىڭ كىشى بىلەن جەزىرە تەرەپتىن كۆرۈندى. ئۇ يېتىپ كېلىپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسھاقنىڭ بالىسى ئەلۋەس ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ، قولىغا خەنجىرنى ئېلىپ نىقابدارغا ھەملە قىلغانىدى، نىقابدار چاققانلىق بىلەن شەمشىرىنى ئىسھاقنىڭ بېلىگە ئۇردى. بىنىنى ئەلۋەسنىڭ دۈبۇلغىسى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئەلۋەس قاتتىق نىدا قىلغانىدى، ئاۋازى پەلەككە يەتتى. مەرزۇق ئەمىردىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ، سەككىز يۈز پاتمان كېلىدىغان نەيزىنى نىقابدارغا ئۇردى. نىقابدار پاراسەت بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپ ئۇنى ھەم توپىغا تاشلىدى. كەفى سەلسال بىلەن كەفى خەلخال قاتارلىق فەرەڭدىن بولغان يەتتە باتۇر مەيدانغا كىرىپ، ھەممىسى شىكەستە يېدى. ئىسكەندەر ئاھ ئۇردى. تىنچلىق دۈمبىقى چېلىنىپ، ھەر قايسىسى ئارامگاھىغا قايتتى.

ئەمىر بەدماغ ۋە مەلال بولدى. شۇ چاغدا ئارستو:

— شەھرىيار، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىھىرنىڭ تەسىرىدىن بولغان، — دەپ ئۆلگەنلەرنىڭ تېنىدىن قان چىققان - چىقمىغانلىقىنى كۆرمەكچى بولۇپ، جەسەتلەرنىڭ يېنىغا باردى. لېكىن پەقەت قان چىقمىغانلىقىنى كۆردى. ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ساندۇققا سالدى. ئىسكەندەر مۇھتەر نەسىم، بەرق ۋە باشقا ئەييارلارنى چاقىرىپ:

— بېرىپ ئۇ باتۇرنىڭ كىم ئىكەنلىكىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار، — دېگەنىدى، نەسىم:

— شەھرىيار، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ئىككى نەرسىدىن قورقىمەن. بىرى قەلەندەرنىڭ قاپقىنىدا ئۆلۈش، يەنە بىرى سىپھىرنىڭ دىلىمنى بوغۇپ قويۇشىدىن. شۇڭا مەن بارمايـ ـمەن، — دېگەنىدى، ئەمىر مۇھتەر نەئىم، بەرق ۋە ھىندانىلار بىلەن بىر نەچچە ئەييارنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئاتەش تاغقا يېقىن بېرىشىغا ئوتنىڭ ئارىسىدىن:

— ئىسكەنـدەرنىـڭ ئەييارلـىرى كەلدى. ئۇلارنـــى تۇتـۇڭلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەييارلار قاچماقچـى بولدى. ئۇلارنىڭ پۇت ـ قولى مادارسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى. مۇھتەر زەرقان كېلىپ ئۇلارنىڭ قولىنـــى باغلاپ زىندانغا تاشلىدى.

ئەتىسى ھېلىقى تىللادىن كىيىم كىيگەن نىقابدار پەيدا بولۇپ جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ جەڭگە چاقىــردى. مەيدانغا كەلدى. بۇ چاغدا تۇر مەس بىلەن سەئدان دېۋىزاد خىسرەۋخان لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەمىر ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ئەھۋال سوراپ مەقسىتىنى ئېيتتى.

قىسسە، نىقابدار مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلغانىدى، تۇر مەيدانغا باردى. نىقابدار قول ئۇزىتىپ تۇرنىـڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ بوشلۇققا تاشلىدى. تۇر ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە كېلىشىگە شەمشەر بىلەن بىر ئۇرغانىدى، ئاتتىن يەرگە پىلىدەك چۈشتى. نىقابدارنىڭ پىيادىلىرى ئۇلارنى مەيداندىن ئېلىـپ چىقىپ كەتتى. كىيا تالىپ ئاھ ئۇرۇپ كىيىمىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئارستو ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى. ئارقىدىن سەئدان دېۋىزاد مەيدانغا كىردى. ئۇ ھەم شۇنداق تەقدىرگە ئۇچرىدى. نىقابدار كۈن ئولتۇرغىچە يىگىرمە تۆت باتۇرنى ئاسمانغا تاشلاپ بەنت قىلدى. تىنچلىق دۇمبىقى چېلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارامگاھىغا قايتىپ كەتتى. ئەمـىر يەنە نەچچە باتۇرنى چاقىرىپ:

— بېرىپ نىقابدارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىڭلار. نەسىم سەن بارغىن، باشقىلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، — دەپ بۇيرۇغانىدى، نەسىم ئىلاجىسىز چىقىپ كەتتى. نەسىم ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە دەبدەبەنىڭ ھەيۋەتلىك ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە جالىنۇس بىلەن شەرۋان شاھ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ چاغدا جالىنۇس:

— ئەگەر نەسىم قولغا كەلسە ئوبدان بولاتتى، — دېگەنىدى، دەبدەبە:

— نەسىمنى ھازىرلا تۇتۇپ قولۇڭغا بېرىمەن، — دېدى. جالىنۇس:

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېگەنىدى، دەبدەبە مۇلازىملىرىغا:

— چىقىپ كېتىڭلار، — دېدى. مۇلازىملىرى ئارقىغا قايتىپ كەتتى. بۇ چاغدا نەسىم پۇت - قولىنىڭ قولاشماي، كېكەچ بولۇپ يەرگە يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى سەزدى. نەسىم ئاھ ئۇردى. بۇ چاغدا زەرقان كېلىپ نەسىمنىڭ پۇت - قولىنى باغلىدى، جالىنۇس خۇشاللىقىدا سەرۋاپىلىرىنى چۆرۈپ تاشلىدى. دەبدەبە:

— بۇنى زەرقان سەن ساقلىغىن، — دېدى. زەرقان نەسىمنى تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى. تاڭ ئاتتى. زەرقان لەشكەرلىرىنى تەرەددۇتلىدى. نەسىم سىرتماقنىڭ تۇتقۇچىسى كانىيىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چىشى بىلەن تۈگۈنچەكنى يېشىۋالدى. ئاندىن شەرۋان شاھنى ئارقىدىن ئىزدەپ تېپىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولدى، ئەمما بۇنداق قىلسام ئىسكەندەر خاپىلايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى بىھوش قىلىپ قۇلاق - بۇرنىغا بەلگە سالدى. يەنە ئۆزىگە: ئەي نەسىم كۆسىنىڭ بالىسى، چاپسان كەتكىن، جادۇ كېلىپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. نەسىم ئۇ يەردىن يېنىپ زىندانىنىڭ ئىشىكىگە باردى. دورا بىھوشنى مەشئەلگە

تۆككەنندى، ساراي پاسىبانلىرى دورىنىڭ پۇرىقىدا بىھوش بولۇپ كەتتى. نەسىم زىندانغا كىرىپ ئەپيارلار بىلەن باتۇرلارنى قۇتقۇزۇپ ھەربىرسىدىن يۈز تۈمەن، ئىككى يۈز تۈمەن ئاقچا ئېلىپ راۋان بولدى.

تاڭ ئاتتى. ھەممىسى ئوردىغا كەلدى. ئەمىر نەئىمگە ئىجازەت بەرگەننىدى، ناغرا - سۇنايىنى شادىيانىگە چالدى.

ئىككىنچى كۈنى قولىقى - بۇرنى يوق بىر مەخلۇق شەرۋان شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ نەسىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇ:

— ئىسكەندەرنىڭ ئىشىنى شۇنداق قىلۋېتەيكى، تىللاردا داستان قىلىنغۇسى، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ چەرەندە - پەرەندە شاگىرتلىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قىسسىسىنى ئىشىتىڭ.

ئۇ تەرەپتە شەرۋان شاھ يۈزىگە نىقاب تارتىپ تەمھالخان بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بارگاھقا بارغاننىدى، ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ بەقارار تەختتە ئولتۇراتتى. شەرۋان شاھ پەرياد قىلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، نامەرد ئىسكەنسەن. كېچىدە پالۋانلىرىڭنى ئەۋەتىپ، پادىشاھلارنىڭ بېشىغا كېلىپ، پادىشاھلارنىڭ قولاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىپ ئەيىب قىلسام مەيدانغا كېلەلمەيدۇ دەپ خام - خىيال قىپسەن، — دېگەننىدى، ئەمىر قەسەم قىلىپ:

— بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، — دەپ مۇلازىمىغا:

— كارزاپ نەسىمنى كەلتۈرۈڭلار، — دېگەننىدى، نەسىم ھازىر بولدى. ئىسكەندەر:

— ئەي جالاپنىڭ بالىسى، مەن ساڭا كېچىدە شەھرىيارلارنىڭ ئۈستىگە بارمىغىن دەپ ئېيتمىغانمۇ؟ — دېگەننىدى، نەسىم:

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دېدى. ئىسكەندەر:
— بۇنىڭدىن يامانراق نېمە ئىش بولاتتى. شەرۋان شاھنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ قولىقى بىلەن بۇرنىنى كېسىپسەنغۇ، — دېۋىدى. نەسىم:
— بۇ ئىشنى مەن قىلمىدىم، — دېدى. ئىسكەندەر:
— مەن قىلمىغان دەپ ئىسپاتلىيالامسەن ياكى بولمىسا مېنىڭ نامىم بىلەن ئەھدە قىلغىن، — دېگەنىدى، نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئۆزىگە ئەتەي سۆزلەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.
— راست، مەن قىلدىم، شەرۋان شاھ ئازغۇندۇر، بۇ قىلغىنىم ئارتۇقچە ئىش ئەمەس، — دېدى. ئىسكەندەر مۇلازىملىرىغا:
— بۇ كازراپنى تۇتۇڭلار، — دېگەنىدى، سەئىد خىزىركۇھ يەنە نەچچىسى بىلەن نەسىمنى تۇتۇپ قولىنى باغلىدى. تەمھالخان:
— مانا ئۆز كۆزىمىز ئارقىلىق كۆردۇق. بۇ سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ ئەمەس ئىكەن، نەسىمنى بىزنىڭ قولىمىزغا بەردىڭ، — دېدى. ئەمىرخان:
— ئەي بەغەرەز، پادشاھلارنىڭ سورۇنىدا سۆز قىلىشقا نېمە ھەددىڭ؟ — دېگەنىدى، تەمھالخان قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئەمىرخاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمىرخان چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا خەنجەر ئۇرغانىدى، قورسىقىدىن ئۈچەيلىرى چىقىپ قالدى. شەرۋان شاھ ۋايجانلاپ:
— ئەي قارام تەلۋە، قانىتىمنى يوقاتتىڭ، — دېگەنىدى، ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمىرخاننىڭ دۈمبىسىگە نەچچە قامچا ئۇردى. ئارستو ئىلتىماس قىلغانىدى، ئىسكەندەر:
— ئەي ئەمىرخان، تۇرغىن. ھەرقانداق جايغا بېرىشنى خالىساڭ بارغىن. ئوردامدىن يوقالغىن، — دېدى.
ئەمىرخان ئاتقا مىنىپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىسكەندەر تەمهالخاننى ئارستوغا تاپشۇرۇپ:
— بۇنى بىر ھەپتىگىچە سۆزلەيدىغان قىلغىن، — دېگەندى، ئارستو ماقۇل كۆردى. ئەمىر نەسىمنى شەرۋان شاھنىڭ ئىلكىگە بەردى. شەرۋان شاھ تاشقىرى چىقىپ، ئاتقا مىنىپ نەسىمنى ياساندۇرۇپ يولغا ماڭدى.
ئۇ تەرەپتە ئەمىرخان نەسىمگە يېتىشىپ بارغاندى. نەسىم:
— بۇرادىرىم، بۇ ناپاكىنىڭ قولىدىن مېنى قۇتقۇزغىن، — دېدى.
ئەمىرخان شەمشەرنى قولىغا ئېلىپ شەرۋان شاھقا ھەيۋە قىلغاندى، شەرۋان شاھ نەسىمنى قويۇپ بېرىپ كېتىپ قالدى. نەسىم:
— ئەي ئەمىرخان، مەن كەلگۈچە بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، — دەپ بارگاھقا قاراپ ماڭدى. ئۇ بارگاھقا كېلىپ:
— ئەي بىۋاپا ئەمىر، مېنى دۈشمەننىڭ قولىغا تۇتۇپ بەردىڭ. مېنى ئەمىرخان قۇتقۇزۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ھەم بىۋاپالىق قىپسەن. شۇنداقتىمۇ مەن يەنە خىزمىتىڭگە كەلدىم، — دېگەندى، ئىسكەندەر:
— بۇ ناپاكنى تۇتۇڭلار، — دېدى. نەسىم:
— ئەمىر قىلىش سىنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ، مېنى تۇتۇشقا ئەمىر قىلالايسەنكى، بىراق بۇ قىلغىنىڭ كاكام (خاس جاي) غا يىڭنە سانجىغاندەكمۇ ئىش ئەمەس، — دەپ ئەمىرنىڭ ئالدىدىن جىنەدەك غايىب بولدى. ئۇ ئەمىرخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— ئەمدى ھەر قانداق جايغا بارساڭ ساڭا ھەمراھ بولۇپ بارىمەن دەپ، — ئىككىيلەن بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كەتتى.
ئۇ تەرەپتە شەرۋان شاھ ئوردىسىغا بېرىپ جەڭ دۇمبىقىنى

چېلىپ ئىسكەندەرنى جەڭگە چاقىردى. تاڭ ئاتتى. ھەر ئىككى تەرەپتە سەپ رۇس بولدى. بەھزاد مۇلكى ھېرمان ئىلاھتەك باتۇر ئىدى. ئۇ قوش دەستىنى ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا مەيداننىڭ سىرتىدىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدىن نىقابدار يىگىرمە تۆت مىڭ كىشىنى باشلاپ كېلىپ مەيدانغا كىرىپ بەھزادنىڭ ئالدىنى توسىدى. بەھزاد قوش دەستە بىلەن نىقابدارنى ئۇردى. نىقابدار بەھزادنىڭ قولىدىن قوش دەستىنى تارتىۋېلىپ ھاۋاغا ئۇچۇرۇۋەتتى ھەم ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولىۋىدى، بەھزاد ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نىقابدار ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن بەھزادنى ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ قايتىپ كەتتى.

بۇ تەرەپتە نىقابدار شەرۋان شاھ بىلەن تەمھالخاننىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ بەھزادنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ نىقابدار قەلئەگە بارغانىدى، قەلئەدە قامىلىپ قالدى. ئەمدى ئەمىرخان بىلەن مۇھتەر نەسىمدىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەمىرخان بىلەن نەسىم بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ باردى. ئۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر بۇلاق بار ئىدى. بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا تۆت تۈپ دەرەخ بار ئىدى. ئۇلار دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇراتتى. تۇساتتىن بىر بوۋاي ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ بويىنىغا چىرايلىق لىنتا بىلەن بۆت باغلىغانىكەن. ئۇ كېلىپ:

— ئەي ئەمىرخان، مۇھتەر نەسىم، ئوبدان كەلدىڭلارمۇ؟ — دېگەنىدى. ئەمىرخان:

— ئەي بوۋاي، بۇ بۆتتىن نېمە پايدا كېلىدۇ؟ — دېدى. بوۋاي:

— بىلدىمكى، سەن ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۈمى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن ئوخشايسەن، — دېدى. ئەمىرخان:

— تەقسىر، — دېدى. بوۋاي:
— سەن مۇھتەر نەسىم ئاۋارە بولۇپ كەپسەن. نېمە ئۈچۈن ئەمىر يارنىڭ سۆزىنى قولىقىڭدا تۇتمىدىڭ. ھازىر چاپسان بارغىن. بولمىسا سېھىرنىڭ بالاسىغا ئۇچرايسەن. ئەي ئەمىرخان، سەن سائادەت كۆيىنى خالايدىكەنسەن، تېز بارغىن، — دېگەندى، ئەمىرخان بىلەن نەسىم ئۇنىڭ سۆزىدىن تەئەججۈپلەندى ۋە:
— قايسى يول بىلەن بارىمىز؟ — دېگەندى. بوۋاي:
— ئوڭ قول تەرەپتىن بېرىڭلار، شۇ يول ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېقىن، — دېدى.
ئەمىرخان بىلەن مۇھتەر نەسىم قايتىپ كېتىپ باراتتى، تاسادىپەن: «دەبدەبە شاگىرتلىرى بىلەن ئالدىڭلاردىكى باياۋانغا ئورۇنلاشتى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر لەشكەرلىرى بىلەن بارگاھتا ئولتۇرۇپ ئازراق مۈزلىغاندەك بولدى. ئەمىر بۇيرۇغاندى، ئوت قالىغۇچىلار ئوتنى بارگاھقا ئېلىپ كىرىپ قالدى. ئەمىر ئۈچىسىغا جۇۋا كىيدى، كار قىلمىدى. شۇ كۈنلەردە ئادەم بويى قار ياغدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە قار ئۇلغىيىشقا باشلىدى. تاڭ ئاتقۇچە سارايىنى قار كۆمۈپ تاشلىدى. ئوردا بازىرىنىڭ ھەممە يېرى قارنىڭ ئاستىدا قالدى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشىدىن غەۋغا پەيدا بولدى. ئەمىرخان نەسىم بىلەن يېتىپ كېلىپ ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردى. ئۇلار ئاستا ئوردىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بىر بوۋاينىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كىتابنى ئالدىدا تۇتۇپ سېھرى قىلىۋاتاتتى. ئەمىرخان ئۇ يەردە ئولتۇرغان بوۋاينىڭ زالىنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئوقنى كامانغا سېلىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. ئوق ئۇنىڭغا تېگىپ ئارقىسىدىن چىقتى. شاگىرتلىرى قاچماقچى بولغاندى، ئەمىرخان بىلەن نەسىم ئۇلارنى ئۆلتۈردى. نەسىم ئۇ جادۇنىڭ بېشىنى كېسىپ

شال پاخلىغا ئوراپ ئېلىپ كەتتى.
ئۇ تەرەپتە ئەمىر ئادەم بويى قارنىڭ ھاۋاغا ئۇچۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمىر:
— قايسى باتۇر سائادەتنىڭ كۆيىنى ئۇراركىن؟ — دېدى.
ئەمىرخان بىلەن نەسىم ئۇ تەرەپتىن يېقىن كەلدى. مۇھتەر نەسىم دەبدەبەنىڭ بېشىنى يورۇق جايغا تاشلىدى. ئەييارلار ئۇ باشنى كۆرۈپ ئەمىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئەمىر خۇشال بولۇپ:
— ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەپتۇ، ئۇلارنىڭ قەلئەسىنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويۇڭلار، — دېگەنىدى، مۇلازىملار ئېلىپ بېرىپ تاشلىدى. زەرقان دەبدەبەنىڭ كاللىسىنى كۆرۈپ ئۇنى تونۇدى ۋە ئۇنى ئېلىپ شەرۋان شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغانىدى، شەرۋان شاھ ئاھ ئۇرۇشتىن باشقا چارە قىلالمىدى. تەمھالخان ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا باردى. ئىسكەندەر ئوردىسىدا ئىدى. سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كىردى. تەمھالخان ئىسكەندەردىن كۆپ مېھرىبانلىقلا ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىپ:
— ئەمدى باشقا جايغا بارمايمەن، — دەپ ئۇنىڭ ئېتىقادىدا بولدى. شەرۋان شاھ يېتىپ كېلىپ ئولتۇردى. ئەمىر:
— نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟ — دېدى. شەرۋان شاھ:
— پەرزەنتىم، تەمھالخاننى ئالغىلى كەلدىم، — دېدى.
تەمھالخان ئەمىرنىڭ ئوردىسىدا ئولتۇرۇپ:
— مەن ئەمىرگە ئىتائەت قىلدىم. ئەگەر سەنمۇ ئىتائەت قىلماقچى بولساڭ شەرتنى ئادا قىلغىن، — دېگەنىدى، شەرۋان شاھ ئۇلۇغ - كىچىك ئاھ ئۇرۇپ:
— بالام، مېنى بۇ ئەلدىن چىقىرىۋەتمەكچىمۇ سەن؟ — دەپ تاشقىرىغا چىقىپ ئاتقا مىنىپ شەرۋان تەرەپكە يول ئالدى. ئىسكەندەر تەمھالخاننى بازارغا دورغا قىلىپ تەيىنلىدى. بىر

كۆنى ئەمىر ئوردا پېشايۋىنىدا ئولتۇرغانىدى، يىراقتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، ئوتتۇز مىڭ ئەلەمنىڭ نىشانى مەلۇم بولدى. ئەلەمنىڭ سايىسىدە ئۇرۇش كىيىمى كىيگەن ئوتتۇز مىڭ قاپلاندەك يىگىت جەزىرىگە ئات سېلىپ، سامنىڭ ئوغلى فەرىدۇن هارۋىدا ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. سەئدان:

— بۇگۈن كېچە بېرىپ سامنى قۇتقۇزۇپ كېلەي، — دېگەنىدى، ئەمىر ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن:

قاپلان تېرىسى كىيىپ، ئەلەمنىڭ ئاستىدا تۇرغاننىڭ ئېتى بەھرام بولىدۇ، — دېدى.

قىسسە، كەچ كىردى. سەئدان بىلەن ئەبۇ ئەلفەتەھ بەھرامنىڭ سارىيىغا قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار بەھرامنىڭ بارگاھىغا يېتىپ بارغاندا ساراي كۆزەتچىلىرى:

— سەن كىم؟ — دېدى. سەئدان:

— بەھرام مېنى شاھنى ساقلاشقا ئەۋەتتى، — دېگەنىدى، ئۇلار يەنە سوراشقا پېتىنالمىدى. سەئدان سامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئېگىشىپ، سامنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ، ئېگەردىن خۇددى ئوغلاقنى ئالغاندەك ئالدى. ساراي كۈتۈۋالىرى ۋارقىرىغانىدى، سەئدان ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىنى يەر چىشلەتتى. بۇ ۋەقە بەھرامغا يەتكەندە، بەھرام:

— تۇلپارنى ئېگەرلەڭلار، — دېدى. ئات تەييار بولدى. بۇ ۋاقىتتا مۇھتەر ئەبۇ ئەلفەتەھ ئېتىنى چاپتۇرۇپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئوردا كۈتۈۋالىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئۇنى تۇتۇڭلار، تۇتۇڭلار، دەپ ۋارقىراشتى. لېكىن كېچىككەنىدى. ئۇلار يەنە باشقىچە ئىلاجىنى قىلالماقچى بولدى.

سەئدان تاڭ ئېتىشىغا ئوردىغا باردى. ئەمىر سامنى كۆرۈپ سەئدانغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ تەرەپتە بەھرام قاپلاندەك غەزەپلىنىپ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تۈزۈلگەن مەيدانغا كىرىپ ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا يىراقتىن

چاڭ ـ توزان پەيدا بولدى. زىننەتلەنگەن كىيىم كىيگەن بىر كىشى لەشكەر بىلەن يېتىپ كېلىپ، لەشكەرلىرىنى بىر تەرەپتە تۇرغۇزۇپ ئۆزى مەيدانغا كىردى. ئۇ ئات چاپتۇرۇپ بەھرامنىڭ ئالدىنى توسۇپ نەيزىۋازلىق قىلدى. بەھرام ئۇنىڭ نەيزىسىنى نەچچە رەت قايتۇرىۋەتتى. نىقابدار بەھرامنىڭ نەيزىسىنى قولىدىن تارتىۋالغانىدى، بەھرام قولىغا شەمشەر ئېلىپ، شەمشەرنى نىقابدارغا ئۇردى. نىقابدار دۇبۇلغىنى قېلىچقا تۇتۇپ بەرگەنىدى، تىغى بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. بۇ چاغدا نىقابدار بەھرامنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولىۋىدى، بەھرام:

— ئەي پالۋان، ئېتىڭنىڭ چاكارى بولاي، — دېدى. نىقابدار ئۇنى يەردە قويدى. بەھرام نىقابدارنىڭ قولىقىغا باتۇرلۇق ھالىتىنى ئاستى. نىقابدار ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ساڭا ئىتائەت قىلىشنى خالايمەن. ئەمما سەن مەرد ئەمەس ئىكەنسەن، سېنىڭ چاكىرىڭ ئەمىرخان مەرد ئادەم ئىكەن. سەن ئۇنى بىر بۇتپەرەسنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن ئالدىڭدىن قوغلاپسەن. ھازىر جەڭگە تەييارلىق كۆرۈپ قويغىن، سېنىڭ قولىقىڭغا ھالقا سالىمەنكى، تىللاردا داستان بولسۇن، — دەپ بارگاھىغا قايتتى.

سامىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن نىقابدارنىڭ لەشكەرلىرى خوپ كەلدى. جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى نىقابدارنىڭ ئوردىسىدىن ياڭرىدى. ئىسكەندەر ئەلۋەسكە:

— نىقابدارنىڭ ئەمىرخان بىلەن نېمە چېتىشلىقى بارلىقىنى بىلگۈم كېلىدۇ. ئۇ بىز بىلەن نېمە ئۈچۈن كۆرۈنۈشتە دوستتەك قىلغان بىلەن دۈشمەنلىشىپ جەڭ قىلىدۇ، — دېگەنىدى، ئەلۋەس:

— شەھرىيار، مەن بېرىپ ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرەي، — دېدى. ئەمىر:

— ھاجىتى يوق، ھامان بىر كۈنى شۇنداق قىلىدۇ. بۇ ئىش پالۋانلارنىڭ ئوقياسىنىڭ ئوقىنىڭ بېشى بىلەن پۈتىدۇ، — دېدى. ئۇلۇغلاردىن تاغ يۈتكەر ئەمىرخاندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەمىرنىڭ ئوردىسىدا جەم ئىدى. ئەمىر مۇھتەر ھەندانىغا:

— سەن نىقابدارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەمىرخاننىڭ بار - يوقلۇقىنى كۆرۈپ كەلگىن، — دەپ ئەمىر قىلدى. ھەندانى ئۇ يەرگە دېگەن ۋاقىتتا يېتىپ بېرىپ، نىقابدار بىلەن بەھرامنىڭ بىرگە تۇرغانلىقىنى كۆردى. نىقابدار:

— ئەي ناپاك، نېمە ئۈچۈن پادشاھىڭنى تەنھا قويدۇڭ؟ — دېگەنىدى. بەھرام:

— ئەي شەھرىيار، مەن ئوردىدا يوق ئىدىم، كەلسەم ئۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ، قەيەرگە كەتكىنىنى بىلمىدىم، — دېدى. نىقابدار:

— ھازىرچە مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغىن، — دېدى. ھەندانى ئۇ يەردە قالدى. ئۇ تەرەپتە ئەمىرخان بىلەن نەسىم جاڭگالدا شىكار قىلىپ يۈردى.

يەنە بىر كۈنى كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تارتتى. نىقابدار مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلغانىدى، ئىسكەندەر تەرەپتىن ئىسھاق مەيدانغا كىردى. ھەر ئىككى تەرەپ بىر پەس نەيزىۋازلىق قىلىشتى. نىقابدار ئىسھاقنىڭ نەيزىسىنى قولىدىن تارتىۋېلىپچۆرىۋەتتى - دە، ئىسھاقنىڭ گەجگىسىگە قول سېلىپ ئېگەردىن يۇلۇۋېلىپ يەرگە ئاتتى. ئىسھاق يەرگە قاتتىق يوق قۇشتەك چۈشتى. ھەندانى كېلىپ ئىسھاقنى بوينىدىن باغلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئارقىدىن تەمھالخان قولىغا ئۇمۇتنى ئېلىپ مەيدانغا كىردى: ئۇ نىقابدارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇمۇتنى تاشلاپ قېلىچنى ئالدى. نىقابدار قولىغا شەمشەر ئېلىپ تەمھالخانغا ۋارقىراپ

تۇرۇپ شەمشەر ئۇرغانىدى، تەمھالخان دۇبۇلغىنى بېشـــغا تۇتتى. شەمشەر دۇبۇلغىنىڭ قۇببىسىنى تېشىپ ئۆتتـــى. تەمھالخان بۇ چاغدا ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى ئاتنىڭ يالىغا ئالدى. نىقابدار يەنە شەمشەر ئۇرغانىدى، تىغ ئاتنىڭ تۆشىگە تېگىپ تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئات موللاق ئېتىپ يىقىلدى. تەمھالخان پىيادە قالدى. نىقابدار سالمىنى قات - قات قىلىپ تاشلىدى. نىقابدار تەمھالخاننىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ئون يەتتە قات سىرتماق سالدى. نىقابدار سىرتماقنى تارتقانىدى، تەمھالخان تۆگىدەك تىزلىنىپ يىقىلدى. نىقابدار ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ بېرىۋىدى، بىر ئەييار كېلىپ ئېلىپ كەتتى.

نىقابدار يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. سەئدان مەيدانغا كىرىپ نەيزىۋازلىق قىلدى. سەئدان نەيزە بىلەن ئۇنى يەڭگىلـــى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، قولىغا ئۇمۇت بىلەن شەمشەرنـــى ئېلىپ كۆپ ئولتۇرغىچە ئېلىشتى. ئاخىرى سەئداننىڭ پۈتى مادارسىزلىنىپ يىقىلدى. نىقابدار ئەتراپىدىكىلەرگە:

— كېلىڭلار، ئۇنى ئېلىـــپ كېتىـــڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. مۇھتەر بەرق بىلەن مۇھتەر ئەبۇ ئەلفەتەھ كېلىپ سەئداننى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. نىقابدار بارگاھىغا قايتىپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر ئۆلىمالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ نىقابدار بىلەن سۇلھى قىلماقچى بولدى. نىقابدار ئىسھاق بىلەن تەمھالخاننى چاقىرتتى.

ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا كۆپ سۆھبەتلەشتى. ئاندىن مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى.

ئۇ تەرەپتە ئەمىرخان بىلەن نەسىم شۇ ئەتراپتا نىقابدارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەمىرخان:

— بۇرادەر، بۇ نىقابدار بىزنىڭ ئەھلىمىز بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ بولاتتى، —

دېگەندى، نەسىم:
— مەن باراي، — دەپ راۋان بولدى. نەسىم نىقابدارنىڭ
بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى. ئىرادە بىلەن مۇھتەر
ھەندانى نەسىمنى كۆرۈپ قېلىپ نىقابدارغا خەۋەر قىلغاندى،
نىقابدار:
— ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى. ھەندانى كېلىپ:
— شەيتان بۇرادەر، نىقابدار سەن بىلەن
كۆرۈشمەكچى، — دەپ نەسىمنى باشلاپ كىردى. نىقابدار
نەسىمنى كۆرۈپ:
— بۇ كىشى دېھقانلارغا ئوخشايدىكەن، ئۇ نەسىم
شۇمىدۇ؟ — دېدى. ھەندانى:
— شەھرىيار، ئۇ ئۆز قىياپىتىدە ئەمەس ئىكەن، —
دېگەندى، نىقابدار:
— ئەي مەرد، ئۆز قىياپىتىڭدە تۇرغىن، سېنى
كۆرەي، — دېدى. مۇھتەر نەسىم:
— نېمە بېرىسەن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قولۇمغا
ھېچنەرسە كەلمىدى، ھېچقانداق نەرسەم يوق، ئىسكەندەرنىڭ
ئوردىسىغا بېرىشقا ئىلاجىسىز، — دېگەندى، نىقابدار كۈلۈپ
كەتتى ۋە:
— جان بوۋا، ئەمىرخان ئۆز ئىززىتى بىلەن ئالدىمغا
كەلدى. بولسا مېنىڭ ئالدىمدا سەن ماڭا پۇل بەرگىن، شۇنىڭ
بىلەن ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. ئون مىڭ تۈمەن پۇل
بەرگىن، ئۆز قىياپىتىڭ بىلەن بولغىن، بۇنىڭغا ئەمىرخان
گۇۋاھلىق بەرسۇن، — دېگەندى، نەسىم:
— ھەقىقىي نىجاتكار ئىكەنسەن، ئەقىل - ھوشلۇق
ئىكەنسەن. ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق قىلغىن، بۇنىڭغا قوشۇلارمەن،
ھۆر دوستۇم، — دەپ مۇھتەر نەسىم بۇ قابىلىيەتلىك ياشتىن
مىننەتدار بولدى. نىقابدار:

— ئەي بوۋا، ئەمىرخاننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ساڭا ئون ئىككى مىڭ تۈمەن پۇل بېرىمەن، — دېگەنىدى. نەسىم:

— كارامەت مەردلىك قىلدىڭ. ئەمىرخان مۇشۇ ئەتراپتىلا بار، ئۇ ئوردىغا يېقىن يەردە سېنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى. نىقابدار بىر قانچە ئۇلۇغلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇ تەرەپكە باردى. ئەمىرخاننى كۆرۈپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بارگاھقا ئېلىپ كېلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ تەختىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئەمىرخان ئۇچۇن كۆپ مۇراسىملار قىلدى. تەمىالخان ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمىرخاننىڭ قولىنى سۆيۈپ كۆپ تەشەككۇر بىلدۈردى. نىقابدار ئەمىر قىلىپ، ئون ئىككى مىڭ تۈمەننى نەسىم ئۇچۇن كەلتۈرگەنىدى، نەسىم ئۆز ئەسلىگە كەلدى. ئۇلار سۆھبەتلەشتى. خانىدا ئۇزاق زىياپەت قىلدىكى، پەلەكتە پەرىشتىلەر ھەيران قېلىشتى.

تاڭ ئاتتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. بۇ چاغدا بىر تەرەپتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ ـ توزاننىڭ ئارىسىدىن نىقابلىق كىيىم كىيگەن نىقابدار نامايان بولدى. ئۇ مەيدانغا كېلىپ:

— ئەي نىقابدار سەرگەردان، ئەمىر (ئىسكەندەر) نىڭ ئالدىنى توسىغانلىقىڭنى ئىشىتتىم، ئەگەر مەرد بولساڭ «بىسمىللا» دەپ ۋارقىرىغىن، — دېگەنىدى. ئۆزىنى بېزىتۋالغان نىقابدار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ مەيدانغا كىرىپ نەيزىۋازلىق قىلىشتى.

قىسسە، بۇ ئىككى نىقابدار كۈن ئولتۇرغىچە نەيزە، ئۇمۇت، شەمشەر، سالما، ئوقيالار بىلەن ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى ئەل قىلالمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئەمىر مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي باتۇرلار، ھەر ئىككىڭلار بىر ئېتىقادلىق تائىپە، بىر ـ بىرىڭلاردىن قولۇڭلارنى تارتىڭلار، سىلەرنىڭ

مەردلىكىڭلار ماڭا ۋە بىزگە ئايان بولدى،— دېگەنىدى، نىقابدارلار بىر - بىرىدىن قولىنى تارتىشتى. يۈزۈر كېيىنگەن نىقابدار:

— ئەي شەھرىيار، مېنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم ئەمىرخان ئۈچۈن. ئەگەر سىز مېنىڭ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلسىڭىز، ئەمىرخان بىلەن نەسىمگە مېھرىبانلىق قىلسىڭىز، مەن سىز بىلەن سۇلھى قىلىمەن،— دېگەنىدى، ئەمىر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەمىرخان مېنىڭ قەدىناس نەۋكىرىم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا غەزەپلىنىشىم ھەقلىق. بارغىن، ئەمىرخاننى ئېلىپ كەلگىن،— دېگەنىدى، مەرد قامەتلىك نىقابدار:

— ئەي شەھرىيار، پەرۋەردىگار ساقلىسۇن،— دېدى. ئەمىر:

— كەلگىن، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ئاشكارا قىلغىن،— دەپ قويۇپ ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەتتى. نىقابدارمۇ ئۆزىنىڭ بارگاھىغا كېلىپ ئارام ئالدى.

تاڭ ئاتتى. نىقابدار ئەمىرخاننىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي ئەمىرخان، تۇرغىن،— دەپ ئەمىرخاننى تۇرغۇزۇپ نەسىمنى ئېلىپ، ئۆز ئۇلۇغلىرى بىلەن ئەمىرنىڭ بارگاھىغا باشلاپ كەلدى. ئەمىر ئۇلارنى كۆرۈپ نىقابدار ئۈچۈن بەزمە تەييارلىدى. ئەمىرخان ئوردا ئۇلۇغلىرىغا بۇرۇنقىدەك ئەركىلەپ قويدى. ئەمىر نەسىمنىڭ قولىقىنى تولغاپ:

— يەنە مۇنداق ئىشنى قىلمىغىن،— دېدى. بۇ چاغدا نىقابدار نىقابىنى ئۈچىسىدىن ئالغانىدى، ئىسكەندەر بىلەن باتۇرلار «رۇستەمى داستان» دىكى سام[69] يېنىنى نەرىمان[70] غا ئوخشاش ئىككى كۆزى پىيالىدەك، ئەمما كۆندەك نۇرلۇق يىگىتنى كۆردى. ئۇلار چۇقان سېلىشىپ:

— ئەي شەھرىيار، مەن تاغ يۆتكەر ئەمىرخاننىڭ

پەرزەنتى، ئىبتىم مۇھەممەد شىرزاد، خىسرەۋخان كىيارۇدنىڭ قىزى لەئىبەت فەرەڭدىن بولىمەن، — دېگەنىدى، ئەمىرخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەمىر ئۇنى جەمشىد تەختىنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن كېيىن ئەمىر قەلئەئى ھىرمانغا باردى. ئۇ يەردە بۇت ۋە بۇتخانىلارنى خاراب قىلدى. نەسىم تىللا بۇتلارنى يىغىپ ئۆز خەزىنىسىگە قويدى. سۇ ئەكىلىپ ئاتەش تاغقا سەپتى، لېكىن پايدا بەرمىدى. ئارستو كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن توپا ئەكىلىپ قۇيغانىدى، ئوت ئۆچتى.

كەچ كىردى. شۇ كېچىسى تەمھالخان كۇتىۋالدى. تاڭ ئاتتى. تۇرنىڭ چېدىرى تەرەپتىن غەۋغا كۆتۈرۈلدى. بۇ كېچىسى تۇرنى ئېلىپ كەتكەنىكەن. ئەمىر نەسىمنى چاقىرىپ:

— بۇرادەر، بۇ ئىشنى كىم قىلغاندۇر؟ — دېگەنىدى، نەسىم كۈلدى. چۇنكى تۇرنى ئېلىپ كەتكەن ئۇ رودىپاينى نەسىم كۆرگەنىدى. نەسىم ئۇ يەردە تۇرغان ئارغامچىنى ئۆلچەپ باقتى. ئەمىرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئۇ رودىپاي زەرقان ئىكەن، تۇرنى زەرقان ئېلىپ كېتىپتۇ، — دېگەنىدى. ئەمىر:

— ئەگەر تۇرنى قۇتقۇزساڭ ئون مىڭ تۈمەن بېرىمەن، — دېدى. نەسىم قوبۇل قىلىپ، ئالتۇنلارنى خۇرجۇنغا سېلىپ يولغا چىقتى. ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ شەرۋان تەرەپكە چاقماقتەك راۋان بولدى. نەسىم ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. ئەمىر ھەم نەسىمنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇن بىلەن ئاتلاندى. ئۇلار تاغ يولى بىلەن شەرۋانغا يېقىن كېلىپ، خۇش ھاۋالىق جايدا بارگاھ تىكتى. ئەمىر بەرق فەرەڭنى مۇھتەر نەسىمگە ياردەم قىلسۇن دەپ ئەۋەتتى.

ئۇ تەرەپتە نەسىم شەرۋان شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ شەھەرگە كىردى. شەرۋان ئەھلى ئۇنىڭ لىباسىغا ھەيران

قالدى. نەسىم كەچ كىرگەندە تۆت كوچىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە زەرقاننى كۆردى. ئۇ بىر كىشىنىڭ گاھى پېشىنى تارتىپ، گاھى تامبىلىنى تارتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان لەشكەرلەر نەسىمنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ئەي سەن كىم؟ — دېگەنىدى، نەسىم بېشىدىن بۆكىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

زەرقان بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئەلقىسسە، زەرقان:

— ئەييارلارغا تۇتۇلۇپ قالماڭلار، مۇھتەر نەسىم بۇ شەھەردە بار ئىكەن، — دەپ ئاگاھلاندۇردى.

نەسىم يەنە بىر كېچىسى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، ھەممە يەردە قاراۋۇللارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىگە: بىر سائەت سەۋر قىلاي، بۇلار ئۇيقۇغا بارسۇن، دەپ بېشىنى قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرغانىدى، بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، سىرتماقنىڭ بويىنىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ مىدىراپ باقتى. لەشكەر كىيىمى كىيگەن بىرى مىسران قېلىچ بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئۇردى ۋە:

— قولۇڭنى باغلاققا تۇتۇپ بەر، — دېگەنىدى، نەسىم نائىلاج قولىنى تۇتۇپ بەردى. نەسىمنىڭ قولى باغلاندى. نەسىم قۇياشتەك بىر ئوغۇلنى كۆردى. ئۇ ئوغۇل نەسىمنى پەردە - گىلەمگە ئوراپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. ئۇ يىگىت خانىسىغا بېرىپ نەسىمگە:

— ھازىر كاللاڭنى ئالىمەن، سەن مۇھتەر نەسىم بولامسەن؟ — دېگەنىدى. نەسىم:

— ئەي مەرد، مەن مۇھتەر نەسىمنىڭ بوۋىسى بولىمەن، مۇھتەر نەسىم ئەمەس. سەن كىم؟ — دېدى.

ئۇ يىگىت:

— مەن زەرقاننىڭ ئەۋلادى بولىمەن، زەرقان شەھەردە ئايلىنىپ يۈرىدۇ، مەن ئۆگزىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزەتچىلىك قىلىمەن،— دەپ خەنجىرىنى تارتتى. يەنە:

— ئەگەر نەسىم بولساڭ سېنى ئۆلتۈرمەي، زەرقاننىڭ ئالدىغا تىرىك ئېلىپ باراتتىم، سەن نەسىم ئەمەس ئىكەنسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆلتۈرىمەن،— دېدى. نەسىم ئۆلمىدىغانلىقىنى بىلىپ:

— ئۆلتۈرمىگىن، مەن نەسىم بولىمەن، — دېدى. ئۇ يىگىت كۈلۈپ:

— تولا مۇغەمبەرلىك قىلمىغىن، شۇنداقلا تولا بىپەرۋالىقمۇ قىلما. ئۆز ئىشىڭغا ھوشيار بولغىن، ئەگەر مەن كەلمىسەم سېنى يەنە بىرى تۇتقان بولاتتى،— دېدى. نەسىم:

— سەن زادى كىم؟— دەپ سورىغانىدى، ئۇ يىگىت:

— سەن تۇرۇپ تۇرغىن، مەن ھازىر كېلىمەن،— دەپ قويۇپ يوقالدى. نەسىم بىرئازدىن كېيىن سوپى سۈپەت بىر نازىنىننىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ نازىنىن پەرىشان ھالدا:

— ئەي نەسىم، مەن خوجا مۇھەممەد تاجەرىننىڭ قىزى بولىمەن. مەن سېنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىق بولغانىدىم،— دېگەنىدى، نەسىم ھەم چىن دىلىدىن ئۇنىڭغا ئاشىق - بىقارار بولدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن مەي ئىچىشتى. ئۇلار ھەممە ئىشنى ئېسىدىن چىقىرىشتى. چۈنكى بۇ ئىشلار تۈن كېچىدە نېسىپ بولغانىدى. قىز:

— ھازىر دەل ۋاقتى، ماڭا ئۈزۈكىنى بەرگىن، قۇچاقلاپ باسسالىمۇ مەرھابا،— دەپ نەسىمگە يەتتە قېتىم كۆرپە سېلىپ بەردى. ئاندىن مۇھتەر نەسىم كېنىزەك قىياپىتىدە ياسىنىپ ھەر ئىككىسى نىقابلىنىپ تاشقىرىغا چىقتى. ئۇلار شۇنداق

ئەدەپلىك ئىدىكى، بىچارىلەر كېچىدە ئاياللار مۇنچىسىغا باردى. ئاندىن تۆت كوچىغا بېرىپ زەرقانىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. قىرىق نەپەر ئەييار ئۇنىڭ قېشىدا تۇراتتى. قىز دىققەت قىلىپ تۆت كوچىدا سوغۇقتا نۇرغۇن شاملارنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم زەرقاندىن ئەندىشە قىلىپ، زەرقانىنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولۇپ زەرقانىنىڭ خېرىدارى بولدى. زەرقان جايىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. قىز:

— ئەي سەردار، كىشى كېچىدە مۇنچىغا بارمايدۇ، سەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتىسەنغۇ؟ — دېگەندى، زەرقان نازىنىنغا:

— ئېتىبارىڭىزنى قىلىپ قويايمىكىن دەيمەن، — دىگەندى، قىز:

— راستىنى ئېيتسام مەن سېنىڭ جامالىڭغ بولدۇم. مەن ئۇلۇغلارنىڭ خانزادىسىدىن بولىمەن. سۆھبەت قىلغىلى كەلدىم. لېكىن خاس خاناڭىنل ئىكەنلىكىنى مەن بىلمەيمەن، — دېگەندى. زەرقا

— ئولتۇرۇڭ، خىلۋەت قىلاي، — دەپ ئەي

— سىلەر كېتىڭلار، مەن ئۆزۈم تۇراي، ئەييارلار ئۆزلىرىنى ئوشۇقچە بىلىپ ھەممىسى كەتت كېلىپ قىزنىڭ قېشىدا ئولتۇرغانىدى. قىز ئىككى كەلتۈرۈپ بىرىگە دورا بىھوش سالدى. يەنە بىرىنى يەردە قويدى. دورا بىھوش سېلىنغان مەينى زەرقانغا بېرىپ، ئۆزى دورىسى يوق مەينى ئىچتى. ئۇلار نەچچە قەدەھ ئىچىشتى. زەرقان بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. بۇ چاغدا نەسىم ئۇنىڭ پۇت — قولىنى باغلاپ تۇرنى قۇتقۇزدى. تۇر:

— سىلەر كىم؟ — دېدى. نەسىم:

— پۇل بەرسەڭ ئېيتىمەن، — دېدى. تۇر:

— سۆزىڭىزدىن نەسىمگە ئوخشايسىز، — دېگەندى،

نەسىم:

— بوۋاڭ ياربىدار، — دېدى. تۇر:

— بوۋا، ساڭا ئىككى مىڭ تۈمەن بېرىمەن، — دەپ ئالتۇنلاردىن قولىياغلىقىغا تۈگۈپ بەرگەنىدى، نەسىم ئېلىپ ئۆيىگە بېرىپ ئالتۇنلارنى بىر بۆلۈڭگا تاشلاپ قويۇپ ئارام ئالدى.

تاڭ ئاتتى. مۇھتەر زەرقان ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنى ئۆينىڭ بىر بۆلۈڭىدا كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. غەزەپلىنىپ ۋارقىرىدى. بىراق پايدىسى بولمىدى. نەسىم تۇر بىلەن مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. زەرقان ئۇلارنى بۇ يەردە تۇتماقچى بولدى.

ئەمدى جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىدىن نەچچە قىسسە ئىشىتىڭ.

ئىسكەندەر چىمەنلىكتە ئولتۇرۇپ ئالدى. ئەتىسى چەۋەندازلار بىلەن ئاتقا مىنىپ شىكارغا ماڭدى. شىكارگاھقا يېتىپ بېرىپ بىر توپ كېيىكنى كۆردى. ئىسكەندەر ئوۋ قىلىشقا باشلىدى. ئىرادە بىلەن يەنە بىر توپ كېيىك ئەمىرخاننىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ خۇلق چىقارغانىدى، ئەمىرخان كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن ئات سېلىپ قوغلاپ بىر باغقا كېلىپ قالدى. ئۇ باغ بەھرام شاھ شەماخىلىنىڭ قىزىنىڭ باغ ئارامگاھى ئىدى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى مەجبىبىن دەپ ئاتىلاتتى. بۇ باغدا ھەرخىل ئۇچار قۇشلار بار ئىدى. ئەمىرخان ئۆز ـ ئۆزىگە: بۇ گۈزەل باغقا كىرسەم، بىر گۈزەل بىلەن تاماشا قىلسام، دەپ ئولتۇراتتى. بىر كېنىزەك دەرەخنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مەجبىبىن ئىدى. قىزنىڭ كۆزى ئەمىرخانغا چۈشۈپ، ئاجايىپ بىر يىگىت كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئەمىرخان مەجبىبىننىڭ قېشىغا كېلىپ قىزنىڭ تەرىپىنى قىلدى. قىز شارابنىڭ كەيپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر نەچچە كېنىزەكلەر بىلەن ئەمىرخان تەرەپكە قاراپ

ماڭدى. ئۇ ئەمىرخاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەمىرخاننىڭ كۆزىگە قاراپ ئاشىقلىق ئىشارىتى قىلدى. ئەمىرخان ھەم ئۇ نازىنىننى كۆرۈپ قولىنى دىلىدىن قويۇپ بەردى. قىز:

— ئەي يىگىت، سەن كىم؟ نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىغاندى، ئەمىرخان:

— ئەي نازىنىن، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، مېنى ئەمىرخان دەيدۇ. ئىسكەندەرنىڭ سەردارى بولىمەن. ئىسكەندەر بىلەن كېلىپ شىكارگاھنى كېزىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دېدى. قىز:

— ئەي مەرد يىگىت، بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىپسەن، ئىككىمىز بىرئاز مۇڭدىشايلى، — دېگەندى، ئەمىرخان پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ، ئۇ سەنەم بىلەن قەسىردە ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى. ئەمىرخان قىزنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندى، قىز:

— مەن شەماخىل شاھنىڭ قىزى بولىمەن. باھار مەۋسۇمىدە بارلىق كېنىزەكلەر بىلەن بۇ باغقا كېلىمەن. مەي ئىچىمىز، مۇڭدىشىمىز. زىمىستاندا شەھەردە بولىمىز، — دېدى. ئەمىرخان ئۇ نازىنىننىڭ بوينىغا قولىنى قويۇپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى.

ئەمدى شەھەر شەرۋاندىن نەچچە قىسسە ئىشىتىڭ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شەرۋان شاھ مۇھتەر زەرقاننىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، جالىنۇسقا قاراپ:

— بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلەي، — دېگەندى، جالىنۇس:

— ئۇنىڭدىن (نەسىمنى دېمەكچى) باشقا كىم قىلىدۇ؟ يەنە باشقا كىشىدە بۇ يەرگە قەدەم قويغۇدەك يۈرەك يوق، — دېدى. شەرۋان شاھ:

— ئەي ھېكىم، مېنىڭ تەقدىرىمنى ئىسكەندەردىن

كۆرگىن، ئىسكەندەر بۇ شەھەرنى ئېلىشنى خالامدۇ — يوق؟ — دېدى. جالىنۇس رەملىگە قاراپ:

— ئىسكەندەر يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ شەھەرنى ئالىدۇ، — دەپ شۇ سائەتتىلا تاشقىرىغا چىقىپ قانىتىنى قولتۇقىغا بېكىتىپ، قانات ئۇرۇپ پەرۋاز قىلىپ بەدەر كەتتى.

ئۇنىڭ قىسسىسىنى ئۆز نۆۋىتىدە ئىشىتىڭ.

ئەمدى ئەمىرخاندىن نەچچە قىسسە ئاڭلايلى.

ئەمىرخان شەماخىل شاھنىڭ قىزى مەجبىن بىلەن مۇڭداشباغدا سەيلە - تاماشا قىلىشۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن قىزنىڭ ئىنىكئانىسى ئۆز - ئۆزىگە: ئەگەر تاڭلا بۇ خەۋەر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، مېنىڭ تامبىلىمنىڭ ئىچىگە مۇشۇكنى تاشلار، دەپ باغدىن چىقىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپ پادىشاھنىڭ قەسرىگە باردى. ئۇ بۇ ئىشنى بەھرام شاھقا ئېيتقاندى، شاھ غەزەپلىنىپ شەمشىرىنى ئېلىپ، ئىنىكئانىسىنىڭ بېلىگە ئۇرغاندى، ئىنىكئانا ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. بەھرامنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، ئۇنى شاھزادە كامران دەپ ئاتايتتى. بەھرام شاھ:

— ئۇ يىگىتنىڭ بېشىنى مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرگىن، — دەپ كامراننى ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن باغقا ئەۋەتتى. شاھزادە كامران باغنىڭ چۆرىسىنى لەشكەر بىلەن ئەڭگۈشتەرنىڭ كۆزىدەك قورشىدى. بۇلار بۇ يەردە كۆرۈشۈپ تۇرسۇن. ئەمدى شەھەر شەرۋاندىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

ئىرادە بىلەن بىر كېچىسى تۇر كۆپ ئىھتىلام بولدى. تۇر مۇھتەر نەسىمگە قاراپ:

— مېڭىڭ، مۇنچىغا بارايلى، — دېگەنىدى، نەسىم:

— بۇرادەر، ئوردا مەيخانىسىنىڭ ئارقىسىدا كۆل بار، شۇ يەردە راھەتلىنەيلى، — دەپ ئىككىسى ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ

كۆلدە سۇغا چۆمۈلدى. ئىرادە بىلەن نەسىمنىڭ قوشنىسىنىڭ خوتۇنى ئۆگزىدە تۇرۇپ تونىمايدىغان بىر ئەر كىشىنىڭ خوجا مۇھەممەدنىڭ سۇخانىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئېرىگە خەۋەر قىلدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئېرى كېلىپ تۇرنى كۆرۈپ دەرھال قايتىپ بېرىپ شەرۋان شاھقا مەلۇم قىلدى. شەرۋان شاھ ئون ئىككى مىڭ كىشى بىلەن كېلىپ خوجا مۇھەممەدنىڭ ھويلىسىنىڭ چۆرىسىنى قورشىدى. نەسىم غەۋغا - سۈرەننى ئاڭلاپ، تاشقىرىغا چىقىپ شەرۋان شاھنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەسرەت چەكتى ۋە ئەھۋالنى تۇرغا ئېيتقانىدى، تۇر قوراللىرىنى ئېلىپ نەسىم بىلەن قىزنىڭ ھىمايىسىدە ئۆگزىگە چىقتى. تۇر ئوقيانىڭ ئوقىنى ئالدىدا قويدى. نەسىم بىلەن قىز قارشى تەرەپكە تاش ئاتتى. تۇر ئوقيا ئېتىشقا باشلىدى. مۇھتەر زەرقان باغلاقلىق ھالەتتە تۇرۇپ:

— ئەي نەسىم، مېنىڭ قولۇمنى بوشىتىۋەتكىن، سىز ئۈچۈن ئېلىشاي، — دەپ ۋارقىرىغانىدى، مۇھتەر نەسىم كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا نەچچە مۇشت ئۇردى. زەرقان ئۆز جايىدا تۇرۇپ ئېلىشتى. بىزگە مەلۇمكى، ساھىبقىران بەرق فەرەڭنى نەسىمنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتىپ، نەسىمگە ياردەم بەرمەكچى بولغانىدى. مۇھتەر بەرق شەھەرگە كېلىپ شەھەردە غەۋغا بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بىرسىدىن:

— بۇ شەھەردە نېمە ئەھۋال بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— مۇھتەر نەسىم تۇرنى سولاقتىن بوشىتىپ خوجا مۇھەممەدنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتىكەن. شەرۋان شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئۇنىڭ ھويلىسىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى، — دېدى. مۇھتەر بەرق بۇنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ تۇر باتۇر بىلەن مۇھتەر نەسىم ۋە قىزلارنىڭ شەرۋان شاھ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا

ياردەم قىلىش كېرەك ئىكەن، مۇھتەر ئاشۇ يەردە ئىكەن، قېشىغا باراي، ئۇلارغا ياردەم بېرەي، — دەپ ئوردىغا راۋان بولدى. ئەمدى ئەمىرخان بىلەن شەماخىلدىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

ئەمىرخان باغدا قىز بىلەن مۇڭداشىباغ بولۇپ مەي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار نەۋكەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قوراللىرىنى ئېلىپ باغنىڭ سىرتىغا چىقتى. ئون ئىككى مىڭ كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. قىز ھەم قورالىنى ئېلىپ خوجىلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئەمىرخان ھەرقانداق كىشىگە تىغ ئۇرسا ئۇ ھالاك بولدى. لەشكەرلەر بەك زىچ بولۇپ كەتكەچكە، شاھزادە لەشكەرلەرنى تارقاقلاشتۇرماقچى بولغاندا، ئەمىرخاننىڭ ئېتىغا بىر تال ياۋا ئوق تېگىپ، ئۆزى بىلەن بىرگە يەرگە يىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمىرخاننىڭ ئۈستىگە ئىككى مىڭ نەۋكەر باستۇرۇپ كېلىپ پۇت - قولىنى باغلىدى. ئەمما قىز خوجىلار بىلەن ئېلىشتى. ئەمدى بەرق فەرەڭدىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

بەرق فەرەڭ ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نەسىم بىلەن تۇرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغانىدى، ئىسكەندەر:

— باتۇرلار بېرىپ، مەن يېتىپ بارغۇچە شەرۋان شاھنى بەيئەت قىلدۇرسۇن. تۇر بىلەن نەسىمنى قۇتقۇزسۇن، — دېدى.

مۇھەممەد شىرزاد باتۇرلارنىڭ سەرخىلى ئىدى. ئۇ رۇخسەت ئېلىپ بەرق فەرەڭ بىلەن يىگىرمە تۆت مىڭ كىشىنى باشلاپ راۋان بولدى. ئىرادە بىلەن ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىماي، شەرۋان شاھنىڭ يولىدىن ئۆتۈپ شەماخىلنىڭ يولىغا كەتتى. شىرزاد:

— تېز بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بەرقنى ئەۋەتكەنىدى، بەرق ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىپ:

— ئەي شەھرىيار، ئەمىرخان ياۋ لەشكىرىنىڭ ئىچىدە قامىلىپ قاپتۇ، — دېگەنىدى، مۇھەممەد شىرزاد شۇ ھامان قولىغا تىغ ئېلىپ، مەغرۇرلۇق بىلەن ۋارقىراپ ئۇ لەشكەرلەرگە قاراپ ئېتىلدى. ئۇ شۇ قېتىملىق ھۇجۇمدا مىڭ كىشىنى ئېگەردىن چۈشۈرىۋەتتى. لەشكەرلەر بىلەن ئاتلار تىرىپىرەن بولدى. مۇھەممەد شىرزاد ئېتىنى چاپتۇرۇپ كامران شاھزادىگە يېتىشىپ بېرىپ، ئۇنى ئېگەردىن يۇلۇۋېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەنىدى، شاھزادە زەئىپلىشىپ ئىتائەت قىلدى. ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن شەماخىل ئەمىرنىڭ ئالدىغا باردى. پادىشاھ شاھزادىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئىتائەت قىلدى. قىزنى پەيتۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ، تۆت مىڭ كىشى بىلەن ئەمىرخاننى ئېلىپ ئوردىغا راۋان بولدى. مۇھەممەد شىرزاد بەرقنى ئالدىغا سېلىپ قوشۇن بىلەن تېزلىكتە شەرۋان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار شەرۋانغا يېقىنلىشىپ بېرىپ، خوجا مۇھەممەدنىڭ قەسرىنى ئالماقچى بولدى. مۇھەممەد شىرزاد ۋارقىراپ ئۆزىنى شەرۋان شاھىنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۇردى. شەرۋان شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ دەرۋازىدىن قېچىپ كەتتى. مۇھەممەد شىرزاد شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن مۇھتەر زەرقان ئىتائەت قىلىپ:

— سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارغا چىن پۈتتۇم، چۈنكى شۇنچە كۆپ لەشكەرلەر نەچچە كۈنگىچە بۇ ئۈچ نەپەر ئادەمنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىدى، — دېدى. ئۇلار بۇتلارنى خاراب قىلىپ، ئورنىغا مەكتەپ - مەدرىسە سالدى. شۇ چاغدا نەسىم بىلەن تۇر، مۇھەممەد شىرزاد بىلەن بەھرام شاھ، پادىشاھ شەماخىل ئەمىرنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. ئۇلار يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەر ئۇلارنى كۆرۈپ كۆپ خۇرسەن بولدى. خوجا مۇھەممەدنىڭ قىزىنى نەسىمگە، بەھرام شاھنىڭ قىزىنى ئەمىرخانغا توي قىلىپ بەردى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا بولدى. توي

كۆچۈرىدىغان كېچىسى خوجا مۇھەممەدنىڭ قىزىنى ئەسىمگە، بەھرام شاھنىڭ قىزىنى ئەمىرخانغا تاپشۇردى. ھەممىسى مۇرادىغا يەتتى. ئەنچە كۈندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ئەمىرى ئەۋفىلگە:

— تاڭلا شاھ بارگاھلىرىنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ تەبرىز
شەھىرىگە قاراپ ماڭغىن، — دېدى. بۇ قىسسە مۇشۇ [71]
يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

## يىگىرمە ئۈچىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ تەبرىزگە ماڭغانلىقى، سۇلتان تىفۇرنىڭ رۇمغا بارغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ يەنە مەككە مۇئەززەمگە ماڭغانلىقى، ئەمىرخان بىلەن مۇھەممەد شىرزاد، سەئىدان بىلەن تۇرنىڭ تەمھالخان بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ بەھزاد جادۇ بىلەن جەڭ قىلىپ، بەھزاد جادۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى

ئەلقىسسە، سىرلاردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەردىن بىرى دوستلار ئۈچۈن بۇ داستاننى شۇنداق بايان قىپتۇكى، ئەۋفىل ساھىبقىراننىڭ ئەمرى بىلەن شاھانە بارگاھنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ تەبرىزگە قاراپ ماڭدى. تەبرىزگە يېقىن بېرىپ بارگاھ تىكتى. ئەمىر باتۇرلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ جەمشىد

بارگاھىدا ئارام ئالدى.

ئاتەشپەرەس تەبرىز خەلقىنىڭ پادشاھى ئەمىرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ ئالدىغا چىقتى. ئەمىر شەھەرگە كىردى. تەبرىز پادىشاھىنىڭ قىزىنىڭ پاكلىق پەردىسى بار ئىدى. ئۇ پاك دىل ئەمىرگە نىكاھلاندى. كىچە - كۈندۈز توي قىلىپ شەھەردە ئايلاندۇردى. توي ئاخشىمى قىزنى ياساندۇرۇپ ئەمىرگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئەمىر ۋىسالىغا يەتتى. ئەتىسى ئەمىر مۇنچىدىن چىقىپ بارگاھتا ئولتۇردى. ئىسكەندەر تەبرىز بىلەن ئەھۋاللاشتى. ئىسكەندەر سۆھبەت ئارىلىقىدا ئۇلاردىن:

— بۇ يەردىن ئۆتكەندە قەيەرگە بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى، ئاتەشپەرەسلەر:

— ئەي شەھرىيار، بۇ يەردىن ئۆتكەندە بەكىردەستان دېگەن جايغا بارىدۇ. ئۇ يەرنىڭ ھاكىمى بىر مەزلۇمدۇر، ئۇنى بەھزاد جادۇگەر دەيدۇ. جادۇسى كۈچلۈك، ئۇنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇنى زەينەپ جادۇ دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئىسكەندەر نەسىمنى چاقىرىپ:

— ئەي مەرد، بەھزاد جادۇگەردىن ئەھۋال ئۇقۇپ كەلگىن، — دېگەندى. نەسىم:

— شەھرىيار، مىنى جادۇگەرنىڭ قېشىغا ئەۋەتمىسەڭ، — دېدى. ئەمىر:

— ئون تاۋاق ئالتۇن بېرىمەن، — دېگەندى، نەسىم:

— ئالدى بىلەن بەرگىن، — دەپ ئون تاۋاق ئالتۇننى ئېلىپ، مەن سىلەرنىڭ جامالىڭلارنى شۇ جايدا دىدارلاشتۇرىمەن، دەپ ئالتۇننى ئۆز خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ راۋان بولدى.

نەسىم ئۈچ كىچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ قەلئەنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ باردى. دەرۋازىغا بېرىپ ھەممە يەرنى كېزىپ، ئاخىرى بەھزادنىڭ بارگاھىغا باردى. نەسىمنىڭ يۈرىكى سالدى. نەسىم

بىر قىزنىڭ تەختتە ئۆلتۈرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بەهزاد جادۇ ئىدى. نەسىم بىر خالىي جايغا بېرىپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى. كەچ كىردى. جادۇ خانىسىغا راۋان بولدى. نەسىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، بەهزادنىڭ سېهىر كىتابىنى ئالدىغا قويۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي چىراغچى ئەييارنى باغلاپ، چىراغنىڭ يورۇقىغا ئېلىپ كەلدى. شامنىڭ پۇرىقى جادۇنىڭ بۇرنىغا پۇراپ بىھوش بولۇپ يىقىلغانىدى، نەسىم ئۇنىڭ سېھىق تېنىنى پەردىگە ئوراپ ئېلىپ ماڭدى. نەچچە قەدەم ماڭغانىدى، قەيەردىندۇر بىرىنىڭ:

— ئەي يىگىت، قەيەرگە ئېلىپ بارىسەن؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. نەسىم كەينىگە قاراپ ھېچقانداق ئادەمزاتنى كۆرمىدى. يەنە ماڭدى. قايتا - قايتا ئۈچ قېتىم ئاۋاز ئاڭلاندى. نەسىم توختىماي ماڭغانىدى، ئاخىرى كۆكتىن يەرگە ئالۋاستى چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، نەسىم يىقىلىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا بەهزاد جادۇ ھوشىغا كېلىپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلاتقان (دۇرۇت ئوقۇغان) ئىدى. نەسىم تورغا سولىنىپ قالدى. شۇ چاغدا زەينەپ بىر نەچچە جادۇ بىلەن يېتىپ كېلىپ، نەسىمنىڭ توردا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئانا، بۇ كىم؟ ئۇ قانداق ئەدەپسىزلىك قىلدى؟ — دېگەنىدى، بەهزاد جادۇ:

— بۇ ئەييار نەسىم ئىكەن، ئۇ مېنى تىرىكلا گۆرگە سالماقچى، جەڭ قىلماي‌لا قەلئەيىمنى ئالماقچى، ھازىر مېنى بىھوش قىلىپ ئېلىپ كېتىپ باراتتى. تۆت جىن مېنىڭ ئىلكىمدە ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا يول قويمىدى. مەن ئۇنى ھازىر ئۆلتۈرىمەن، — دېگەنىدى. نەسىم:

— مەلىكە زەينەپ، سېنىڭ بېشىڭمۇ ئامان تۇرغۇسى، مېنى قۇتقۇزۇپ قالساڭ، — دېدى. زەينەپ:

— ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتەيلى،

ئۇلار تەرەپتىن نەۋكەر ۋە قورال ـ ياراغ ئېلىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس. ئۇنىڭغا تون تەقدىم قىلىڭ، ـــ دېدى. بەھزاد ئۇنىڭغا ئالتۇن تون كىيگۈزۈپ:

ـــ بېرىپ ئىسكەندەرگە ئېيتقىن، مېنىڭ خاندانلىقىمنىڭ تۇپرىقىغا قەدەم قويمىسۇن. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنى تىرىكچىلىك قىلغۇزمايمەن، ئۇ چاغدا مېنىڭ سەن بىلەن كارىم يوق. سەن ھەم بۇ يۇرتتىن قول ئۈزگىن، ـــ دېگەنىدى، نەسىم ئۆزىنى ئوڭايسىز ھېس قىلىپ بۇ يەردىن كېتىپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا باردى. ئەمىر نەسىمنى كۆرۈپ:

ـــ ئەي دىلغۇل، بۇ نېمە ئىش؟ ـــ دېگەنىدى. نەسىم:

ـــ قانداق قىلىمەن؟ سەندە ھىممەت يوق. نەۋكەرلىكنىڭ يولىنى بىلمەيسەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇشۇ ھالدا بولدۇم. بەھزاد جادۇنىڭ نەۋكىرى بولدۇم. بىر كۈن ئۇنىڭ نەۋكىرى بولۇپ خىزمىتىنى قىلدىم. بۇ لىباسنى ماڭا بەردى. نەچچە يىل ساڭا خىزمەت قىلغان بولساممۇ تونۇم يىرتىق، تونلىرىمنىڭ ئەستىرى يوق، ئىشتىنىمنىڭ بېغى يوق، ـــ دېگەنىدى. ئەمىر بىلەن بارگاھتا تۇرغانلار كۈلۈپ كەتتى. مۇھتەر نەسىم بەھزادنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر:

ـــ خاتا قىپتۇ، ئۆزىگە باقماي تۇرۇپ ئەتراپتىكىلەرنى ئېتىقاد دائىرىسىگە كىرگۈزىمەن دېيىش ياخشى ئەھۋال ئەمەس. ئۇلارنى ئېتىقادىمغا كىرگۈزمىگىچە ئارام ئالمايمەن، ـــ دەپ سۆزلەۋاتاتتى، بىر قەلەندەر ئەلچى ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى سېلىپ توردى. ئەلچى نامىنى ئەمىرگە بەردى. ئەمىر نامىنى مۇتالىئە قىلدى. نامىنى مەككىدىكى ھامان شېرىف پۈتكەنىكەن. نامىدە: «شەھرىيار، شەددات ئادىنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنىدىكەنسىز. ھازىر ئۇ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن مەككىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. ئەگەر دەرھال كەلمىسىڭىز مەككىنى تارتىۋالىدۇ» دېيىلگەنىكەن. ئەمىر ئەلۋەسكە قاراپ:

— ئوبۇلقاسىم جاۋاھىرى بارسۇن. ھازىر مەككە قارشى تەرەپنىڭ قورشاۋىدا قاپتۇ ھەم ھاكىمى يوق ئىكەن. ئۆزۈم بارسام بولماس، — دېدى. ئارستو:

— چەك تاشلايمەن. ئەگەر باشقا كىشىنىڭ ئىسمى چاقىرىلسا رۇمغا شۇنى ئەۋەتەي، ئەگەر كىمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنى ئورنىدىكى ئۆز جايىمدا ئولتۇرغۇزسام، ئۆزۈم مەككىگە بارسام، — دەپ چەك تاشلىغانىدى، چەكتە سۇلتان تىغۇرنىڭ ئىسمى چىقتى. شاھلىق تاجىنى تىغۇرنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ ئۇنى رۇمغا يولغا سالدى. ئاندىن كېيىن قوشۇننى ھاكىم ئەلۋەسكە تاپشۇرۇپ، ئالماس قۇللارنىڭ بەگلىرىنى ئالماي، ئون ئىككى مىڭ ئوقياچى بىلەن مۇھتەر نەسىمنى ئالدىغا سالدى. ئىسكەندەر ئەلۋەسكە:

— لەشكەر باشلاپ بېرىپ مەككىگىچە قورشىغىن، — دەپ يۈرۈپ كەتتى.

ھامان شېرىف مەككىدە ئىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئەمىر ئۇلۇغ مەككىگە باردى. شەددات ھەم ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىنىڭ ئالدىغا قوشۇن ئېلىپ كەلدى. ئوبۇلقاسىم جاۋاھىرى ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئەتىسى شەددات قوشۇن تارتىپ مەككىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمىر جەڭگە ئاتلاندى. نەۋفىل ئۇلارنىڭ غەرب تەرىپى بىلەن ئالدىغا كەلدى. ئەمىر نەسىمنى ئالدىغا سېلىپ مەيدانغا كىرىپ، شەدداتنىڭ ئالدىنى توسىغانىدى، شەددات قولىغا ساتورنى ئېلىپ ئەمىرگە ئۇردى. ئەمىر چاققانلىق بىلەن ئۇنى توسىۋالدى. ئاندىن شەمشىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ بېشىغا ئۇرغانىدى. ھەبەش لەشكىرى بىلەن زەڭگىبارلار قوزغىلىپ، ئىككى قوشۇن چاپ - چاپقا چۈشۈپ كەتتى. ئەمىر قىرلىق شەمشەر ئېلىپ ئۇلار تەرەپكە يۈگۈردى. ئۆزى ئالماس ئوق ئاتقۇچىلار بىلەن قارشى تەرەپكە ئوق ياغدۇردى. زەڭگى لەشكەرلىرى تەڭ

كېلەلمەي قاچتى.

ئەمىر ئوبۇلقاسىم بىلەن بارگاھقا قايتتى. نەسىم ھەم ئۈلۈكلەردىن بىرئاز ئولجا ئېلىپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى.

ئەمدى مۈلكى ئەلۋەستىن نەچچە كەلىمە ئېشىتىڭ.

ئەمىرنىڭ مەككىدىكى ئوردىسىدىن مۈلكى ئەلۋەسنىڭ قوشۇنى كەلكۈندەك چىقىپ قورشاۋ تەرەپكە قاراپ ئاتلىنىپ قورشاۋغا يېقىن باردى. چېدىر تىكىپ چۈشكۈن قىلدى. بۇنىڭدىن بەھزاد جادۇگەر خەۋەردار بولۇپ قوشۇنى بىلەن زەينەپ جادۇ تەرەپكە بېرىپ:

— سەن بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلغىن، — دېدى. زەينەپ جادۇ قوشۇن بىلەن ئوردىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئەمىرخان مۇھەممەد شىرزاد، سەئدان، تۇر ۋە تەمھالخانلار بىلەن شىكارغا چىقتى. ئۇلار تاغقا يېتىپ بارغاندا كەچ كىرىپ قالدى. تاغ باغرىدا بىر قەلئە كۆرۈندى. ئەمما ئۇ يەردە ھېچقانداق ئادەمزات يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا خەندەك بار بولۇپ، يېقىن بېرىپ بىر تاختىكۆۋرۈكنى كۆردى. ئەمما خەندەكتىن ئوت يالقۇنى كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ھەيران قېلىپ:

— بىر كىشى بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كەلسۇن، ئۇ قانداق ھادىسە، سۇدىن ئوت چىقىۋاتىدۇ، — دېگەنىدى، مۇھەممەد شىرزاد ماڭدى. ئۇ يەرگە بارغانىدى، ئوت ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. مۇھەممەد شىرزاد ئۇ يەرگە بېرىپ گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. قەلئەنىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندا گوياكى ئەجدىھانىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمىرخان ۋارقىرىۋەتتى. مۇھەممەد شىرزاد قەلئەگە كىرىپ كېتىپ قايتىپ چىقمىدى.

قىسسە، باتۇرلار بىر - بىرلەپ قەلئەگە كىرىشكە

باشلىدى. ئۇلارمۇ قايتىپ چىقمىدى. مۇھتەر زەرقان، سەئدان، ھەندان ھەمدانى قايتىپ بېرىپ بۇ ئەھۋالنى مۇلكى ئەلۋەسكە خەۋەر قىلدى. ئەلۋەس ئاھ ئۇرۇپ خىيالغا پاتتى. زەينەپ جادۇ جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە چالدۇردى. ئىسكەندەر تەرەپ ھەم ئەفلاتون جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ جەڭگە چاقىردى. لېكىن ئەفلاتون دۇمبىقىدىن سادا ياڭرىمىدى. قوشۇن سەردارلىرى جىم تۇرۇشتى.

قىسسە، كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. بۇ چاغدا بىر تەرەپتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن رەڭدار كىيىم كىيگەن نىقابدار ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى زەنگى ئىدى. نىقابدار مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسھاق مەيدانغا كىرىپ، قولىغا چاھار تىغلىق ئوۋ قىلغۇچنى ئالغانىدى، نىقابدار قولىغا خەنجەر ئېلىپ مەيدانغا ئاتلاندى. ئۇ ئىسھاقنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ يەرگە ئۇرغانىدى، ئىسھاق يارىلاندى بولغاي، نەچچە زەنگى كېلىپ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەتتى. ئەلۋەس ئاھ ئۇردى، بۇ چاغدا سامىنىڭ بالىسى فەرىدۇن، كەفى سەلسال، ئەزەنفەر كىيارودى، زالىم شەددات يېتىپ كەلدى. نىقابدار ئۇلارنى كۆرۈپ:

— تاڭلا بۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، — دەپ مەيداندىن چىقىپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى كېتىپ قالدى. ئەلۋەس:

— ھېكىم، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ — دېگەنىدى، ئارستو:

— ئەمىر كەلگۈچە بەرداشلىق بېرەيلى، — دېدى.

ئۇلار كېچىنى ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئەتىسى مەيداندا يەنە ھېلىقى نىقابدار پەيدا بولۇپ، مەيدانغا چۈشۈپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ھېرمانلىق بەھزاد ئۈمىدسىز ھالدا مەيدانغا چۈشتى. نىقابدارنىڭ كۆزى بەھزادقا چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق ـ بىقارار

بولدى. ئۇ:

— ئەي يىگىت، سەن كىم؟ — دېگەنىدى. بەھزاد:

— مۇلكى ھېرماننىڭ ئوغلى بولىمەن، — دېدى. نىقابدار جادۇ:

— مىنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى ئىسكەنسەن، ساڭا ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلىش ئۇيات ئەمەسمۇ؟ — دېگەنىدى، بەھزاد ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ نىقابدارنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ:

— مېھرىبان قېرىندىشىم، مەن ساڭا ئىتائەت قىلاي. ھازىر ساڭا خىزمەت قىلاي. بىر سائەت ئارام ئالايلى، — دېگەنىدى. نىقابدار جادۇ:

— خاتىرجەم بول، باتۇرلارنى تاغنىڭ ئىچىگە سولاپ قويدۇم. مەن سېنىڭ جامالىڭغا ئاشىق بولدۇم، بۇنى بىلگىن. ئەگەر سەن ماڭا راستىنلا ئىتائەت قىلساڭ، ئىسكەندەرنىڭ جايىنى ساڭا بېرىشكە ۋەدە بېرىمەن، — دېدى. بەھزاد:

— ئەمرىڭ شۇنداق بولسا قوبۇل قىلىمەن، — دېدى. ئەمما كۆڭلىدە، ئۇنى شۇنداق بالا - قازاغا تىقايكى، بۇ ئىش ئالەمگە شاھى بولسۇن، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرۈپ كەتتى. ئەلۋەس:

— ھازىر بەھزاد ئىتائەت قىلىپ نىقابدارنىڭ ياۋۇزلۇقىنى ئۈستىمىزدىن يىراق قىلدى، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە نىقابدار بەھزاد بىلەن تاغنىڭ ئارىسىغا يېتىپ باردى. مۇلكى ئەلۋەس بەرق، مۇھتەر مەھمۇد ۋە مۇھتەر زەرقانلارنى بېرىپ ئۇلارغا قاراپ بېقىڭلار، دەپ ئەۋەتتى.

بەھزاد نىقابدار جادۇ بىلەن دىۋانىلەرنى بىرگە ئېلىپ تاغ ئارىسىدا ئويۇنغا مەشغۇل بولدى. شۇ چاغدا بەھزاد بىر غارغا يولۇقتى. ئۇ يەردە بىر لەۋھەنى كۆردى. ئۇ قايتىپ بېرىپ چېدىردا ئولتۇردى. بەھزاد:

— ئەي مەلىكە، باتۇرلارنى كۆرۈپ باقسام،— دەپ ئورنىدىن تۇردى. نىقابدارنىڭ قولىدىن يېتىلەپ غارنىڭ ئاغزىغا ئېلىپ كەلدى. بەھزادنىڭ كۆزى زەنجىر بىلەن باغلانغان باتۇرلارغا چۈشۈپ:

— نېمە ئۈچۈن مەلىكىگە ئىتائەت قىلمايسىلەر؟— دەپ ئۇلارغا تولا دەشنام بېرىپ كېتىپ قالدى. پالۋانلار:

— قاراڭلار، بەھزاد نېمە ئۈچۈن نىقابدار جادۇغا ئىتائەت قىلىدۇ؟— دېيىشتى.

بەھزاد نىقابدار بىلەن چېدىردا ئولتۇرغانىدى، نىقابدار:

— بىر ئاز مۇڭدىشايلى،— دېدى. بەھزاد:

— مەرھەمەت، بىز ئازراق مەي ئىچەيلى،— دېدى. نىقابدار جادۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئاز مەي ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بىرلىكتە نەچچە قەدەھ مەي ئىچىشتى. بەھزاد سۇ ئېلىپ كېلىشنى باھانە قىلىپ تاشقىرىغا چىققانىدى، ئەييارلىرى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ:

— كېلىڭلار، ئۇ يەرگە بېرىپ باتۇرلارنى قۇتقۇزايلى، ئاندىن بۇ جادۇدىنمۇ قۇتۇلىمىز،— دەپ تاشقىرىغا چىقىپ بىرلىكتە تاغ ئېغىزىغا باردى.

باتۇرلار ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئەييارلار سەراپان كېسىپ باتۇرلارنى ئۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ئۇلار بەھزادقا رەھمەت ئېيتتى. ئۇلار توپلىشىپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ، نىقابدار جادۇنىڭ قېشىغا باستۇرۇپ كىرىپ، جادۇغا نەيزە ئۇرغان بولسىمۇ نەيزە ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. بۇ چاغدا نىقابدار جادۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ساخاۋەتچىلەرنىڭ رودىپايى، ئەقىلسىز ئىكەنسىلەر. مېنىڭ بەدىنىمگە نەيزە كار قىلمايدۇ. ئەمدى سىلەرگە بالا تېرىيمەن،— دەپ ۋارقىراپ، قۇش سۈرىتىدە بولۇپ پەرۋاز قىلىپ غايىب بولدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھەم

كىيىملىرى بىلەن تۈتۈن بولۇپ پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ غايىب بولدى. بەھزاد لەشكەر ۋە سىپاھ سەردارلىرى بىلەن ئوردىغا راۋان بولدى. مۈلكى ئەلۋەسكە بۇ ھەقتە خەۋەر يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇلار بارگاھقا كېلىپ ئارام ئالدى. ئۇ تەرەپتە ئەمىر باتۇرلارنىڭ قۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ناغرا ـ سۇنايىنى شادىيانىگە چېلىشقا بۇيرۇدى. مۈلكى ئەلۋەسمۇ ئەفلاتۇن جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە چېلىشقا بۇيرۇدى. جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى تاغ ـ باياۋانلاردىن ئېشىپ ھەتتاكى كۆكتىكى پەرىشتىلەرگە يېتىپ باردى بولغاي، شەھرىيارنىڭ غەلبىسىنى تەبرىكلەشتى.

كەچ كىرىپ جاھان تىنچىدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپتىن سەپ تۈزۈلدى. بۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، ئەلەمنىڭ ئاستىدا رەڭدار كىيىملىك نىقابدار ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ مەيدانغا كىردى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىدىن پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا يىراقتىن يەنە بىر قېتىم چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، يەنە بىر خىل رەڭدە كىيىم كىيگەن نىقابدار يېتىپ كېلىپ، مەيدانغا كىرىپ نىقابدار جادۇنىڭ ئالدىنى توسىدى. نىقابدار جادۇ سېھىر قىلىشقا باشلىدى. نىقابدار ئاستا ـ ئاستا تۈتۈن پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنى جادۇگەر پەيدا قىلغانلىقىنى بىلدى. بىھۇدە سېھىر ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ سەن ھەم جادۇگەر ئىكەنسەن، ــ دەپ كەتمەكچى بولدى. نىقابدار جادۇ تىغ بىلەن نىقابدارنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى، تىغ نىقابدارنىڭ كۆكرىكىگە يېتىپ ئېتىدىن يىقىلدى. بۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ يامغۇر يېغىپ، قارا بوران چىقىپ، چاقماق پەيدا بولدى.

زەينەپ بەھزادنىڭ جەسىتىنى كېچىدە لەشكەرلەر بىلەن قەلئەگە ئېلىپ كەلدى. قەلئەنىڭ ئىستىھكامىنى پۇختىلاپ

قەلئەنى ساقلىدى. نىقاب كىيگەن مەرد ھەم ئۇ كېچىسى لەشكەر باشلاپ كەلگەنىدى، يەنە ئۆز يولى بىلەن قايتىپ كەتتى. ئەمدى سۇلتان ساھىبقىراندىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

ساھىبقىران مەككىنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن قول بوشىتىپ ھۇما تەرەپكە ماڭدى. مۇلكى ئەلۋەس ئىسكەندەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ - ئۇششاقلار بىلەن ئالدىغا چىقتى. ئەمىر ئوردىغا كەلدى. شەھرىيار جەمشىد تەختدە ئولتۇرۇپ بىر نەچچە باتۇرنىڭ ئورۇنلىرىنىڭ خالىي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— نېمە ئۈچۈن باتۇرلارنىڭ ئورنى خالىي تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، مۇلكى ئەلۋەس سەردارلارنىڭ تىلىسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەمىر ئۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئات جابدۇتۇپ ئاتقا مىنىپ، قوشۇننى ئەلۋەسكە تاپشۇرۇپ، بىر نەچچە ئەييار بىلەن مۇھتەر نەسىمنى ئالدىغا سېلىپ راۋان بولدى. ئەمىر قەلئەگە يېتىپ باردى. بارگاھ ئەتراپىغا خەندەك قېزىلغان بولۇپ، خەندەكتىن گۈرۈلدەپ ئوت چىقىۋاتاتتى. ئەمىر:

— مەن ھەرگىز سۇنىڭ ئىچىدىن ئوت چىققان ئالامەتنى كۆرمىگەنىدىم. بىر كىشى بارسۇن، نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقاي، — دېدى. مۇھتەر نەسىم بىلەن مۇھتەر مەھمۇد ئۇنداق قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ:

— ئەي شەھرىيار، تاڭلا بارساق، — دېگەنىدى، ئەمىر قوبۇل قىلىپ چېدىرغا كىرىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئەمىرنىڭ ئۇيقۇسى تۇتۇپ ئۇخلاپ قالدى. چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر شەھرىيار ئىسكەندەرنىڭ بېشىغا كېلىپ:

— جىنىم پەرزەنتىم، تەشۋىشلەنمىگىن، تىلىسىمنى سېنىڭ نامىڭدا باغلىدىم. بىلگىنكى، نۇھ ئاللانىڭ بەندىسى. مەن يەتتە يۈز يىلدىن بۇرۇن قايتىش قىلغانىدىم، ئەمدى سەن

ئەتە ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ بارگاھىغا بارساڭ، قېشىڭغا بىر ئەجدىھا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن. ئاندىن كېيىن ئاسماندىن بىرمۇنچە ئالۋاستىلار چۈشىدۇ. ئۇلار لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ ئەجدىھانىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدۇ، سەن ئۇنى ئالدۇرمىغىن. ئەگەر ئەجدىھانىڭ جەسىتىنى ئۇلار ئېلىپ كەتسە قىيامەتكىچە تىلسىمدا قالىسەن. چۈنكى ئۇلار كەتسە ھەممە بالا - قازا ئاشۇ ئالۋاستىلاردىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەجدىھانىڭ جەسىتىنى ئالماقچى بولغاندا تىلسىمنىڭ سىرى پۈتۈلگەن لەۋھەنى ماڭا بېرىڭلار، ئاندىن ئەجدىھانى ئېلىپ كېتىڭلار، دېگىن. ئۇلار تىلسىمنىڭ سىرى پۈتۈلگەن لەۋھەنى بەرسە ئەجدىھانىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىشكە يول قويغىن. لەۋھەنى ئېلىپ لەۋھەدە يېزىلغىنى بويىچە ئىش قىلساڭ تىلسىم سۇنىدۇ، — دېدى.

ئىسكەندەر ئويغىنىپ قارىسا ئىبادەت ئىشكى خوش پۇراق ئەتىرنىڭ پۇرىقىغا تولغانىدى. ئىسكەندەر ئورنىدىن تۇرۇپ جابدۇنۇپ قەلئەگە باردى. ئالدىدا بىر لەۋھە كۆرۈندى. لەۋھەگە قارىغانىدى، لەۋھەگە «ھەر قانداق كىشىنى كۆرسەڭ ئۆلتۈرگىن» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. ئەمىرنىڭ ئالدىدا چاڭ - توزان پەيدا بولدى، چاڭ - توزان ئارىسىدا بىرمۇنچە كىشىلەر ئالا - توپىلاڭ، قىلىپ قېلىچ - چوماق كۆتۈرۈپ ئەمىر تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئۇلار:

— ئەي ئىسكەندەر، ئاتەش تىلسىم نۇر چاچقاندا ئۆزۈڭدىن ئاگاھ بولغىن، توختىغاندا ئۆز - ئۆزۈڭنى ئۇرغىن، — دەپ ۋارقىراپ، ئىسكەندەرنىڭ يانپىشىغا ساتور ئۇرغانىدى، تىغ بوشقا كېتىپ تىغقا ئۆزى ئۇرۇلۇپ جان تەسلىم قىلدى. بۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، بىر ئازدىن كېيىن توختىدى. ئاندىن كېيىن بىر چىشى دېۋە پەيدا بولۇپ:

— مېنىڭ جۇپتىمنى ئۆلتۈردۈڭ، ھەر قاچان قولۇڭغا چۈشسەڭ، — دەپ ئەجدىھا بېشىدىكى ئارىسىنى تۇتۇپ ئەمىرگە ھەملە قىلدى. يەنە چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما پەيدا بولۇپ، ئالەم قاراڭغۇلاشتى. بىر ئازدىن كېيىن جاھان يورىغاندى، بىر باغ نامايان بولدى. خۇددى باغى رىزۋان ئىدى.

ئىسكەندەر باغنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى لەۋھەگە قارىدى. ئۇنىڭغا «باغقا كىرسەڭ قۇش باغدىكى قەسىرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە قونىدۇ. ئۇنى ئۈچ تال ئوق بىلەن ئېلاجىنى قىلغىن. ئەگەر ئاتقان ئوقۇڭ خاتا كەتسە، ئۆزۈڭ تاشقا ئايلىنىپ قالىسەن» دەپ پۈتۈلگەنىدى. ئەمىر پەرۋەردىگارنى پاناھ تارتىپ باغقا كىرىپ قۇشنى ئاتماقچى بولدى. ئوقنى ئوقيانىڭ كامانىغا قويۇپ قۇشقا قارىتىپ ئاتقانىدى. قۇش جايىدىن ئۇچۇپ كېتىپ ئىسكەندەرنىڭ ئاتقان ئوقى بىكارغا كەتتى. ئىسكەندەر تىزىغىچە تاشتەك قاتتىق قاتتى. ئىسكەندەر ئاھ ئۇردى. قۇش كېلىپ يەنە ئۆز جايىغا قونغاندى، ئىسكەندەر ئىككىنچى ئوقنى ئاتتى. ئوقنىڭ ئاۋازىدىن قۇش ئۇچۇپ كەتكەچكە ئوق يەنە تەگمىدى. ئىسكەندەر كۆكرىكىگىچە تاشقا ئايلاندى. قۇش ئايلىنىپ كېلىپ يەنە جايىغا قوندى. ئىسكەندەر ئۈچىنچى ئوقنى ئوقيانىڭ كامانچىسىغا قويۇپ تارتتى، ئەمما ئوقنى ئاتمىغانىدى، قۇش ئوقيانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جايىدىن قوزغالدى. ئەمىر سەۋرى قىلىپ تۇردى. قۇش يەنە ئۆز جايىغا كېلىپ قوندى. ئىسكەندەر ئوقنى قۇشقا قارىتىپ ئاتقانىدى، ئوق قۇشنىڭ كۆكرىكىگە تەگدى. بۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى. بىرھازادىن كېيىن ئىسكەندەر پۈتۈن قەلئەدە تۇتۇن پەيدا بولۇپ پەلەككە ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. كارۋان سارايلىرى پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن قېچىرلىرى بار باتۇرلار پەيدا بولدى. ئۇلار ئەمىرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە نەچچە ساھىبلار ناخشا ئېيتىپ كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇلار تىلسىمنىڭ

ئاچقۇچىنى ئىسكەندەرنىڭ قولىغا بېرىپ:

— مۇبارەك بولسۇن، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلسىمىنى سۇندۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن، — دېدى.

ئەمىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىردى. ئالتۇن - كۈمۈش خۇددى بۇغداي، ئارپا، خورمىلاردەك بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. مۇھتەر نەسىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شەھرىيار، مېنىڭ كۆلاھىم كىگىزدىن باشقا نەرسە بولمىدى، — دېگەنىدى، ئەمىر:

— ئەي مەرد، نېمىنى خالىساڭ شۇنى ئال، — دېدى.

نەسىم ئالتۇننى ئېلىپ شايى پەردىگە ئورىدى. قالغىنىنى ئەمىر ئوردىغا كەلتۈردى. باشقا ئۇلۇغ - ئۇششاق، ئوكۇما - ھۆكۇمالار شەھرىيارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى. شەھرىيار كېلىپ جەمشىد تەختىدە ئولتۇرۇپ سۆھبەتكە مەشغۇل بولدى.

## يىگىرمە تۆتىنچى قىسسە، شەبەرەڭ تاتارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئاشپەزلىك قىلىپ توساتتىن ھۇجۇم قىلغانلىقى، نەسىمنىڭ ئانىسى فەتىنەنىڭ شەبەرەڭنى تونۇۋالغانلىقى، نەسىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ داستاننى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، تاتارشاھ تاتارنىڭ پادشاھى ئىدى. ئۇنىڭ

بىر ئەيىيارى بار بولۇپ، ئۇنى شەبەرەڭ دەپ ئاتايتتى. ئەيىيارلىق ۋە خەنجەرۋازلىقتا تەڭدىشى يوق ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى تاتار شاھ بارگاھىدا ئارامىدا ئولتۇراتتى. شەبەرەڭ:

— شەھرىيار، خۇداپەرەسلەرنىڭ جەبىر - زۇلۇمىدىن ئىككى كىشى قېچىپ كەپتۇ. ئۇلار سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

— ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى شاھ. ئۇنىڭ بىرى جالىنۇس ئىدى. ئۇ ئۇزۇن دۇئا - سانادىن كېيىن، ئىسكەندەر بىلەن نەسىمنىڭ شىكايىتىنى قىلىشقا باشلىغانىدى، تاتار شاھى:

— مېنىڭ بىر ئەيىيارىم بار، ئاسمانىنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭغا ئوخشاشلىقلار بارلىقنى كۆرۈپ باقمىغانمەن. نەسىمدەكلەرنىڭ قولىقىغا ھالقا سالىدۇ، — دېدى. جالىنۇس:

— نېمە قىلالايدىغانلىقىنى بىلەي، — دېگەنىدى، تاتار شاھ مۇھتەر شەبەرەڭنى چاقىرىپ:

— ئون مىڭ تۈمەن لەشكەر بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا شىكەستە بېرىپ نەسىمنى ئېلىپ كەلگىن، — دېگەنىدى، شەبەرەڭ قوبۇل قىلدى. ئۇ قوبۇل ئەڭگۈشتىرىنى كۆزىگە تۇتۇپ بېشىنى سىلىپ تۇردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرى چىقتى. ئۈچ مىڭ قوي، ئىككى مىڭ قېچىر ئېلىپ، قىرىق شاگىرتى بىلەن ئىسفەندىيارنى ئورۇنباسار قىلىپ، ئۇنىڭغا شاگىرتلىق لىباسىنى كىيدۈرۈپ، قوراللىنىپ ئۇلار تەرەپكە ئاتلاندى.

شەبەرەڭ قورال - سايمانلىرىنى بىر يەردە قويۇپ، تۆت كوچىدىكى ئوردا بازىرىغا بېرىپ مۇھتەر نەسىمنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. تۆت يۈز ئەيىيار بىلەن سەردارلار قارشى تەرەپتە تۇراتتى، شەبەرەڭ بىر كۆزىنى ئېتىپ، نەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ئاندىن نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىپ بېرىپ نەسىمنىڭ كۆز ئالدىدىن

ئۆتكۈزدى. نەسىم:

— نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دېگەنىدى، شەبەرەڭ:

— نان بەرسىڭىز، سىزلەرنىڭ ئوردىڭىزلاردا جەڭ دۇمبىقىنى چالىمەن، ھەر ھەپتىدە بىر سەردارغا چېلىپ بەرسەم، — دېدى. نەسىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئىشتىپ:

— قانچىلىك ياخشى گەپ ئىكەن دەپتىمەن، نېمىنى تەلەپ قىلساڭ شۇنى بېرىمەن، — دېدى. شەبەرەڭ ئازاراق تاۋارنى ئېلىپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. شەبەرەڭ دۇئا - سانانى بەجا كەلتۈردى. ئەمىر:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، نەسىم:

— ئاشپەز ئۇستا، — دېدى — دە، تاماق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئەمىر:

— ئۇ بۇ جايدا ئولتۇرۇشنى خالىسا جاي بېرىڭلار، — دېدى. نەسىم شەبەرەڭنى تۆت كوچىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئاشپەزلىك دۇكىنى ئاچتى. ئۇنىڭ چېدىرىدا بىر توپ كۈمۈش قاچىلار بار ئىدى. ئېلىپ چىقىپ بوتكىنىڭ ئۇستىگە تىزدى. بۇ چاغدا مۇھتەر ئىسفەندىيار تامام ئەييارلار بىلەن ئاشپەزلىك كىيىمىنى كىيىپ تۇردى. ھەممە مەززىلىك تائاملارنى پىشۇرۇپ دۇكانغا كەلتۈردى. ئوردا بازار ئەھلى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ تائاملىرىنى سېتىۋېلىپ يەيدىغان بولدى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ كاساپەت شۇنداق بازار پەيدا قىلدىكى، ئوردا بازار ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دۇكىنىدا غىزالىنىدىغان بولدى. كەچ بولدى. شەبەرەڭ ئاشخانىنى شاگىرتلىرى بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئاچتى. شۇ تەرىقىدە بىر ھەپتە ئۆتتى. بىر ئاخشىمى شەبەرەڭ بارگاھنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تامدىن چىقىپ ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ قويدى. تۆت ئەييار لەخمىنىڭ ئىچىنى ساقلايتتى. ھەرقانداق كىشى ئاشخانىغا كىرسە بېشىنى كېسىپ ئۇنىڭ گۆشىنى يەيتتى.

ئىسفەندىيارنىڭ شاگىرتلىرى قوراللىرىنى يانلىرىغا ئېسىشقانىدى. ئىسفەندىيار كېچىلىك كىيىمىنى كىيىپ ئاشخانىدىن چىقىپ لەخمىدىن ئۆتۈپ، ئىسكەندەرنىڭ خانىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن چىقىپ، نىقابىنىڭ ئىچىدىن بېشىنى چىقىرىپ بارگاھنىڭ ئىچىگە قارىدى. بارگاھنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. تاشقىرىغا چىقىپ باتۇرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ ئات خانىغا كىرىپ، ئەزەنفەر كىيارودنىڭ ئېتىنى تۇتۇپ مىنىپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. شەبەرەڭ يولغا قارىغانىدى، يولدا بېشىغا پۇختا گۆھەر تاج كىيگەن بىر يىگىتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شەبەرەڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ چېدىرغا باردى. شەبەرەڭ دۇمباق دەرۋازىسىغا بېرىپ خەۋەر قىلدى. بۇ چاغدا شاھزادە ئەزەنفەر ئۇيقۇدا ئىدى. ساراي قاراۋۇللىرى ھەم ئۇيقۇدا ئىدى. شەبەرەڭ شاھزادىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى بىھوش قىلىپ بېشىنى كېسىپ، بېشىنى قۇلىقىدىن مىخلاپ تۇۋرۇككە ئېسىپ قويدى. جەستىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. شەبەرەڭ لەخمىگە باردى. لەخمىدىن چىقىپ دۇكانغا باردى. دۇكاندىن چىقىپ ئۇنىڭ گۆشىنى پارچىلاپ زىخقا ئۆتكۈزۈپ ئوبدان كاۋاپ قىلدى.

تاڭ ئاتتى. غەۋغا ئاۋازى ئەزەنفەرخاننىڭ چېدىرىدىن كۆتۈرۈلدى.

— كېچە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، قۇلىقىغا مىخ قېقىپ تۇۋرۇككە ئېسىپ قويۇپتۇ، — خىسرەۋخان كىيارود نىقابنى يىرتىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سۆزىنى ئادا قىلدى. ئىسكەندەر نەسىمنى ئەييارلىرى بىلەن چاقىرىپ:

— ئەي قېرى ئوغرى، بۈگۈن كېچە بۇ ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. بۇ يىگىتنىڭ بېشىنى كېسىپتۇ. ئوردىغا بېرىپ خەۋەر ئالغىن، — دېدى. نەسىم تاشقىرىغا چىقىپ ئوردىنى ئايلىنىپ يۈردى.

ئۇ تەرەپتە ھەممە كىشى شەبەرەڭنىڭ دۈكىنىدا ئىدى. ئەمما شەبەرەڭ ئەييارلىرى بىلەن لەخمىگە بېرىپ، ئۇ ئادەمنىڭ بېشىنى كېسىپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ خالايىققا يېدۈرۈۋەتتى. يەنە بىر كېچىسى شەبەرەڭ ئۆز ئاشخانىسىدا قالدى. ئۇ:

— قايسىبىر ئۇلۇغلارنى ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى ئەييارلىق بىلەن پالاكەتكە تاشلارمەن، دەپ خىيال قىلىپ ئاشخانىنىڭ پەنجىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ سەۋر قىلىپ تۇردى. ①

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

باتۇرلارنىڭ ئارقىسىدىن كىيا تالىپ پىيادە بولۇپ چېدىرغا باردى. ئىسفەندىيار مازەندەران بۇ زاتنى كۆپ ھۆرمەت قىلدى. ئۇ:

— بۇگۈن كېچە ھېچقانداق يەرگە بارماي رەقىبىڭنى تۇتقىن، — دەپ قەسىردە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. شەبەرەڭ شۇنداق سەۋر قىلدىكى، ئىسفەندىيار ئايلىنىپ بېرىپ چېدىرغا كىرىپ كەتتى. شەبەرەڭ خەنجەر بىلەن كىيا تالىپنىڭ بېشىنى كەسمەكچى بولغاندا، كىيا تالىپ تۇيۇپ قېلىپ سەكرەپ تۇرۇپ شەمشەرنىڭ قىنىنى تۇتۇۋالدى. شەبەرەڭ شەمشەرنىڭ قىنىنىڭ تاسمىسىنى كېسىپ تاشلاپ قېچىپ كەتتى. قاراۋۇللارنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى ئاڭلاندى. نەسىم ئەييارلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇ ناپاك ئاشخانىغا كىرىپ دۈكىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارىغا:

— بۈگۈن كېچە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دېگەنىدى، ئىسفەندىيار:

---

① قولىيازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا ئېنىنىڭ كەڭلىكى 17س م، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

— بۈگۈن كېچە نەچچە نەپەر ئوردا بازارچىسىنىڭ مەردلىرىنى تۇتۇپ كاۋاپ قىلدىم، — دەپ سۆز باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئىسكەندەر تەرەپتە ئىسكەندەرگە:

— بۈگۈن كېچە كىيا تالىپىنىڭ بېشىغا كەپتۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. باشقا بىرىنىڭ قېلىچىنىڭ قىنىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ، — دەپ خەۋەر بېرىپ، قىنىنى ئىسكەندەرگە بەردى. ئىسكەندەر ھېچقانداق ئەييارنىڭ قولىدا مۇنداق قىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەسىمنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن بۇنى سورىغانىدى، ئەسىم:

— بۇ، شەمشەر قىنى، بۇ ۋىلايەتنىڭ ئەمەس، — دېدى.

يەنە بىر كېچىسى شەبەرەڭ ئاشخانىغا بېرىپ، لەخمە بىلەن ئۇ يەردىن چىقىپ، خانىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئارستونىڭ ئاتقا مىنگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ماڭماقچى ئىدى. شەبەرەڭ ئۆزىگە «بۇ ئىسكەندەر دۆلىتىنىڭ ئەقلىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ بېشىنى كەسسەم ھەممە ئىشنى مەن قىلغان بولىمەن» دەپ ئارستونىڭ كەينىگە چۈشتى. ئايلىنىپ يۈرۈپ ئارستونىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئارستو ئاتتىن چۈشۈپ، چېدىرىغا كىرىپ كىيىم ئالماشتۇرۇش ھۇجرىسىدا بىر مۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. شەبەرەڭ خانىغا كىرىپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئارستونىڭ قېشىغا كەلدى. ئارستو بۇ كېچىسى ئۇيقۇنى ئۆزىگە ھارام قىلغانىدى، ئۆزىنىڭ سارايۋەنلىرىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ، نۇرغۇن ئەييارلارنىڭ قامىتىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى. شەبەرەڭ كېلىپ ئارستوغا يېقىنلاشتى. ئارستو ئۇنى كۆرۈپ «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىدى. شەبەرەڭ ئارستونىڭ قولاق تۈۋىگە بىر شاپىلاق ئۇرغانىدى، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. شەبەرەڭ قېچىپ كەتتى.

— تۇتۇڭلار، — دېگەن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئەييارلار ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ئارقىسىغا قارىدى. شەبەرەڭ ئۆزىنى

لەخمىگە تاشلىدى. ئەييارلار ئۆنى ئىزدىدى. شەبەرەڭ لەخمە بىلەن ئاستا دۇكان ئۆيىگە كىرىۋالدى.

تاڭ ئاتتى. ئارستو بارگاھقا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىنى يەرگە ئۇرۇپ:

— ئەي مۇھتەر نەسىم، مىكىر قىلىش خاتىرەڭدىن كېتىپتۇ، بۇگۈن كېچە مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئاز قالدى، — دېدى.

ئەمىر نەسىمنى ئەييارلىرى بىلەن ئېلىپ كېلىپ جازالىماقچى بولغانىدى، مۇھتەر نەسىم:

— ئەي شەھرىيار، ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىڭ. ئوغرىنى ئېلىپ كېلەي، ئەگەر ئېلىپ كېلەلمىسەم شۇ چاغدا خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ، — دېگەنىدى، ئەمىر ماقۇل بولدى. كەچ كىردى. نەسىم ھەمراھلىرى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ بىر كېچە تاشقىرىدا ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ:

— بۇگۈن كېچە ئوردىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىناي، — دەپ ئايلاندى. ئۇ كېچىسى شەبەرەڭ مۇھەممەد شىرزادنىڭ قېشىغا كېلىپ كاللىسىنى ئالماقچى بولغانىدى، نەسىم ھەندان قاتارلىق ئەييارلار ئىرادە بىلەن مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، ساراي قاراۋۇللىرىنىڭ بىھوش ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دورىنىڭ پۇرىقى بارلىقىنى بىلدى. ئۇ قېرىن ياغلىق (لۆڭگە) بىلەن بۇرنىنى ئېتىپ ئىچكىرى كىردى. بۇ چاغدا شەبەرەڭ ۋە باشقىلار مۇھەممەد شىرزادنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ، بېشىنى كەسمەكچى بولىۋاتاتتى. ھەندانى:

— ئەي ھارامزادە، قولۇڭنى تارت! — دەپ ئۇنى قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىغا يېتىپ باردى.

شەبەرەڭ خەنجىرىنى ئېلىپ ئاتقانىدى، خەنجەر ھەندانىنىڭ يوتىسىغا تېگىپ ھەندانى يىقىلىپ كەتتى. قاراۋۇللارنىڭ ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مۇھتەر نەسىم ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بىر پالۋاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سىرتماقنى يولغا

تاشلىغانىدى، شەبەرەڭنىڭ پۇتى سىرتماقنىڭ ھالقىسىغا چۈشتى. نەسىم يولۋاس ئاۋازىنى چىقارغانىدى، شەبەرەڭ ھىيلە — نەيرەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىككى گەز ئېگىز سەكرەپ باقتى، نەسىم سىرتماقنى تاشلاپ قويۇپ، قولىغا خەنجەر ئېلىپ شەبەرەڭ تەرەپكە كېلىپ:

— ئەي قېرى قاقۋاشنىڭ بالىسى، ئاناڭنى تەرىتىڭگە ئۆلتۈرغۇزاي، — دېگەنىدى، شەبەرەڭ ھەم خەنجەرنى قىنىدىن چىقىرىپ نەسىم بىلەن خەنجەرۋازلىق قىلىشتى. نەسىم:

ئەگەر ناچارلىق قىلسام ياردار قىلغۇدەك دەپ ئويلاپ ۋارقىرىغانىدى، ئالدى تەرەپتىن مۇھتەر بەرق، ئەبۇئەلفەتەھ ۋە زەرقانلار يېتىپ كەلدى. شەبەرەڭ ئەتراپىنى ئەييارلارنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، سول تەرەپتىكى كوچا تەرەپكە كېلىپ قېچىپ كەتتى. ئەييارلار قوغلىشىپ ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى.

تاڭ ئاتتى. ئەمىر بارگاھقا كېلىپ ھەندانى بىلەن مۇھتەرنىڭ ئەييارلىقىنى ئاڭلىدى. ئىسكەندەر مۇھتەر نەسىمگە قاراپ:

— شۇنداق كۆپ ئەييار تۇرۇپ بىر ئەييارنىنى قولغا كەلتۈرەلمەپسەن، — دېگەنىدى، نەسىم بېشىنى سىلىپ تۇردى. خىجالەتتىن جاۋاب بېرەلمىدى. ئىسكەندەر:

— ئەي كاززاپ، بىر كۈن ۋەدەڭدە تۇرمىدىڭ. ئەگەر ئۈگۈنلۈككىچە ئۇ ئەرەبنى ئېلىپ كەلمىسەڭ، ھەممىڭنىڭ ئانىسىنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن، — دېدى. مۇھتەر نەسىم ئەييارلارنى كالا سۇرىتىگە كىرگۈزۈپ تاشقىرىغا چىقتى. نەسىم ئۆز چېدىرىغا كېلىپ غەمكىن ئولتۇراتتى. بىر پەستىن كېيىن ئانىسى فەتنە ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. نەسىم ئانىسىنى كۆرۈپ:

— ئانىجان، قەيەردە ئىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. فەتنە:

— ئەي پەرزەنتىم، سېنى كۆرگىلى رومدىن كەلدىم. سۇلتان تىفۇردىن ئىسكەندەرگە خەت ئېلىپ كەلگەنىدىم. جاپا تارتقۇچى پەرزەنتىم، سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق، كۆڭلۈڭ قانداق ئۆتىۋاتىدۇ، — دېدى. نەسىم:

— ئانىجان، بىلگىنىڭكى، ئاتىلا بىزنى ئىسكەندەر ئۆلتۈردۇ، — فەتنە:

— نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۇ؟ — دەپ سورىدى. نەسىم ئەھۋالىنى بايان قىلغانىدى، فەتنە:

— ئەگەر، ئۇنى بۈگۈن كېچە پەيدا قىلمىسام فەتنە بولماي كېتەي، — دېدى. نەسىم:

— ئانىجان، تېزرەك ئامالىنى قىلغىن، — دېگەنىدى، فەتنە:

— هازىر ئاتاڭ قەيەردە؟ — دېدى. نەسىم:

— ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىشىمنى خالىمسەن ئاتام كېلىپ سېنى كۆرسۇن. نەچچە زامان بولدى. بىللە بولمىدىڭ ھەم ئۇنى كۆرمىدىڭ، — دېگەنىدى، فەتنە كۆلدى. ئىككى قولىنى نەسىمنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى. بوۋاينىڭ كۆلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ چاغدا مۇھتەر نەئىم چېدىر ئىچىگە كىرىپ فەتنەنى كۆردى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مۇھتەر نەسىم:

— ئاتا، ئېھتىيات بىلەن ئىشرەت ئېلىپ بارغىن، — دېگەنىدى، نەئىم:

— ئوغلۇم، سەن بىزنىڭ بالىمىز بولسەن، بۇنداق كەپسىزلىك قىلمىغىن، — دېدى.

قىسسە، نەسىم بىر پەس ئەركىلەپ قويۇپ بارگاھقا قايتتى. ئەمىر نەسىمگە:

— نېمە قىلدىڭ؟ — دېگەنىدى، نەسىم كۆلدى. ئەمىر:

— ئوغرىنىڭ شېرىكى، قوزىنىڭ بوزىكى بولىدۇ، —

دېگەنىدى، نەسىم:

— شەھرىيار، سۆيۈنچە بەرگىن، ئانام كەپتۇ، — دېدى، ئەمىر ۋە سەردارلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

مۇھتەر نەئىم فەتنە بىلەن بارگاھقا كەلدى. فەتنە دۇئا قىلدى. ئەمىر سۇلتان تىفۇرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. فەتنە سۇلتان تىفۇرنىڭ خۇشاللىق خېتىنى ئەمىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئىسكەندەر:

— خوش فەتنە، بىر ئوغرى خوتۇن ھەر كېچىسى شەھرىيارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرسىنىڭ بېشىنى كېسىدۇ، ئۇنى ئېلىپ كېلەمسىز؟ — دېگەنىدى، فەتنە:

— تىلىگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— نېمە ئىش قىلارسىز؟ — دېدى. فەتنە:

— ھېچ ئىش قىلمايمەن، — دەپ قەدەھتە شەربەت ئىچتى. مەن ئىشقىۋازلىققا ماڭدىم، دەپ تاشقىرى چىقىپ نەسىمنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ، ئۆزىنى پەردازلاپ لىباسىنى كىيىپ ئوردا بازىرىغا قاراپ ماڭدى. دۇكانغا بېرىپ تاماشا قىلماقچى بولدى. دەرۋەقە فەتنە شەبەرەڭنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ كۆزى شەبەرەڭگە چۈشتى. ئۇ ھارامزادە خۇددى ئاسماننىڭ ئاستىدا ئۆزىدىن باشقىسى يوقتەك شاگىرتلىرىغا قاراپ:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى كېرەكدۇرمىش، — دەپ كىيىمنى ئېلىپ دۇكاننىڭ ئىشىكىگە باردى. فەتنە ئېرىنچەكلىك بىلەن:

— ئەي ئۇستا، بىرئاز تائام بېرىڭ، — دېگەنىدى، شەبەرەڭ:

— كەچۈرگىن، بىزنىڭ تائاملىرىمىز تۈگەپتۇ، ئەمما پولو پىشۇردۇم. يېغى تېمىپ تۇرىدۇ، پولونى خالامسىز؟ — دېدى. فەتنە:

— پولو بولسىمۇ بەرگىن، — دېدى. شەبەرەڭ:

— دۇكانغا كىرگىن، — دېدى. فەتنە:

— مەزلۇم كىشىگە دۇكانغا كىرىپ تائام يېيىش ئەيىب ئىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ يەيمەن، — دېدى.

پولونى تاۋاقتا ئېلىپ فەتتەنەنىڭ قولىغا بەردى. فەتتە پولونىڭ گۆشىنى ھەرقانچە چايناپ باققان بولسىمۇ چىشى ئۆتمىدى. ئۇ تاۋاقنى قويۇپ ئۇنىڭ گۆشىنى ئېلىپ:

— ئەي ئۇستا، گۆشنى ئېلىپ كېتىپ يەيمەن، — دەپ بارگاھقا قايتىپ كەتتى. فەتتە قەسىرگە بېرىپ ئىسكەندەرگە سالام قىلىپ:

— شەھرىيار، ئوغرىنى كۆردۈم، — دېگەنىدى، ئەمىر:

— ئەھۋال قانداقراقكەن؟ — دېدى. فەتتە:

— بىر ئاچكۆز ئاشپەز بار ئىكەن. قارىغاندا ئۇ ئۇستا ئەييار ئوخشايدۇ. بىر قاراپلا ئۇنى تونۇدۇم، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن، ئەگەر ئۇنى تۇتۇپ سىزلەرگە تاپشۇرسام ئۇنىڭ ئادەملىرى سىزنى نېمە دەيدۇ؟ — دېدى.

ئىسكەندەر فەتتەنەنىڭ قولىدىكىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن:

— بۇ نېمە؟ — دېدى. فەتتە ئۇنى ئەمىرنىڭ قولىغا بەرگەنىدى، ئەمىر قاراپلا قالدى. ئەمىر بىلەلمىدى. ئارستونىڭ قولىغا بەرگەنىدى، ئۇ ھەم پەرق ئېتەلمىدى. فەتتە خەنجىرىنى ئېلىپ ئۇلارغا ئىشارەت قىلدى. ئۇلار يېقىن كەلدى. نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ كېسىۋىدى، ئادەمنىڭ خاس جايىدىكى بېزى ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئارستو ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ مەرد ئەركەكنىڭ تاشقى ئىكەن، — دېدى. نەسىم:

— مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا ھازىرلا بارىمەن، — دېگەنىدى، ئىسكەندەر:

— ئەگەر بۇ ئىشنى قىلالمىساڭ كاللاڭنىڭ تېرىسىنى سويىمەن. ھەر ۋاقىت ئوغرىنى باغدا تۇتساڭ مېلى بىلەن تۇتۇپ

دەرەخكە باغلىغىن، قويۇپ بەرمىگىن، ــ دېدى. نەسىم:
ــ بۈگۈن كېچە ئۇنى تۇتىمەن، ــ دېگەنىدى. فەتتە:
ــ پەرزەنتىم، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىغا پۇختا بولغىن. ئۇ بەك ھىيلىگەر ناپاك ئىكەن، ــ دېدى. نەسىم تاشقىرىغا چىقىپ سەۋر قىلىپ تۇردى. كەچ كىردى. شەبەرەڭنىڭ دۇكىنىغا يېقىن بېرىپ بىر بۇلۇڭدا پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇردى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى. خالايىقلارنىڭ ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇغا كىردى. نەسىم يېرىم كېچىدە دۇكانغا كىرىپ ئاشپەزنىڭ تاشقىرى چىقمىغانلىقىنى بىلدى. نەسىم ئۆز - ئۆزىگە: فەتتە خاتا پەرەز قىپتۇ. ئەگەر ئۇنىڭ يامان نىيىتى بولسا نېمە ئۈچۈن ئۇ يەردىن چىقمايدۇ، دەپ ئۇ يەردىن بارگاھ تەرەپكە قايتىپ كېلىۋاتاتتى، ئىرادە بىلەن شەبەرەڭ ئەمىرخاننى بىر تەرەپ قىلىشقا بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە پۇرسەت تاپالماي، بىھوش قىلىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن. نەسىم ئۇنى كۆرۈپ ئۈچ سىرتماقنى توپىنىڭ ئېچىگە كۆمۈپ قويدى. شەبەرەڭنىڭ پۇتى سىرتماقنىڭ ھالقىسىغا چۈشكەنىدى، مۇھتەر نەسىم بۆرىدەك ھۆۋلاپ ئاۋاز چىقاردى. شەبەرەڭ پۇتىنىڭ سىرتماققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇن گەز ئېگىزلىككە سەكرەپ قازاغا ئۇچرىدى. ئۇ ئۈچىنچى سىرتماققا يەتكەندە نەسىم تارتقانىدى، يىقىلىپ بېشى بىلەن يەرگە چۈشتى. نەسىم قولىغا خەنجەر ئېلىپ شەبەرەڭنىڭ كېكىردىكىگە تەڭلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ:
ــ ئەي ناپاك، سەن كىم؟ مەن بىلەن ئىشىڭ بارمۇ - يوق؟ ــ دەپ سورىغانىدى. قاقۋاش شەبەرەڭ:
ــ ئۇستا، مەن قاراقچىلارنىڭ ئاشپىزى بولىمەن، ــ دېدى. مۇھتەر شەبەرەڭ تاتارى ئاتلىق بۇ ئەييار ھەممە ئىشنى ئېيتىپ بەردى. نەسىم ئەمىرخاننى تورسىمان پەردىدىن چىقاردى. ئاندىن كېيىن:

— ئەمدى سېنى ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئەرز - شىكايىتىم يوق دەپ مەلۇمات قىلىمەن، — دېدى. شەبەرەڭ:

— ھازىرلا ماڭغىن، دۇكانغا بارايلى، بىر ئاز پۇل بار. ساڭا بېرەي، بولمىسا مېنىڭ ئەييارلىرىم ئېلىپ كېتىدۇ، — دېگەندى، نەسىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئەمىرخاننى ئۇ يەردە قويۇپ، شەبەرەڭنى ئەمىرخاننى ئورىغان گىلەم بىلەن ئوراپ كۆتۈرۈپ، چاقماقتەك تېز يۈرۈپ كەتتى. شەبەرەڭ دۇكانغا باردى. ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ:

— ئەي ئىسفەندىيار، قاراپ تۇرىسەنغۇ، مېنى قۇتقۇزغىن، مەن تۇتۇلدۇم، — دېگەندى، ئىسفەندىيار ئۇستازىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى بىلىپ ساتورنى قولىغا ئېلىپ ئەييارلىرى بىلەن نەسىمنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. نەسىم ھەم خەنجەرۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلاردىن ئىككىسىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. يەنە چېلىشتى. بىرىنىڭ دۇكاندىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھازىرلا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ، شەبەرەڭنىڭ مال - مۈلكى ۋە شەبەرەڭنى يەردە قويۇپ ۋارقىرىغاندى، بازارنىڭ ئادەملىرى يېتىپ كەلدى. نەسىم يەنە ئېلىشتى. بۇ چاغدا نەسىمنىڭ ئادەملىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. ئىسفەندىيار بۇنى كۆرۈپ يىگىتلەرنىڭ ئارىسىغا ئالتۇن چېچىشقا باشلىدى. يىگىتلەر ئالتۇن يىغىشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شەبەرەڭنى ئېلىپ دۇكانغا كىرىپ ئۇ يەردىن باشقا بىر ئىشىكتىن ئېلىپ چىقىپ باشقا تەرەپكە كەتتى. بۇ چاغدا بەرق ئەييارلار بىلەن يېتىپ كەلدى. نەسىم بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇلار چىراغنى ئېلىپ دۇكانغا كىرىپ دۇكاندا ھېچقانداق ئادەم يوقلىقىنى بىلدى. ئەمما ئادەملەرنىڭ ئۇستىخانلىرى دۆۋە - دۆۋىسى بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغاندى.

تاڭ ئاتتى. نەسىم تاغ يۆتكەر ئەمىرخاننى كۆتۈرۈپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر پەتنەنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. پەتنە نەسىمنى ماختاپ:

— كەلگىن، يەنە بارايلى. ئۇ ئەييارلارنى سارايىنىڭ تېشىدا قالدۇرايلى، — دېدى. يەنە ئىسكەندەر:

— بېرىپ زەينەپكە ئېيتىڭلار، ئىتائەت قىلسا كارىم يوق، ئەگەر ئىتائەت قىلمىسا بالا تېرىيمەن، — دېدى. ئۇلار كېلىپ زەينەپكە ئامانەت سۆزنى يەتكۈزگەندى، زەينەپ:

— ئىسكەندەرنىڭ ئىلاجىنى قىلغىلى بولمايدۇ، — دەپ لەشكەرلىرى بىلەن چىقىپ ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلدى. بۇتخانىلارنى خاراب قىلىپ، ئورنىغا مەكتەپ - مەدرىسە بىنا قىلدى. ھەممە ئالتۇن - تىللا بۇتلارنى بوۋاي (نەسىم) ئۆز خەزىنىسىگە ئالدى. زەينەپ قەلئەدىكى نەرسىلىرىنى ئولجىغا بەردى. ئىسكەندەر ئۇ قەلئەنى زەينەپكە بېرىپ، پۇلنى ئۇنىڭ نامىدا سوقۇپ، خۇتبەنى ئىسكەندەرنىڭ نامىدا جۇمەدە ئوقۇدى.

ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## يىگىرمە بەشىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ تاتارغا ماڭغانلىقى، شەھرىيارنىڭ تاتارنىڭ شەھرىنى مۇسەخخەر قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، نەقىلچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سۇلتان ساھىبقىران ھامانىنىڭ ئوغلى نەۋفىلگە:

— شاھانە تەختنى تاتار زېمىنىغا يۆتكەڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. نەۋفىل شاھانە تەختنى تۇگىلەرگە يۈكلەپ ماڭدى.

ئارقىسىدىن ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى قىيامەت ئەسىرى بىلەن تاتار تەرەپكە ئاتلاندى. شەبەرەڭ تاتار تەرەپكە يېتىپ بېرىپ خەۋەر يەتكۈزگەنىدى، جالىنۇس:

— ئەي تاتار شاھى، شەبەرەڭ نەسىمىنىڭ ئىلاجىنى قىلالماپتۇ، — دېدى. تاتار شاھى:

— شەبەرەڭ قاۋۇل - باتۇردۇر. ھازىر ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، ئىسكەندەر مېنىڭ دۆلىتىمگە كەلسۇن، — دېگەنىدى، جالىنۇس:

— ئۇنىڭ كېلىشىدە گەپ يوق. ئەلۋەتتە كېلىدۇ، — دېدى. تاتار شاھى:

— ئەي ھېكىم، ئىسكەندەرنىڭ پادشاھلىقى بىلەن مېنىڭ پادشاھلىقىمنىڭ دەرىجىسى تەڭ. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھەرقانچە كۆپ بولسا مېنىڭ لەشكەرلىرىمنىڭ سانىچىلىك باردۇر، — دېگەنىدى. جالىنۇس كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەي تاتار شاھى، ھازىر كۆرىسەن، — دېدى.

ئەتىسى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بورانىدەك كەلگىلى تۇردى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى يەتتە كېچە - كۈندۈزدە كېلىپ بولدى. بۇ يەتتە كۆتەك ① لەشكەردۇر. تاتارنىڭ شاھى سەردارلىرى بىلەن پەشتاقنىڭ ئۇستىدىكى سارايدا ئولتۇردى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ قوراللىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆلىمالىرى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كەلدى. جالىنۇس ئۆزىگە پاناھ تارتىپ كەلگەن بۇ يەردىن بەدەر كەتتى.

ئەمدى ئۇنىڭ قىسسىسىگە كېلىمىز.

بۇ تەرەپتە تاتار شاھى گەجگىسىگە قىلىچ سېلىپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئىسكەندەر شەمشەرنى تاتار

---

① بىر كۆتەك لەشكەر — ئادەتتە بىر چارەك كۆتەكنى دەسسەپ مېڭىپ، كۆتەكنى ئۈزۈۋېتىپ تۈگەتكەن لەشكەر سانىنى كۆرسىتىدۇ.

شاھنىڭ گەجگىسىدىن ئېلىشقا ئىجازەت بەردى. ئىسكەندەر مۇھتەر شەبەرەڭنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ كەلتۇردى. ئىسكەندەر:

— ھارامزادە، سېنى نېمە قىلسام بولار؟ — دېگەنىدى، شەبەرەڭ:

— مەن سېنىڭ چاكىرىڭ بولاي، — دېدى. ئەمىر ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. شەبەرەڭ ئىخلاس بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئۇنىڭغا سەردارلارنىڭ ئاستىدىن مۇھتەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن بەردى.

ئىسكەندەر ئەتىسى شەھەرگە كىردى. ئىسكەندەر تاتار شاھنىڭ بارگاھىدا ئولتۇردى. تاتار شاھى خىزمەت كەمىرىنى باغلاپ، يىگىرمە يەتتە كېچە - كۈندۈز ئىسكەندەرنى مېھمان قىلدى. تاتار شاھنىڭ ئەفرۇز ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى، ئۇنى ئىسكەندەرگە نىكاھلاپ بەردى. بۇنداق گۈزەل قىزنى ھېچقانداق كىشى كۆرۈپ باقمىغاندۇر. يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، ئۇنى ئەمىرگە قوشۇپ قويدى. ئەمىرنىڭ شەھۋىتىدىن ئۇ نازىنىننىڭ قورسىقىدا بولغۇسى تەمۇر شاھنىڭ ھامىلىسى پەيدا بولدى. ئىسكەندەرنىڭ بۇ سەلتەنەتى ھىندىستان پادشاھىنىڭ سەمىگە يەتكۈسى.

ئەمىر قولىنى ئەفرۇزغا بەردى. شەبەرەڭنىڭ قىزىنى نەسىگە بەردى. ئۇنىڭدىن چالاكقا ھامىلدار بولدى. ئاندىن كېيىن تاتار شەھىرىنىڭ تەختىدىن ئايرىلىپ، مۇھتەر تەبرىزگە ئاتلاندى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## يىگىرمە ئالتىنچى قىسسە، گەرجىستان پادىشاھ-
## ىنىڭ ئوغلى بەرگ ئەرەجنىڭ تاتار شاھىنىڭ
## ئۈستىگە كەلگەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ
## بەرگ ئەرەجنى بويسۇندۇرغانلىقى
## ۋەباشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، گەرجىستان پادىشاھىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنى بەرگ ئەرەج دەپ ئاتايتتى. ئۇ ناھايىتى شىجائەتلىك ۋە باتۇر ئىدى. ئۇ:

— ئەفروزنى ماڭا بەرسۇن،— دەپ قايتا - قايتا ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ بىراق تاتار شاھى ئۇنىڭغا قىزىنى بەرمىدى. شۇ چاغدا ئەرەج— ئىسكەندەرگە قىزىنى بىرىپتۇ،— دەپ ئىشىتىپ:

— ھازىر قوشۇن تارتىپ بىرىپ تاتار شاھىنىڭ قىزىنى ئەسىرگە ئالىمەن،— دەپ لەشكەر بىلەن تاتارغا قاراپ ئاتلاندى. تاتار شەھىرىگە يېقىن كېلىپ تاتار شاھىغا ۋە ئىسكەندەرگە نامە پۈتتۈپ ئەۋەتتى. نامە! «گەرجىستان پادىشاھى تاتار شاھىنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر ئۆزەڭ كەلمىسەڭ پىشانەڭدىن كۆر. سەلتەنەت، ئىززەت قولىڭدىن كېتىدۇ. مەنكى گەرجىستان بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييار تۇر.» دەپ پۈتۈپ، ئەلچىنى ئەۋەتتى. تاتار شاھى قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ، خەندەككە سۇ قويۇپ قەلئەنى

مۇستەھكەملەپ تۇردى، گەرجەيانلار (گەرجىستان) يېتىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلدى. بەرگ ئەرەج خەندەكتىن سەكرەپ چىقىپ، سىپىلنىڭ پوتىيىنى بۇزۇپ قەلئەگە بېسىپ كىردى. تاتار شاھى بۇنى كۆرۈپ ئەفروز بىلەن شەبەرەڭنىڭ قىزىنى ساندۇققا سېلىپ، دەريا سۈيىگە ئېقىتىۋەتتى. شاھزادە (بەرگ ئەرەج) گەرجىستان كەلكۈندەك دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. ساندۇقنى تۇتماقچى بولدى. شۇ چاغدا پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتى بىلەن ساندۇقنى سۇ ئېقىتىپ ئېلىپ كەتتى. تاتار شاھى:

— نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن، — دەپ شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بەرگ ئەرەج تاتار شاھىنى تۇتتى. تاتار شاھىنى ئېكىنزارلىققا تاشلىدى. گەرجەيانلار قەلئەنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. ئۇ تەرەپتە ئەلچى مەملىكەتنىڭ پەخر (ئىسكەندەر) نگە خەۋەر بەردى. ئىسكەندەرگە تاتار شاھىنىڭ نامىسىنى تاپشۇردى. ئىسكەندەر نامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ قەلئەنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. ئىسكەندەر قولىغا شەمشەر ئالدى. لەشكەرلەر قەلئە ئىچىگە بۆركۈتتەك شۇڭغۇپ كىردى. دەسلەپكى ھۇجۇمدا گەرجايانلار شىكەستە يىدى. بەرگ ئەرەج ئەمىرنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئەمىر ئۇنى كەمىرىنىڭ زەنجىرىنى تۇتۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتەرگەن ئىدى، بەرگ ئەرەج بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ ئىتائەت قىلدى. گەرجەيانلار ھەم ئىتائەت قىلدى. تاتار شاھى قىزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان ئىدى، ئىسكەندەر ھەسرەتلىنىپ تاتار شاھىنى ھەمراھ قىلىپ تەبرىزگە راۋان بولدى. تەبرىزگە يېتىپ بېرىشى ھامان بىر نامىنى ئىسكەندەرگە بەردى. ئىسكەندەر نامىنى كۆردى. نامە: «ئەلۋەند تاغنىڭ ھاكىمى بۇزۇق ئالەم - ھىكلان بىل، تۈركىستاندىن سەكسەن مىڭ كىشى بىلەن كەلدى. ئۇ ئىراننى ئېلىشى [72] ئۈچۈن شەھەرنىڭ چۆرىسىنى قورشىۋالدى. مەنكى تەبرىز

ھاكىمىغا مەدەت بېرىڭ» دەپ پۈتۈلگەن ئىكەن. ئىسكەندەر:

— باتۇرلارنىڭ بىرىنشىغا قوشۇلىمەن، بارسۇن. مەن بارغىچە ھىكلانىنىڭ قوشۇنىغا شىكەستە بەرسۇن، — دېگەن ئىدى، ئەمىرخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن ئاتلاندى. ئەمىر:

— نەچچە باتۇر ئەمىرخانغا مەدەتكە بارسۇن، — دەپ بۇيرىغان ئىدى، مۇھەممەد شىرزاد يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن راۋان بولدى. سامىنىڭ ئوغلى فەرىدۇن، سەئىدان، زالىم شەدداد، قىرىق نەپەر لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ نامدارلىرى لەشكەر بىلەن راۋان بولدى ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## يىگىرمە يەتتىنچى قىسسە، شافور تەكاۋەندىنىڭ باتۇرلارنى ئېلىپ كەتكەنلىكى، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەييارلىق قىلغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ شافور تەكاۋەندىنى بويسۇندۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، نەقىلچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، تەكاۋەندە شەھرى شاھ قىزىنىڭ نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ پادىشاھىنى «بەھرۇز (دېڭىز قاراقچىسى) تەكاۋەندى» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ناھايىتى قامەتلىك ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەييارى بار ئىدى. ئۇنى مۇھتەر شافور تەكاۋەندى دەيتتى.

تەكاۋەندى ئۇنىڭغا:

— ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، خۇپىيانە ھالدا باتۇرلىرىدىن بىر نەچچىسىنى كەلتۈرگەن بولساڭ، — دېدى.

مۇھتەر شافۇر بىجاندىل بولۇپ ئەيىيارلىرىدىن قىرىق كىشىنى ئېلىپ تەبرىزگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار يولنى قىسقارتىپ ھەندان يولىدىن ئەلۋەند تېغىغا كەلدى. ئۇ يەردە نۇرغۇن قوشۇن بارلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرى ئىدى. خىسرەۋخان باشقا سەردارلىرى بىلەن شەھەردە مېھمان بولۇشقا كەتكەن ئىدى. قوشۇن بولسا بۇ يەردە قالغان ئىدى. شافۇر ئۇلارغا يېقىنلاپ بېرىپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سورىدى. ئۇلار:

— ئىسكەندەرنىڭ سەركەردىلىرىدىن قىرىق نەپىرى پالۋانلىق دەۋاسى قىلىپ بۇياققا كەلدى، — دېگەن ئىدى، مۇھتەر شافۇر ئۆزىگە: ياخشى گەپ، شەھەرگە بېرىپ، باتۇرلارنى بىر بابلاي، — دەپ كېتىپ قالدى.

كەچ كىردى. شافۇر قىرىق ئەيىيار بىلەن قەلئەنىڭ سېپىلىغا ئارغامچا تاشلاپ قەلئەگە كىردى. ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىنىڭ گۈلخان يېقىپ، مۇز پارچىسىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شافۇر بىر پالۋاننى تارتىپ ئەكىلىپ خەنجەرنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— راست ئېيتقىن، خىسرەۋ (پادىشاھ) قەيەردە؟ — دېگەن ئىدى، ئۇ كېكەچلەپ:

— مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار، — دېدى.

شافۇر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار خىسرەۋخاننىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى. مۇھتەر شافۇر بۇ يەردە باتۇرلارنىڭ ھەممىسى مەست بولۇپ يېقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يەرگە كىرىپ ئۇلارنى دورا بىلەن بىھوش قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەيىيارلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى، ئەيىيارلار ئۇلارنى ئۇچىسىغا ئېلىپ، تەكاۋەندگە راۋان بولدى.

تاڭ ئاتتى. خىسرەۋخان باتۇرلىرىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇنىڭ تەكاۋەندىنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ غەزىپى ھەسسىلەپ ئاشتى...

ئۇ تەرەپتە بولسا دەل تۈركىستان خاقانى قەلئەگە يۈرۈش قىلغان چاغ ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ قىسسىسىنى ئىشتىڭ. بۇ چاغدا ئەتراپتىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزان ئارىسىدىن قىزىل كىيىم كىيگەن نىقابدار قىرىق مىڭ چەۋەنداز بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ دوست - دۈشمەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ، ئۆزىنى تۈركىستان قوشۇنىغا ئۇردى. قوشۇن تۈركىستان قوشۇنىنى تۇمارەدەك قورشىدى. ھىكلان بۇنى كۆرۈپ تەبرىزدىن رەي [73] تەرەپكە كەتتى. نىقابدارنىڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تولىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەسىرگە ئالدى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلدى. خىسرەۋخان باتۇرلار بىلەن قىزىل كىيىم كىيگەن نىقابدارنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر كەلگەندىن كېيىن قىزىل كىيىم كىيگەن نىقابدار لەشكىرىنى ئېلىپ ئۆز يولىغا كەتتى.

ئىسكەندەر مۇھتەر نەسىمنى چاقىرىپ:

— بوۋا، مۇبارەك قەدىمىڭ بىلەن باتۇرلارغا نىجاتلىق بەرگىن، — دېگەن ئىدى. نەسىم:

— شۇنداق بولسا قاندان قىلىسەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەگەر، ئۇلارنى دەرھال قۇتقازساڭ ئون مىڭ تۈمەن بېرەي، — دېدى. نەسىم:

— ھۆججەت پۈتۈپ مۆھۈرىڭنى باسقىن، — دېگەن ئىدى ئەمىر ھۆججەت پۈتۈپ مۆھۈرىنى باستى. نەسىم خەتنى ھەميانىغا سېلىپ يولىغا ماڭدى. نەسىم تاغ باغرىغا بېرىپ مالچىلارنىڭ ماللىرىنى ئوتلىتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. نەسىم مال باققۇچىلارنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ ھاجەتكە ئولتۇرغان بىر مەزلۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭغا سىرتماقنى تاشلىغان ئىدى ئۇ سىرتماققا چۈشتى ۋە بىر ئازدىن كېيىن

ئۆلدى. نەسىم ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ئۇنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ، مال باققۇچىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا جەزىرە تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن مۇھتەر شافۇر تەكاۋەندى ئەييارلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ ساۋۇت - كۇلالىرىنى يەردە قويدى. نەسىم ئۇلارنى كۆرۈپ رەھمەت ئېيتتى. چۈنكى ئۇلار تېخىچە سەركەردىلەرنى تەكاۋەندىگە ئېلىپ كەتمىگەن ئىكەن. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى. شافۇر:

— ئەي چوپان، بىر ئاز نان بولسا بەرگىن، ئىسسىتىپ يەيلى، بەرگەن نېنىڭغا پۇل بېرەي، — دېگەن ئىدى، نەسىم:

— سىزلەر كىم بولىسىزلەر؟ — دەپ سورىدى. شافۇر:

— تەكاۋەندىنىڭ ئەييارلىرى بولىمىز. ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ھۇجۇم قىلغان ئىدۇق. ئىسكەندەرنىڭ قىرىق نەپەر باتۇرىنى تۇتۇپ بەھرۇز شاھ ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى. نەسىم:

— ئاپىرىن سىزلەرگە، ھازىر سىزلەر ئۈچۈن كاۋاپ قىلىمىز، — دېگەن ئىدى، ئەييارلار ساۋۇت - قالقانلىرىنى گۈلخاننىڭ يېنىغا قويدى.

نەسىم مۇھەممەد شىرزادنىڭ:

— سۇ بەرگىن، سۇ ئىچىمەن، — دەپ ۋاقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى. شافۇر:

— زەھەر بېرەي، تەرىقەت ئۈچۈن ھەممىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە بارغان ئىكەنسەن، بۇياققا كەل. ئۆلسەڭ كاللاڭنى كېسىپ بەھرۇز پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، — دېدى مۇھەممەد شىرزادقا قاراپ.

نەسىم مال باققۇچىلارغا:

— بىر نەچچە قوي ئېلىپ كېلىڭلار، سويۇپ ئۇلارغا كاۋاپ قىلىپ بېرەيلى، — دېگەن ئىدى بىرسى:

— سېنىڭ يەتتە يۈز قويۇڭ بار، مېنىڭ يەتتە قويۇم بار، سەن نېمە ئۈچۈن ئەكەلمەيسەن، — دېدى. چۈنكى نەسىم ئۆلارنىڭ قانچە قويى بارلىقىنى بىلمەيتتى. نەسىم:

— سەن بېرىپ، مېنىڭ قويلىرىمدىن قانچىنى خالىساڭ شۇنچىنى ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. قويچى بېرىپ تۆت قوينى ئېلىپ كەلدى. قويلارنى سويۇپ ئوتقا تۇتۇپ پۇشۇردى. شافۇر گۆشنى يېدى. نەسىم قويچىلارنىڭ قاچىسىنى ئېلىپ كېلىپ يەرگە قويدى ۋە باشقا ئەييارلارنىڭ قاچىسىغا بىر ئازدىن دورا بىھوش سېلىپ ئېلىپ كەلدى. مۆھتەر شافۇر دورا سېلىنغان قاچىلارنى ئەييارلارنىڭ ھەممىسىگە بەرگەن ئىدى. ھەممىسى قاچىدىكى شورپىنى ئىچتى. ئەييارلار گۆشنى زىققا ئۆتكۈزۈپ پۇشۇردى. نەسىم بىر ئاز دورىنى ئوتقا تاشلاپ، ئۆزى يىراققا بېرىپ ئولتۇردى. ئەييارلار ئوتنىڭ قېشىغا كېلىپ گۆشنى كاۋاپ قىلىپ ئولتۇرغان ئىدى، نەسىم ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ قاراپ تۇردى. بۇ چاغدا بىرسىنىڭ بېشى قىيىپ يىقىلدى. شافۇر:

— رەپىقەم ئوتتا كۆيدى، — دېگەن ئىدى، بىرسى يەنە بىرسىگە:

— بېشىڭغا مۇڭگۈز چىقىپتۇ، — دېدى. يەنە بىرسى:

— ئۇ تاغ يولۇۋسىنىڭ ئارسلىنىغا ئوخشايدۇ، — دېدى. ھەرقايىسى ھەر خىل سۆزلەرنى قىلىپ سەۋدايىغا ئوخشاپ قېلىشتى.

مۆھتەر شافۇر تىلىنىڭ ئۇچى چاۋىرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ دورا يېگەنلىكىنى ھىس قىلدى ۋە ئەييارلارغا:

— كاۋاپ يىمەڭلار، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئەييارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھالسىزلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن شافۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. نەسىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئىرادە بىلەن شافۇر بىر ئىشىككە

كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە بىھوش بولۇپ يېتىپ قالدى. مۇھتەر نەسىم ئەييارلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ بىھوش بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ سەركەردە - پالۋانلارنى باغلاقتىن يەشمەي تۇرۇپ ئەييارلارنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلاندى.

پالۋانلار:

— نېمە قىلىسەن؟ — دېگەن ئىدى، نەسىم:

— كاللاڭلارنى ئالىمەن، — دېدى ۋە ئاۋۋال ماۋۇلارنى ئۆلتۈرەي، — دەپ بىھوش ياتقان ئەييارلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قولىقى بىلەن دەرەخكە ئىلدى. ئاندىن كېيىن مۇھەممەد شىرزادنىڭ كېكىرتىكىگە خەنجەر قويدى. ئەمىرخان ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، نەسىم خوپ كۆرمىدى.

ئەمىرخان:

— يەتتە يۈز تۆمەن قىممىتىدە مال - دۇنيا، بىر قول بار، ئۇنى ساڭا بېرەي، ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن، — دېگەن ئىدى، نەسىم:

— ھازىر ماڭا ھېچقانداق نەرسە دەخلى قىلالمايدۇ، — دېگەن ئىدى، مۇھەممەد شىرزاد:

— خوتۇنۇمنى بېرەي، — دېدى، نەسىم:

— خوتۇنۇڭنى قانچىگە بېرىسەن، — دېگەن ئىدى، مۇھەممەد شىرزاد:

— ئون مىڭ تۆمەنگە بېرىمەن، — دېدى، نەسىم:

— ئۇنداقتا نامە پۈتتۈرگىن، — دېدى، مۇھەممەد شىرزاد:

— ئەي، سەن نەسىم ئەمەسمۇ، — دېدى. نەسىم:

— نەسىم دېگەن كىم ئۇ؟ — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— ئىسكەندەرنىڭ بېشى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن

نەسىم ئىكەنسەن، — دېگەن ئىدى، نەسىم:
— ئەي مەرد فەرەڭى، ئەگەر مەن كەلمىسەم ھەممىڭنى ئۆلتۈرەتتى، — دېدى. ئەتراپتىكى قويچىلار:
— راست ئېيتىسەن، — دېيىشتى. شۇ چاغدا پالۋانلارنىڭ بەزىلىرى ئون مىڭ تۇمەن، بەزىسى بەش مىڭ تۇمەن سەر كۈمۈش بەرمەكچى بولۇپ:
— ئوردىغا بارغىن، — دەپ كېلىشتى. نەسىم ھۆججەتكە ھەممىسىنىڭ قولىنى باستۇرۇپ:
— سىلەر ئوردىغا بېرىڭلار، مەن تەكاۋەندىگە بېرىپ جالىنۇسقا تېگىش قىلىمەن، پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتى بىلەن ساق - سالامەت قايتىپ كېلىمەن، سىلەر قويلارنى ھەم ئالغاچ كېتىڭلار، — دېدى. قويچىلار:
— بىز ھەرگىز قويلار ئۈچۈن ئۇنداق قىلغان ئەمەس، — دېگەن ئىدى، نەسىم:
— ئۇنداق دېسەڭلار بولمايدۇ، — دېدى.
سەردار نەسىمگە تۆت تۈمەن پۇل بەرمەكچى بولدى. نەسىم ئۇلاردىن تىلخەت ئالدى. بۇ ۋاقىتتا مۇھتەر بەرق، مۇھتەر زەرقان، شىرۋانى، مۇھتەر مەھمۇد، مۇھتەر نەئىم، مۇھتەر ئەبۇلفەتەھ، ھەندان ھەمدانى، شەبەرەڭ، ئىسفەندىيار مازەندەرانى، ئىسفەندىيار مۇشكىن تۇرخانىلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار نەسىمنى كۆرۈپ ئۆزىنى مۇھتەر نەسىمنىڭ ئايىقىغا ئاتتى. تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇدى. نەسىم:
— سىلەر باتۇرلار بىلەن قويلارنى ھەيدەپ بېرىڭلار، مەن تەكاۋەندىگە بېرىپ كېلىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپ، تەكاۋەندىگە قاراپ ماڭدى.
نەسىم شەھەرگە كىرىپ، بارگاھنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان ئىدى، بەھرۇز شاھ جالىنۇسقا:
— مېنىڭ ئەييارلىرىمنىڭ ھەممىسى قولىدىن ئىش

كېلىدىغانلار، — دېدى - دە، — ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرىنى تۇتۇپ كېلىدۇ، — دەپ ئەسكەرتىش بەردى. جالىنۇس:

— ئەي شەھريار، نەسىمنىڭ چارىسىنى قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى. شۇ چاغدا شافۇر ناچار ھالدا كېلىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. پادشاھ بەھزۇر:

— نېمە قىلماقچى سەن، — دېدى، جالىنۇس:

— ئەي شەھريار، مۇھتەر نەسىم دېگەن ئاجايىپ جادۇگەردۇر ئۇنى بويسۇندۇرماق ئاسان ئەمەس، مەن مۇنداق ئەييارنى تېخى كۆرمىگەنمەن، — دېدى، شاھ بەھزۇر:

— مەن ئۇنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن، — دېدى.

جالىنۇس:

— شەھريار، نەسىمنىڭ ئىلاجىنى ھېچقانداق كىشى قىلالمايدۇ. ئۇ ھەر قانداق جايدا «نەسىم» دەپ ئۈچ قېتىم چاقىرسا ئۇ شۇ جايدا ھازىر بولىدۇ، — دەپ ياساۋۇللارغا قارىغان ئىدى، نەسىمنى ياساۋۇللارنىڭ ئارىسىدا كۆردى. جالىنۇس نەسىمنىڭ ئىسمىنى بىر قېتىم ئېيتىش بىلەن بۇ يەردە ھازىر بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ساۋۇت، كۇلالە كىيگەن ياساۋۇللارغا:

— تون كىيگەن ياساۋۇلنى تۇتۇڭلار ئۇ نەسىم، نەسىمنى تۇتۇڭلار، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. نەسىم بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنى جارچى سۈرىتىدە قىلىۋالدى. جالىنۇس:

— جارچىنى تۇتۇڭلار، — دېگەن ئىدى، نەسىم دەرھال بوۋاي سۈرىتىدە بولدى.

قىسسە، جالىنۇس نېمىنى ئېيتقان بولسا، نەسىم دەرھال باشقا سۈرەتتە بولىۋالدى. ئاخىرى نەسىم:

— ئەي جالىنۇس، بۈگۈن كېچە ئوبدان ئويلانغىن، مەن ھەم ئوبدان ئويلىناي، — دەپ كېتىپ قالدى. شافۇر ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئۇ نەسىمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ:

— بۇ قېرى ئالۋاستى ئۇچۇپ كەتتىمۇ ياكى يەرگە كىرىپ كەتتىمۇ دەپلا قالدى.

كەچ كىردى. جالىنۇس:

— ئەي بەھرۇز شاھ، بۈگۈن كېچە نەسىم ساتىراشخانىگە كېلىدۇ، ئۇنى قانداق قىلىمەن، — دېگەن ئىدى، بەھرۇز شاھ مۇھتەر شافۇرغا:

— بۈگۈن كېچە ئەييازېر بىلەن جالىنۇسقا ياردەملىشىپ كۈزەتچىلىك قىلىڭلار، — دېدى. جالىنۇس ئۆز قەسرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ مۇلازىملىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇ كۆڭلىدە بۇلارنىڭ ئارىسىغا نەسىم كىرىپ قالغان بولمىغاي، — دەپ ئىچكىرى خانىسىگە كىرىپ، يەتتىنچى خانىگە باردى. ئۇ يەردە بىر ئادەمنى ئۆزى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا ئېلىپ قېلىپ خانىسىگە كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، — نەسىم كىرىپ قالغان بولمىسۇن، — دەپ كىتابلارنىڭ ئەتراپىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇ ئۇخلاپ قالماي دەپ كىتاب ئوقۇشقا مەشغۇل بولدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇيقۇغا كېتىپ قالدى. مۇھتەر نەسىم جىنغا ئوخشاش ئۇ يەردە پەيدا بولۇپ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇردى. جالىنۇس بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

بۇرادەر، مەن خاتا قىلدىم. بېشىڭدىن ئايلىناي، مېنى كەچۈرگىن، — دېدى. نەسىم ئۆيگە كىردى. جالىنۇس:

— ئەي بالا قازا نەسىم، سەنمۇ، — دېگەن ئىدى نەسىم:

— بالا قازا، سېنىڭ جېنىڭغا قانات قاقماس، — دېدى. جالىنۇس:

— جان بوۋا، نەچچە دانە قىممەتلىك جاۋاھىراتنى سىز ئۈچۈن قەلەمداندا ساقلاپ قويغان ئىدىم، — دېگەن ئىدى، نەسىم جاۋاھىرلەئلنى قەلەمداندىن ئېلىپ، جالىنۇسنى بىھوش قىلىپ ساقىلىغا سىيىپ، ساقىلىنى چۇشۇرۇۋېتىپ، تاشقىرىغا

چىقىپ گۇلساي ئەزەمگە ماڭدى، ئۇ يەردە جالىنۇسنىڭ بەرەھمە[1] ئىلىرى بار ئىدى. نەسىم جالىنۇسنى پەردىگە ئوراپ گۇلسايىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا كەتتى.

تاڭ ئاتتى. جالىنۇس ئۆزىنى بەھرۇز شاھنىڭ بارگاھىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. بەھرۇز شاھ:

— نەسىم راست ئالۋاستىغا ئوخشاش بالا - قازا ئىكەن، — دېدى. ئۇ تەرەپتە باتۇرلار تېخى ئوردىغا يېتىپ كەلمىگەن ئىدى.

نەسىم بارگاھقا كېلىپ ھېكايىسىنى باشلىغان ئىدى. ئەمىر مۇھتەر نەسىمگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئىسكەندەر نەچچە كۈنگىچە خىسرەۋخانغا مېھمان بولدى. ئاندىن كېيىن نەۋفىلنى چاقىرىپ:

— ئەي جېنىم پەرزەندىم، شاھانە بارگاھنى تەكاۋەند تەرەپكە يۆتكەڭلار، — دېگەن ئىدى، نەۋفىل شەرۋان قىزىل چاچ، سېرىق چاچ، كۆك كۆزلەر بىلەن بارگاھى جەمشىدنى پىل - تۆگىلەرگە يۈكلەپ، ئون ئىككى مىڭ ئەرەپ بىلەن تەكاۋەند تەرەپكە ئاتلاندى. تەكاۋەندگە ئىككى مەنزىل قالغاندا چېدىر، تىكىپ چۈشكۈن قىلدى.

بەھرۇز شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ نامە پۈتتۈرۈپ دىلىم زەنگىنى خۇرەم شاھتىن خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

بىر كۈنى خۇرەم شاھ، دىلىم زەنگى بىلەن قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلگەن ئىدى، جالىنۇس رەملگە قاراپ: ئەتە ئىسكەندەر تەكاۋەند شەھرىنى ئالىدىغانلىقىنى، ئەمما

---

① بەرەھمە - ھىندىستان خەلقىنىڭ قەدىمكى بىر دىنى مەزھىپى.

ئىسكەندەر ئىسفەھاندا سەردارلار بىلەن تۇتۇلىدىغانلىقىنى، گۈلبار شاھقا تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ» دەرھال ياسىنىپ قېچىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قىسمىتىنى ئاڭلايلى.

بۇ تەرەپتە جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. تەكاۋەندىنىڭ لەشكەرلىرىدىن دىلىم زەڭگى مەيدانغا كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلغان ئىدى، بەھزاد دىۋانە مەيدانغا داخىل بولدى. چۈنكى ئۇ دىۋانە سۈپەت ئىدى. ھەمىشە مەيدانغا پىيادە كىرەتتى. ئۇ دىلىم زەڭگىنىڭ ئالدىنى توسىدى. دىلىم ئالدىغا يېتىپ كەلگىچە بەھزاد قولىدىكى قوش تىغنى ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇرغان ئىدى، مېڭىسى چۇۋۇلدى. دىلىم يىقىلىپ ئاتنىڭ ئاستىدىن ئۆمۈلەپ قوپتى. بەھزاد ئۇچقاندەك كېلىپ تىغ بىلەن دىلىمنى ئۇردى. ئەگەر دىلىمدىن باشقا ھەر قانداق كىشى بولسا جان تەسلىم قىلغان بولاتتى. لېكىن دىلىم ئورنىدىن تۇرۇپ بەھزادنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ تۆمۈرچىنىڭ بازغىنىدەك مۇشتى بىلەن بەھرادنى ئۇرغىلى تۇردى. ئۇلار تاكى كۈن ئولتۇرغىچە ئېلىشتى. بەھزاد بىر چاغدا دىلىمنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرغان ئىدى يەرگە نەقشى ياغلىدى. پىيادىلەر كېلىپ دىلىمنى پۇت - قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەتتى.

بەھزۇر شاھ بىلەن خۇرەم شاھ ئاخىرى ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلدى. مۇھتەر شافۇر ئىسكەندەرگە ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلدى. ئۇ:

— سىزگە تەسلىم بولسام زۇلۇم قىلماڭ، — دەپ يالۋۇرغان ئىدى، ئەمىر قوبۇل قىلىپ ئېتىنى ئۇنىڭغا

تاپشۇردى. دىلىم زەڭگى چىن دىلى بىلەن ئىتائەت قىلدى. ئۇنىڭغا بەھزاد دىۋانىگە باراۋەر جايدىن ئورۇن بەردى.
ئىسكەندەر:
— بەھرۇز شاھ، تەكاۋەند يەنە سىزگە تەئەللۇق، — دېگەن ئىدى بەھرۇز شاھ:
— شەھريار، مەن سىزنىڭ مۇبارەك ھوزۇرىڭىزدا خىزمەت قىلىشنى خالايمەن، — دېدى. شەرۋان ئۇنىڭغا پادىشاھلار قاتارىدىن جاي بەردى. بەھرۇز شاھى — ھاكىمى دىلىم تەكاۋەندكە يېقىن كېلىپ:
— بۇ يەردىن قەيەرگە بارغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىغان ئىدى دىلىم زەڭگى:
— بۇ يەردىن رەيغا بارغىلى بولىدۇ. ئۇ يەردە ھاكىم يوق. پىلتەننىڭ ھىكلان ئۇلۇغ تامغاچ قىلىچۋاز تۈركىستان مەملىكىتىدىن كېلىپتۇ. پادىشاھلار رەينى ئېلىپتۇ. ئەلۋەند تېغىدا، نىقابدارلارنىڭ قولىدا شىكەستە يەپتۇ، ئۇ يەنە رەينى ئالماقچى، — دېدى.
ئىسكەندەر باتۇرلارغا:
— بارگاھنى پىل - تۆگە، ئات - خېچىرلارغا يۈكلەپ ماڭسۇن. كىشلەرنىڭ قول ئۈزۈتۈشىغا يول قويمىسۇن. شاھانە تەختنى رەي پادىشاھ ھوزۇرىدا بەرپا قىلسۇن، — دەپ بۇيرىغان ئىدى. ئارسلاندەك يەتتە ئاقساقال بىلەن شىر سۈپەت تەمالخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىجازەت سورىدى. ئىسكەندەر رۇخسەت بەرگەن ئىدى، تەمالخان قىرىق مىڭ كىشى بىلەن نەۋفىل ئەرەبنى ئېلىپ راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## يىگىرمە سەككىزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ رەي مەملىكىتىنى بويسۇندۇرغانلىقى، تونلۇق نىقابدارنىڭ ئاشكارا بولغانلىقى ھەرۋەم نەۋجەۋاننىڭ قولغا كەلگەنلىكى ھېكلاننىڭ شىرزاد ئابدۇلھېمدنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى

ئەلقىسسە، بۇ داستاننى رىۋايەت قىلغۇچىلار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، ھېكلان پىلتەن تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم باتۇرلىرى بىلەن شىكارغا چىققان ئىدى نەچچە كېيىكنى تۇتۇۋېلىپ سويۇپ يېيىشكە مەشغۇل بولدى. بۇ چاغدا تەمھالخان يېتىپ كەلدى. ھېكلاننىڭ كۆزى تەمھالخانغا چۈشۈپ:

— ئەي پالۋان، خەيرلىك بولسۇن، — دېدى. تەمھالخان ئاتتىن چۈشۈپ ئۆلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھېكلان جامغا تەكلىپ قىلدى. تەمھالخان قولىنى سۇنغان ئىدى، ھېكلان مەي قۇيۇپ بېرىپ:

— ئەي ساخاۋەتچىلەرنىڭ سەردارى مەن جامنى ساڭا بەرسەم نېمە ئۈچۈن ئالمايسەن، — دېدى. تەمھالخان:

— ئەي ناپاك، سەن چەۋەندازلارنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن خىجىل قىلىشنى خالامسەن، — دېدى. ھېكلان:

— سەن ھەم چەۋەندازلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشنى خالامسەن دەپ، — جامنى تەمھالخانغا ئاتتى. تەمھالخان يۈزىنى قاچۇرغان ئىدى، جام كېلىپ تېگىپ قېشىنىڭ بىر تەرىپىنى

يېرىۋەتتى، تەمىالخان قاپلاندەك سەكرەپ تۇرۇپ ھىكلاننىڭ بېشىغا مۇشت بىلەن ئۇرغان ئىدى ھىكلان دومىلاپ كەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ گەۋدىسىگە مىنىپ پۇت - قولىنى باغلىدى. بۇ چاغدا تۈركىستان باتۇرلىرى قورقۇنىدىن ھېچ بىرى سۆز قىلالمىدى. شۇ چاغدا شەرۋاننىڭ يىگىتلىرى يېتىپ كەلدى. تەمىالخان:

— ھىكلاننى ھارۋىغا سېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار، — دەپ ئۆزى نەۋفىل بىلەن ئاتلىنىپ رەي مەملىكىتىگە راۋان بولدى. رەيگە يېتىپ بېرىپ چېدىر ۋە خەيمگاھلارنى تىكتى.

ئۇ تەرەپتە ئۇلۇغ تامغاچنىڭ قىلىچۋازلىرى ھىكلاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ:

— مەن ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى بىلەن شۇنداق ئېلىشايكى، ۋاقتىدا ئىچ گېپىنى قىلسۇن، — دېدى.

ئىسكەندەر تەكاۋەندىدە ئىدى، ياساۋۇللار ھىكلاننى ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ:

— ئەي ھىكلان، مېنىڭ ئېتىقادىمغا كىرەمسەن، بولمىسا بېرىپ جەڭگە تەييارلىق قىلغىن تاكى باتۇرلارنىڭ شەمشىرىنىڭ زەربىسىنى تېتىپ كۆرگىچە تىركەش، — دېگەن ئىدى. ھىكلان رەي مەملىكىتىگە قاراپ ماڭدى. مۇھتەر كۇسە ئەييار ھىكلاننى كۆرۈپ:

— ھىكلان يېتىپ كەلدى، — دەپ تامغاچقا خەۋەر بەرگەن ئىدى تامغاچ شاتلىق دۇمبىقىنى شادىيانىغا چالدى.

ئەتىسى ئىككى قوشۇن سەپ تۈزۈدى. تامغاچ مەيدانغا چۈشتى. ئۇ ئازغۇن ناھايىتى شىجائەتلىك ئىدى. ھېچ كىشى دەممالىلىقتا مەيدانغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىسكەندەر تەرەپتىن تۇر مەست مەيدانغا كىردى. ھەر ئىككىسى بىر پەس نەيزىۋازلىقتا مەشغۇل بولدى. بۇ ۋاقتتا

ئىسكەندەر يېتىپ كەلدى. تەمھالخان بىلەن نەۋفىل سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. پالۋانلار ئېلىشىشتىن قول يىغدى. ئەمىر بارگاھقا يېتىپ كەلگەندە، ھېكلان جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىغا چالدۇردى.

بۇ چاغدا تامغاچمۇ مەيدانىغا كەلدى. ئۇ ئوق ئېتىشقا شۇنداق ماھىر ئىدىكى، ھەممىسىنىڭ كۆزىنى ئوق بىلەن چىقارماقچى بولدى. ئۇ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئەۋەل مەن قولۇمنىڭ ماھارىتىنى باتۇرلىرىڭنىڭ باتۇرلىرىغا كۆرسىتەي، ئاندىن كېيىن مېنىڭ مەيدانىمغا ئەۋەتكىن، نامەرتلىك بولمىسۇن، بىرسىمۇ قالمىسۇن،— دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ بۇيرىغان ئىدى، تۆگە كەلتۈردى. تۆت تۆگىنىڭ ئۈستىگە - بېشىغا مىل① تاڭدى. ئاندىن قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتقان ئىدى، شەمشەر تۆت مىلدىن تېشىپ ئۆتۈپ ئۇچى تۆگىنىڭ قورسىقىغا كىردى. ئاندىن كېيىن تامغاچ ئەڭگۈشتەرنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى ھاۋاغا ئۈچ قېتىم ئاتقان ئىدى، ئەڭگۈشتەرنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەتراپتىكىلەر پات - پاراق بولۇشتى. بۇنى كۆرگەن ئىسكەندەر:

— بۇ ناپاك بەك قارام ئىكەن،— دېدى.

ئۇ قۇيۇندەك مەيداندىن يىراقلاشتى. تۇرمەست ئارقىسىدىن يېتىپ باردى. ئۇ ناپاك ئارقىغا قارىتىپ ئوقنى تۇرنىڭ بىلىكىگە ئاتقان ئىدى، تۇر ياربدار بولۇپ قايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەئىدان مەيدانىغا داخىل بولدى. سەئىدان تېخى ئۇنىڭغا يېقىنلاشماي تۇرۇپلا ئۇ ئوقنى سەئىدانغا قارىتىپ ئاتقان ئىدى، سەئىدان ئۆزىنى ئاتنىڭ يالىغا ئالدى، ئوق ئىگەرگە تەگدى. سەئىدان يەنە ئىگەرنىڭ ئۈستىگە چىقتى، يەنە ئاتتى. ئوق سەئىداننىڭ مەيدىسىگە تېگىپ يارىلاندى. ھەمراھلىرى

①مىل - ئورۇشتا كىيىلىدىغان باش كىيىمنىڭ قوبىسى.

ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئىسكەندەر:

— بۇ هارامزادە تولا مەرگەن ئىكەن، ئۆزەم مەيدانغا چۈشەي، — دېگەن ئىدى ئارستو توسۇۋالدى. بۇ چاغدا باياۋان تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئىچىدىن ئوتتۇز جۇل - جۇل ئەلەمنىڭ بەلگىسى بىلەن، ئوتتۇز مىڭ كىشى پەيدا بولدى. ئەلەمنىڭ ئاستىدا قىزىل تونلۇق نىقابدار كېلىۋاتاتتى. ئۇ دوست - دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، مەيدانغا كىرىپ، تامغاچنىڭ ئالدىغا كەلدى. تامغاچ:

— ئاۋۋال، ئۇقيا - قىلىچىمنىڭ كارامىتىنى كۆرگىن، ئاندىن كېيىن مەيدانغا كىرگىن، — دېدى. شۇ تەرىقىدە نىقابدارغا ئەدەپ بەردى. نىقابدار ئەڭگۈشتەرىنى كەلتۈرگۈزدى. ئۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ زەنجىرىنى قېپىدىن چىقىرىپ يەرگە ئۇرغان ئىدى، زەنجىرنىڭ هەممە ئۇقى يەرگە خۇددى نەيزىگە ئوخشاش كىرىپ كەتتى. ئىسكەندەر ئۇنىڭدىن بىر ئاز خاتىرجەم بولدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىشقا مەشغۇل بولدى. ئاندىن كېيىن مەرگەنلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقى هېچقايسىغا زەربە بېرەلمىدى. كۈن ئولتۇرغىچە ئېلىشتى. يېڭىلىشمىدى. كۈن ئولتۇرغاندا ئارامگاهىغا ياندى. كېچىسى ئىسكەندەر نەسىمگە:

— بوۋاجان، هېلىقى نىقابدار خېلى شىجائەتلىك ئىكەن، بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ئەسلى نەسىبى كىمگە يېتەركىن، ساڭا ئىككى مىڭ تۈمەن بېرىمەن، بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كەلگىن، — دېدى.

نەسىم تىلخەتنى ئېلىپ، ئۇ يەردىكى هەممە نەرسە - كېرەكلىرىنى بىر جايغا جەملەپ قويۇپ، ئۆزىنى بوۋاي سۈرىتىدە قىلىپ، كۆزى بىلەن بۇرنىدىن سۇ ئېقىتىپ، بىر ئاز ئوتۇن ئېلىپ، يولغا راۋان بولدى. نەسىم نىقابدارنىڭ بارگاهىغا يېتىپ باردى. نىقابدارنىڭ ئاشپىزى نەسىمنى كۆرۈپ ئۇنى

ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي بوۋاي، بۇ ئۈتۈننى قەيەردىن ئەكەلدىڭ، — دېگەن ئىدى، نەسىم:

— ئەي ئۇستاز، مەن بۇ كەنتنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بولىمەن، ئايالىم بار، بۇ ئۈتۈننى جاڭگالدىن ئېلىپ كەلدىم، سېتىپ خىراجەت قىلىمەن، — دېگەن ئىدى، ئاشپەز:

— بوۋاي، ئېتىڭ نېمە؟ — دېدى. نەسىم:

— خوجا زەۋەر بەرق، — دېگەن ئىدى، ئاشپەز بوۋاي، نەچچە ئايالىڭ بار؟ — دېدى. نەسىم:

— قىرىق خوتۇنۇم بار، ئەللىك پەرزەنتىم بار، — دېدى، ئاشپەز:

— بوۋاجان، بۇ قىرىق خوتۇن بىلەن قانداق ھەم سۆھبەت قىلىسەن؟ — دېگەن ئىدى، نەسىم:

— ئۆز قىلىقىم بىلەن قىرىق خوتۇننىڭ دىلىنى قولغا كەلتۈرىمەن، — دېدى. ئاشپەز:

ئۈتۈننى قويغىن، — دەپ نەچچە دانە چەتىرنى[1] نەسىمگە بېرىپ:

— بۇ نىقابدارنىڭ دۆلىتى. بىزنىڭ دۆلىتىمىز پاراۋان دۆلەتتۇر. نەچچە كۈن بۇ يەردە بىز بىلەن تۇرغىن، بىز بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولغىن، — دېدى. مۆھتەر نەسىم قوبۇل قىلىپ خاتىرجەم بولدى. نەچچە قېتىم ئۇسارغان ئىدى، ئاشپەزنىڭ شاگىرتلىرى كۈلدى.

قىسسە، مۆھتەر نەسىم پۇرسەت تېپىپ بىر ئاز دورىنى تائامغا تۆكتى. بىر سائەت ئۆتكەندە تائام تارتىلدى. نىقابدارنىڭ ئالدىغا تائام كەلتۈرۈلدى. بىر ئاز يېدى. تائام يېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىھوش بولدى. نەسىم قەسىرگە كىردى. بۇ يەردە بىر نازىنىن قىز بىھوش ياتاتتى. نەسىم نازىنىننى پەردىگە ئوراپ

---

[1] چەتىر — پۇل نامى، ساتىر دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. تەمھالخان سەر خىل قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئىدى، ئۇ:
— سەن كىمنىڭ نەۋكەرى سەن؟ — دەپ ۋارقىرىغان ئىدى، نەسىم:
— ئەخمەق مەرد، ئۆزەڭنىڭ ئاتىسىنى تونىمايسەنغۇ، — دېگەن ئىدى. تەمھالخان:
— بوۋام، سەنمىدىڭ، — دېدى.
نەسىم ئەمىرنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئەمىر چېدىردە ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. نەسىم بوۋاي شاھى پەردىنى يەردە قويدى. ئەمىر:
— كىمنى كەلتۈردۇڭ؟ — دەپ سورىغان ئىدى، نەسىم:
— ھېلىقى نىقابدارنى، — دېدى. ئەمىر:
— نېمە ئۈچۈن كەلتۈردىڭ، — دېگەن ئىدى. نەسىم:
— شەھرىيار، سۆيۈنچە بەرگىن، ئۇ قىز ئىكەن، — دېدى. ئەمىر:
— ئەي بوۋاجان، نېمە دەيسەن، — دېگەن ئىدى، نەسىم:
— ساڭا راست ئېيتىۋاتىمەن، ئۇ قىز ئىكەن، — دېدى. ئەمىر:
— پەردە - گىلەمنى ئاچقىن، — دېدى. نەسىم ئاچقان ئىدى، ئىسكەندەرنىڭ كۆزى ئايغا ئوخشاش نۇرلۇق نازىنىن سەنەمگە چۈشۈپ، بىردىل بەلكى يۈز دىل بىلەن ئاشىق بولدى. ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. قىز كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ خاسخانىسىنىڭ ئىچىدە كۆردى. بېشىنى سېلىپ تۇرغان ئىدى، ئىسكەندەر:
— ئەي نازىنىن، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى. نازىنىن:
— شەھرىيار، مەن مۇلكى ھېرماننىڭ قىزى، بەھزادنىڭ سىڭلىسى بولىمەن، سىلەر ھېرمان زېمىنىنى

بويسۇندۇردۇڭلار، مەن سىزنىڭ جامالىڭىزغا ئاشىق بولدۇم،
ئىختىيارسىز ئالدىڭىزغا كەلدىم، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر:
— ئىسمىڭىز نېمە؟ — نازىنىن:
— پەرى فەررۇخ، — دېدى.
ئىسكەندەر شۇ چاغدا ئارستونى چاقىرىپ، قىزنى ئۆزىگە نىكاھلاتتى، قىزنى مېھرىگە قاندۇردى.
تاڭ ئاتتى. ئەمىر مۇنچىغا باردى. مۇنچىدىن چىقىپ بارگاھقا كىرىپ تەختتە ئولتۇردى. قىزنى ھەرەمگە ئەكىرىپ قويۇشنى بۇيرىدى. قىزنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلەشتۈردى. ئون كۈن ئۆتتى. كەچ كىردى. ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى پەلەككە ياڭرىدى. ئىسكەندەر:
— ئەتە قايسى باتۇر سائادەت كۈينى ئېلىپ كېتەر، — دەيتتى.
ئەتىسى ھەر ئىككى قوشۇن بارگاھلىرىدىن قوزغىلىپ سەپ تۈزۈشتى. ئۇ تەرەپتىن قىلىچۋاز تامغاچ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا جەزىرە تەرەپتىن چاڭ-توزان پەيدا بولدى. قىرىق ئەلەمنىڭ نىشانىسى كۆرۈنۈپ، قىرىق مىڭ كىشى بىلەن رەڭدار كىيىم كىيگەن نىقابدار يېتىپ كەلدى. ئۇ مەيدانغا كىرىپ تامغاچنىڭ ئالدىنى توساپ:
— ئەي تامغاچ، ئاڭلا، تۆت مىلنى خېمىرنى كەسكەندەك كەسكەنلىكىڭنى، ئۈچ مىڭ ئەڭگۈشتەرنى ساپىقىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم. كارامات ئىكەنسەن، — دېگەن ئىدى، تامغاچ:
— توغرا ئېيتىڭ، — دېدى. نىقابدار بىر سىپاھنى:
— يەتتە مىلنى باغلىغىن، — دېگەن ئىدى، سىپاھ يەتتە مىلنى قاتلاپ باغلىدى. نىقابدار قولىغا شەمشەر ئېلىپ مىلغا ئاتتى. تىغ ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ ئۆتۈپ يەرگە كىرىپ

كەتتى ۋە يەتتە تال ئوقنى ئەگگۈشتەرنىڭ ھالقىسىدىن ئارقا - ئارقىسىدىن ئۆتكۈزدى. ئوق «پاق» قىلىپ يەرگە چۈشتى. ئەتراپتىكى دوست - دۈشمەنلەر ئارىسىدىن ئاپىرىن ساداسى ياڭرىدى. بۇنى كۆرگەن تامغاچنىڭ غەزىپى تاشتى - دە، نىقابدارغا قارىتىپ ئاتمىش تال ئوق ئاتتى. نىقابدار ھەممە ئوقلارنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇۋالدى. بۇ چاغدا ئۇ ناپاك قولىغا خەنجەر ئېلىپ نىقابدارغا قاراپ:

— ئەي قاراقچى، كېلىپ قولۇمدىن بۇ تىغنى ئالغىن، بىلمىدىم سەن خوتۇن كىشىمۇ ياكى مەرتمۇ؟ كارامەت شجائەتلىك ئىكەنسەن، — دەپ نىقابدارغا ھەملە قىلدى.

نىقابدار غەزەپلىنىپ قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ قولىدىكى ساتورنى تارتىۋېلىپ چۆرۈۋەتتى. ئاندىن شەمشەرنى غىلاپىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغان ئىدى، شەمشەر ئېتىنىڭ يانپىشىدىن ئۆتۈپ تىزىغا باردى. بۇ چاغدا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ ئالۋاستى پەيدا بولۇپ، نىقابدارنىڭ ئەتراپىنى قاراڭغۇلاشتى. بىر ھازادىن كېيىن نىقابدارنىڭ ئېتى مەيداندىن چىقتى. ئەمما تامغاچ ئېتى بىلەن تۆت پارچە بولۇپ قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. نىقابدارنىڭ لەشكەرلىرى ئەتراپتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئەمىرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بۇ نىقابدار، سۇلتان تىمۇرنىڭ پەرزەندى، ئىسھاق ئەلۋەسىنىڭ قىزىدىن، ئۇنىڭ ئېتى ئابدۇلھېمىد دەپ مەلۇمات قىلدى. ئىسكەندەر:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىغان ئىدى ئۇ:

— مەن مۇھتەر نەسىمنىڭ ئوغلى، — دېدى.

مۇھتەر نەسىم پەرزەنتىنى ئالدىغا تارتىپ قۇچاقلىدى. ئىسكەندەر:

— مەن بىر ئىسىم ئەزىم بىلەن ئۆزەمنىڭ پەرزەنتىنى پەيدا قىلىمەن، ئۇنىڭ نىمە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەي. ماڭا

ھەمراھ بولغۇچىلار قوپۇڭلار، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ راۋان بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇرمەست، سەئىدان، تەمھالخان، بەھزاد ۋە مۇھتەر نەسىملەر ماڭدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئەمىر ئىتىزلىقنىڭ قىرىدا ماڭدى. بەھزاد ئىتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭدى. بۇ چاغدا بىر دېھقاننىڭ ئوغلى:

— ئەي بۇرادەر، ئاۋۇ يولدىن ماڭغىن، — دەپ ۋارقىرىغان ئىدى، بەھزاد ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى.

دېھقاننىڭ ئوغلى كېلىپ مۇشت بىلەن بەھزادنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرغان ئىدى، بەھزاد مۇللاق ئېتىپ چۈشتى. دېھقاننىڭ ئوغلى بەھزادنىڭ قولىنى باغلىدى. تۇر بۇ ئىشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. دېھقاننىڭ ئوغلى ئۇنىمۇ قۇلاق تۈۋىگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ يىقىتىپ، تۇرنىڭ قولىنىمۇ باغلىدى. بۇ چاغدا تەمھالخان يېتىپ كېلىپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ، دېھقاننىڭ ئوغلىنىڭ غولىغا بىرنى تەپكەن ئىدى، ئۇ يىگىت ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرۇپ، تەمھالخاننىڭ شەمشەر تۇتقان قولىغا بىرنى ئۇردى. شەمشەر قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن مۇشت بىلەن ئۇردى. تەمھالخان يىقىلىپ چۈشتى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى باغلىدى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ قايتماقچى بولدى. ۋە:

— ئەي يىگىت، نېمە ئۈچۈن بۇلارنى توسايسەن، — دېگەن ئىدى ئۇ:

— سەن ئوبدان كىشى ئىكەنسەن، زىرائەتلەرنىڭ ئىچى بىلەن ماڭمىدىڭ، ئۇلار بولسا زىرائەتلەرنى ئاياغ ئاستى قىلدى. ئۇلارنى سازايى قىلىمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ھازىر ئۇلارنى ماڭا بەرگىن، — دېدى. ئۇ يىگىت:

— سەن كىم؟ — دېگەن ئىدى. ئەمىر:

— مەن ئىسكەندەر بولىمەن، ھەر قانداق كىشىنى خالىساڭ شۇنى ئالغىن، — دېدى. يىگىت:

— مەن ئۇلارنى سازايى قىلىپ ئاتامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، — دېدى. ئەمىر:

— ئاتاڭ كىم بولىدۇ؟

— مۇشۇ كەنتنىڭ رەئىسى، — دېدى يىگىت.

قىسسە، ئىسكەندەر كۆپ تەلەپ قىلغان ئىدى ئۇ يىگىت:

— ساڭا بەردىم، — دەپ باتۇرلارنىڭ قولىنى يېشىپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بەردى. مۇھتەر نەسىم:

— ئەگەر بۇ يىگىت سەركەردىلىكنى بىلسە، يۈز لەھەڭنى ئۇۋلىغىلى بولغىدەك، — دېدى. ئەمىر:

— ھازىر مەن بېرىپ بۇ يەرنىڭ رەئىسنى تاپىمەن. بەلكى ئۇنى ئاتىسىدىن سوراپ ئالارمەن، — دەپ ماڭدى. كەنتكە يېقىن يېتىپ باردى. نەسىم:

— مەن ئىلگىرىدەك باراي، سىلەر ئۇچۇن ماكان تەييارلاي، — دېدى. ئۇ تەرەپتە رەئىسكە:

— سېنىڭ ئوغلۇڭ، ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىدىن نەچچىسىنى يارلاندۇرۇپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. رەئىس قورقۇپ:

— مەن ئىسكەندەرگە قانداق جاۋاپ بېرىمەن، — دەپ خىيال بېسىپ تۇراتتى، بۇ چاغدا ئون ئۈچ تال چاچلىق بىر نىجىس مەزلۇم سۈپەت ئاغزىغا يەتتە فىنگىراقنى چىشلەپ، تۆت خەنجەرنى كەمىرىگە ئېسىپ بۇ يەردە پەيدا بولدى. رەئىس بۇنى كۆرۈپ:

— ئەلۋەتتە بۇ جىن بولسا كېرەك، چۈنكى ئادەم بۇنداق قىياپەتتە بولمايدۇ، — دەپ قاچقىلى تۇردى. ئۇ نەسىم ئىدى.

نەسىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بارغان ئىدى رەئىس:

— ئەي جىن، مەندىن قولۇڭنى تارتقىن، — دېدى.

نەسىم:

— قورقمىغىن، مەن جىن ئەمەس، — دېگەن ئىدى.

رەئىس نەسىمگە قاراپ:

— سەن كىم؟ — دېدى. نەسىم:

— مەن ئىسكەندەرنىڭ ئەيپارى بولىمەن. مەن ساڭا خەۋەر بەرگىلى كەلدىم. ئىسكەندەر بۇ يەرگە كېلىدۇ، — دېگەن ئىدى، رەئىس:

— مېنى قويۇپ بەرگىن، — دېدى.

نەسىم رەئىسكە خەۋەر بەرگەندىن كېيىن ئۇ راست ئېيتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنى قويۇپ بەرگەن ئىدى، رەئىس قېچىپ كەتتى. نەسىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۆرە تۇرغان كىشىلەرنى كۆردى. ئۇ بۇ يەردە رەئىس بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ئۆيىنى سوراپ خانىسىگە داخىل بولدى. نەسىم بىر ئاز نۇقۇت قاتارلىق نەرسىلەرنى دەستۇرخانغا ئوراپ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدى، بۇنىڭدىن رەئىس قورقۇپ سۆز قىلالمىدى. شۇ چاغدا ئىسكەندەر يېتىپ كېلىپ:

— ئەي مەككار، قولۇڭدا كۆتۈرگەن قانداق نەرسە ئۇ، — دېگەن ئىدى، نەسىم:

— رەئىسنىڭ ئۆيىنى قەلەندەرخانە قىلىپ قويدۇم، — دەپ سۆز باشلىدى. ئەمىر:

— بوۋاجان، نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ جايىدا قويۇپ قويغىن ئۇنىڭ قىممىتىنى مەن ساڭا بېرەي، — دېگەن ئىدى، نەسىم ئېلىپ بېرىپ خانىگە داخىل بولۇپ، لەشكەرلەرنىڭ يېنىدا قويۇپ قويدى.

رەئىس كەتمەكچى بولغان ئىدى، نەسىم ئۇنى تۇتۇپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. رەئىس بېشىغا جاۋاھىردىن ئاجايىپ تاج كىيگەن شەھرىيارنى كۆرۈپ تەزىم قىلدى. ئىسكەندەر:

— ئەي بوۋا، ھودۇقمىغىن، بۈگۈن كېچە بىز سىزلەرگە مېھمان بولىمىز، ساڭا ھېچقانداق ئېغىرچىلىق سالمايمىز، — دېدى.

رەئىس كېلىپ تەييارلىق قىلماقچى بولغان ئىدى، رەئىسگە ئازراق پۇل بېرىپ:

— بارغىن، بىر نەچچە قوش ئېلىپ كېلىــــپ تائام پۇشۇرۇپ خىزمەتكارىمغا ئەكىلىپ بەرگىن، — دېدى.

رەئىس بىر ئاز مېڭىپ ـ بۇ ئەجەپ پادشاھ ئىكەن، دەپ ئويلاپ تۇرغان ئىدى ئىسكەندەر ئولتۇرۇپ:

— ئەي رەئىس، مەن سەندىن بىر ئەھۋالنى سورايمەن، راستىنى ئېيتقىن، — دېگەن ئىدى، رەئىس:

— سورىغىن، — دېدى. ئەمىر:

— ئۇ ئوغۇل سېنىڭ ئۆز ئوغلىڭمۇ، — دېگەن ئىدى، رەئىس:

— شەھرىيار، مۇندىن ئىلگىرى مەن سەھرادە قوي بېقىش بىلەن بولاتتىم. ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى. ئوت قالاي دەپ ئوتۇن ئالغىلى چىقىپ بىر ئوغۇلنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭدىن: سەن كىم دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ مەن ھەرۇم ئاتلىق نەيرەڭۋازنىڭ ئوغلى، رۇستەمنىڭ ئەۋلادىدىن بولىمەن. چۈنكــى بەھمەن رۇستەمنىڭ ئەۋلادىنى قەتلى قىلدى. بۇ قورقىنچىغىمدىن بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ سۆزنى ئىشىتتىم. مەن ئۇنىڭغا: مەن سېنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلدىم، — دېدىم. ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ كىيىم ـ كېچەك كىيدۈردۈم. ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا بىر كۈندە ئون كىشى قىلىدىغان ئىشنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ پاراھىتىدە ياشاۋاتىمەن، — دېدى.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ خۇشال بولۇپ:

— مەن ساڭا رەي مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنــى بېرىمــەن، بۇ ئوغــۇلنــى ماڭا تاپشــۇرغــىن، باتۇرلاردىــن قىلىمەن، — دېگەن ئىدى، رەئىس خۇشال بولدى.

تائام ھازىرلاندى. شۇ چاغدا بەرق فەرەڭى بىلەن ئەييارلار يېتىپ كېلىپ:

— شەھريار، شاھزادە ئابدۇلھېمدنى تۇتۇۋېلىپ ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئەلبەز تېغىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كېتىپتۇ، — دەپ خەۋەرنى يەتكۈزدى.

ئىسكەندەر ئورنىدىن قوپۇپ:

— پەرۋەردىگار ساقلىسۇن، — دەپ ئۇلار بىلەن بىللە راۋان بولدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر «شاھزادىنى ھىكلاننىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەپتۇ» دەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ نەسىمنى:

— خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتتى. باتۇرلارغا:

— بۇياققا كېلىڭلار، — دېدى. . . . . . . . .

نەسىم ئۇ جايغا كۆن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن يېتىپ بېرىپ ھىكلان پىلتەننىڭ بىر فەتتارە جادۇگەر بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنى بەرق (چاقماق) جادۇ دەيتتى.

ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىسكەندەرنىڭ دۆلىتىنى يوقاتماقچى بولۇپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ ھىكلان بىلەن شۇ توغرىلىق سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئابدۇلھېمدنى ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، مۇھتەر كۆسە ئەييارلىرى بىلەن ئۆي ياساشقا مەشغۇل بولدى. مۇھتەر نەسىم ئۇلارنى كۆرۈپ ياندى. نەسىم ئىسكەندەرگە خەۋەر ئەۋەتكەن ئىدى، ئىسكەندەر يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە نەسىمنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ھىكلاننىڭ سارايىنىڭ ئالدىدا ئىسكەندەرنىڭ كۆزى جادۇگەرنىڭ يۈزىگە چۈشتى. ئىسكەندەر ئوقنى كامانغا قويۇپ ئاتقان ئىدى، ئوق جادۇنىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ كەينىدىن ئۆتۈپ، ئۇ جادۇنى دوزاققا ئۇزاتتى. ھىكلان ئورنىدىن قوپتى. ئىسكەندەر ھارۋىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. مۇھتەر كۆسە ئەييارلار بىلەن قولىغا خەنجەر ئالغان ئىدى، نەسىم ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ھەممىسىنى تارمار قىلدى، ئىسكەندەر قولىنى سۇنۇپ شاھزادە ئابدۇلھېمدنىڭ كەمرىدىن تۇتۇپ ھارۋىدىن ئېلىپ يەرگە قويدى. ئابدۇلھېمد ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا

تاشلىدى. بۇ چاغدا ھىكلان كېلىپ ئەمىرنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئابدۇلھېمىد چاققانلىق بىلەن تىغنى ئەمىردىن ئېلىپ، ھىكلاننىڭ قوۋىقىغا ئۇرغان ئىدى، ھىكلان ئىتى بىلەن تۆت پارە بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا تۈركىستاننىڭ قوشۇنى كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. تۈركىستان قوشۇنى ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمەي چېكىندى. ئەمىرنىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن تەسىن تېپىپ، بارگاھقا قايتىپ بېرىپ ئارام ئالدى. شاھزادە ئابدۇلھېمىدقا ئوڭ قول تەرەپتىن ئورۇن بېرىپ مۇبارەكلىدى. كىشى ئەۋەتىپ رەئىسنى ھەرۇم بىلەن ئوردىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى رەيغا ھاكىم قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەرۇمكە مەرتىۋە ۋە كېرەكلىك ئەسلىھەلەر بىلەن چېدىر، خەيمگاھلارنى بەردى. ئۇنىڭغا سول قول تەرەپتىن ـ مۇھەممەد شىرزادنىڭ تۆۋىنىدىن تەمھالخاننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنى ئەمىرخانگە تاپشۇردى. ئەمىرخان ئۇنىڭغا باتۇرلۇق بىلەن قوماندانلىقنى ئۆگەتتى ھەم قوشۇن بەردى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر رەينىڭ تاماشاسىدىن بوشىنىپ:

ــ ئەمدى بۇ يەردىن قەيەرگە بارىمىز؟ ــ دەپ سورىغان ئىدى:

ــ مۇلكى ئىسفەھانغا بارايلى، ئۇ يەردە بىر پادشاھ بار، ئۇنىڭ ئەييارلىرى باتۇر، بىر بۇرادىرى بار بولۇپ، ئۇنى گۇلبار ئەييار دەپ ئاتايدۇ، ــ دېيىشتى باتۇرلار.

ــ نەۋفىل پادشاھ قەسرىنى ئىسفەھانغا ئېلىپ ماڭسۇن، ــ دەپ ئەمر قىلدى ئىسكەندەر. ساھىبقىراننىڭ قوشۇنى قىيامەت قايىم بولغاندەك ھەيۋەت بىلەن راۋان بولدى. بۇ قېتىمگە ئەمدى كېلىمىز.

# يىگىرمە توققۇزىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ ئىسفەھان شەھىرىگە بېرىپ گۈلبار ئەرەبنىڭ دۆلىتىدە بولغانلىقى، مۇھتەر نەسىمنىڭ گۈلبار شاھنى ئىتائەت قىلدۇرغانلىقى

ئەلقىسسە رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سۇلتان شاھ ساھىبقىران ئىسفەھان تەرەپكە راۋان بولدى. ئىسكەندەر مۇھتەر نەسىمگە:

— بوۋاجان، مېنىڭ نامىمدا ئىسفەھان شەھىرىگە بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دېگەن ئىدى، مۇھتەر نەسىم قوبۇل قىلىپ، قولىنى كۆزىگە قويۇپ، ھېچنەرسە تاما قىلماي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ئۈچ نۆۋەت ئايلىنىۋېتىپ راۋان بولدى. ئوردىدىن چىقىپ قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئىسفەھان تەرەپكە يېتىپ باردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

ئۇ تەرەپتە گۈلبار شاھ بارگاھىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ئىدى مۇلازىم:

— خۇدا پەرەسلەر تەرەپتىن بىر ھېكىمنى قېچىپ ئاستانىمىزگە پاناھلىق تىلەپ كېلىپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. گۈلبار شاھ:

كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. بۇ چاغدا جالىنۇس فىتنىچى بارگاھتا پەيدا بولدى. ئۇ دۇئا سابادىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ شىكايىتىنى قىلىپ، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەييارلىقىنى تولا تەرىپلىدى. گۈلبار شاھ:

— ئەي ھېكىم، نېمە دېمەكچىسەن، — دېگەن ئىدى، جالىنۇس:

— مەن ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى بىلەن سېنىڭ قولۇڭغا چۈشۈدىغانلىقىنى رەمل سېلىپ كۆردۈم، — دېگەن ئىدى، گۈلبار شاھ خۇشال بولۇپ قەسرىدىن ئورۇن بەردى. ھەم:

— جالىنۇسنىڭ خىزمىتىنى قىلىڭلار، — دەپ نەچچە نەپەر مۇلازىمنى قوشۇپ بەردى.

نەقىلچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، گۈلبارنىڭ بىر بېغى بار ئىدى، ئۇ يەرگە ھۆكۈما تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئەييارلىققا بارسا ساقىلىنى چۈشۈرۈپ قەلەندەر سۈپىتىدە بولۇپ باراتتى. ئەييارلىق قىلىشقا بارمىسا ئەسلىدىكىدەك باغۋەن سۈرىتىدە يەنە ساقىلىنى ئۆستۈرەتتى. گۈلبار شاھ ئۇ ئەييارغا:

— ئىسكەندەر كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئىشىتتىم. ئۆز ئىشىڭغا مەشغۇل بولغىن، — دېدى. گۈلبار ئەييار بۇنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرىپ خەۋەردارچىلىق قىلدى.

مۇھتەر ئەسىمۇ ئىسفەھان شەھىرىگە كىرمەكچى بولۇپ، ئۆزىنى سودىگەر سىياقىدا ياساپ ئالتۇن بىلەن تىللادىن ياسالغان قىرىق ئاچقۇچنى پېشىغا ئېسىپ ئۆشنىسىگە چادىرشەپ① چىرماپ جىمجىت شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بىر ئاتخانەنىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۇردى. ئىرادە بىلەن گۈلبار ئەييارلىرى بىلەن ئاتخانىنىڭ ئەتراپىدا قارىغا ئېتىش ئورنىدا ئوقبازلىق ۋە كاماندارلىق قىلىۋاتاتتى. گۈلبارنىڭ كۆزى تاسادىپىي ئەسىمگە چۈشۈپ قېلىپ:

— بۇ سودىگەر نەقىشچى ئەرەب ئىكەن، بولمىسا كاماندازلىق قىلىپ باققان بولساق، — دېگەن ئىدى، ئەسىم

---

①چادىرشەپ ــ 1) يالاڭ ئەدىيال، كىرلىك. 2) ئەرەب، پارىسلار ئۈشىنىگە ئورىۋالىدىغان ئەدىيال.

كېلىپ:
— ھەركىمدىن زىيادە قىلىمەن، — دېدى. گۈلبار:
— كەلگىن بىر - بىرىمىز بىلەن كاماندازلىق قىلىشايلى، — دېگەن ئىدى، نەسىم قوبۇل قىلىپ، ئولتۇرۇپ كاماندازلىق قىلدى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۈلبار دوغا تىكىدىغان بىر ئاز نەرسە ئېلىپ كەلگەن ئىدى نەسىم ئۇنى ئۇتتۇۋالدى. گۈلبارنىڭ بىر نەچچە ئەييارلىرى بار ئىدى ئۇ ئۇلاردىن قەرز ئېلىپ ھەم نەسىمگە ئۇتتۇرۇۋەتتى. نەسىم ماڭماقچى بولىۋېدى، گۈلبار:
— بىردەم سەۋر قىلغىن، كىشى ئەۋەتتىم ئۆيدىن ئالتۇن ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. نەسىم قوشۇلمىدى. گۈلبار ئەييارلارغا:
— ئۇنىڭغا ئوبدان كۆز قۇلاق بولۇڭلار قاياققا بارسا ئۇنىڭ كەتكەن يېرىنى بىلىپ قويۇڭلار، تاڭلا ئۇنىڭدىن پۇللارنى قايتۇرۇپ ئالىمىز، — دېگەن ئىدى، ئۇلار نەسىمنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. نەسىم تېز ماڭغان ئىدى، ئەييارلار قەدىمىنى داغدام ئېلىشتى.
مۇھتەر نەسىم مۇنچا خارابىگە كىرىپ كەتتى. ئەييارلار قايتىپ كەتتى. نەسىم مۇنچا خارابىدىن چىقىپ ئەللەف ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئىشىكىگە باردى. ئۇستا ئۇنى كۆرۈپ:
— سەن كىمنىڭ باتۇرى؟ — دېگەن ئىدى مۇھتەر نەسىم:
— بۇنداق ئىشلارغا ۋاقتىم يوق، ئەگەر كىشىلەر خالىسا، ئۆزەمنى ساتىمەن، — دېدى. ئەللەف بۇنى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىپ ئۇنى دۇكاننىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. نەسىم دۇكانغا كىرگەن ھامان كۆزى ئۇستادنىڭ پۇل ساندۇقىغا چۈشۈپ ئوغرىلىدى. گۈلبار ئەييارلىرى بىلەن كېتىپ باراتتى. گۈلبارنىڭ كۆزى دۇكاننىڭ ئىچىدىكى باتۇر نەۋكەرگە چۈشتى.

ئەللەفتىن:

— بۇ باتۇرنى ساتامسەن، — دەپ سورىغان ئىدى، ئەللەف:

— ساتىمەن، — دېدى.

— قىممىتى قانچە. ئەللەف ئۇستا:

— ئاتمىش تومەن، — دېگەن ئىدى، ئۇنىڭ باھاسىنى توختىتىپ ئالتۇننى خوجايىنغا بېرىپ، نەسىمنى ئېلىپ راۋان بولدى. تۆت كوچىغا يېتىپ بارغاندا:

— ئەي غۇلام، ئېتىڭ نېمە، — دەپ سورىغان ئىدى، نەسىم:

— كاكا فەرۋانە، — دېدى. گۈلبار:

— كاكا فەرۋانە، سەن مېنى ئۇچراتقانلىقىڭ ئۈچۈن ماڭا رەخمەت ئېيتقىن، سەن مۇنچىغا بېرىپ تۇرغىن مەن ئارقىڭدىن يېتىپ بارىمەن، — دېدى.

نەسىم راۋان بولدى. نەسىم مۇنچىغا يېتىپ بېرىپ مۇنچا كىيىمنى كىيىپ باشقا سۈرەتتە بولۇپ مۇنچىدىن چىقتى. بۇ چاغدا گۈلبار مۇنچىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ كاكا فەرۋانىنى كۆرمىدى.

گۈلبار مۇنچا باقاردىن:

— فەرۋان ئىسىملىك بىر غۇلام بۇ يەرگە كەلدىمۇ؟ — دەپ سوردى. مۇنچا باقار:

— ياق، — دېدى.

گۈلبار باشقا لۆڭگە كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى، مۇنچا باقار باشقا بىر خىل لۆڭگىنى ئەكىلىپ مۇنچىغا ئەكىرىپ بەردى. بۇ چاغدا نەسىم كىيىم ساقلىغۇچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، سىرتماق تاشلىغان ئىدى، ئۇ سىرتماقنىڭ ھالقىسىغا چۈشتى. ئۇنى تارتقان ئىدى، ئۇ جان بەردى. نەسىم ئۆلۈكنى بۇلۇڭغا ئېلىپ بېرىپ كىگىزنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ كىيىمىنى

كىيىپ، مۇنچىغا قارىغۇچىنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ مۇنچىنىڭ ئىشىكىدە تۇردى، دىللاك[1] تاشقىرىغا چىقىپ:

— گۈلبار ئۈچۈن بىر لۆڭگە بەرگىن، — دېگەن ئىدى، نەسىم ئالتۇنغا ئوخشاش زەر رەڭدە قىلىپ، بىر ئاز خورۇچ ئارلاشتۇرۇپ بەردى، مۇھتەر نەسىم پۇرسەت تېپىپ گۈلبارنىڭ خەنجىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە دىللاك ئۇستا رەڭنى خېمىر قىلىپ گۈلبارنىڭ يۈزىگە چاپلىدى. بىر سائەت بولمايلا گۈلبار رەڭنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ:

— ئۇستا، كىيىم ساقلىغۇچىغا ئېيتقىن، بۇ رەڭنى كىشىگە ساتمىسۇن، ماڭغا ساقلىسۇن، بەك ئوبدان رەڭ ئىكەن، — دېدى. ئۇنىڭ يۈزى يارا ئىدى، رەڭ ئۇنىڭ دىلىنى ئېرىتتى. ئۇ بۇ يەردە تۇيۇقسىزلا ئەييارلارغا ۋارقىراپ:

— كىيىمچىنى كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. لېكىن ئۇستا كىيىمچىنى تاپالمىدى. گۈلبار تاشقىرىغا چىقىپ قاراپ باقتى. خەنجىرى يوق ئىدى. نەسىم ئەييارلارنىڭمۇ خەنجەرلىرىنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى. گۈلبار تاشقىرىغا چىقىپ ئەييارلارغا:

— ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇ ئەييارنى تۇتۇڭلار، — دېدى.

قىسسە، كەچ كىردى. نەسىم دۇكانغا قايتىپ كەلدى. گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان بارلىق جاۋاھىرلارنى ئېلىپ، شۇ كېچىسى قەلئەدىن چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. يەتتىنچى كۈنى شەھريارنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ بارگاھتا ئارام ئالدى. ئەتىسى ئەمىرگە ئەھۋالنى بايان قىلغان ئىدى، ئەمىر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

ئەتىسى ئىسكەندەر ئىسفەھان شەھىرى تەرەپكە راۋان بولدى. گۈلبارغا:

---

[1] دىللاك ـ ئۇۋۇلىغۇچى، سىلىغۇچى.

— ئىسكەندەر كېلىۋېتىپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكەن ئىدى، گۇلبار جالىنۇس بىلەن بەھرام قويۇن، بەھرام ئالتۇن ئوغرىسى دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى تاماشا قىلدى. قوشۇنلار يەتتىنچى كۈنى كېلىپ بولدى، سەككىزىنچى كۈنى شەھريار يېتىپ كېلىپ بارگاھتا ئارام ئالدى.

بىر كۈنى گۇلبار شاھ بەھرام بىلەن ئەللىك مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ شەھەردىن چىقتى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىنىڭ قارشىدا بارگاھ تىكتى. كېچىسى ئىككى تەرەپ جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ جەڭگە چاقىرىشتى. شۇ كېچىسى گۇلبار ئەييار ساقىلىنى چۇشۇرۇپ، قەلەندەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ تاشقىرىغا چىقىپ جەمشىد بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە يەتتى. ھەر قانداق كىشى ئۇنى كۆرسە تۇخۇمدەك ئالتۇن بېرەتتى، ئۇ ئىسكەندەرنىڭ خاس ھەرىمىگە داخىل بولدى. ئالماس قۇللار ئىككى مىڭ كىشى بىلەن چېدىرنىڭ چۆرىسىدە پاسىبانلىق قىلىۋاتاتتى. گۇلبار جادۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ:

— ئىشلار ئاسان بولسۇن، — دېگەن ئىدى، ئالماس قۇللار مۇشتەك ئالتۇننى ئۇنىڭغا بەردى. ئالۋاستى گۇلبار جادۇ دەرۋىش ئىسكەندەرنىڭ ھىممىتىدىن سۆيۈنۈپ:

— ئەي شەھريار، مەن بۈگۈن كېچە بۇ ئورۇنغا داخىل بولدۇم. ئالتۇن، كۈمۈش جاۋاھىرغا تولدۇم، ئەگەر يۈز يىل يىسەممۇ تۈگىمەيدۇ، — دەپ ئۇلارنى سۆزگە تۇتۇپ ئۇيقۇغا كەتكۈزدى. گۇلبار جادۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ خاسخانىگە بېرىپ ئىسكەندەرنى كۆردى. مۈلكى ھېرمان ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئىككىسىنىلا بىھوش قىلىپ، ئىسكەندەرنى پەردىگە ئوراپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئىسفەھان شەھرىگە ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەرنى قەلئەنىڭ تۆۋرىگىگە باغلىدى. بۇ دۆۋە باغلانغان تۆۋرۈكلىك قەلئە ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ئىدى. ئۇ قەلئەنى شۇ چاغدا ياساتقان

ئىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ دىۋە تاغقا كېتىپ قەلئە قالغان ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئىسكەندەر بەند قىلىندى. ئەتىسى ئۇردىدىكىلەر قاراپ ئىسكەندەرنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ غۇلغۇلا پەيدا بولدى.

قىسسە، گۈلبار شاھ پەقەت گۈلبار ئەييارنىلا ئۇ قەلئەدە ئولتۇرغۇزدى. تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ بىر لەۋھەنى كۆردى. لەۋھەنـــى گۈلبار ئازغۇننىڭ نامىدا پۈتكەن ئىدى. سەردارلار ئاھ ئۇردى. ئارستو مۇھتەر نەسىمنى چاقىرىپ:

— بوۋا، بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ خەۋىرىنى ئېلىـــــپ كەلگىن، — دېگەن ئىدى، نەسىم راۋان بولدى. شاھزادە ئابدۇلھېمىدنى ئىسكەندەرنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى.

نەسىم گۈلبار شاھنىڭ بارگاھىغا يېتىپ بېرىپ، گۈلبار شاھنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بەھرام قۇيۇن خاقان ئوڭ قول تەرىپىدە، بەھرام كاۋ سول تەرىپىدە جالىنۇس داۋاگەر چوڭلىرى بىلەن ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. گۈلبار شاھ، گۈلبار ئەييارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشىنى باشقىلار بىلمەيدۇ، دەپ ئۇ بۇرادىرى گۈلبار ئەييارنى چاقىرىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تۇنۇگۈن كېچە ئىسكەندەرنى كەلتۈردۈڭ، بۇنىـــڭ ئۈچۈن ساڭا ئاپىرىن، — دېدى. نەسىم ئىچىدە:

— ئەي هارامزادە، بۈگۈن كېچە سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولاي، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئۇ تەرەپتە لەشكەرلەر سەپ تۈزۈدى. شاھزادە مۈلكى ئەلۋەس بىلەن ئۇ يەردە ئارام ئالدى. بەھرام قۇيۇن خاقان مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ھەرۇم نەۋجەۋان[1] ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا قەدەم قويدى. بەھرام نەيزىسىنـــى

---

[1] نەۋجەۋان ـ يىگىت، ئوغلان، باتۇر، قىران يىگىت.

ئۇنىڭغا ئۇرغان ئىدى، ھەرۇم نەۋ جەۋان قىلىچ تۇتقان قولىنى سوزۇپ، نەيزىنى قولىدىن تارتىپ ئېلىپ تاشلىۋەتتى. بەھرام قولىغا يەنە بىر نەيزىنى ئالماقچى بولغان ئىدى، ھەرۇم ئۇنىڭ بىلىدىن تۇتۇپ بىر قولى بىلەن بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىغان ئىدى، نەسىم يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بەھرام كاۋ مەيدانغا كىردى ئۇنى ھەم ئىگەردىن يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە ئاتتى. نەسىم ئۇنىمۇ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. بەھرام ئالتۇنكەش مەيدانغا كىرگەن ئىدى. ئۇنى ھەم ئېتىدىن ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. نەسىم ئۇنىمۇ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. گۈلبار شاھ بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ قەۋم بىلەن مەيداندا جەڭ قىلغىلى بولمىغىدەك، — دەپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە قايتىپ كەتتى. گۈلبار شاھ ئىسفەھان شەھىرىنىڭ قىرىق دەرۋازىسىنى مەھكەم ئەتتى. سېپىلنىڭ پوتەيلىرىنى جابدۇپ ئۆزى جالىنۇس بىلەن دەرۋازىنىڭ پەشتىقىدا تۇردى.

بۇ تەرەپتە قارا قويۇن خاقانى بىلەن ئىككى بەھرام ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا كىردى. ئەمما گۈلبار ئەييار ناپاك كېچىسى ئۇۋۇلىغۇچ مۇلازىمىنى چاقىرىپ، ساقىلىنى چۇشۇرۇپ، ئۆزىنى قەلەندەر سۈرىتىدە ياساندۇرۇپ، شەھەردىن چىقىپ، ئابدۇلھېمىدنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى بىھوش قىلىپ، شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا بەندكە تارتتى. قىسسە، قىرىق كۈندە ئۇ ناپاك قىرىق نەپەر نامدار باتۇرلارنى ئېلىپ كەتتى. مۇلكى ئەلۋەس:

— بوۋا، ئەمدى بۇ ئىشلارغا خاتىمە بېرەيلى، بارگاھىمىز قاچانغىچە مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئىگىسى بولسۇن، — دېگەن ئىدى. نەسىم:

— ئەي پەرزەنت، سەن بىلمەيسەن ئەگەر بۇ يەردىن

تاشقىرىغا چىقسام باقال ئوغرى - قاراقچىلار مېنى تۇتىدۇ، — دېدى. شۇ چاغدا ھېكىم (ئارستو) بىلەن ئەلۋەس:

ئەي ئاقساقال، سېنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭ ماڭا ئايان، — دەپ ئىككى تاۋاقتا ئالتۇن كەلتۇردى. نەسىم ئۆزىنىڭ خەزىندارىغا ئۇلارنى تاپشۇرۇپ قويۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كۆپ خىيال قىلىپ:

ھازىر شەھەرگە كىرگىلى بولمايدۇ، شەھەرنىڭ تاشقىرىدىن شەھەرگە كىرگىلى بولىدىغان لەخمە بارمىدۇ، دەپ ئويلاپ ئەييارلارنى تەلەپ قىلىپ يەتتە كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن شەھەرگە كىرىشنىڭ ئامالىنى قىلدى. نەسىم گۈلبار شاھنىڭ قەسرىگە يېقىنلاشتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئىشقا كىرىشتى.

بۇ چاغدا بىر مۇنچە قوم بېشىغا قويۇلدى. نەسىم ئەتراپقا قاراپ گۈلبار شاھنىڭ خاسخانىسىنىڭ پەنجىرىدىن بېشىنى تاشقىرى چىقاردى. ئەمما يەنە بىر قەۋەت توساق ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. گۈلبار شاھنىڭ پەرى قىز بىلەن مەي ئىچىۋاتقانلىقىنى دىمىقى پۇرىدى.

گۈلبار ئەييار دىللاكنى قىچقىرىپ ساقىلىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئۆزىنى قەلەندەر سۈرىتىدە ياساندۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ لەقىمى تىكەنسىز گۈل ئىدى. ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ مۇھەممەد شىرزاد بىلەن ئىسھاق ۋە ئەمىرخانلارنى نەغمىگە داخىل قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا نەسىم ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مۇلكى ئەلۋەسكە ئېيتقان ئىدى، مۇلكى ئەلۋەس:

— ھازىر ئىختىيار ئۆزەڭلاردە قانداق قىلساڭلار قىلىڭلار، — دېدى.

مۇھتەر دەۋران شۇ ھامان قىرىق نەپەر باتۇر بىلەن تۇرمەسىت، سەئىدان دۆنزاد ھەرۇم نەۋجەۋان ۋە دىلىم زەنگى

قاتارلىقلار ئوغلانلىرىنى باشلاپ ماڭدى.
ئەلقىسسە، نەسىم باتۇرلاردىن قىرىق كىشىنى باشلاپ گۈلبارنىڭ قەسرىگە يېتىپ باردى. ئۇ ناپاكنىڭ بىر نازىنىن بىلەن ئىشرەت سۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم پەردىنى ئېچىپ كىرگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەرۋەم نەۋجەۋان قولىغا شەمشەر بىلەن قالقاننى ئېلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ كېلىپ گۈلبار شاھنىڭ شەمشىرىنىڭ قىنىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ھەرۋەم تەرەپكە ئاتتى. لېكىن گۈلبار شاھ ئۇ يەردىكى يول بىلەن چىقىپ كەندمان تەرەپكە كەتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.
باتۇرلار شەھەرگە كىرىپ شەھەرنى ئىگىللىدى. ئاندىن ئىسكەندەر بىلەن سەردارلارنى قوتقازدى. قەلئە شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدە ئىدى. ئىسكەندەر ئۇ يەرگە كېلىپ بارگاھنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئارام ئالدى. شەھەر ئەھلى ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلدى.
گۈلبار شاھ بۇرادىرى گۈلبار ئەييار ۋە جالىنۇس بىلەن شەھرى كەندمانغا يېتىپ باردى. ئىسكەندەر نەسىمگە:
— بوۋا، شەھرى كەندماندىن گۈلبار شاھنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن، — دېگەن ئىدى، نەسىم قوبۇل قىلىپ كەندمانغا يۈرۈپ كەتتى.
نەسىم شەھرى كەندمانغا يېتىپ كېلىپ بارگاھنىڭ دەرۋازىسىغا باردى. جالىنۇسنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشتى. ئۇ گۈلبارغا ئىشارەت قىلغان ئىدى، گۈلبار ئەييار ئارقىسىدىن كېلىپ نەسىمنى تۇتۇپ يەردە ياتقۇزۇپ پۇت - قولىنى باغلىدى. جالىنۇس:
— بۇنى قىيناڭلار، — دېگەن ئىدى نەسىمنى قەپەزگە سولاپ تۆت كوچىغا ئېلىپ بېرىپ دارغا تارتىپ قاتتىق قىينىدى. نەسىم بىھوش بولۇپ ئۆزىنى يوقاتتى. ئۇلار نەسىمنى ئۆلدى دەپ بىلىپ ئۇنى سۇغا تاشلىۋەتتى. سۇ ئۇنى ئېقىتىپ

كەتتى. نەسىم بىر چاغدا كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ بېشىنى بىر شەھريارنىڭ قۇچىقىدا كۆردى. ئۇ شەھريار:

— ئەي مۇھتەر نەسىم، قوپقىن بىز ساڭا شىپالىق بەردۇق، — دېگەن ئىدى نەسىم:

— ئەي شەھريار سەن كىم؟ — دېدى. ئۇ:

— مەن مۇھەممەد ئابدۇللانىڭ بوۋىسى ئىبراھىم خەللۇللا بولىمەن، — دېگەن ئىدى، نەسىم:

— شەھريار، بۇ تاشلارنى تىللا قىلغىن، — دېدى. نەسىم بېرىپ ئۇ تاشلارنى بىر يەرگە توپلىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ھەزرەت غايىپ بولدى.

نەسىم ئوردىغا قايتىپ كېلىپ نەچچە نەپەر ئەييارلارنى ئېلىپ ئاشپەزلىك ئەسۋابىنى ئېلىپ كەندمانغا راۋان بولدى. نەسىم شەھرى كەندمانغا يېتىپ بېرىپ: «بەزى لەشكەر باشلىقلىرىگە ئەجەل يېتىپ ئۆلۈپتۇ ئۇلار غۇلامىنىڭ نېنىنى يەپتۇ» دەپ تۇرۇشىغا گۇلبار ئەييار دۇكانغا داخىل بولدى. بەرق فەرەڭى گۇلبارنى كۆرۈپ ئۇنى تۇتۇپ يەرگە ئۇردى. نەسىم ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. نۆۋەتچى ئۇنىڭ گۆشىنى پوشۇردى. ئەييارلارغا:

— سىلەر بۇ تائامنى كۆتۈرۈپ ئوردا تەرەپكە ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى. نەسىم گۇلبارنىڭ ئەڭگۇشتەرىنى تۇگۇۋالغان بارماقلىرىدىن ئېلىپ ئەڭگۇشتەر بىلەن قورالنى نۆۋەتچىلىك قىلىشۋاتقان ھەرۇم خوجايىنغا تاشلاپ بەردى. بۇ ئەڭگۇشتەرلەرنى بارگاھقا ئېلىپ بارغان ئىدى، گۇلبار شاھ ئۇنى كۆرۈپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. گۇلبار بارماقتىكى ئەڭگۇشتەرنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزى بەرگەنلىكىنى ئويلاپ ئاھ ئۇرۇپ:

— ئاشپەزنى كەلتۈرۈڭلار، — دېگەن ئىدى، نەسىم:

— ئەي گۇلبار، سەن ئەگەر ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلساڭ

كەلتۈرەي، ئەگەر ئىتائەت قىلمىساڭ گۈلبار ئەييارغا ئوخشاش بەندكە تارتىمەن، — دېگەن ئىدى، گۈلبار شاھ قورقۇپ كەتتى. گۈلبار شاھ جالىنۇسقا:

— ھېكىم قانداق قىلىمەن؟ — دېدى جالىنۇس:

— ئىتائەت قىلغىن، ئەگەر ئىتائەت قىلمىساڭ ئۆلىسەن، — دېدى. رەمل تارتىپ، ئىسكەندەرنىڭ نامىدا مۇقەددەس كىتابنى تۇتتى. جالىنۇس بولسا ئۆزىگە پال تارتىپ بېقىپ قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

گۈلبار شاھ ئوغۇللىرى بىلەن گەدىنىگە شەمشەرنى ئېسىپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا ماڭدى. نەسىم كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئەمىر شۇ چاغدا گۈلبار شاھ ئوغۇللىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەمىر شەمشەرنى ئۇنىڭ گەدىنىدىن ئالغان ئىدى، گۈلبار شاھ بىرلىشىش يۈزىسىدىن ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا بويسۇندى. ئىسكەندەر:

— ئەي گۈلبار شاھ، ئەگەر ئىسفەھاندا قالساڭ تولا ئوبدان بولاتتى. ئەگەر بىز بىلەن ماڭىمەن دېسەڭ ئۆزەڭنىڭ ئىختىيارى، — دېدى. گۈلبار شاھ:

— شەھريار، سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەن ئۈچۈن شەرەپ. مېنى ئەييارلار قاتارىدا كۆرگىن، مەن ئەييارلارغا خۇشتارمەن، — دېگەن ئىدى، ئەمىر ئۇنى زەبەردەست مۇھتەر بەرق فەرەڭنىڭ ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغۇزدى. بەھرام ئالتۇنچى گۈلبار شاھنىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇنى باتۇرلارنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغۇزدى. ئىسكەندەر ياخشى ۋاقىتتا شاھانە تەختنى شىراز تەرەپكە ئېلىپ بېرىشنى ئەمر قىلغان ئىدى، نەۋفىل شاھانە تەختنى ئېلىپ ئاتلاندى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## ئوتتوزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ شىراز تەرەپكە بارغانلىقى، نەسىمنىڭ ئارستونى قوتقۇزۇش ئۈچۈن ئەدەن مەملىكىتىگە ماڭغانلىقى

ئەلقىسسە، مەزكۇر داستاننى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر ساھىبقىران سانسىز لەشكەر بىلەن شىراز جەننەت ماكانىغا راۋان بولدى. رەۋزەبە شاھ ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شەھەرنى خىلۋەت قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇ شەھريارنىڭ قەدىمىگە ئىنتىزار بولۇپ يولىغا قاراپ تۇردى. ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى شەھرى ئەدەن[74]دىن (ئەدەن شەھرى) ئىشىتىڭ.

قىسسە، ئەدەننىڭ پادشاھىنى فەرىدۇن شاھ دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ:

— ئىسكەندەر ئىسفەھان شەھىرىنى ئېلىپ فارىسنىڭ (پارس) ئىشىنى قىلغىلى ئاتلىنىپتۇ، — دەپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ بىر ئەييارى بار ئىدى ئۇنى كەھەڭ ئەدەنى نەزەرۇ دەپ ئاتايتتى. فەرىدۇن شاھ ئۇنى چاقىرتىپ:

— ئەي كەھەڭ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۇنىڭ مەقسىدىنى ۋە سەردارلىرىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ كېلىشىڭ زۆرۈر بولۇپ قالدى، كېلىدىغان ۋاقتىڭدا ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىرى ئارستونى ئازدۇرۇپ ئوغورلاپ ئېلىپ كەلگىن، قورۇق

قول قايتىپ كەلمىگىن، ــ دېدى. مۇھتەر كەھەڭ قوبۇل قىلىپ ئىسفەھانغا راۋان بولدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا باردى. ئۇچىسىغا ئەسكى تېرىنى ئارتىپ مۇدىل بولۇپ ئوردىغا كىردى. ھەممە جايلارنى كېزىپ ئوردا بازارىغا يېتىپ باردى. ئەسكى تېرىنى ئىسكەندەرنىڭ كىشىلىرىگە سېتىپ، بارگاھى جەمشىدكە يېتىپ باردى. ئۇ بارگاھنىڭ ۋەزىيىتى ۋە باتۇرلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ئەلقىسسە، ئۇ قىرىق كۈن بارگاھ ۋەزىيىتىنى كۆزەتتى ۋە ئىسكەندەرنىڭ، سەردارلىرىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن ئارستونىڭ بارگاھىغا بېرىپ ئۇ يەردە ئارستونىڭ تۆت يۈز شاگىرتى بىلەن ئولتۇرۇپ سۆھبەت قۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەۋر تاقەت قىلىپ توردى. كەچ كىردى. ئارستو مەجلىستىن بوشاندى. شاگىرتلىرىنىڭ ھەممىسى ئارامگاھىغا كەتتى. ئارستو چېدىرىنىڭ پەردىسىنى ئېتىپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ چاغدا كەھەڭ بارگاھقا كىرىپ ئارستونى بىھوش قىلىپ، پەردىگە ئوراپ ئەدەن تەرەپكە راۋان بولدى.

كەھەڭ فەرىدۇن شاھنىڭ بارگاھىغا بېرىپ پەردە - گىلەمنى يەردە قويدى. پەردە - گىلەمنى ئېچىپ ئارستونى كۆرسەتتى. فەرىدۇن ئارستونى كۆرۈپ كەھەڭگە تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇپ:

ــ ئەي سەردار، ئارستونى ئۆزەڭ ساقلىغىن، ــ دېدى. ئۇ ئارستونى سۇلاپ شەھەردىكى تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاستى. ئارستو ئۈمىدسىزلەندى. ئەمدى بۇ تەرەپتىن سۆز ئاڭلايلى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر شىرازغا قاراپ ماڭدى. ئۇن كۈنگىچە بەرق فەرەڭدىن خەۋەر بولمىدى. ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئىسكەندەر بىلەن سەردارلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئون كۈندىن كېيىن بەرق فەرەڭى پەيدا بولدى. ئىسكەندەر:

— ئەي مۇھتەر، قەيەرلەردە يۈردۈڭ، — دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

— شەھريار، مەن مۇھتەر نەسىم، باتۇرلار بىلەن كېلىشمەسلىككە يولۇقتۇق. سىزلەرگە نىجاتلىق بېرىمىز دەپ ئۇلار ئالدىدا كەتتى. مەنكى بەندىڭىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ھالىم خارابلىشىپ ئارقامغا ياناي دەپ ئويلىغان ئىدىم يەنە ئاۋارچىلىققا ئۇچرىدۇم. كونا بىر لەقمە بار ئىكەن، پۇتۇم شۇ يەرگە كىرىپ كەتتى، ئۇ يەرگە يىقىلدىم. ناھايىتى چوڭ غارلارنى كۆردۈم. ئۇ غارلارنىڭ ھەممە يېرى بېزەكلىك ئىكەن. يەتتە يۈز ئەگىمىدە يەتتە يۈز پادىشاھنىڭ يۈزىنى پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن جاۋاھىردىن قىلغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ تېمى تىللادىن بولۇپ، بويىنغا تىللادىن زەنجىر باغلاپتۇ. يەنە بىر تەرەپكە قويۇلغان بېزەكلىك تەختنى كۆردۈم. چوڭ بىر ساندۇق بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشىك بار ئىكەن، ئىشىكى ئېتىك ئىكەن. ئەي شەھريار باتۇرلارنى ئەۋەتكىن ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلسۇن، — دېگەن ئىدى. شاھى ئالەم نەسىمنى بۇيرىدى.

نەسىم ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن تۆگىلەرنى ئېلىپ، بەرق فەرەڭى بىلەن ئىسفەھانغا راۋان بولدى. ئۇلار يېتىپ باردى. ئۇلار خەزىنىنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ كېلىپ، ئەمىرنىڭ خەزىنىسىگە قوشتى. مۇھتەر ئالدى بىلەن ساندۇقنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئاچقۇچنى ئىسكەندەرگە بەردى. ئىسكەندەر ئاچقۇچنى ئېلىپ، ساندۇقنى ئېچىپ، ئۈستىگە خەت پۈتۈلگەن لەۋھەنى كۆردى. لەۋھەدىكى خەتنى ئوقۇماقچى بولغان ئىدى، بىراق ئوقۇيالمىدى. نەسىمنىڭ قولىغا بەردى. چۈنكى نەسىم يەتمىش ئىككى خىل تىلدا ئوقۇپ سۆزلەيتتى. نەسىم لەۋھەنى كۆرۈپ:

— شەھريار، بۇ لەۋھە ئەدەمنىڭ چېگرا ئەھۋالىدىن بېشارەت بېرىپتۇ. ئەدەمنىڭ بايلىقىنىڭ سانى يوق ئىكەن، ئۇ

جايغا بارساق ھاكىملىرى مەلۇم بولۇر، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

ئەمىر شاد خۇرام بولۇپ ئولتۇردى. چۈنكى مۇندىن ئىلگىرى بىر شەخس ئۇ دىيارغا پادىشاھ ئىدى. گۈلبار شاھ ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بارغاندا ئۇ پادىشاھ قېچىپ كەتكەن. بۇ چاغدا ئۇ ئىسكەندەر ئىسفەھاننى ئېلىپتۇ دەپ ئاڭلىغان ئىكەن. ئىسكەندەر ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ قوشۇنى ۋە قورالى بىلەن ئىسفەھانغا ۋالى قىلدى.

يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەر نەسىمنى چاقىرتىپ:

— بوۋاجان، بىزگە فەرىدۇندىن باشقا بۇ يېقىندا كۈشەندە يوق. ئەدەن تەرەپكە بېرىپ ئارستۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسەڭ، ئارستۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن خەۋەر يوق، ئۇ بولمىسا پادىشاھلىقىمىز روناق تاپماس. يەنە مەن شىرازدا سېنى كۈتۈپ تۇرىمەن، — دەپ ئۈندىگەن ئىدى، نەسىم بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ رۇخسەت ئېلىپ ئەدەنگە قاراپ ماڭدى. نەسىم كەتكەندىن كېيىن ئىسكەندەر كۆچۈپ شىرازغا قاراپ ماڭدى. رۆزەبە بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقتى. شىرازنىڭ دۆلەت ئەركانلىرى يۇرت ئاكابىرلىرى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئىسكەندەرنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. لېكىن ئىسكەندەر ئارستودىن بەك دىلغۇل بولدى.

ئۇ تەرەپتە ئاشلىق ئامبىرىنى ساقلىغۇچى بوۋاي ۋە بۇلاڭچى سەردارلارنىڭ ۋەسۋەسى بىلەن ئاقچىنى دەپ دەريا ئۈستىگە ياسالغان كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەن ئىدى. مۇھتەر نەئىم بىلەن مۇھتەر نەسىم ئەييارلىق كارامىتى بىلەن ئەدەن مەملىكىتىگە بېرىشقا بەل باغلىدى. ئۇلار ئەدەن مەملىكىتىگە يېتىپ بېرىپ تېزلىك بىلەن فەرىدۇن شاھىنىڭ بارگاھىغا باردى. بارگاھىنى چۆرىلەردەك بېزەپ، تىللادىن ياسالغان يەتتە پەللەمپەيلىك تەختتە مەجلىسنى تۈزۈشكەن ئىدى قەيسەرنىڭ تۆرىسىگە تەخت

قويۇلغان بولۇپ ئۈستىدە فەرىدۇن شاھ ئولتۇراتتى. ئۇ يەتتە قۇبولۇق بېزەلگەن تاج كىيگەن ئىدى. بىر تەرەپتە فەرەڭ دەيۇز ئولتۇراتتى. مۇھتەر نەسىم فەرەڭنىڭ گۇدەك چىرايىغا قارىدى. ھاجەتسىز بولغان زۇرۇرىيەت يۈزىسىدىن، تەڭرىم، پاك دىيانەتلىك كىشلەرنى بۇ دەيۇزنىڭ ياۋۇزلىقىدىن ساقلىغىن، دەپ نالە قىلدى. ئاندىن كېيىن نەسىم ئەييار كەھەڭنى بارگاھنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەگەر ئۇ مەي دېسە ئاسمانغا چىققىن دېسىمۇ ياق دېمەس، ئىدى. ئۇ بارگاھقا كىردى. دۇئا سانانى فەرىدۇن شاھقا قىلدى. فەرىدۇن شاھ ئەييار كەھەڭگە:

— ئەي مۇھتەر كەھەڭ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئارستونى ئوغۇرلاپ كەلدىڭ، ئۇلارنى شۇنداق قورقۇتقىنىڭى، ئۇلاردىن بىرەرسى بۇ يەرگە كېلەلمىسۇن، — دېدى. كەھەڭ:

— شەھريار، سىز ئالدىراش بولۇۋاتىسىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئارستونى ساقلاشقا مېنى ئەمىر قىلدىڭىز، — دېدى. فەرىدۇن شاھ:

— ئارستونى ئوبدان ساقلىغىن، ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى ئېلىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېگەن ئىدى كەھەڭ جادۇ:

— شەھريار، خاتىرەڭنى جەم قىلغىن. ئارستونى قەپەزگە سولاپ تۆت كوچىغا ئېلىپ بېرىپ ئېسىپ قويدۇم، ئۆزەم ئەييارلار بىلەن ساقلاۋاتىمەن. ئارستونىڭ ئەتراپىغا كېلىشكە كىمنىڭ ھەددى، — دېدى. نەسىم ئارستونى كەھەڭنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئىچىدە خۇش بولدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: كەھەڭ ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئەتراپىنى كۆزىتىپ باقاي، دەپ تۆت كوچىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئارستونىڭ توۋرۇكتە ئېسىغلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. ئارستونىڭ دانا - دانىشمەنلىك سېخى خىسلىتىنى ئەلگە

بېغشلاپ، ئىشنىڭ ئالدىنى مۆلچەرلەشتەك پاراستىنى
ئويلىدى. نەسىم ئۆزىگە مۇشۇ جايدا تۇراي، كېچە بولسۇن،
ئاندىن ئارستونى ئېلىپ كېتەي، — دەپ پىكىر قىلدى. كەچ
كىردى. نەسىم قەپەزگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇراتتى. بىر
تەرەپتىن مەشئەل كۆرۈندى. ئەسلى كەھەك مەشئەل كۆتۈرۈپ
كەلگەن ئىدى. نەسىم ئۆزىنى چەتكە ئالدى. كەھەكنىڭ كۆزى
نەسىمگە چۈشۈپ ئۇنى تونۇدى. چۈنكى ئۇ نەسىمنىڭ سۈرىتىنى
بۇرۇن سىزغان ئىدى. كەھەك:
— ئەي مەرد چاكار، — دېگەن ئىدى. نەسىم:
— سەردار، مەنكى بەندە مەككىنىڭ مۇساپىر ئادىمى.
تىرىكچىلىك سارىسىمىدا، قاراۋۇللۇق قىلىش ئۈچۈن بۇ
شەھەرگە كەلگەن ئىدىم، — دېدى. كەھەك:
— ئاشىناڭ بارمۇ، بولسا كېلىپ ئاشىناڭنى ماڭا
كۆرسەتكىن، — دېگەن ئىدى، نەسىم:
— جۇر ئەمىسە، — دەپ ماڭدى، كەھەك نەسىمنىڭ
ئارقىسىدىن بىر ئاز ماڭغاندا، نەسىم ئۆزىگە، بۇ شەھەردە مېنىڭ
ئاشنام بولمىسا، ئۇنى قەيەرگە ئېلىپ بارارمەن، قىلىدىغاننى
ھازىر قىلاي، — دەپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ كەھەكگە ئېتىلغان
ئىدى، ئىككى يۈز ئەييار قولىغا خەنجەر ئېلىپ قەسىردىن
چىقىپ نەسىمنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. بىر ئاز ۋاقىت
ئۆتكەن ئىدى، نەسىم ئۇلارغا ۋارقىراپ نەچچىسىنىڭ
قورسىقىنى يېرىپ، يارىدار قىلدى. ئەييارلار ئۇنىڭغا تەڭ
كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، تۆت تەرەپتىن سالما تاشلاپ
نەسىمنى باغلىدى. بۇ چاغدا كەھەك:
— راست ئېيتقىن قېرى ئوغرى، ئېتىڭ نىمە؟ — سەن
كىمنىڭ ئەييارى، — دېگەن ئىدى، نەسىم:
— بىلىۋالغىن، مەن ئىسكەندەرنىڭ پىيادە قوشۇنىنىڭ
سەركەردىسى، نەسىم ئەييار بولىمەن، — دېدى. كەھەك:

— راست ئېيتتى، بۇت بىلەن پىرى — مۇرشىدلىرىم مۇرادىمنى ھاسىل قىلدى. ۋەزىرى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئەييارىنى قولغا كەلتۇردۇم، — دېدى، يەنە - سېنى تاڭلا فەردۇن شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، سېنى دارغا ئاستۇرىمەن، — دەپ نەسىمنى ئۆز چېدىرىغا ئېلىپ كېلىپ سولاپ قويدى.

تاڭ ئاتتى. كەھەڭنىڭ خوتۇنى مۇنچىغا بېرىپ قايتىپ كەلمىگەچكە كەھەڭ كېنىزەككە:

— بىخۇدلىق قىلماي بۇ تۇتقۇننى ئوبدان ساقلىغىن، — دەپ ئۆزى تۆت كوچىغا كەتتى. نەسىم شامغىچە قامالدى.

كەھەڭنىڭ خوتۇنى مۇنچىدىن قايتىپ كەلدى. كېنىزەك خانىسىگە كىرىپ:

— ئۇ كەھەڭنىڭ خوتۇنى بار تۇرسا، خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە نېمە ئۈچۈن خوتۇن بولغۇدەكمەن، — دەپ قىلغان نالە ئاۋازىنى كەھەڭنىڭ خوتۇنى ئاڭلاپ، كېنىزەكلەردىن:

— كەھەڭ كىمنى تۇتۇپ كېلىپ قاماپتۇ، دائىم مەن مۇنچىدىن كەلسەم مېنىڭ كۆڭلىمگە ئازار بېرىدۇ، — دېگەن ئىدى كېنىزەك:

— بىر مەرد بوۋاينى ئاشناڭنى كەلتۈرۈپ بەر — دەپ بەندكە تارتتى. ماڭا بۇ تۇتقۇننى قاراشقا تاپشۇردى، — دېگەن ئىدى. كەھەڭنىڭ خوتۇنى نەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي سەردار نېمە ئۈچۈن سېنى بەندكە تارتتى؟ سېنىڭ ئېتىڭ نېمە، — دەپ سورىدى. نەسىم ھەسرەت بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي مەلىكە، مېنى شاراپ پۇرۇش دەپ ئاتايدۇ. مۇھتەر كەھەڭ، دائىم مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ شاراپ ئىچەتتى. ئەمدى ئۇ ماڭا قىزىڭنى ماڭا بەرگىن بولمىسا سەندىن رازى بولمايمەن، — دەپ مەجبۇرلاپ مېنى سولاپ قويدى، — دېدى.

كەھەڭنىڭ خوتۇنى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خوتۇنلارچە رىشك ئوتى كۆچىيىپ چېچىنى يۇڭداشقا باشلىدى. ئۇ:

— ئەگەر سەن خالىساڭ ساڭا مېنىڭ جىسمىم پىدا بولسۇن، — دەپ كېنىزەكلەرگە ھەيۋە قىلدى. ھەتتا كەمىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ مۇھتەر نەسىمنى سۇلاقتىن چىقىرىۋەتتى.

— شاراپچى بوۋا، سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئىزدەپ قىزىڭنى قېرى مەككار كەھەڭگە بەرمەپسەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سېنى سۇلاقتىن قۇتقازدىم، — دېگەن ئىدى، نەسىم:

— ئەي مەلىكە، مەن سېنىڭ پەرمانىڭدىن ۋە تەلىپىڭدىن چىقمايمەن. ئەمما ھېچقانداق خەير - خىراجەم يوق، يىگىرمە تۈمەن قەرزىم بار، — دېگەن ئىدى، ئۇ خوتۇن نەسىمگە ئۈچ تۈمەن تىيىن بەردى. نەسىم پۇلنى كەمەرىگە باغلاپ كەھەڭنىڭ خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ تۆت كوچىغا يېتىپ باردى. مەشئەل كۆرۈندى. كەھەڭ ئەييارلىرى بىلەن مەشئەلنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. مۇھتەر نەسىم ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلارىنى بىلمىدى. ئاخىرى مەشئەلچىنىڭ قولىغا تاش ئاتقان ئىدى، مەشئەل ئۆچتى. بېرىپ مەشئەلچىنىڭ بېشىغا مۇشتى بىلەن ئۇردى. مەشئەلچى يىقىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا كەھەڭ بۇنى كۆرۈپ مۇھتەر نەسىمگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى، ئىسكەندەر ئەۋەتكەن شىراز لەشكىرى مەشئەلنى كەھەڭنىڭ يۈزىگە چېچىۋېتىپ بىر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. كەھەڭ:

— بۇ يەردە ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى بار ئىكەن، مۇھتەر نەسىمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېلىپتۇ، مەن ئۆيگە بېرىپ قاراپ باقاي، نەسىمنى ئېلىپ كەتمىگەندۇ، — دەپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئۆيىگە كەلگەن ئىدى، كېنىزەكلەر ئۇنى ئورۇۋېلىپ ئىشنى مەلۇم قىلدى ۋە مەزلۇملار بىرلىشىپ كەھەڭنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىشقىلى تۇردى. كەھەڭ:

— مەن سېنىڭ ئېرىڭ، نېمە ئۈچۈن مېنى ئۇرىسەن، — دەپ ۋارقىرىغان ئىدى، خوتۇنى:

— ھەي ئۆلگۈر، خالىساڭ شاراپچىنىڭ قىزى بىلەن بولغىن، ماڭا كۆز قولاق بولمىغىن، — دەپ دەرھال كېنىزەكلەرگە:

— ئۇرۇڭلار بۇ ھىيلىگەرنى، مەن شاراپچى، بوۋاينى قويۇپ بېرىۋەتتىم، — دېگەن ئىدى، كەھەڭ:

— ئەي ۋالاقتەككۇر، لاتقا[1] قەسەم قىلىمەنكى، ئۇستۇڭگە قەتئىي خوتۇن ئالمايمەن. ھەرگىز بۇ ئىشنى قىلمايمەن، — دېدى. خوتۇنى:

— سۆلاقتىكى كىشىنى قويۇپ بەردىم، — دېگەن ئىدى. كەھەڭ:

— ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئەيىارى، ئۇ ئىسكەندەر زۇلقەر نەيىن[2] نىڭ ئەيىارى بولىدۇ، ئۇ ساڭا ۋەز ئېيتىپ يالغان سۆزلەپ قېچىپتۇ، — دېدى. خوتۇنى ئۇنىڭ نەسىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تولا شەرمەندىلىك قىلغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئۆزىگە: ئەمدى پۇشايمان قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىكەيسىز.

---

①لات ـ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ تىۋىنىدىغان بۇتلىرى، لات بىلەن مەنات ئەڭ ئاتاقلىقلىرىدۇر.

②زۇلقەر نەيىن ـ ئىككى مۈڭگۈزلۈك؛ ئىسكەندەر شاھنىڭ لەقىمى.

# ئوتتۇز بىرىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەدەن شەھىرىدىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانلىقى، ساھىبقىران-نىڭ ئىككى قىتىم شەھرى ئەدەنگە بىرىپ باتۇرلارنى ئەۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇھتەر دەۋران كەھەڭنىڭ ئالدىدىن ئىرىنچىكلىك بىلەن ماڭدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: ئەگەر بۇ شەھەردە قالسام تۇتۇلۇپ قالىمەن. ساھىبقىران ئارستونىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالمايدۇ. ئامال شۇكى، شىراز تەرەپكە بىرىپ ئۆزەمنىڭ ئەھۋالنى ۋە ئارستونىڭ ئەھۋالنى ئەمىرگە مەلۇم قىلاي. ئەگەر يەنە تۇتۇلۇپ قالسام ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇرمۇ، — دەپ يەلتاپان بولۇپ شەھرى ئەدەندىن چىقىپ دەريانىڭ بويى بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ شىراز شەھىرىگە كىلىپ، ئەھۋالنى ئەمىرگە بايان قىلغان ئىدى، ئىسكەندەر:

— ئەي سەردار، شەھرى ئەدەنگە يەنە بارغىن. مەن سەن ئۇچۇن مۆھلەت بىرىمەن ئەگەر ئارستونى قۇتقۇزساڭ دىگىنىڭنى بىرەي، — دىگەن ئىدى مۇھتەر. نەسىم تەزىم قىلىپ ئىككىنچى قىتىم يەنە ئەدەن شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئاندىن كىيىن، ئەمىر:

— باتۇرلار نەۋفىلنىڭ ئارقىسىدىن مىڭلار، — دىگەن ئىدى، تۇرمەست بىلەن سەئىدان ۋە بەھزادلار ئاتلاندى. بۇ ئۈچ

باتۇر توقسەن مىڭ لەشكەر بىلەن نەۋقىلىنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چىقتى. ئۇلار يولدا نەۋقىلگە يېتىشىپ بازار ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاندىن كېيىن ئەدەنگە يېتىپ باردى. ئۇلار شەھەر سىرتىدا بارگاھى جەمشىتنى بەرپا قىلدى.

فەرىدۇن شاھقا خەۋەر يەتتى. فەرەڭ دېۋىزاد يۈز ئەللىك مىڭ قوشۇننى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىنىڭ قارشىسىدا شاھانە بارگاھىنى تىكتى. بىر كېچە ئۆتتى. فەرھەڭ جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ ئىسكەندەرنى جەڭگە چاقىردى. ئىسكەندەرنىڭ سىپاھلىرى ھەم جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. شۇ چاغدا كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈشتى. فەرەڭ دېۋىزاد قوش تىغلىق دەستورنى ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ تەرەپتىن تۆرمەست ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا كېلىپ فەرەڭنىڭ ئالدىنى توسىدى. تۆر نەيزە ئۇرماقچى بولغان ئىدى، فەرەڭ قوش تىغنى ئايلاندۇرۇپ تۆرنىڭ ئېتىنىڭ كاللىسىغا شۇنداق ئۇرغان ئىدى، ئاتنىڭ مېڭىسى بۇرنىدىن تۆكۈلدى. تۆرئات بىلەن تەڭ موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئاتنى قوزغىماقچى بولغان ئىدى فەرەڭ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇشۇپ چېلىشىشقا كىرىشتى. خوپ ئېلىشقاندىن كېيىن فەرەڭ جەبدەستلىك بىلەن تۆرنى ئارقىسىغا ئىتتىرىۋەتتى. ئىرادە بىلەن تۆرنىڭ پۇتى چاشقان تۆشۈكىگە كىرىپ قېلىپ قايرىلىپ كەتتى. فەرەڭ كېلىپ تۆرنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەرنىڭ غالچىسى، دېدى - دە، — ئىسكەندەرنىڭ چۈپرەندىلىرى كېلىڭلار. بۇ ناكارنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. تۆر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئاھ ئۇردى.

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى تۆرنى مەيداندىن ئېلىپ

چىقتى. فەرەڭ قايتىپ ئۆز بارگاھىغا باردى. ئەمدى مۇھتەر نەسىمدىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

نەقىلچى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇھتەر نەسىم شەھرى ئەدەنكە يېتىپ كەلدى. مۇھتەر ھەندان بىلەن زەرقانمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ مۇھتەر كەھەڭنى كۆردى. ئىككى يۈز ئەييار ئارستونى تۆت كوچا ئوتتۇرىسىدا كۈزىتىپ تۇراتتى. زەرقان تۆت كوچىنىڭ ئېگىزرەك جايىغا چىقىپ قەپەزنىڭ يۇقىرىغا چىققۇۋاتقانلىقىنى ۋە قەپەزنى يۇقىرىغا تارتقان ئەييارلارنى كۆردى. زەرقان ئۆگزىگە چىقىپ قەپەزگە يېقىن كەلدى. ئۇ بىر قولىدا قەپەزنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن خەنجەرنى ئېلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشتى. زەرقان قاچماقچى بولغان ئىدى، ئەمما قېچىشقا يول تاپالمىدى. قەپەزنى ساقلاۋاتقانلار زەرقاننى قورشىۋالدى، زەرقان ئۇلاردىن ئۈچىسىنىڭ قارنىنى تۆكۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى ئەييارلارنى قاچۇرۇۋەتتى. باشقا ئەييارلار كەھەڭگە خەۋەر قىلغان ئىدى، كەھەڭ يۈگۈرۈپ تۆت كوچىنىڭ ئۆگزىسىگە كېلىپ ھەيۋە قىلىپ:

— ئېلىپ كېتىشكە يول قويماڭلار، ئۇنى كەتكۈزۈۋەتمەڭلار، — دېدى. ئەييارلار ھۇجۇم قىلدى، زەرقان ئازاراق تەمتىرەپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىرى قەپەزنى تاشلاپ بىر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. كەھەڭ ئۆزىنىڭ ئەييارلىرىغا:

— قەپەزنى ئېلىپ كېتىڭلار، — دەپ، ئۆزى زەرقاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. شۇ ئەسنادا ئەييارلار قەپەزنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن تالاش - تارتىش قىلىشىپ قالدى. بىر ئەييار:

— سەن كۆتەرگىن، — دېگەن ئىدى يەنە بىر ئەييار:

— ئۆزەڭ كۆتەرگىن، — دېدى. چۈنكى قەپەز ئېغىر ئىدى. شۇ ئەسنادا ئەييارلارنىڭ پېشۋاسى مۇھتەر نەسىم تۆت

كوچىغا كەلدى. ئۇ قەپەزنىڭ نەدىلىكىنى تاپالمىدى. ئۇ ئۆگزىدىن غەۋغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. نەسىم ئۆگزىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ قەپەزنى ئۆگزىدە قويۇپ قويغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سەن كۆتەرگىن دېسە، سەن كۆتەرگىن دەپ بىر-بىرىڭلار بىلەن بىر قەپەزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جېدەل قىلىشىسىلەرغۇ، — دەپ قەپەزنى كۆتۈرۈپ ئېگىز تامنىڭ ئۈستىدىن پەسكە چۈشۈردى. ئاندىن تۆت كوچىغا ئېلىپ كېلىپ بىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەييارلارمۇ نەسىمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. نەسىم خۇددى چاقماقتەكلا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىپ بولدى. ئەييارلار:

— قەپەزنى ئېلىپ قېچىپتۇ، — دەپ كەھەڭگە خەۋەر قىلدى، ئەييارلار چۇقىراشتى. ئىزدەپمۇ ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلالمىدى. كەھەڭ ئاھ ئۇردى.

گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، مۇھتەر نەسىم ئۆزىنى چەتكە ئالغان چاغدا ئارستوغا ئاللىمۇ قاچان نىجاتلىق بەرگەن ئىدى. نەسىم سېپىلنىڭ پوتىيىدىن ئارغامچا تاشلاپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئارستونىڭ بېلىغا باغلاپ ئۇنى سېپىلدىن چۈشۈردى. ئارستو قەلئەنىڭ تېشىغا چۈشۈپ ئارغامچىنى كەمىرىدىن يېشىپ مۇھتەر نەسىمگە بەردى. مۇھتەر نەسىم ئارغامچىنى تۇتۇپ سېپىلدىن چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئارستونىڭ پۇتى تېيىلىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئەي نەسىم، مېنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى، — دەپ ۋارقىرىدى. نەسىم سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئارستونى كۆرەلمىدى. سۇ بويىدا قويۇق دەرەخ بار ئىدى. نەسىم بىر دەرەخكە چىقىپ يۇقىرى - تۆۋەنگە قارىدى. لېكىن ئارستونى تاپالماي ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئوردىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ تەرەپتە فەرىدۇن شاھ يىراقتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. نۇرغۇن لەشكەرلەر قىيامەت ئەسىرى بىلەن نامايان بولدى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن ساھىبقىران ئاندىن بارگاھ تىكىپ بارگاھقا كىردى. فەرىدۇن شاھ:

— بۇ ئىسكەندەر ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تاجدار شاھ ئىكەن، — دېدى. ئەمما ئىسكەندەر بارگاھتا ئولتۇرۇپ:

— نەسىمدىن خەۋەر يوق، — دېگەن ئىدى مۇھتەر زەرقان، مۇھتەر ھەندان نەسىمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەمىرگە خەۋەر قىلدى. نەسىم بولغان ئەھۋاللارنىڭ جەريانىنى ئەمىرگە بايان قىلدى. ئىسكەندەر خاتىرجەم بولدى ۋە:

— ئۇنداق بولسا ئارستو كېلىدۇ، — دەپ ئىنتىزارلىق بىلەن يولغا قاراپ كۈتۈپ ئولتۇردى. نەسىم چىقىپ كېتىپ كۈن ئولتۇرغاندا خەۋەر ئېلىپ كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر غەزەپلىنىپ، ئىلاندەك تولغىنىپ:

— ئەي يارامسىز خۇنپەر، سېنى ئارستونى قۇتقاز دەپ ئەۋەتسەم سەن ئارستونىڭ يوقالغانلىقىنى خەۋەر قىلىسەنغۇ، — دېدى. نەسىم:

— شەھريار، مەندە ئەيىپ يوق.........

ئۇ تەرەپتە فەرىدۇن شاھ بارگاھىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى.

— بىر ھېكىمى خۇدا پەرەسلەر تەرىپىدىن قېچىپ، بىزدىن پاناھلىق تىلەپ كېلىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ كۆرۈنۈش قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ، — دەپ مۇلازىملار بىر كىشىنىڭ كەلگەنلىكىنى يەتكۈزدى. فەرىدۇن شاھ:

— باشلاپ كىرىڭلار، — دېگەن ئىدى جالىنۇس ئەل بۇزار بوزۇق بۇ يەردە پەيدا بولدى. ھەم ئىسكەندەر تەرەپتىكىلەردىن بولۇپمۇ نەسىمدىن زارلىنىپ ئۇنىڭ نۇرغۇن شىكايىتىنى

قىلدى. فەرىدۇن شاھ:

— نېمە ئۈچۈن نەسىمنىڭ شىكايىتىنى قىلىسەن، ئۇ پىيادە يالاڭتۆش قانچىلىك ئىدى، ئەيياردىم كەھەك يەلتاپان ئۇنىڭدىن قىلىشمايدۇ. سەن ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ سەن بىلەن نەسىمدەكلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىشىدۇر، — دېدى.

جالىنۇس:

— شۇنداق بولۇشىنى كۆرەرمەن دېدى. بۇ چاغدا كەھەك كېلىپ نەسىمنىڭ ئارستۇنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ يەنە:

— ئەگەر رۇخسەت بەرسىڭىز، ئارستو ئىسكەندەرنىڭ ئۇۋىسىدا بار. ئۇنى ئوغورلاپ كەلسەم، — دېگەن ئىدى فەرىدۇن شاھ كەھەككە رۇخسەت بەردى. كەھەك ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى.

كېچە بولدى. ئىرادە بىلەن ئۇ كېچىسى ئىسكەندەر ئارستونىڭ غېمى بىلەن ئۇخلىمىغان ئىدى. بىر ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى. ئۇ كەھەك ئىدى. ئىسكەندەر كەھەكنىڭ قولاق تۈۋىگە بىر شاپىلاق ئۇرغان ئىدى يەرگە نەقش بولدى. ئەمىر ساراي باقاۋۇللىرىنى چاقىرغان ئىدى ساراي باقاۋۇللىرى كېلىپ كەھەكنىڭ پۇت - قولىنى باغلىدى. ئەمىر:

— راست ئېيتقىن سېنى كىم ئەۋەتتى؟ — سەن كىمنىڭ ئەييارى؟ — دېگەن ئىدى، كەھەك:

— شەھرىيار، مېنى مۆھتەر كەھەك تېز يۈرەر دەپ ئاتايدۇ. فەرىدۇن شاھنىڭ ئەيپارى بولىمەن. ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەلگىن دەپ مېنى فەرىدۇن شاھ ئەۋەتتى. ھازىر مەن سىزنىڭ تەڭرىڭىزنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم، — دەپ ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا بويسۇندى. ئەمىر بۇيرىغان ئىدى قولىنى بەردى. ئۇ ھارامزادە ئەسلىدە قۇرۇقۇندىن ئىتىقادىنى

توغرىلىغان ئىكەن.

بىر كېچىسى كەھەڭ ئەمىرنىڭ خانىسىگە باردى. بۇ چاغدا ئالماس قول ئىسكەندەرنىڭ خاسخانىسىنىڭ ئىشىكىگە بارغان ئىدى، قاراڭغۇدا بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلاپ تەئەججۇپلىنىپ خاسخانىغا كىردى. ئۇ يەردە كەھەڭنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئەمىرنىڭ قېشىدا تۇراتتى. ئالماس قول:

— ئەي ناپاك، قولىڭنى تارتقىن، — دەپ ۋارقىرىغان ئىدى. ياتقان ساھىبقىران ئالماسنىڭ ۋارقىرىشىدىن يولۋاستەك جايىدىن سەكرەپ تۇردى. كەھەڭ بۇنى كۆرۈپ چېدىرنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ بەدەر قاچتى. ئەييارلار ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈگۈردى. ئۇ ناپاك جىندەك يوقالدى. ئەييارلار ئۇنىڭ ئىزىنىمۇ كۆرەلمىدى.

تاڭ ئاتتى. ئەمىر مۇھتەر بەرقنى چاقىرىپ:

— ئەدەن دەرياسىغا بېرىپ ئارستونى ئىزدەڭلار، چۈنكى گەدىنىمىزدە ئارستونىڭ ھەققى بار، — دېگەن ئىدى، مۇھتەر بەرق فەرەڭى قىرىق فەرەڭ ئەييارى بىلەن ئەدەن دەرياسى تەرەپكە كەتتى.

كەچ كىردى. ئۇ تەرەپتە فەرىدۇن شاھ ئەمرقىلغان ئىدى جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىغا چالدى. ئىسكەندەر ئوردىسى تەرەپتىنمۇ جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ياڭرىدى. ئەفلاتۇن دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئالەم گۇمبىزىگە يەتتى. ئەدەنىنىڭ مەرتلىرى:

— تاغ - دەريا، دەشت - سەھرانى بىر ئالغان بۇ قانداق سادادۇر، — دېگەن ئىدى، كەھەڭ:

— بۇ ئىسكەندەرنىڭ جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى. ئەفلاتۇن ئىسكەندەر ئۈچۈن ياساپ بەرگەن دۇمباق ساداسى. بۇ غەلىبە نۇسرىتىنىڭ دۇمباق ساداسى، — دېدى. فەرھەڭ:

— ئەگەر، ئۇ دۇمباقنى ئېلىپ كەلمىسەم مەرد بولماي

كېتەي، — دېدى.

ئەلقىسسە، تاڭ ئاتتى. ئىككى تەرەپتىن «ئاتلان» «ئاتلان» سادالىرى ياڭرىدى. چاپ - چاپ باشلاندى. ئەمىر جەمشىد تەختىنىڭ ئەلىمى ئاستىدا ئولتۇردى. فەرھەڭ دېۋزاد مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بەھزاد پالۋان ئەمىردىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا داخىل بولۇپ نەيزىسىنى فەرھەڭنىڭ كۆكرىكىگە ئۇردى. فەرھەڭ دېۋزاد قوش تىغلىق قىلىچىنى بەھزادنىڭ بىلىكىگە ئۇرغان ئىدى، بەھزادنىڭ نەيزىسى سۇنۇپ كەتتى. بەھزاد دەرغەزەپ بولۇپ تۆت قىرلىق ساتورنى چىقىرىپ فەرھەڭگە ھۇجۇم قىلدى. فەرھەڭ بەھزادنىڭ ساتورىنى تۇتۇپ غەزەپ بىلەن قولىدىن تارتىۋېلىپ چۆرىۋەتتى. ئاندىن قوش تىغلىق خەنجىرىنى بەھزادنىڭ بېشىغا ئۇردى. بەھزاد بېشىغا قالقان تۇتتى. قوش تىغ كاللىسىغا تېگىپ يارىلاندۇردى. ئەييارلار بەھزادنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما فەرھەڭ كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ مەيداندىن چىقىپ ئارامگاھىغا ياندى. ئەمىر جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىغا چالدۇردى.

سۇبھى كازىپ ۋاقتىدا ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر - بىرىنىڭ قارشىسىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. فەرھەڭ دېۋزاد يەنە مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. . . . . . . . [1] سەئىدان ئىجازەت بىلەن مەيدانغا كېلىپ فەرھەڭنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئىككى باتۇر بىر - بىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. نەيزە، شەمشەر ۋە سىرتماق تاشلىشىپ ئۈنىگىدىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. ئۇلار قاتتىق تىركىشىپ ئېلىشتى. ئۇلار ئېلىشىپ تۇرسۇن. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

---

[1] قولىيازمىنىڭ مۇشۇ يېرىدە، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 17.5 س م، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 19 س م ئورنىدا ئېگىزلىكى 9 س م، ئۇزۇنلۇقى 7 س م بولغان قولىدا قىلىچ تۇتۇپ ئات ئۈستىدە تۇرغان بىر چەۋەندازنىڭ سۈرىتى سىزىلغان.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سۇرخاپ دىۋە تۆت يۈز دىۋە بىلەن شاھزادە فەرھەڭنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەدەنگە راۋان بولدى. ئۇ دەل سەئىدان بىلەن فەرھەڭ ئېلىشىۋاتقان چاغدا يېتىپ كەلدى.

ئۇ تەرەپتە ئەرجەڭ دىۋە باشلىق بارلىق دىۋىلەر سەئىدانغا مەدەت بەرگىلى كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئەرجەڭ دىۋە:

— پەرزەنتىمگە، فەرھەڭ دىۋە خەتەر يەتكۈزۈپ قويمىسۇن، — دەپ ئۈچ يۈز دىۋىنى ھەمراھ قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئاسمان بوشلۇقىدا سۇرخاپ دىۋە قىلىچىنى ئەرجەڭ دىۋىگە ئۇرغان ئىدى ئەرجەڭنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى سۇنۇپ كەتتى. ئۇ دىۋە مۈللاق ئېتىپ يەرگە چۈشتى. بۇ چاغدا فەرھەڭ سەئىدان بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. سەئىدان پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىغا زارلىنىپ دۇئا قىلدى. يەگانە پەرۋەردىگار ھاۋادىن ئەرجەڭنى شۇنداق چۈشۈرۈۋەتكەن ئىدى فەرھەڭنىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى. سەئىدان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىدى. فەرھەڭ يەردە ياتقان ئىدى، ئەييارلار كېلىپ پۇت - قولىنى باغلاپ ئەلەم ئەجدىھاسى (ئىسكەندەر) نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ساھىبقىران ئۇنىڭغا كۆپ تەھسىن قىلدى. بۇ ھەقتە ئەۋرەڭ دىۋىگە خەۋەر يەتكەن ئىدى، ئۇ كۆكتە تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىدى، بۇ چاغدا سەئىدان فەرەڭنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. فەرىدۇن شاھ ئاھ ئۇرغىنىچە ئوردىسىغا داخىل بولدى. ئۇ تەرەپتە سۇرخاپ ئەرجەڭ دىۋىلەرگە شىكەستە بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. ئىسكەندەر سۇرخاپقا كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى. فەرھەڭنى سەئىداننىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىشىغا تاپشۇردى. سۇرخاپ:

— مەن سۇرخاپقا (قىزىل دەريا) غا يېنىشىم كېرەك، چۈنكى ئۇ يەردە مېنىڭ دۈشمىنىم بار، — دەپ دۇئا قىلىپ

پەرۋاز قىلىپ قايتىپ كەتتى. سەئىدانمۇ ئۆز بارگاھىغا باردى. ئۇ فەرھەتنى چاقىرغان ئىدى، فەرھەت كەلدى. سەئىدان:

— مەن شۇنداق باتۇر مەنكى، سىنى تۇتۇپ قولۇڭنى باغلىدىم. ئۆز بارگاھىمغە ئېلىپ كەلدىم، — دېگەن ئىدى، فەرھەت لاپ ئۇرۇپ:

— مېنىڭ قولۇمنى باغلىيالمايسەن، ئەي ئەقىلسىز، مەرتلىك قىلىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ، ئەپسۇسكى، مەرتلەرنىڭ نامىنى ئۆزەڭگە قويۇپسەن، پەقەت بۇ قېتىم پۇرسەت ساڭا يار بولدى، — دەپ قاتتىق ۋارقىرىغان ئىدى، سەئىدان ئىچىدە غەزەپلەندى. ياندا تۇرغان شاراپنى ساقىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ فەرھەتنىڭ بېشىغا ئاتتى. فەرھەت دۈشمەنىڭ ئارزۇسىدىن ئۇچىپ بوشاپ زور بىلەن كېرىلگەن ئىدى ئارغامچىلارنى ئۈمۈچۈكنىڭ تورىدەك پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئۇ زەنجىر بىلەن نەيزىنى قولىغا ئېلىپ سەئىدان بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ بارگاھنىڭ ئىچىدىن تاشقىرىغا چىقتى. سەئىدان قولىغا ساتور ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى ۋە نۇرغۇن ئادەملەر فەرھەتنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. شۇ ئەسنادا ئەرجەڭ دىۋە مۇڭگۈزى سۇنۇق ھالدا يېتىپ كېلىپ فەرھەتنىڭ كەمىرىنى تۇتۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ساھىبقىران بۇ ئىشتىن ناھايىتى ئەپسۇسلاندى ۋە ئاچچىقلاندى. سەئىدان ھەم بۇ ئىشتىن تولا خىجالەت بولدى. بۇ قىسسە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى ئارستودىن نەچچە كەلىمە ئىشتەيلى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى قىسسە، ئارستونىڭ دەرياغا غەرق بولغانلىقى، بېلىقچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئارستونىڭ دەريادىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقى

ئەلقىسسە، نەقىلچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئارستو دەرياغا غەرق بولدى. يۇت تېپىپ سۇ يۈزىدە كېلىۋاتاتتى دەريانىڭ قىرغىقىدا بېلىق تۇتۇۋاتقان بېلىقچىلار بىر كىشىنىڭ ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىق قارىسىنى كۆرۈپ، بىر بېلىقچى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئارستونى تۇتۇۋالدى. ئۇنى دەريانىڭ قىرغىقىغا ئېلىپ چىقتى. بېلىقچى بىر نورانە شەخسنى كۆردى ۋە:

— ئەي مەرد[1] سەن كىم؟ سېنى كىم دەرياغا تاشلىدى؟ — دەپ سورىغان ئىدى. ئارستو:

— مەن سودىگەر ئىدىم، نۇرغۇن ماللىرىم بار ئىدى، دەريادا كېمە بىلەن كېتىۋاتاتتىم، توساتتىن بىر قانچە قاراقچىلار مېنى ئۇرۇپ ماللىرىمنى تارتىۋېلىپ، مېنى دەرياغا تاشلىۋەتتى، — دىدى. بېلىقچى:

— سەن مۇساپىر ئىكەنسەن، پۇلۇڭمۇ يوق ئىكەن، سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەپ شەھەرگە بارىمەن، ماڭا شاگىرت بولساڭ، سېنىڭ تۇرمۇشۇڭ ئوبدان ئۆتىدۇ، — دېدى.

ئارستو بۇ يەردىن ئەدەنگە بارىدىغان يول بارلىقىنى بىلمەيتتى، لېكىن بۇ جايغا ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى يېقىن

---

[1] مەرد ـ ئەر، ئەر كىشى، باتۇر، غەيرەتلىك ۋە ھىممەتلىك كىشى.

ئىدى. ئۇ بېلىقچىنىڭ پىكىرىگە رازى بولدى. ئۇ بېلىقچىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بېلىقچى بىلەن بېلىق ساتقىلى ئەدەن شەھىرىگە كەلدى. بېلىق ساتقۇچىنىڭ دۇكىنىدا شاگىرت بولدى.

ئۇ تەرەپتە فەرھەڭ سەئىدانىنىڭ بارگاھىدىن قېچىپ چىقىپ فەرىدۇننىڭ بارگاھىغا كەلدى. فەرىدۇن شاھ فەرھەڭنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئەمىر قىلغان ئىدى، جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىغا چېلىشقا باشلىدى. كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈشتى. فەرھەڭ مەيدانىغا چۈشۈپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئەلەمنى كۆزەتكۈچى شىرزادە مۇھەممەد ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەزىم قىلىپ تۇرغان ئىدى، ئەمىر رۇخسەت بەردى. ئۇ مەيدانغا كېلىپ فەرھەڭنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. مۇھەممەد شىرزاد نەيزىسىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ فەرھەڭنىڭ نەيزىسىنى قولىدىن تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى، فەرھەڭ دەرغەزەپ بولدى. ئۇ ياندا تۇرغان كەھەڭنىڭ قولىدىن ساتورنى ئېلىپ، مۇھەممەد شىرزادغا ئاتتى. شىرزادە ئۆزىنى ئاتنىڭ يالىغا تاشلىدى. فەرھەڭ ئاتقان ساتورى ئاتقا تېگىپ ئاتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. مۇھەممەد شىرزاد سەكرەپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. فەرھەڭ ئات ئۈستىدە ئىدى. مۇھەممەد خەنجەر ئۇرۇپ ئاتنىڭ تۆت ئايىقىنى قەلەمچە قىلدى. فەرھەڭ ھەم يىقىلدى. فەرھەڭ ئاتنىڭ ئاستىدىن قوپۇپ مۇھەممەدنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ كۈن ئولتۇرغىچە ئېلىشتى. ھەر ئىككىسىگىلا نۇسرەت ئاتا بولمىدى. بىر - بىرىسىدىن قورقۇپ قالمىدى. ئاخىرى بىر - بىرىدىن قولىنى يىغدى. ھەر ئىككىسى ئۆز قوشۇنلىرى تەرەپكە باردى. شېئىر:

شەپ ئامەد تەبل ئەسايىش سەدا گەرد،
دۇۋلەشكەر رازىگەدەكى جۇدا گەرد.

ساھىبقىران مۇھەممەد شىرزاتقا كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى.

ھەم ئۇنىڭدىن بەك سۆيۈندى. فەرھەڭ ئۆز ئوردىسىغا بېرىپ غەزەپ - نەپرەتتە تېشىپ:

— جەڭ دۇمبىقى چېلىنسۇن، — دەپ بۇيرىدى. ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىدىن ئەفلاتۇن دۇمبىقىنى ياڭراتتى. فەرھەڭ ئەفلاتۇن دۇمبىقىنىڭ ساداسىنى ئىشىتىپ:

— ئەگەر بۈگۈن كېچە ئەفلاتۇن دۇمبىقىنى ئېلىپ كەلمىسەم دۇنيادا مەرد بولماي كېتەي، — دەپ مۇھتەر كەھەڭنى ئالدىغا سېلىپ دۇمباقنى ئەكىلىشكە ماڭدى. ئۇلار دۇمباقخانىغا يېتىپ بېرىپ كەھەڭگە:

— تۆگىنى ئېلىپ كەلگىن، — دېگەن ئىدى، تۆگىنى ھازىر قىلدى. فەرھەڭ ئاتتىن يەرگە چۈشۈپ قولى بىلەن دۇمباقنى ئېلىپ، كەھەڭگە تاپشۇردى. كەھەڭ دۇمباقنى تۆگىگە ئارتتى. فەرھەڭ تۆگىگە مىنگەن ئىدى، دۇمباقچىلار قورقۇپ قاچتى. فەرھەڭ كەھەڭگە:

— دۇمباقنى شادىيانىغا چېلىڭلار، — دېگەن ئىدى، دۇمباقنى چېلىپ ئوردىنىڭ ئىچىدىن ئۆتتى. ساھىبقىرانغا:

— فەرھەڭ دۇمباقنى ئېلىپ كەتتى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن ئىدى شاھزادە ئابدۇلھېمىد بىلەن مۇھەممەد شىرزاد، سامىنىڭ ئوغلى فەرىدۇن شاھ يۇنانى، خەلخالخان، شەرۋان شاھ پالۋانلار ۋە باشقا ئوندەك سەركەردە فەرھەڭنىڭ كەينىدىن ئاتلىنىشقا تەييارلاندى. ساھىبقىران مەردانىلىك بىلەن:

— ئۆز جايىڭلاردا تۇرۇڭلار، دۇمباقنى ئېلىپ كەتكەن بولسا ھېچقانداق جايغا ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى. ئەمما فەرھەڭ ئارقىسىغا قاراپ ھېچكىشىنى كۆرمىدى. ئۇ:

— ئەي كەھەڭ، دۇمباقنى شۇنداق چالغىنكى، مېنىڭ ئارقامدىن ئۇلار يېتىپ كەلسۇن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئەدەن فەرھەڭنى دۇمباقنى فەرىدۇن شاھنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى. بىشارەت ئۈچۈن دۇمباقنى شادىيانىغا

چالدۇردى. دۇمباقنى كۆرۈپ فەرىدۇن شاھنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ۋە فەرھەنگنىڭ بېشىدىن جاۋاھىرلارنى چاچقۇ قىلىشقا بۇيرىدى.

تاڭ ئاتتى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد غەرق - خامۇش ھالدا بارگاھدىن چىقتى. تەخت - دۆلەت ئىقبالىغا قەدەم قويدى. شۇ چاغدا مۇھتەر (دەۋران) نەسىم ئەييار يېتىپ كېلىپ شاھزادىنىڭ غەمكىن ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىزگە نېمە ئىش بولدى؟ — دېگەن ئىدى، شاھزادە:

— بىلمەيمەن، ئاتامغا نېمە بولدىكىن، بىر دۇنزادە ئۈچۈن ئىززىتىنى يوقىتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار. بارگاھتا بىر قانچە شىجائەتلىك پالۋانلار بار تۇرۇپ، ھېچقايسىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بارغىلى قويمىسا، ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى. ئۇ دۆلەت - دۇمباقنى ئېلىپ كەلسۇن، بولمىسا ھازىر ئۆزەم بارىمەن. مەن بۈگۈنلا فەرىدۇن شاھنىڭ ئوردىسىدىن دۇمباقنى كەلتۈرمەن، — دېدى. نەسىم:

— ئەي شاھزادە، فەرىدۇن شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىش ئانچە دانالىق ئەمەس، — دېدى. ئابدۇلھېمىد نەسىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي كېتىپ قالدى. مۇھتەر نەسىم بۇ خەۋەرنى ئەمىرگە ئېيتقان ئىدى ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ بىئارام بولۇپ:

— ھازىر كېچىكىپ قالمىغان بولساڭ سەنمۇ شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن بارغىن. ئەگەر ئۇنىڭغا تەگ كېلەلمىسە ماڭا خەۋەر بەرگىن. شۇ چاغدا مەدەت بېرەي، — دېدى. مۇھتەر شۇ ھامان ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقى بىلەن دۈشمەن لەشكىرىگە قاراپ ئاتلاندى. بۇ ھەقتىكى سۆزىمىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى مۇھتەر بەرقتىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بەرق فەرەڭگى ئارىستونى ئىزدەپ دەريانىڭ بويى بىلەن ماڭدى. يۇقىرى - تۆۋەنگە قاراپ باقتى ئارستونىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

ئۇلارنىڭ ئۇزۇقلۇقى تۈگىگەن ئىدى. مۇھتەر بەرق ئەييارلىرىنى شۇ جايدا قويۇپ ئۆزى ئۇزۇق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىردى. تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن بەرق بېلىق ساتقۇچىنىڭ دۇكىنىغا كەلدى. ئارستو تاۋۇنىڭ ئاستىغا ئوت قالاۋاتاتتى. بەرق ئۇنىڭ دانىشمەن بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ۋە ناھايىتى سالاپەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى تونۇدى ۋە بېلىق ساتقۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ، يۇنانچە زۇۋان بىلەن:

— دانىشمەن، بۇ نېمە ئەھۋال. ئارستو بېشىنى كۆتۈرۈپ بەرقنى كۆرۈپ ھال تۈكتى ۋە بەرقتىن بىر ئاز ئالتۇننى ئېلىپ ئۇستىسىغا بېرىپ:

— ئەي ئۇستا، تەڭرىم خالىغان ۋاقىتتا ئىسكەندەر بۇ شەھەرگە ئىشتىراق قىلىپ قالسا سېنى باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا سېنى تەرىپلەيمەن، مەرتلەر سېنىڭ دىدارىڭغا يۈز قويىدۇ، — دېدى.

مۇھتەر بەرق ئارستونى ئېلىپ ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئۇلار ئوردىغا يېتىپ كەلگەندە شاھى ئەلەم مۇھتەر نەسىمنى شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتىۋېتىپ ئۆزى ناھايىتى قايغۇدا ئىدى، ھۇشىنى خىيالدىن يىغىپ ئەتراپقا قارىدى. يالغۇز بەرق فەرەڭنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتتى. بۇ چاغدا مۇلازىملار ئەمىرگە:

— بەرق كېلىۋاتىدۇ، ئۇ ئارستونى ئېلىپ كەپتۇ، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر شۇنداق خۇشال بولدىكى، شاھزادىنىڭ غېمىنى كۆڭلىدىن فەرامۇش[1] قىلدى. دۇمباقنى شادىيانىغا چېلىپ خۇشاللىقىدىن بىشارەت بەردى ۋە ئۆزى جەمى سەركەردىلەر بىلەن ئاتقا مىنىپ ئارستونىڭ ئالدىغا چىقتى.

[1] فەرامۇش - ئۇنتۇماق، ئېستىن چىقارماق.

چۈنكى، ئۇ قەدىناسى دانىشمەن ئارستونى تاپقان ئىدى. ئەمىر ئارستونى ئىززەت - ئىكرام بىلەن بارگاھى جەمشىدكە ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. ئارستو بولغان ئەھۋاللارنى ئەمىرگە بايان قىلىپ بەردى.

ئۇ تەرەپتە مۇھتەر نەسىم فەرىدۇن شاھنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. ھەر تەرەپتىن سۈرۈشتۈرمە قىلىپ باقتى. بىراق شاھزادىنىڭ ئەسىرىمۇ يوق ئىدى. نەسىم فەرىدۇننىڭ بارگاھىغا كېلىپ، فەرىدۇن شاھنىڭ جالىنۇس ۋە فەرھەڭلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. توساتتىن جالىنۇسنىڭ كۆزى نەسىمگە چۈشۈپ كەھەڭگە:

— نەسىمنى تۇتقىن، — دەپ ئىشارەت قىلدى. كەھەڭ ئۇنىڭ ئىشارىتىنى بىلمەي:

— جالىنۇس نىمە دەۋاتىسەن، — دىگەن ئىدى، نەسىم جىندەك كېلىپ كەھەڭنىڭ بېشىدىن بۆكىنى ئېلىپ بەدەر تىكىۋەتتى. كەھەڭ بىلەن ئەيىارلار نەسىمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يېتەلمىدى. مۇھتەر نەسىم ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كېلىپ نىمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى دەپ بېرەلمىدى. ئەمىر غەزەپلەنگەن ئىدى، مۇھتەر زەرقان:

— شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن مەن باراي، — دەپ يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

مۇلازىملار ئۈستىگە خەت يېزىلغان بىر لەۋھەنى قەلئە تۆۋرۈكىنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈكتىن تېپىۋېلىپ ئېلىپ كىردى. ئىسكەندەر ئۇنى ئېلىپ ئارستونىڭ قولىغا بەردى. دانىشمەن لەۋھەگە قاراپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇنىڭدىن ئۆزەڭنىڭ ئىقبالىنى

كۆرگىن، مال - دۇنيا مۇشۇ لەۋھەنىڭ ئاستىدا ئىكەن، — دېدى. ئەمىر خورسەن بولۇپ، ئىشلەمچىلەرنى بۇيرۇپ ئۇ يەرنى قازدۇردى. كۆردىكى، ئۇ يەردە تۆت سۇپا بولۇپ، ھەر بىر سۇپا نۇر چېچىپ تۇراتتى. سۇپىدا پادىشاھلارغا لايىق تىللا تەختلەر مۇكەممەل قىلىپ ياسالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن نەسىم سۇپىلانىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. كۆردىكى، ئىچىدە يەتتە يۈز تىللا تەخت، جەڭ ئالامەتلىرى بار ئىدى. بۇلار بۇ يەردە نۇرغۇن جەڭ - تالاشنىڭ بولغانلىقىنىڭ شاھىدى ئىكەنلىكى بىلىندى. بۇ گەنجنى[1] كۆرگەنلىكىدىن سۆيۈندى. ئالدى بىلەن ئالتۇنلارنى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بۆلۈشتۇرۇپ بەردى. ئەمما جاسۇسلار بۇ ۋەقەنى فەرىدۇن شاھقا:

— ئىسكەندەرگە مۇشۇنداق گەنجنە يولۇقۇپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. فەرىدۇن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ:

— نامە پۈتۈڭلار، — دەپ ئەمىر قىلغان ئىدى، نامە پۈتۈلدى، نامىنى ئايغاقچىلاردىن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى، نامە ئىسكەندەرگە يەتكەن ئىدى ئەمىر نامىنى ئېلىپ ئوقۇدى. نامە مۇنداق پۈتۈلگەن ئىكەن. نامە «ئەي ئىسكەندەر، مۇقەررەركى، ھەر قانداق دىياردىن بايلىق روشەن بولسا شۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھىغا تەئەللۇقتۇر، نامە يەتكەن ھامان بايلىقلارنى كارۋانغا يۈكلەپ ئەۋەتمىگەيسەن، ئۆزەڭ كەلگەن يولۇڭ بىلەن قايتقىن».

ئىسكەندەر نامىنى يىرتىپ پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى. ئايغاقچىغا:

---

[1] گەنجنە خەزىنە، قىممەت باھالىق نەرسىلەر، مال - دۇنيا.

— بېرىپ فەرىدۇنغا ئېيتقىن مۇنداق ئاخماقلىقنى قىلمىسۇن. بۇ ئىشنىڭ پادشاھلار بىلەن نېمە ئالاقىسى بار. خاتىرجەم بولغىن بۇ بايلىق بىزنىڭ. بىز زامانىنىڭ قوشۇنى، — دەپ ئەلچىنى قايتۇردى. ئەلچى فەرىدۇننىڭ قېشىغا بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەن ئىدى، ئۇنى قۇمدەك غەم باستى. ئاھ ئۇردى. ئاخىرى جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىغا چېلىشنى قارار تاپتى. كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپتىن سەپ تۈزۈلدى. فەرىدۇن تەرەپتىن ئىنىسى فەرھەڭ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. خىسرەۋخان گۇل چاچقۇچى ئەمىردىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ فەرھەڭگە رۇبىرۇ بولدى. شۇ تاپتا ئىسكەندەر تەرەپتىن سەئىد تاغلىق، سەئىد يەلتاپان، بەھرام قاتارلىقلار ۋە شەدداد زالىملار ياردار بولدى.

ئەلقىسسە، ئۇ كۈنى فەرھەڭ يەتتە داڭدار باتۇرنى ياردار قىلدى. نەچچە كىشىنى بىھوش قىلدى. تىنچلىق دۇمبىقىنى چالغان ئىدى، ھەممىسى ئۆز ئارامگاھىغا قايتىپ ئارام ئالدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.



## ئوتتۇز ئۈچىنچى قىسسە، شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ پەرىدۇن شاھنىڭ قىزى خۇرشىد بانۇغا ئىشقىبازلىق قىلغانلىقى، پەرىدۇن شاھنىڭ ئىسكەندەر ئوردىسىدىن ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنى ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا چۆشۈپ كەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، قىسسىمىزنىڭ ھېرىسمەنلىرىگە ئايانكى، شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئەفلاتۇن دۇمبىقىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن پەرىدۇن شاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر رەستىگە يېتىپ باردى. شاھزادە ئوردىنىڭ تەرىپىگە كەلدى. شاھزادە بىر پەشتاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قولىقىغا ئالتۇن - ھالقا سېلىقلىق بىر كېپىكنى كۆردى. شاھزادە: «ئەگەر مەن بۇ كېپىكنى ئۆلتۈرەلىسەم دۇمباقنى ھەم دۈشمەننىڭ قولىدىن تارتىپ ئالىدىغانلىقىمدىن بىشارەت بولسۇن»، دەپ ئېتىنى چاپتۇردى. تا كۆن ئولتۇردى. شاھزادە كېپىكنى ئۆلتۈرمىدى. لېكىن كېپىكنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. باغنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بىر بوۋاينى كۆردى. ئۇ كۆمۈش كەتمەننى قولىدا تۇتقان ھالدا باغدىن چىقتى. شاھزادە:

— ئەي بوۋا، بۇ كىمنىڭ بېغى؟ — دەپ سورىدى.

بوۋاي:

— ئەي يىگىت، بۇ خۇرشىد بانۇنىڭ چاھار بېغى. خۇرشىد

بانۇ فەرىدۇن شاھنىڭ قىزى بولىدۇ. بۇ يەردىن تېز كەتمىسەڭ ئۆلىسەن، — دېدى.

شاھزادە باغنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ ئېتىنى دەرەخكە باغلىدى. ئارغامچىنى باغنىڭ تېمىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ باغقا چۈشتى. ئۇ نۇرغۇن قىزلار بار بىر قەسرىنى كۆردى. ئۇ قەسرىدە ئاپتاپ تەلئەتلىك گۈزەل نازىنىنلار بېزەك تەختلەردە ئولتۇراتتى. قىزلار مەي ئىچىشتى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلىنى ئۇتتۇرۇپ قويدى. ئۇلار ئۇيقىغا بارسۇن دەپ، ساقلاپ باقتى، لېكىن تاقەت قىلالماي ئاخىرى ئۆزى قەسرگە كىرىپ:

— مېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان سالىمىم خۇرشىد بانۇغا بولسۇن، — دەپ تەختنىڭ تۈۋىنىدە ئولتۇردى. قىزلار بىر پىيالە ئېلىپ كەلدى. خۇرشىد بانۇنىڭ كۆزى شاھزادىگە چۈشتى. ئۇ خۇرشىد بانۇنىڭ دىلىنى ئېرىتكەن ئىدى. بانۇ:

— ئەي يىگىت، قائىدە بويىچە راست ئېيتقىن. سەن كىمنىڭ نەسىبىدىن؟ — دېگەن ئىدى شاھزادە سەب - سەلتەنەتىنى شەرھىلىدى. خۇرشىد بانۇ خۇشال بولۇپ پىيالىنى مەي قۇيغۇچىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، تەختتىن چۈشۈپ ئابدلھېمىدقا تۇتتى. ئابدۇلھېمىد قەدەھنى ئېلىشقا قول سۇنغان ئىدى خۇرشىد بانۇ ئابدۇلھېمىدنىڭ قولىنى تۇتۇپ، تەختكە ئېلىپ چىقىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن مۇڭدىشىش ئۈچۈن دەريا بويىغا كەلدى. بۇ چاغدا خۇرشىد بانۇنىڭ جاسۇسى يېتىپ كەلدى. خۇرشىد بانۇ:

— ئوردىدا نېمە خەۋەر بار، — دەپ سورىغان ئىدى، جاسۇس:

— بۈگۈن فەرھەڭ مەيدانغا بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ نەچچە نەپەر سەركەردىسىنى ياردار قىلدى. نەچچىسىنى ئۆلتۈردى، —

دېدى. شاھزادە ئابدلھېمىد بۇنى ئېشىتىپ:
— ئەي نازىنىن، مەن ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنى سېنىڭ ئاتاڭنىڭ ئوردىسىدىن ئېلىپ كەتمەكچى ئىدىم، دەرۋەقە كېيىك مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى. ئەگەر ئىختىيار قىلساڭ ماڭا رۇخسەت بەرگىن. ئاتاڭنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ دۇمباقنى ئېلىپ ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ يەنە ئالدىڭدا بولىمەن، — دېدى. خۇرشىد بانۇ رۇخسەت بەردى. شاھزادە راۋان بولدى. ئابدۇلھېمىد ئايلىنىپ يۈرۈپ دۇمباقخانىگە يېتىپ باردى. دۇمباقنى ئالماقچى بولغان ئىدى، دۇمباقچىلارنىڭ باشلىقى:
— سەن كىم؟ — دەپ ھەيۋە قىلدى. شاھزادە تىغنى قولىغا ئالغان ئىدى، دۇمباقچىلارنىڭ جارچىسى ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنى تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. شاھزادە ئۇنىڭ كاللىسىغا خەنجەر ئۇرغان ئىدى، مېڭىسى چۇۋۇلدى. ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنى كۆتۈرۈپ ئىگەرنىڭ قوبىسىغا ئىلدى. ئاندىن تاشقىرىغا چىققان ئىدى، پاسىبانلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. تۇساتتىن بۇ يەردە مۇھتەر زەرقان پەيدا بولدى، شاھزادە:
— ئەي سەردار، تۈگىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن، مېنىڭ ئىشىم بار — دېگەن ئىدى، مۇھتەر زەرقان تۈگىنى ئەكەلدى، شاھزادە دۇمباقنى تۈگىگە يۈكلىدى. زەرقان مەھكەم تاڭدى.
— چالغىن، — دەپ بۇيرۇپ ئۆزى خەنجەر بىلەن نەچچە كىشىنى يەر چىشلەتتى. فەرھەڭ ھىمايىچى بولۇپ ئۇ تەرەپكە كەتكەچكە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپالمىدى. فەرىدۇن شاھقا خەۋەر يەتكەن ئىدى، غەزەپ دەۋە ئورنىدىن تۇرۇپ:
— دۇمباقنى مېنىڭ پەرزەنتىم ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇنى ئېلىپ كەتكەن بولسا يەنە ھۇزۇرۇمغا قايتۇرۇپ كېلىمەن.

مەن ئۆز قولۇم بىلەن دۇمباقنى زەرقاندىن تارتىپ كېلىمەن، — دەپ ماڭدى. بۇ چاغدا شاھزادە ئابدۇلھېمىد سىرتماقنى ئەۋرەك دىۋىنىڭ بوينىغا تاشلاپ، شۇنداق تارتقان ئىدى، موللاق ئېتىپ يىقىلدى. ئۇنى سۆرەپ كېلىپ پۇت، قوللىنى باغلاپ ئېلىپ كەتتى. فەرھەڭگە بۇ ھەقتە خەۋەر يەتكەندە فەرھەڭ دەرھال كېلىپ:

— ئەي پالۋان، مەن يېتىپ كەلدىم، — دەپ ۋارقىرىدى، شىر يۈرەك زەرقان فەرھەڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ دۇمباقنى ئېلىپ بەدەر قاچتى.

زەرقان ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلغان ئىدى، ئەمىر ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ:

— باتۇرلاردىن مېنىڭ قىرىندىشىم بارسۇن، — دېدى.

ئىسھاق ئىبن ئەلۋەس، بەھرام بىلەن قىرىق مىڭ كىشىنى ئېلىپ راۋان بولدى. ئىسكەندەر جادۇسىنى يىغىپ تۇرۇپ ئىسمى - ئەزەم ئوقۇغان ئىدى، باتۇرلار مەنزىلگە يەتتى.

ئۇ تەرەپتە ئەۋرەك دىۋە فەرھەڭنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ:

— پەرزەنت، مېنىڭ پەريادىمغا قولاق سالغىنكى، ئىسسىق - سوغۇقلار بېشىمغا كەلدى، ئەمدى ماڭا پەرىشانلىق يەتتى، — دەپ ۋارقىرىدى.

فەرھەڭ شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ سىرتماق ئارغامچىغا ئۇرغان ئىدى، ئارغامچا پارە - پارە بولۇپ، ئەۋرەك دىۋە بوشىنىپ قېچىپ كەتتى. ئەۋرەك ئۆزىنىڭ بوشىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ شاھزادىگە قاراپ ئېتىلدى.

بۇ چاغدا ئەلۋەس بىلەن بەھرام لەشكەرلەر بىلەن يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھېچ ئىشى بولمىغاندەك كۆردى. ئابدۇلھېمىد ئۆز - ئۆزىگە: — مېنىڭ مەقسىتىم، دۇمباقنى ئېلىپ كېتىش ئىدى، ئۇنى ئالدىم، يەنە تۇرسام بانۇنى ئىنتىزار

قىلىپ قويىمەن، — دەپ فەرھەتنى ئىسھاقنى تاشلاپ بېرىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلگەن يولى بىلەن راۋان بولدى. باغقا يېتىپ باردى. خورشىد بانۇ شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىقتى. شاھزادە جەڭ لىباسىنى سېلىۋېتىپ، كۆڭۈل ئىشقىبازلىق كىيىمنى كىيىپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى.

ئۇ تەرەپتە ئىسھاق فەرھەتتىن بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولدى. كۈن ئولتۇرغاندا ھەر ئىككىسى ئارامگاھىغا ياندى. ئىسكەندەر ئابدۇلھېمىدنىڭ غېمىدا ئەندىكىپ ئارستوغا:

— ئەي دانىشمەن، شاھزادىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرگىن، — دېگەن ئىدى، ئارستو رەملگە قاراپ:

— شاھزادە ئۇبدان بىر ماكاندا بىر پەرى بىلەن مەي ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولىۋېتىپتۇ، — دەپ بىشارەت بەردى. ئىسكەندەر بۇنىڭدىن ھەيران قالدى. ئۇ تەرەپتە فەرھەت:

— جەڭ دۇمبىقىنى چالسۇن، — دەپ بۇيرىدى.

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ھەم ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى پەلەكتە ياڭراتتى. فەرھەت مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، دۇمباقنى ئالدىڭ، پالۋان بولسا مەيدانغا ئەۋەتكىن، ئاڭلاپ تۇر، ئۇ پادىشاھلارغا ئەدەپسىزلىك قىلمىسۇن، — دېدى. بۇ چاغدا شاھزادىگە:

— فەرھەت مەيداندا سىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن ئىدى، شاھزادە:

— ئەي مەلىكە، كەچۈرگىن ماڭا رۇخسەت بەرگىن، مەن ئۇ دىۋىزادىنىڭ قۇلىقىغا ھالقا سالاي، ئاندىن يەنە ئالدىڭىزدا ئۇنىمەن، — دېگەن ئىدى، خورشىد بانۇ:

— ئەي ئەزىز جېنىم، ئۇ دىۋە زاددىن ساڭا زەرەر يەتمىسۇن، دەپ قورقىمەن، — دېدى. شاھزادە خورشىد

بانونىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىپ قويۇپ جەڭ تامىقىنى يەپ، نىقابنى يۈزىگە تارتىپ ئاتقا مىنىپ يولغا چىقتى. بانۇ بىلەن دىلاۋەرلەر شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. فەرھەڭ:

— دۈمباقنى ئالغان پالۋاننى خالايمەن، — دەپ ۋارقىرىدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى باياۋاندىن چاڭ - توزان پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. بىر ئاتلىق نىقابدار پەيدا بولۇپ مەيدانغا كىردى. فەرھەڭ ئۇنىڭ بىلەن رۇبىرۇ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. نەيزىسىنى نەيزىسىگە ئۇرۇشقان ئىدى ئەتراپتىكى نەيزىلىكلەر تىت - تىت بولۇپ كېتىشتى. شاھزادە فەرھەڭنىڭ نەيزىسىگە تۆۋەن تەرەپتىن نەيزە ئۇرغان ئىدى، فەرھەڭنىڭ نەيزىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن فەرھەڭنىڭ غەزىپى تېشىپ قولىغا ساتور ئالغانىدى. شاھزادە قالقان تۇتتى. ساتور دۇبۇلغىنىڭ قۇببىسىغا تەگدى. دۇبۇلغىنىڭ قۇببىسىنى تېشىپ ئۆتتى. شاھزادە بېشىنى قاچۇرغان ئىدى، ساتور بىسى پېشانىسىگە تېگىپ يىرىۋەتتى. قان ئاقتى، فەرھەڭنىڭ ساتورى شاھزادىنىڭ ئېتىنىڭ بوينىغا تېگىۋېدى، بېشى ئىككى پۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ قالدى. باتۇر ئېتى بىلەن يىقىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا فەرھەڭ ئېتىنىڭ ئىتتىكلىكىدىن ئۆتۈپ كېتىپ يەنە كەلگەن ئىدى، شاھزادە ئاتنىڭ ئاستىدىن قوپۇپ فەرھەڭگە شەمشەر ئۇردى، فەرھەڭنىڭ ئېتىنىڭ ئالدى پۇتىنى تىلمۇەتتى. شۇ ئەسنادا يىراقتىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. ئون ئىككى نىقابدار يېتىپ كېلىپ بۇ يەردىكىلەرنى قورشىۋالدى بىر نىقابدار ئابدۇلھېمىدنى يەردىن ئوغلاقنى ئالغاندەك ئېلىپ ئاتقا مىندۈرۈپ كەلگەن يولى بىلەن كەتتى.

فەرھەڭ ھەم ئوردىسىغا قايتىپ كەتتى. ھېلىقى نىقابدار - خۇرشىد بانۇ ئىدى. خۇرشىد بانۇ شاھزادىنى باغنىڭ

ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ يارىسىنى تېڭىپ ئەيشى - ئىشرەتكە ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئىسكەندەر:

— دانىشمەن، شاھزادە ئۇچۇن رەمل تارتقىن. يۈرۈگۈم شاھزادە ئۇچۇن تەشۋىشلىنىۋاتىدۇ، — دېگەن ئىدى. ئارستو رەملگە قاراپ:

— شەھريار، ئابدۇلھېمىدنى قان دىيارىدا كۆردۈم، — دېدى. ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئىشتىپ ناھايىتى پەرىشان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

تاڭ ئاتتى. ناماز ۋاقتى بولدى. ئۇ ئىبادەتكە تۇرماقچى بولۇپ، مۇنچىغا چۈشۈش زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى، — مۇنچىغا بارماقچى بولۇپ، — سۇدا ئولتۇرۇش ئوبدانىراق، — دەپ مۇھتەر نەسىمنى ئېلىپ دەرياغا قاراپ ماڭدى.

ساھىبقىران يالىڭاچ بولۇپ بېشىغا سۇ قۇيدى. ئەمىرنىڭ پۇتى سۇغا چۈشۈش بىلەن تېيىلىپ كىتىپ سۇغا چۈكۈپ كەتتى. كۆرۈنمىدى. نەسىم بىلەن ئەييارلار ۋە غەۋۋاسلار ئىزدىگەن بولسىمۇ بىراق ئىسكەندەرنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. نەسىم يىغلاپ بېشىغا توپا چېچىپ ئوردىغا قايتىپ كەلدى. باتۇرلار بۇ خەۋەرنى ئىشتىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇرقۇنۇچلۇق غۇلغۇلا پەيدا بولدى. فەرىدۇن شاھ:

— نېمە خەۋەر بار؟ — جاسۇسلار كېلىپ:

— ئىسكەندەر دەرياغا غەرق بولۇپتۇ، — دەپ يەتكۈزدى. فەرىدۇن شاھ:

— ئەي فەرھەڭ، ھازىر دەل ۋاقتى بوپتۇ، لەشكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئۈستىگە زەربە بەرسەڭ، — دېدى. فەرھەڭ:

— ئەي پادشاھ، بۇ نامەرتلىك بولىدۇ. چۈنكى، سەردار يوق لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىش ئالى جاناپلىق ئىش ئەمەس. ئەمما ئىسكەندەر پەيدا بولماي تۇرۇپ ياكى ئورنىدا (تەختتە)

بىر كىم ئۆلتۈرماي تۇرۇپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلمايمەن، — دېدى. فەرىدۇن شاھ:

— ھازىر بىز بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولمايدىكەن. ئۇنداق بولسا، قىزىم خۇرشىد بانۇ باغدا، ساڭا پەرزەند كۆرۈش ھەۋىسى كەپتۇ، سەن ئۇردىنى ساقلىغىن، مەن قىزىمنى كۆرگىلى بارىمەن ئۇنىڭ رايىنى بىلىپ باقاي، — دەپ باغقا قاراپ ماڭدى.

فەرىدۇن شاھ باغنىڭ ئىشكىگە يېتىپ كەلدى. ئەمما خۇرشىد بانۇ شاھزادىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. فەرىدۇن شاھ باغقا كىرىپ، قىزىنىڭ بىر زەخمدار كىشىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىر كېنىزەكتىن:

— بۇ زەخمدار كىم؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن گۈلبانۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ؟ — كېنىزەك:

— شەھريار، ئۇ ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. ئۇنى بانۇ باغقا ئېلىپ كەلدى. خۇرشىد بانۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتىدۇ، ئۇ سىزلەرگە داغ بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى كېنىزەك. خۇرشىد بانۇ ئاتىسىنىڭ پادشاھلىق قىلىچىنى ئېلىپ ئايۋانغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋارقىرىغان ئىدى، شاھزادە خامۇشلۇقتىن ئويغاندى. فەرىدۇن شاھنىڭ قوراللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شاھزادە زەخمدار بولسىمۇ جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ فەرىدۇن شاھنىڭ قولىدىن تۇتتى. تىغنى قولىدىن تارتىۋېلىپ تاشلىۋېتىپ، قولاق تۈۋىگە بىر شاپىلاق ئۇرغان ئىدى، فەرىدۇن شاھ يەرگە نەقبىش باغلىدى. ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلىدى. خۇرشىدبانۇ ساراي پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، بۇ ئازغۇننى ئۆلتۈرگىن، دەپ ئىشارەت قىلىپ، بۇ ئاپەت يوقالسۇن، — دېدى. سارايدىكى شاھزادىدىن بىرى:

— ئۇنى ئۆلتۈرگىن، — دېگەن ئىدى، خوجا فەرىدۇن

شاھنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى. ئۇ ئازغۇن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ خىيالىغا بىر ھىلە كەلدى ـــ دە:

ـــ ئەي شاھزادە، مېنىڭ ئىلتىماسىمنى ئاڭلاپ ئاندىن مېنى ئۆلتۈرگىن مېنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن جەسىدىمنى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇسۇنىدا تۇپراققا تاپشۇرغىن، ـــ دېدى. شاھزادە:

ـــ سەن ئۆلۈش ئالدىدا مۇسۇلمانلىقىنىڭ ئارزۇسىنى قىلىسەنكەن، ئەمما نېمە ئۈچۈن تىرىكلىكتە ئازغۇنلۇق يولىدىن يانمايسەن، شۇنداقتىمۇ سېنىڭ مۇشۇ سۆزۈڭ ئۈچۈن سېنى ئۆلۈمدىن ئازات قىلاي، ـــ دېگەن ئىدى، فەرىدۇن شاھ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئېتىقادىنى توغرىلىدى. شاھزادە ئەھدى قىلغان ئىدى، فەرىدۇن شاھ قول بەردى. ئۇ ھارامزادە:

ـــ ئەي شەھرىيار، رۇخسەت بەرسەڭ تېۋىپ ئېلىپ كېلەي، يارالىڭ ساقايسۇن، ـــ دېدى. شاھزادە:

ـــ رەھمەت جانابى شاھ، ـــ دېدى. فەرىدۇن شاھ تاشقىرىغا چىقىپ كىشىلەردىن بىرسىنى تېۋىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۇ ناپاك تېۋىپقا:

ـــ بېرىپ ئۇ يىگىتنى بىھوش قىلىشىڭنى تىلەيمەن، ـــ دېدى. تېۋىپ ماقۇل بولدى. تېۋىپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ يارىسىنى يەشتى. دورا تاڭدى. سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە شاھزادە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. فەرىدۇن شاھ مۇلازىمىغا بۇيرىغان ئىدى ئابدۇلھېمىدىنىڭ قولىنى باغلىدى. ئاندىن قىزى خۇرشىد بانۇغا ھەيۋە قىلدى. خۇرشىد بانۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاچتى. فەرىدۇن قىزىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئاخىرى بىر دەستىگە يېتىپ باردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

فەرىدۇن شاھ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بارماقچى بولۇپ، شاھزادە قېچىپ كەتمىسۇن، دەپ ئويلاپ شاھزادىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ:

— ئۇنى ھالاك قىلىڭلار، — دېگەن ئىدى، مۇتىبەرلىرىدىن بىرى:

— ئەي شەھريار، بۇ ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسى، ئىسكەندەرنىڭ دەريادا ئۆلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس، ئەگەر بىز ئىسكەندەرنى دېمىگەندىمۇ رۇمنىڭ باتۇرلىرى يەنىلا ئوردىسىدا بار. ھەر بىرسى يۈزگە تەڭ كېلىدۇ. سەن ئۇلارغا قانداق جاۋاپ قىلىسەن، ئۇنىڭ ئامالى شۇكى، ئۇلارنى قامىغىن. چۈنكى ئىسكەندەرگە ئىلاج قىلىپ جاۋاپ بەرسەڭ ئۇ چاغدا ئۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈش ئاسان، — دېدى. فەرىدۇن شاھ سالاھىنى قوبۇل قىلىپ:

— بۇنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى. ئابدۇلھېمىدنى شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ، شەھەردە نەزەر بەند قىلدى. ئەييار كەھەڭنى ئۇنىڭغا مۇئەككەل قىلدى. ئۆزى ئوردىغا قاراپ قايتتى.

فەرھەڭ فەرىدۇن شاھنى ناھايىتى پەرىشان ھالدا كۆردى. ئەھۋال سورىغان ئىدى، فەرىدۇن شاھ:

— مەن ساڭا بۇ خۇدا پەرەسلەرنى قەتلى قىلغىن دەپ ئېيتمىدىممۇ؟ سەن مېنىڭ سۆزۈمنى قولىقىڭدا تۇتمىدىڭ، ئەمدى جەڭ ۋاقتىدا ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسى قىزىم بىلەن باغدا مۇھەببەتلىشىپتۇ، مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈرۈپتۇ، — دەپ ۋەقەنى بايان قىلغان ئىدى، فەرھەڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— جەڭ دۇمبىقىنى چالسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنى جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ:

— پەرۋەردىگارا، بۇ دۈشمەنزادىلار ئالدى بىلەن مەيدانغا كەلسۇن، — دەپ تۇرۇشىغا، جاسۇسلار شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ فەرىدۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ ئارستو بىلەن باتۇرلار ناھايىتى ئازابلاندى.

ئارستو ئەييارلارنى چاقىرىپ:
— سىزلەرنىڭ ئەييارلىقىڭىزلار ئاخىرى شۇنداق ۋاقىتقا توغرا كەلدىكى، ئىسكەندەرنىڭ ئارىمىزدا يوق، شاھزادە تۇتقۇندا، سىزلەر مۇشۇنداق ئارىسالدا ئەھۋالدا تۇرىۋاتىسىزلەر، ياخشىسى شاھزادىنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى قىلىڭىزلار، — دېدى. مۇھتەر نەسىم:
— ھېكىم، رۇخسەت بېرىڭ، مەن بېرىپ شاھزادىنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئىلاجىنى قىلاي، — دېدى. ئارستو نەسىمگە دۇئا قىلدى. مۇھتەر دەۋران شۇ زامان ئۆزىنىڭ ئەييارلىق رەسمىيىتىنى قىلىپ، شاھزادە ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.
تاڭ ئاتتى. فەرھەڭ مەيدانغا كىرىپ، پالۋان تەلەپ قىلدى. ئەمىرخان مەيدانغا كىرىپ رۇبىرۇ بولدى. بۇ چاغدا مەيداندىكىلەر يىراقتىن چاڭ - توزان پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدىن ئوتتۇز ئەلەمنىڭ بەلگىسى كۆرۈنۈپ، ئوتتۇز مىڭ لەشكەردىن بىشارەت بەردى. ئەلەمنىڭ ئاستىدا ئاق كىيىم كىيگەن نىقابدار تۇراتتى. ئۇ نىقابدار ئۆز لەشكەرلىرىنى چەتتە قويۇپ مەيدانغا داخىل بولدى. فەرھەڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى.
ئەلقىسسە، قۇراللار بىلەن ئۇلارنىڭ مۇرادى ھاسىل بولماي كۈن ئولتۇرغىچە ئېلىشتى. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا نىقابدار فەرھەڭنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ يەردىن كۆتەرگەن ئىدى، فەرھەڭنىڭ كەمىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا فەرىدۇن شاھ بۇيرىغان ئىدى، تىنچلىق دۇمبىقىنى چالدى. ھەرقايسى لەشكەرلەر ئارامگاھىغا بېرىپ ئارام ئالدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## ئوتتۇز تۆتىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ دەريادىن قۇتۇلۇپ چىقىپ بەھرەيىن [75] شەھىرىگە يېتىپ بارغانلىقى، پولات شاھنىڭ بەھرەيىندىن ئەدەن مەملىكىتىگە راۋان بولغانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سۇلتان ساھىبقىران ئىسكەندەر دەيارغا غەرق بولدۇم، دەپ ھودۇقۇپ ئېقىپ كېتىپ باراتتى ئىرادە بىلەن سۇ يۈزىدە بىر تاختىغا ئېلىنىپ قالدى. ئۇ تاختايغا چىقىپ ئولتۇردى، بىر كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن دەريانىڭ قىرغىقىغا يېتىپ باردى. ئىسكەندەر سۇدىن چىقىپ ئىككى رەكەت شۇكرانە رەھمەت نامىزى ئوقىدى. ئۇ ئورمانلىقنىڭ ئارىسىدا سەيلى قىلىپ، ئۇلاقلارغا يۈك يۈكلىگەن بىر جامائەتنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. ئۇلاردىن كىيىم ئېلىپ كىيىپ ئارغامچىنى بىلىگە باغلىدى. ئۆزىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:

— ئەي ياراتقۇچى، ئۇلۇغلۇق ساڭىلا خاستۇر. سېنىڭ دۆلىتىڭ ھەرگىز زاۋال تاپمايدۇ. كېچە - كۈندۈز شاھلىق تون ئۇچامدا، ئون يەتتە كۆزلۈك تاج بېشىمدا، مىڭ تۆت يۈز باتۇرۇم دەرقەم ئالدىمدا ئولتۇراتتى. ھالا بۇگۈن كونا كىيىم كىيىپ مەي تۇتۇپ بايرام بولغاندەك بولدى، — دەپ سۆزلەپ كەتتى. بەس، ئىسكەندەر يەنە ئۇ جامائەتتىن:

— بۇ نىمە دەريادۇر؟ — بۇ قايسى مەملىكەت؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بۇ بەھرەيىن دەرياسى. بۇ بەھرەيىن مەملىكىتى، — دېدى.

ئىسكەندەر كېسىلگەن ئوتۇننى كۆتۈرۈپ شەھەرگە كەلدى. ئوتۇننى بىر دەررەم[1] گە ساتتى. پۇلغا نان بىلەن باشقا ئوزۇقلۇق ئېلىپ دۇكاننىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى. قورسىقى تويدى. كۆزىمۇ تويدى. «پەرۋەردىگارغا شۈكۈر» دەپ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدى — يۇ، ئالدىدىكى جاۋاھىر دۇكىنىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىغلىق تۇرغان مەرۋايىت نىقابنى كۆردى. دۇكاندا يەنە ھەر دانىسى مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە يەتكىدەك مەرۋايىت نىقاپ بار ئىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ قىممىتىنى سورىدى جاۋاھىرچى:

— بۇ ساتىدىغان نىقاب ئەمەس. بۇ نىقاب بىر نېمەت ئىگىسىنىڭ. بۇنى ئۇزاق يىللار ساقلىدىم. ئۇ نېمەت ئىگىسىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتىمەن. ئەگەر ئۇ بۇ ۋىلايەتكە يېتىپ كەلسە نىقابنى ئالدىغا ئۆز قولۇم بىلەن ئېلىپ چىقىمەن، — دەپ سۆزلىدى.

ئىسكەندەر ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق سۆزىنى ئېيتقان ئىدى، جاۋاھىرچى ئۇنىڭ كارامەت ناتىق، يوقىرى ئىقتىدارغا ئىگە قابىلىيىتىنى كۆرۈپ بۇنىڭدىن تەئەججۇبلىنىپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ ئەجەپ گۈزەل سۆزلەر بىلەن ھېكمەت قىلدىڭىز، — دەپ سورىدى. ئىسكەندەر:

— مەن رۇمنىڭ مەرتىلىرىدىن بولىمەن. سودىگەر ئىدىم. نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن دەريادا بىللە كېتىپ باراتتىم. كېمە نەچچە قېتىم توپان (كەلكۈن) سۇيىگە يولۇقتى، ماللىرىمنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. مەن سۇغا غەرق بولدۇم. ئىرادە بىلەن بىر پارچە تاختىدا ئولتۇرۇپ دەريادىن نىجاتلىق قىرغىقىغا چىقتىم. ئاندىن بۇ ماكانغا يېتىپ كەلدىم. ھېچكىمنى تونىمايمەن، — دېدى.

---

① دەررەم — پۇل بىرلىكى، پۇل، مەرۋايىت.

ئەلقىسسە، جاۋاھىر ساتقۇچى دۇكانىنى تاقاپ قويۇپ پىر - مۇرشىدلىرىنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئىسكەندەرنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. كەچ بولدى. ئىسكەندەر:

— ئەي جاۋاھىرچى بوۋا، مەن ساڭا قەسەم بېرىمەنكى، راست ئېيتقىن ئۇ نېھمەت ئىگىسى كىم؟ — دەپ سورىغان ئىدى، جاۋاھىرچى:

— بىلگىنكى، مېنىڭ ئېتىم سەئىددۇر. فىلقۇس ھېكىمنىڭ غۇلامىدۇرمەن. فىلقۇز ھېكىم پادىشاھ ۋاقتىدا نۇرغۇن ئالتۇننى بەھرەيىندىكى قەسىرگە ئەۋەتكەن. ئۇنىڭدىن ئىنئام - ئېھسان ئېلىش ئۈچۈن مەن بۇ ۋىلايەتكە داخىل بولدۇم. فىلقۇس دۇنيادىن ئۆتتى. قەيسەر تەختتە ئولتۇردى. مەن قەيسەردىن قورقۇپ قايتا ئۇ يەرگە بارماي، بۇ دىياردا پاناھلاندىم. بۇندىن نەچچە ۋاقىت ئىلگىرى فىلقۇسنىڭ قىزىنىڭ ئوغلى ئالەمگە تۇرۇلۇپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. مەن بۇ نىقابنى شۇ نېھمەت ئىگىسى ئۈچۈن ساقلاۋاتىمەن. مۇبادا ئۇ بۇ دىيارغا يېتىپ كەلسە ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ تۇتىمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي سەئىد، ئۇ نېھمەت ئىگىسىنى كۆرسەك تونۇمسەن، — دېدى. سەئىد:

— تونۇشۇم مۇمكىن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— سېنىڭ نېھمەت ئىگەڭ مەن بولىمەن، — دېگەن ئىدى، سەئىد:

— مېنىڭ نېھمەت ئىگەم يۇقىرى سەلتەنەتلىك، شانۇ - شەۋكەتلىك كىشى. سەن بۇ تۇرقۇڭ بىلەن قانداق مېنىڭ نېھمەت ئىگەم بولىسەن، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ سۆزىغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىك جەرياننى بايان قىلدى. سەئىد

ئىسكەندەرنىڭ بۆكىنى ئېلىپ قىلقۇس ئېيتقان بەلگىنى[1] ئىسكەندەرنىڭ بېشىدا كۆرۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىقىغا يىقىلدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرنى مۇنچىغا ئېلىپ بېرىپ غۇسلى قىلدۇردى. مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن شاھانە تون كىيگۈزدى. ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. سەئىدنىڭ خوتۇن باللىرى ئىسكەندەرنىڭ ئايىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئىسكەندەرنى قۇچاقلىدى. ئاندىن سەئىد:

— بۇ بىپايان مەملىكەت سىزگە مەنسۇپ، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر دەرھال ئوغلانلىرىنىڭ ئازادلىق ئىستىقبالى ئۈچۈن بۇ ئەھۋالنى پۈتۈپ، مۆھۈر بېسىپ سەئىدنىڭ قولىغا بەردى، ۋە:

— نىقابىنى مېنىڭ ئۈچۈن ساقلىغىن. قاچان خالىسام شۇ چاغدا ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. سەئىد قوبۇل قىلىپ قولىنى كۆكسىگە قويدى.

ئەلقىسسە، ئۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەر سەئىد بىلەن پولات شاھنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. پولات شاھ بەھرەيىننىڭ پادشاھى ئىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ بارگاھىغا كىرمەكچى بولغاندا كۈتۈۋاللار بادرا - ياغاچلار بىلەن ئىسكەندەرنىڭ يولىنى توسىدى. ساھىبقىران كۈتۈۋالنىڭ بېشىغا مۇشتى بىلەن ئۇرغان ئىدى، مېڭىسى چۇۋۇلدى. يەنە بىر نەچچىسى كەلگەن ئىدى، بۇلارنى ھەم خارلىق توپرىقىغا تاشلىدى. بارگاھنىڭ ئىشىكىدە غەۋغا كۆتۈرۈلدى. مۇلازىملار كىرىپ پولات شاھقا:

— بىر كىشى بارگاھنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ بىر نەچچە ئادەمنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى. ئۇ مەن ئىسكەندەر

---

①ئىسكەندەرنىڭ بېشىدا ئالتۇندىن ئىككى مۈڭگۈزى بارمىش شۇڭا ئۇنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يەنى ئىككى مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر دېيىش بۇ بەلگە ئەنە شۇنى كۆرسىتىدۇ.

بولىمەن دەيدۇ، — دېگەن ئىدى، پولات شاھ ئىسكەندەرنىڭ مۇبارەك نامىنى ئىشتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ بارگاھنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئىسكەندەرنى كۆرۈپ ئالدىغا چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىقىغا يىقىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ بارگاھقا باشلاپ كىرىپ تەختتىن جاي بېرىپ ئولتۇزغۇزدى ۋە:

— شەھريار، قوللىرى سىزلەرنىڭ كېلىشىڭىزلەرنى ئاڭلاپ ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە. مېنىڭ دەردىمنى زالىملاردىن ئالغايسىز. شۇنداق دەپ ئەرز قىلىمەنكى، ئەدەن شاھى فەرىدۇن، سۇلتان كوھ، شىراز شاھى رەۋزەبە، فەرەڭىستان شاھى فەرامرۇز مەلىكىسى كىيابانۇلار باج - ئالۋان بەرسۇن دەپ قىستايدۇ. لېكىن شەھريار بەھرەيىنىنىڭ ئۇ تۆت پادشاھقا باج بېرىشىنى راۋا كۆرمىگىن دېگەن ئىدى، — دېدى.

ئىسكەندەر:

— مۇندىن كېيىن ھېچقايىسىغا باج بەرمىگىن، يەتتە ئىقلىمنىڭ پادشاھى مەن بولىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ساھىبقىران ھەپتە كۈن پولات شاھنىڭ بارگاھىدا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. سەئىدگە:

— ئەمدى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى شۇ تاپتا لەشكەرلىرىم دۈشمەننىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، — دەپ كېيمە كەلتۈرۈشكە بۇيرىغان ئىدى، كېمە كەلتۈرۈلدى. ئىسكەندەر بىلەن پولات شاھ ۋە سەئىد بىر نەچچىسى مۇتىبەرلەر بىلەن بىرلىكتە كېمىگە ئولتۇرۇپ ئەدەن شەھرى ۋە شەھرى بەربەر[76]گە قاراپ ماڭدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## ئوتتۇز بەشىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ شاھزادە ئابدۇلھېمىدنى خۇرشىدبانۇنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇندىن ئىلگىرىكى زىكرىمىز بويىچە مۇھتەر ئەسىم قېچىپ كەتتى. لېكىن ھايال بولماي قوراللىنىپ، خەتەرلىك يوللار بىلەن قەلئە تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ، فەرھەڭ تۇرۇشلۇق شەھەرگە كىردى. مۇھتەر قاپلان بىلەن مۇھتەر نەسىم شاھزادىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شەھەرگە كۆپ يەرلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاخىرى ئەدەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار تۆت كوچىغا يېتىپ بېرىپ مۇھتەر كەھەڭ ئەييارنى كۆردى. ئىككى يۈز لەشكەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ سەندەل كورس[1] تا ئولتۇراتتى. نەسىم ھەم بىر خالى جايغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. تۈن نىسبى بولغاندا نەسىم يوشۇرۇنغان ئورنىدىن تاشقىرى چىقتى. بىر ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن بىر سەردارنىڭ يۈگۈرۈپ مۇنچىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نەسىم ئۇنىڭ ئارقىدىن كىردى، سەردار:

— خۇداۋەندە، ئەگەر ئابدۇلھېمىدنىڭ دىنى بەرھەق بولسا، بۇگۈن كېچە مېنى قويۇپ بەرگىن، شاھزادىنى مەن

[1] سەندەل كورس – تەخت، ئورۇندۇق، ئورۇن.

قۇتقۇزىمەن، — دېدى. نەسىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەي شاھزادىنىڭ دوستى، سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى. سەردار:

— ئاۋۋال ئۆزەڭ كىم بولىسەن؟ ئېيتقىن؟ ئۆزۈڭنى تونۇشتۇرغىن، — دېدى. نەسىم:

— مەن مۇھتەر نەسىم بولىمەن، شاھزادىنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەن ئىدىم، — دېدى. سەردار راست ئېيتقانلىقىنى بىلىپ، خۇرسەن بولۇپ:

— ئەي سەركەردە، مەن ئابدۇلھېمىدنىڭ مەشۇقى، ئېتىم خۇرشىدبانۇ بولىدۇ، فەرىدۇن شاھنىڭ قىزى بولىمەن، ئۇ كۈنى ئاتامنىڭ ئالدىدىن قېچىپ لەخمىگە داخىل بولغان ئىدىم. لەخمىدىن تاشقىرىغا چىقىدىغان يول بار ئىكەن. مەن دەرۋىش خەلقنىڭ قىزىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ، لەخمىدىن چىقىپ يول يۈرۈپ شەھەرگە كېلىپ بىر قىرى مەزلۇمنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئانا، ماڭا ئوخشاش قىز بالىنى بالا قىلىۋالامسىز دېگەن ئىدىم، ئۇ مەزلۇم ناھايىتى ئوبدان بولىدۇ دېدى، مېنى ئۆيىگە ئېلىپ كىردى، نەچچە كۈن بولدى، ئۇ مەزلۇم بىلەن چاقتا يىپ ئېگىرۋاتىمىز، كېچە بولسا زىندانىنىڭ ئىشىكىگە قارايمىز، ئۇ شاھزادىنى قۇتقۇزاي دېدىم — يو، مەن يالغۇز ئەپلەشتۈرەلمىدىم. شۇنداقتىمۇ مەككار كەھەڭنىڭ بىر قانچە ئەييارىنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتتىم. ھازىر سەن كەلدىڭ، شۇ تاپتا مېنىڭ ئېسىمگە بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، تۇرغىن،، بىز زال بوۋاينىڭ ئۆيىگە بارايلى، شۇ يەردە ئوي - پىكىرىمنى ساڭا ئېيتاي، — دەپ نەسىمنى باشلاپ زال بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلدى. خۇرشىد بانۇ كىيىمنى كىيىپ ياساندى. نەسىمنى ھەم مەزلۇملارغا ئوخشاش قىلىپ بېشىغا لىچەك سالدۇرۇپ مۇنچا كىيىملىرىنى زال بوۋاينىڭ قولىغا بەردى. پانۇسنى نەسىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ماڭدى. خۇرشىدبانۇ نەسىمنىڭ ئارقىسىدىن

ماڭدى. ئۇلار مەزلۇملەردەك ياسىنىپ شەھەرنىڭ ئايالىلار مۇنچىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار تۆت كوچىغا يېتىپ باردى. كەھەڭ مەككارنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇرشىدبانۇ ئۇلارغا يېقىنلاشتى. بانۇ چاتارىنى ئېچىپ، يېپىپ ناز قىلىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى، كەھەڭ مەككارنىڭ كۆزى خۇرشىد بانۇغا چۈشۈپ دىلى ئىشرەتكە تارتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا خۇرشىدبانۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. خۇرشىدبانۇ ئارقىغا قاراپ ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي سەركەردە، ھەجەپ مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىپ قالدىڭىزغۇ، — دېگەن ئىدى، كەھەڭ مەككار:

— ئارزۇيۇم شۇكى، سىز بىلەن بىر ئاز ئىشرەت قىلغۇم بار، — دېدى. خۇرشىدبانۇ:

— مېنىڭ ئەل ئىچىدە خېلى ئابرويىم بار. بۇ ئەييارلارنىڭ ئىچىدە ماڭا بەد قىلىقلىق قىلىپ بەدنام چاپلىمىغىن. سەن مېنى دوست تۇتساڭ مەن چىن دىلىمدىن سېنى دوست تۇتىمەن. ئەگەر خالىساڭ ماڭغىن ئۆيگە بارايلى، — دېدى. كەھەڭ مەككار ماقۇل بولۇپ:

— بىر ئاز سەۋر قىلىڭ، مەن ئۇياقىقا بېرىپ كېلەي، — دەپ يېنىپ بېرىپ ئەييارلارغا:

— ئاگاھ بولۇپ قېلىش، ھەر قايسىڭ ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشما، بۈگۈن كېچە ماڭا نىكاھلىق خوتۇنىنىڭ ھەۋىسى بېشىمغا چۈشۈپتۇ، — دەپ خۇرشىدبانۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار زال بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلدى. خۇرشىدبانۇ ئۆيگە كىرىپ كەھەڭ مەككارغا:

— ئولتۇرغىن، — دەپ ئىشارەت قىلغان ئىدى، كەھەڭ ماككار ئولتۇرۇپ:

— ئەي نازىنىن، بۇ ئۆي سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئەمەسغۇ دەيمەن، ئېيتىڭا، سىز كىمنىڭ قىزى، ئۆز ئۆيىڭىز نەدە؟ — دەپ سورىدى. خۇرشىدبانۇ:

— ئەي مىڭ بېشى، مەن بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ قىزى. مېنىڭ ئۆيۈم بۇ يەردە ئەمەس. ھالا بۇ يەردە بۇ زەئىفەنى ئانا تۇتتۇم. بىر - بىرىمىزنىڭ ۋىسالىغا يېتەيلى دەيسەنۇ مېنىڭ ئېتىم بىلەن نېمە ئىشىڭ، ئەمما بۇ ئۆيدە مەي يوق، بىر كىشى ئەۋەتىڭ چىقىپ بىزگە مەي ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. كەھەڭ مەككار خەلىفىگە[1] «بۈگۈن كېچە تازا بىر ياشايمەن. ئۆيدە ئوبداناراق مەي يوق، رافىئەنىڭ ئۆيىدىن ئوبدانراق مەيدىن ئىككى كۆمزەك ئەۋەتىڭ. ئۆزىڭىز زىنداندا ئوبدان مەي قويغۇچى بولۇڭ. ئەمما باتۇرلار زىنداندىلىكلەرنى ئېلىپ كەتمىسۇن.» دەپ قىسقا نامە پۈتۈپ مۆھۈرنى باستى. كەھەڭ مەككار:

— كىمگە بېرىمەن، — دېگەن ئىدى. خۇرشىدبانۇ:

— مېنىڭ كېنىزىكىمنىڭ قولىغا بەرگىن. ئۇ يەرگە — بېرىپ مەن مىڭ بېشىنىڭ خىزمەتچىسى دەپ ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. نامىنى نەسىمنىڭ قولىغا بەردى. نەسىم چىقىپ مەردانلىق لىباسىنى كىيىپ تۆت كوچىغا بېرىپ نامىنى خەلىفىنىڭ قولىغا بەردى. خەلىفە نامىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئىككى كۆمزەك شاراپ تېپىپ نەسىمنىڭ قولىغا بەردى. نەسىم بىر كۆمزەككە بىھوش دورىسى قوشۇپ، يەنە بىر كۆمزەككە بىھوش دورا سالماي ئېلىپ كەلدى. كۆمزەكنى ئېلىپ زەنانە[2] كىيىمىنى كىيىپ شاراپنى كەھەڭنىڭ ئالدىغا قويدى. خۇرشىدبانۇ پىيالىنى ئېلىپ، نەچچە تال دورىنى مەي

---

[1] خەلىفە — ئىز باسار، ئورۇن باسار.
[2] زەنانە — ئايالچە، ئاياللارنىڭ.

جامىغا سېلىپ كەھەڭ مەككارغا تۇتتى. كەھەڭ ماككار مەينى ئىچىپ بىر ئازدىن كېيىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مۇھتەر نەسىم بۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلىدى. مۆھۈرنى ئېلىپ كەھەڭنىڭ نامىدا خەلىفىگە قارىتا نامە پۈتتى. نامە: «ئەي خەلىفە بىلگىنكى، بۇگۈن كېچە ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى شەھەرگە كىرىپتۇ. مەن ئۇيدە يوق بولغاچقا شاھزادىنى زىنداندىن ئېلىپ كەتمىسۇن دەپ قورقۇۋاتىمەن نامە بارغان هامان شاھزادىنى باغلاقلىق ھالدا نامىنى ئېلىپ بارغان غۇلامغا بەرگىن، بۇگۈن كېچە ئۆزەم كۆزەتچىلىك قىلاي، خاتىرجەم ھالدا خۇشال ئولتۇراي. بەس،»

مۇھتەر كەھەڭ مەككارنى مەھكەم باغلاپ خۇرشىدبانۇ باتۇرلۇق لىباسىنى كىيدى. نەسىم ئىككىنچى قېتىم بىھوش دورىسىنى كەھەڭ مەككارنىڭ دىمىقىغا قويۇپ، تۆت كوچىغا كەلدى. نەسىم كەلگىچە ئۆز ـ ئۆزىگە «بۇگۈن كېچە خەلىفە ئۆيىگە كەلگەن بولسا، تازا بىر ئىش قىلاي» دەپ كېلىپ، خەلىفىگە:

ــ ئاڭلا، ــ دېگەن ئىدى، خەلىفە:

ــ نېمە دەيسىز، ــ دېدى. نەسىم نامىنى خەلىفىنىڭ قولىغا بەرگەن ئىدى خەلىفە نامىنى ئوقۇپ:

ــ نەچچە كۈن بولدى بۇ خۇداپەرەسنى ساقلاپ ئۇخلىيالمىدۇق. ئەمدى ئارام ئالىدىغان بولدۇم، ــ دەپ زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ شاھزادىنى چىقىرىپ، نەسىمنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

خۇرشىدبانۇ بىلەن نەسىم شاھزادىنى زال بۇۋاينىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېرىپ باغلاقتىن يەشتى. شاھزادە خۇرشىدبانۇ بىلەن نەسىمنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئۇ كېچىسى خۇرشىدبانۇ بىلەن شاھزادە بىر ـ بىرى بىلەن ۋىسال تېپىشتى. مۇھتەر نەسىم نامە پۈتتۈردى. نامە: «ئەي كەھەڭ مەككار، بىلىشىڭ

كېرەككى، مەن مۇھتەر نەسىم بولىمەن. شۇنداق بولەن ئەييارلىق بىلەن بالا غوجامنى قۇتقۇزدۇمكى، ئەمدى سېنىڭ ئەييارلىق قىلىشقا نېمە ئامالىڭ قالدى. كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلاي دەپ ئويلاپ يەنە رەھىمىم كېلىپ قەتلى قىلمىدىم. ئەگەر ئەييارلىق قىلىشقا مادارىڭ بار بولسا ۋە قولۇڭدىن كەلسە ماڭا ئەييارلىقىڭنى كۆرسەت». نامىنى كەھەڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ، تۆت كوچىغا ئېلىپ كېلىپ تاشلىدى. زال بوۋايغا زۇلۇم سالمىسۇن دەپ قايتىپ كېلىپ بوۋايغا بىر ئاز تىللا بېرىپ:

— ھەر قانداق ۋاقىتتا ئەدەن شەھىرىنى ئالساق سىزنى شاھزادىنىڭ ھەرىمىگە خەزىنىچى قىلىمەن، — دەپ قويۇپ ئوردا تەرەپكە قاراپ كەتتى.

تاڭ ئاتتى. سۇبھىنىڭ نەم ھاۋاسى كەھەڭ مەككارنىڭ دىمىقىغا يېتىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى تۆت كوچىدا قولى باغلاق ھالدا كۆردى. خەلقنى قىچقاردى. بىر كىشى تۆت كوچىدا ئۇخلاۋاتاتتى. تۇساتتىن ئويغىنىپ كېلىپ كەھەڭ مەككارنىڭ قولى باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قولىنى يەشتى. كەھەڭ بىر پارچە قەغەزنىڭ قولىغا چاپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئوقۇپ مەزمۇندىن ۋاقىپ بولۇپ قاتتىق ئاھ ئۇردى ۋە غەزەپلىنىپ زال بوۋاينىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ھەر قانچە ئىزدەپمۇ ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپالمىدى.

شاھزادە ئوردىغا يېتىپ كەلدى. مۇھتەر نەسىم ئاق مۇھۇرنى تارتتى. ئارستو ھەمراھلىرى بىلەن خەۋەر تېپىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ناغرىنى شادىيانىگە چېلىپ قارشى ئالدى.

فەرىدۇن شاھ ئۇلارنىڭ شادىيانىسىنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدى، شۇ چاغدا كەھەڭ مەككار ياققىسىنى يىرتىپ يىغلىغان پېتى كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. فەرىدۇن شاھنىڭ غەزىپى

ئاشتى.

ئارستو:

— ئەي شاھزادە ساھىبقىراندىن تېخىچە ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدۇق. سىز ئەمىرنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرۇڭ. لەشكەرلەر سەركەردىسىز قالسا زامان بىزگە باقمايدۇ، — دەپ تولا مۇشكۈللۈك بىلەن شاھزادىنى تەختنىڭ تۆتىنچى پەلەمپىيدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى تەختنىڭ توققۇزىنچى پەلەمپىيدە ئولتۇردى. ئۇلارنى باتۇرلار مۇبارەكلىدى.

ئۇ تەرەپتە يېشىل رەڭلىك كىيىم كىيگەن نىقابدارغا ئابدۇلھېممىدنى سۇلاقتىن قۇتقۇزۇپ كېلىپ، سەركەردىلەر ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى پالۋانلار ۋە نىقابدار بۇنى ئاڭلاپ بىئارام بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ سەركەردىلىرىگە:

— ئەي پالۋانلار، سىلەرنىڭ سەردارىڭلار تېخى ئۆلگىنى يوق، مەن فەرھەڭلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ سىزلەرگە مەدەت بەردىم. مۇبادا فەرھەڭ مەيدانغا كىرىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى مەيدانغا كەلسۇن دەپ قالسا مەن ئەمدى جەڭ قىلمايمەن، — دېگەن مەزمۇندا نامە يېزىپ نامىنى مۇلازىمىنىڭ قولىغا بېرىپ ماڭدۇردى.

شاھزادە ئولتۇرغان ئىدى، ئەلچى نامىنى ئېلىپ كەلدى. شاھزادە نامىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ غەزىپى تاشتى ۋە:

— بېرىپ نىقابدارغا ئېيتقىن، خاتىرجەم بولسۇنكى، مەن فەرھەڭنىڭ قىلىچىدىن قورقمايمەن. فەرھەڭنى نېمە قىلىدىغانلىقىمنى كۆرسۇن، — دەپ ئەلچىنى نامە بىلەن ياندۇردى.

شاھزادە جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى. شاھزادە جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ مەيدانغا ماڭدى. باتۇرلار بىر ئاز توساپ باقتى. بىراق پايدا بەرمىدى شاھزادە مەيدانغا كىرىپ:

— فەرھەڭ، باتۇرنىڭ مەيدانىغا كىرگىن دەپ، — چۇقان سالدى.

فەرھەڭ ئېتىغا مىنىپ مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي ئۆلگۈر، ئۆلۈمدىن قورقماي مەيدانغا كىرىپسەنغۇ؟ — دېگەن ئىدى، شاھزادە غەزەپ بىلەن، قولىنى سۇنۇپ، فەرھەڭنىڭ قولىدىن نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. فەرھەڭ قولىغا ساتورنى ئالغان ئىدى، شاھزادە پۈرسەت بەرمەي ساتور بىلەن فەرھەڭنىڭ بېشىغا ئۇردى. خەنجەر فەرھەڭنىڭ بېشىغا ئىككىلىك پاتتى. شاھزادە يەنە بىر شەمشەر ئۇرغان ئىدى، فەرھەڭ بېشىنى قاچۇرغان ئىدى، شەمشەر فەرھەڭنىڭ ئېتىنىڭ بېشىغا تېگىپ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتى. ئەييارلاردىن بىر قانچىسى مەيدانغا كىرىپ فەرھەڭنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. شاھزادە ئېتىنى كەينىگە ياندۇرۇپ نىقابدارغا قاراپ:

— ئەي نىقابدار، مەيدانغا كىرمەمسەن، — دېدى، نىقابدار ۋارقىراپ شاھزادىگە رۇبىرۇ بولدى. ئەمما ھېچقايسىسى بىر-بىرىنى يېڭەلمىدى. تۇساتتىن يىراقتىن چاڭ-توزان پەيدا بولۇپ شەھريار ئىسكەندەر بىر تەرەپتىن يېتىپ كەلدى. سەردارلار كېلىپ ئەمىرنىڭ ئايىقىغا يىقىلدى. ئىسكەندەر مەيداندا تۇرغان ئىككى باتۇرنى سورىغان ئىدى، سەردارلار ۋەقەنى بايان قىلدى. ئەمىر ئېتىنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي باتۇرلار، دوستلار بىلەن دوستلار جەڭ قىلمايدۇ، — دېگەن ئىدى، شاھزادە ئەمىرنى كۆرۈپ، ئەمىرنىڭ ئايىقىغا يىقىلدى. ئەمىر شاھزادىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. بۇ چاغدا نىقابدار كېلىپ:

— سېنىڭ لەشكىرىڭ سەردارسىز ئىدى، مەن ئۇلارغا مەدەت بەردىم. بولمىسا مېنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق تونۇشلۇقۇم يوق. سېنىڭ نەسىبىڭ يوق. قىلقۇسىنىڭ

نەۋرىسىنىڭ فىلقۇس پادىشاھ بىلەن ئەلۋەتتە مۇناسىۋىتى بار، فىلقۇس رەممال ھېكىم ئىدى. سەن ھەم بوۋاڭنىڭ يولى بىلەن رەممالىق ۋە مۇلازىملىق قىلغىن. مەن فەرىدۇن شاھنىڭ نەۋرىسى، پادىشاھلىق ماڭا لايىق ۋە سازاۋەردۇر. رازى بولۇپ پادىشاھلىقنى ماڭا رازىلىق بىلەن بەرسەڭ خوپ، بولمىسا مېنىڭ سېنى نېمە قىلىدىغانلىقىمنى بىلگىلار، — دەپ بولۇپ كېتىپ قالدى.

ئەلقىسسە، ئەمىر ئوردىغا كېلىپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەر بىر پالۋاننى:

— نامە ئېلىپ ھىندىستانغا بارغىن، سۇلتان كۆھ ھىندىستاننىڭ پادىشاھى. ئۇنى باج - خىراجەتنى پۇلات شاھتىن ئالماسلىققا خەۋەرلەندۈرگىن، — دەپ بۇيرىغان ئىدى، تۇر باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ خىزمەتنى مەن بىجا كەلتۈرسەم، — دېدى. يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھى تۇرغا تەھسىن ئوقۇپ:

— يەنە بىر باتۇر بۇ سەپەردە تۇرغا ھەمراھ بولسۇن، — دېدى. شاھزادە بىلەن سەئىدان ئورنىدىن تۇرۇپ مەرھابا، — دېدى. ئەمىر سەئىدانغا باركاللا ئېيتىپ مەرھابا دېدى. ئارستونى شۇ مەزمۇندا نامە پۈتۈشكە بۇيرۇپ نامىنى تورنىڭ قولىغا بەردى. تۇر قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ھىندىستانغا قاراپ ماڭدى. ئەمىر شىكارنىڭ ھەۋىسىدە دەريانىڭ بويىدا شىكارغا مەشغۇل بولدى. ئىرادە بىلەن ئەۋرەڭ دېۋە ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىسكەندەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ، ئىسكەندەرنىڭ كاللىسىنى كېسىپ فەرىدۇن شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراي، — دەپ ئويلىدى.

ئەلقىسسە، تۈن نىسبى بولغاندا ئەۋرەڭ ئىسكەندەرنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ: ئۇ ئۆزى ئالدىمغا كەلسۇن، دەپ ساقلىدى. ئىسكەندەر ئويغاق ئىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. ئەۋرەڭ ئىسكەندەرنىڭ

كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى يانغا ئالماقچى بولغانىدى، ئىسكەندەر يۈگۈرەپ بېرىپ ئۇنىڭ قولاق تۈۋىگە بىر شاپىلاق ئۇرغان ئىدى ئەۋرەك يىقىلىپ چۈشتى. ئىسكەندەر دەرھال ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلىدى.

ئەتىسى ئەمىر ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئەۋرەكنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

— ئەي ئەۋرەك، ئەگەر سېنى ئۆلتۈرۈشتىن ئۆتسەم فەرھەتنى قەيەردىن ئېلىپ كەلگەنلىكىڭنى راستىنى ئېيتامسەن، — دېدى. ئەۋرەك راستىنى ئېيتىشقا ئۇنىمىدى. نەسىم ئەۋرەكنى قىيىن ـ قىستاققا ئالغان ئىدى، ئۇ:

— بىلگىنكى، مەن ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن قېچىپ، ھەر كۈنى خالايىقنىڭ بالىلىرىدىن تۇتۇپ كېلىپ يەيتتىم. بىر كۈنى يەم قىلىدىغان جان تېپىش ئۈچۈن كۆزۈم سېپستانغا چۈشتى. قەسىرگە داخىل بولدۇم. ئۇ يەردە بىر جاننى كۆردۈم. ئۇ كۆلنىڭ باغرىدا ئولتۇرغان ئىكەن. ئايۋاندىكى بۆشۈكتە بىر بالا ياتقان ئىكەن. مەن بۆشۈكنى كۆتەرگەن ئىدىم ئۇ جان (ئۆزى بىر مەزلۇم ئىدى) بۆشۈكنى كۆتەرگەنلىكىمنى كۆرۈپ:

— ئەي دېۋزاد، ئۇ بالىنى قويغىن، ئۇ رۇستەمنىڭ نەۋرىسى دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئۇ بالىنى ئورمانلىققا ئېلىپ كېتىپ، ئۇنى يولۋاس بىلەن قولانغا ئەمىتىپ پەرۋىش قىلدىم. ئىككى ياشقا كىردى. كېيىك گۆشى بىلەن باقتىم. ئون ئىككى ياشقا كىردى. ئاخىرىدا ئۆز تائامىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىپ يەيدىغان بولدى. ھەتتا مۇشۇ ھالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆردۈڭ..

........... — دېدى.

ئۇ تەرەپتە فەرھەك، فەرھەتنىڭ ئاتىسىنى ئىسكەندەر تۇتۇپتۇ، قەتلى قىلماقچى بولىۋېتىپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى ئېشىتىپ غەزىپى تولۇپ تاشتى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. مۇلازىملار ئىسكەندەرگە:

فەرھەك كەلدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ئەمىر

فەرھەدنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن بارگاھقا باشلاپ كىرىپ تەختتىن ئورۇن بەردى. ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ:

— ئەي ئىسكەندەر، مېنى تۇتماي تۇرۇپ ئاتامنى قەتلى قىلمەن دەپ كەم خىيال قىپسەن، — دېگەن ئىدى، ئەمىر:

— ئەي باتۇر، چېچىلمىغىن، دۇنيانى ئاتام دېيىشكە نومۇس قىلمايدىكەنسەن. سەن مۇشۇنى كەم قىلغان. سەن ئەڭ ياخشىسى ئۆزەڭنىڭ نەسىبىنى تېپىشقا بەل باغلىغىن، ياكى سەن رۇستەمدىن ئار نومۇس قىلامسەنيا، دۇنيانى ئاتا دەيسەن ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىسەن، بۇنىڭدىن نومۇس ھېس قىلمامسەن، — دېگەن ئىدى، فەرھەد تەئەججۈپلىنىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، بۇ يېڭى سۆزنى چۈشۈنەلمىدىم. باشتىن ئېيتقىن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي پالۋان، سەن رۇستەمنىڭ نەۋرىسى بولىسەن، فەرامۇزنىڭ قىزىنىڭ ئوغلىدۇرسەن، — دېدى. فەرھەد:

— سىز بۇنى قانداق بىلىسىز؟ — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر ئەۋرەڭگە ئىشارەت قىلدى. ئەۋرەڭ ۋەقەنىڭ ئۆتمىشىنى قايتا بايان قىلدى. فەرھەد بۇ سۆزنى ئىشتىپ قىلىچىنى چىقىرىپ ئەۋرەڭگە ئۇردى. ئەۋرەڭ ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن فەرھەد:

— ئەي ئىسكەندەر، بەھمەن رۇستەمنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئۇرۇق يىلتىزىنى قۇرۇتتۇەتتى. مەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشىم لازىم، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي پالۋان، مېنىڭ بوۋام بەھمەن دىۋانە ئىدى، ئەگەر دىۋانە بولمىسا ئىدى، ئۆز قىزى بىلەن مۇجامەئەت[1] قىلاتتىمۇ. شۇڭا، مەن، ئەگەر رۇستەمنىڭ ئەۋلادى ۋە نەۋرىسىنى قولۇمغا كەلتۇرسەم ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ، ئىززەت - ئابرۇيلۇق قىلىمەن - دەپ ئەھدە

---

[1] مۇجامەئەت - جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش.

قىلغان ئىدىم، سىزدەك باتۇرلارنى يوقىتىش ئەيىپ. دېمەك، تۇرمەست بىلەن ھەرۇم نەۋجەۋان رۇستەمنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولىدۇ، ئۇلارنى شاھلىقىمىزنىڭ ئالىي مەرتىۋىسىگە يەتكۈزدۈم. كەلگىن، ماڭا خىزمەت قىلساڭ سېنىڭ مەرتىۋەڭنى يۇقىرى قىلاي، — دېدى. فەرھەڭ تۇر بىلەن ھەرۇمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىسكەندەرگە ئېتىقاد قىلدى. ئەمىر فەرھەڭنى ھۆرمەتلەپ سەلتەنەتلىك جىلۋىسى بىلەن سەرفەراز① قىلدى. شاھانە بارگاھتىن چېدىر ۋە نۇرغۇن قورال، ئات - ئۇلاغ بەردى. تەختتەئولتۇرۇشقا "مەرھابا" دەپ مۇھەممەد شىرزاد بىلەن تەڭ ئورۇندا جاي بەردى. فەرھەڭ:

— شەھريار، مەن سېستانغا بېرىپ ئۇنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلسام ھەم ئانامنى كۆرسەم رۇخسەت بەرسىڭىز يەنە ھۇزۇرىڭىزدا بولىمەن، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر:

— ئەي پالۋان، ۋاقتىدا ئەدەن شەھىرىدىن خاتىرجەم بولسام بولاتتى. مەن ھەم بويسۇندۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن. ئاڭلىسام سېستاننىڭ پادشاھى خوتۇنكىشىمىش. ئۇ قىزىنى سېستاننى بويسۇندۇرغۇچىغا بېرىمىش، ئۇنىڭ ئىسمى ئەزەركەشبانۇ ئىمىش. تولا شىجائەتلىكتۇرمىش بىرگە بارايلى. بەلكىم، ئۇ مەزلۇم سىزنىڭ ئانىڭىز بولۇپ قالامدۇ تېخى ۋە ياكى باشقا بىرسىمىدۇ، — دېگەن ئىدى، فەرھەڭ ئىسكەندەرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ:

— شەھريار، تاڭلا فەرىدۇن شاھنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ ئېلىپ كېلەي، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە جالىنۇس رەملگە قاراپ، تاڭلا ئىسكەندەر شەھەرنى ئالىدىكەن، — دەپ قانىتىنى قولىغا بېكىتىپ ھىندىستان تەرەپكە كەتتى. ئۇنىڭ قىسسىنى ئۆز نۆۋىتىدە ئىشىتكەيسىز.

ئۇ تەرەپتە فەرىدۇن شاھقا فەرھەڭ ئىسكەندەرنىڭ

---

②سەرفەراز - بېشى، ئېسىل، ئالىجاناپ.

ئېتىقادىغا ئۆتۈپتۇ، — دېگەن خەۋەر يەتكەن ئىدى، فەرىدۇن دەرھال ئېتىقادىنى توغرىلاپ، كېچىچە مېڭىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېقىن بېرىپ، ئابدۇلھېمىدنىڭ بارگاھىنى سوراپ، بارگاھقا كىردى. شاھزادە ھەرىمدە ئىدى، ساراي خوجايىنى ئابدۇلھېمىدكە:

— فەرىدۇن شاھ پاناھلىق ئىزلەپ كېلىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. شاھزادە ئىجازەت بەرگەن ئىدى، ساراي خوجايىنى فەرىدۇن شاھنى باشلاپ كىردى، خۇرشىدبانۇ ئاتىسىنى كۆرۈپ ئالدىغا چىقتى. فەرىدۇن شاھ:

— ئەي پەرزەنتىم، ئەگەر سىز بۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز مەن ھەم ئەۋرەڭ دېۋىگە ئوخشاش ھالاك بولاتتىم، — دېدى. خۇرشىدبانۇ ئاتىسىنى شاھزادىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى. شاھزادە ئۇنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن مۇڭداشتى.

تاڭ ئاتتى. شاھزادە فەرىدۇن شاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەن ئىدى، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ شاھانە تون بىلەن شاھلىق تاجىنى بېشىغا كىيگۈزدى. ئەدەننىڭ باج خىراجىتىنى قىزى خۇرشىدبانۇغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئەدەن ئەھلى بىلەن مۇھتەر كاھەنمۇ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. مۇھتەر كاھەنگە بەرق فەرەڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن بەردى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئارىستۇ ۋاقىت چىقىرىپ خۇرشىد بانۇنى شاھزادە ئابدۇلھېمىدقا نىكاھ ئوقۇپ توي قىلدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ ۋىسال جامىدىن شاراپ ئىچتى. شۇ كۈنلەردە يېشىل كىيىملىك نىقاپدار كېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ھازىر جەڭ ۋاقتى ئەمەس، ھۇزۇرۇڭغا يەنە كېلىمەن، — دەپ ۋارقىراپ بىر تەرەپكە كېتىپ قالدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

# ئوتتۇز ئالتىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ سىبستان تەرەپكە بارغانلىقى، كىيابانۇنىڭ ئىتائەت قىلغانلىقى، ئەمىرنىڭ بابىل زېمىنىگە بارغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەت قىلغۇچىلار دوستلار ئۈچۈن بۇ داستاننى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ چاغدا يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھى ئىسكەندەر ئەدەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، فەرھەڭنىڭ ئانىسىنى تېپىش ئۈچۈن، مىڭ شەمشەرۋاز بىلەن سىبستاننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن سىبستانغا قاراپ ماڭدى. ئۆزىنىڭ لەشكىرىنى ئابدۇلھېمىد بىلەن ئەلۋەسگە تاپشۇرۇپ كېمىلەر بىلەن راۋان بولدى.

ئۇ مەملىكەتكە كىيابانۇ بىردىن بىر ھاكىم ئىدى. كىيابانۇغا:

— ئەي باتۇرلارنىڭ بانوسى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەدەن شەھىرىنى مۇسەخخەر قىلىپ ھازىر مەملىكىتىڭىزگە يۈزلەندىم، قانداق پەرمان قىلارسىز، پەرمانىڭىزغا ئىنتىزارمەن، — دەپ ئەلچى ئەۋەتكەن ئىدى. كىيابانۇ نامە پۈتۈشكە باشلاپ ئۆزى ئۆزىگە:

— ئىسكەندەر بىلەن تەڭ كەلمەك مۇھالدۇر[1]. بۈگۈنكى كۈندە تەگرى جاھانگىرلىك قامچىسىنى[2] بەھمەنىنىڭ پۈشتىنىڭ

①مۇھال — مۇمكىن بولمايدىغان، قىيىن بولغان، بولمايدىغان ئىش.

②رىۋايەت قىلىنىشىچە، تەگرى قامچىسىنى ھۇنلارنىڭ تەگرىقۇتى — باتۇر تەگرىقۇت (ئوغۇزخان)، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋە چىڭگىزخاندىن ئىبارەت ئۈچ كىشى قولىدا ئويناتقانىمىش.

قولىغا بىرىپتۇ. بۇنىڭ ئامالى شۇكى، ئاشنالىق ئىشىكىدىن كىرەي، — دېدى — دە، قەتئىيلىك بىلەن فەرىڭىستانغا يۈز قويدى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر دەريادىن قىرغاققا چىققان ئىدى، كىيابانۇ كېلىۋاتىدۇ، — دېگەن خەۋەر يەتتى. ئىسكەندەر:

— ئەي باتۇرلار، بۇ فەرامۇزنىڭ قىزى بولىدۇ، قارشى ئېلىشقا چىقىڭلار، — دېگەن ئىدى، ئەمىرنىڭ بۇيرىقى بىلەن سەردارلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. تامام ئىززەت - ئىكرام بىلەن كىيابانۇنى بارگاھقا ئېلىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ كۆزى كىيابانۇنىڭ يۈزىگە چۈشتى. يەنە فەرھەڭگە قارىدى. كىيابانۇ ئولتۇرغان ئىدى، ئەمىر ئۇنىڭغا كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى. كىيابانۇ باتۇرلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ فەرھەڭنى كۆردى، بۇ چاغدا تەقدىرنىڭ قۇدرىتى بىلەن كىيابانۇنىڭ ئەمچىكىدىن سۈت چىقىپ كىيىۋالغان شاھى لىباسنى نەمدىۋەتتى. بۇنىڭدىن كىيابانۇ تەئەججۈبلىنىپ قالدى. ئىسكەندەر:

— ئەي كىيابانۇ، مەن سىزدىن بىر ئىشنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ۋىلايەتكە كەلدىم. سىزنىڭ ھېچقانداق پەرزەندىڭىز يوقاپ كەتمىگەنمۇ، — دېگەن ئىدى، كىيابانۇ ئۇن سېلىپ يىغلاپ:

— ئەي شەھريار، شۇ چاغدا، ئاتام فەرامۇز بەھمەننىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى، دېگەن خەۋەر ماڭا يېتىپ، تۆمۈرىمدىكى قانلىرىم ھەركەتكە كېلىپ، غەيرەت - شىجائىتىم ئېشىپ، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئىرانغا قاراپ ماڭدىم. سىيستانغا يېتىپ بارغاندا بانۇلارنىڭ بانۇسى رۇستەمنىڭ قىزى ئەزەركەشبانۇ ماڭا ئەسكەرتىپ، ئەي جىنىم ھامما، قەيەرگە بارماقچى بولىۋاتىسىز؟ دېگەن ئىدى، مەن ئۇنىڭغا ئاتامنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلغىلى ماڭدىم، دېدىم. ئەزەركەشبانۇ، بەھمەن ئىراندا ئاغرىپ كېسەللى قوي بولۇپتۇ، ئۇ رۇستەمنىڭ ئەۋلادىنى يەر يۈزىدىن بىخ - يىلتىزىدىن تازىلاپتۇ، بۇ داغ - دۇغىدا

رۇستەمنىڭ قوۋمىدىن بىر ئوغۇل قالغان ئىكەن، شۇنىڭ يۈزىسىدىن بولسىمۇ تەنبىھلىمنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىڭىزگە ھاي بېرىڭ. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى، دېگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ نەسىھىتى بويىچە ئۇ ئوغۇلنى شۇنىڭ يۈزىسىدىن قوبۇل قىلدىم. ئىگەم ماڭا بىر ئوغۇل نېسىپ قىلدى. بىر كۈنى كۆل بويىدا ئولتۇرغان ئىدىم. بىر توپ دىۋىلەر كېلىپ ئوغلۇمنى بۇشۇك بىلەن كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەن: ئەي دىۋىزاد ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بەرگىن، باشقا چوڭ بالىنى ئېلىپ بېرىپ يەم قىلغىن، دەپ ۋارقىرىغان ئىدىم، دىۋە جاۋاپ بەرمىدى. مەن يەنە: — ئەي دىۋە بۇ بالا فەرامۇزنىڭ قىزىنىڭ بالىسى، زىيان يەتكۈزمىگىن دەپ ۋارقىرىدىم. ئەي ئىسكەندەر شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىشقىدا جىگىرىم كاۋاپ، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

شۇ چاغدا ئىسكەندەر بىلەن فەرھەڭ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كىيابانۇ بىلەن دىۋىنىڭ سۆزىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلدى.

ئىسكەندەر:

— ئەي بانۇ، سىزنى خۇشال بولسۇن دەپ پەرزەنتىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپ فەرھەڭنى كۆرسەتتى، كىيابانۇ:

— ئەي شەھريار، مەن ئۇنى كۆرگەندە كۆكسىمدىن ئىختىيارسىز سۈت ئاققانتى بۇنىڭ سەۋەبى شۇمۇدۇر؟! — دېدى ۋە قولىنى فەرھەڭنىڭ بوينىغا قويۇپ نەچچە قېتىم ئاھ ئۇردى، ئۇنىڭ زەخىملەنگەن جايىغا پوراقلىق مەلھەم چاپلىدى. ئەمىر بىلەن باتۇرلار خۇشال بولۇپ شادلىق بەزمىسى قۇرۇشتى.

ئىسكەندەر:

— ئەي بانۇ، ئەگەر سىزگە دۈشمەنلەشكۈچى بولسا ئېيتىڭ، ئىلاجىنى قىلاي، — دېگەن ئىدى، كىيابانۇ:

— ئەي شەھريار، بىلىشىڭىز كېرەككى، مېنىڭ

ئەمرىم ھەممە ۋىلايەتلەردە جارى [1] ئىدى، بىراق ھازىر بابىل شەھرىدە خىسرەۋخان تەختتە ئولتۇرۇپ ماڭا گەدەنكەشلىك قىلىپ تۇرىدۇ، — دېدى.

ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ بابىل تەرەپكە راۋان بولدى. شۇ چاغدا بۇ خەۋەر خىسرەۋخانغا يەتكەن ئىدى، ئۇ:

— بىزنىڭ ئىسكەندەر بىلەن تىغ تىركىشىشكە ھەددىمىز يوق، — دەپ دەرھال شەھرى بابىلدىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. ئىسكەندەر بابىل شەھرىگە داخىل بولدى. خىسرەۋخان نەچچە كۈن ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىدە بولدى. بىر كۈنى خىسرەۋخان:

— ئەي شەھرىيار، بۇ يېقىن ئەتراپتا ئوبدان شىكارگاھ بار. ئەگەر كۆڭۈللىرى شىكارنى تارتسا بىرگە بارساق، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى شەھەرنىڭ سىرتىدا قويۇپ ئارستو بىلەن ھەروم نەۋجەۋانىنى، لەشكەرگە ئەمىر قىلىپ، ئۆزى فەرھەڭ، كىيابانۇ ۋە سەئىدان، تەمھالخانلار، خىسرەۋخان بابىلىنىڭ بىر نەچچە ھەمراھى بىلەن بىللە شىكارغا راۋان بولدى. ئۇلار بىر جايغا يەتتىكى، بۇ تۆت تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان مۇستەھكەم ياسالغان بىر قەلئەگە ئوخشاش ئىدى. ئىسكەندەر خىسرەۋخاندىن:

— بۇ قەيەر؟ — دەپ سورىغان ئىدى، خىسرەۋخان:

— ئەي شەھرىيار، بۇ تىلسىماتلىق غار. بۇ يەردە تۇھمارىس[77] دىۋە سولاقتا. ئۇ تىلسىم قىلىنغان كۈندىن باشلاپ بۇ ۋاقىتقىچە پادىشاھلاردىن جەمشىد، فەرىدۇن كەيكاۋۇش رۇستەم، زال، ئەفراسىياب، كەيخىسرەۋلار بۇ تىلسىمنى سۇندۇرماقچى بولۇپتۇ، ئەمما سۇندۇرالماپتۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

---

[1] جارى — يۈرمەك، ئاقماق.

— هازىر بىز بۇ ماكانغا كەلدۇق، بۇ تىلسىمنىڭ تاماشاسىنى قىلايلى، — دەپ باتۇرلار بىلەن تىلسىمغا قاراپ ماڭدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىكەيسىز.

## ئوتتۇز يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ تىلسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقى، ئارستونىڭ تىلسىمەئى توھمارىس دىۋبەندنى سۇندۇرۇپ ئىسكەندەرگە نىجاتلىق بەرگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچى نەقىل قىلىپ شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ چاغدا ئىسكەندەر باتۇرلىرى بىلەن تىلسىمغا يېتىپ باردى. ئەتراپقا قاراپ قەلئەنىڭ ئىچىدە بىر ئېگىز تۈۋرۈكنى كۆردى. ئۇ ناھايىتى ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر قۇش ئولتۇراتتى. قۇشنىڭ پۇتىغا باغلانغان ئالتۇن زەنجىرنىڭ يەنە بىر ئۇچى تۈۋرۈككە باغلانغان ئىدى. ئۇ قەلئەنىڭ قىرىق بۇرجىكى بار بولۇپ، ھەر بىر بۇرجىكىدە تىللادىن ياسالغان بىر چىلاپچى بار ئىدى. ئۇ چىلاپچىغا شىرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قۇشنىڭ تىرنىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئىدى، ھەر بىر چىلاپچىنىڭ ئۈستىدە بىردىن توز ئولتۇرغان ئىكەن. ئىسكەندەر بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ:

— بىر باتۇر بۇ تىلسىمغا بارسۇن، — دېگەن ئىدى فەرھەڭ ماڭغىلى تەمشەلدى. ئىسكەندەر:

ئەي پالۋان، سەن بارمىغىن، باشقا بىرسى بارسۇن، — دېدى.

فەرھەڭ يەنە ئىلتىماس قىلىپ رۇخسەت ئېلىپ ماڭدى. فەرھەڭ قەلئەگە قەدەم قويۇشىغا ئاجايىپ سادالارنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ قۇش تۇۋرۇكتىن ئۇچۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. تۇساتتىن ئۇ قۇشنىڭ كۆزى يەتتە خىل بىرىكمىدىن ياسالغان، ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن چىلاپچىغا چۈشتى. ئالتۇن چىلاپچىدىن داراڭلىغان ئاۋاز چىقىش بىلەن تەڭ قەلئەدىن بىر توپ ئەجدىھا چىقتى، ئۇلار قەلئەنى قورشاپ فەرھەڭنى دەم تارتتى. كىيابانۇ ئوغلىنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ، بىر نەچچە ئوقنى كامانغا قويۇپ ئەجدىھاغا ئاتقان ئىدى، ئوق ئەجدىھاغا تېگىپ ئوق سۇندى.

قىسسە، ئەجدىھا ئۈچ قېتىم قەلئەنى ئايلىنىپ يەنە قەلئەگە كىرىپ كەتتى. قۇش كېلىپ يەنە تۇۋرۇككە قوندى. قۇش ھەركەتتىن توختىغان ئىدى، كىيابانۇ تىلسىمغا كىردى. يەنە ئىلگىرىكىدەك ئەھۋال كۆرۈلدى.

ئىسكەندەر ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن چېدىرغا كىرىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. بىراق ھېچقانداق ئەھۋال كۆرۈنمىدى. ئىسكەندەر چېدىردىن چىقىپ باتۇرلارنىمۇ كۆرمىدى. مۇلازىملاردىن سورىغان ئىدى، مۇلازىملار:

— ھەممىسى قەلئەگە كىرىپ كېتىپ قايتىپ چىقمىدى، — دېدى. ئىسكەندەر خىسرەۋخاننىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي خىسرەۋخان، سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى تىلسىمغا چۈشۈپ قالدى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تىلسىمغا كىرىمەن، تىلسىمنى سۇندۇرسام ئىش ئوڭغا تارتىپ قالار. ئەگەر سۇندۇرالمىسام، سىز پەرزەندىم ئابدۇلھېمىدنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىڭ. مېنىڭ پەرمانىمدىن ھېچقايسىسى باش تارتماي، مېنىڭ ئورنۇمدا تەختتە

ئولتۇرسۇن، — دەپ، مىس ئەينەكنى بىلىگە قىستۇرۇپ تىلسىمغا كىردى. يەنە شۇ ئالامەت زاھىر بولدى. سىرتتىكى مۇلازىملار ياقىلىرىنى يىرتىپ، بېشىغا توپا چېچىپ پەرياد، نادامەتتە يىغلاپ بابىلغا كېلىپ، ئارستوغا خەۋەر قىلدى. ئارستو بىلەن ھەرۋم نەۋجەۋان بۇنىڭدىن ئەپسۇسلاندى.

كەچ كىردى. كېچىدە خىسرەۋخان بابىلى ھارامزادە لەشكەرلەرنى باشلاپ ئارستو بىلەن ھەرۋم نەۋجەۋانغا ھۇجۇم قىلدى، لەشكەرلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، باتۇرلۇق كەمىرىنى باغلاپ جەڭگە كىردى. ھالقىلىق پەيتتە ھەرۋم نەۋجەۋان خىسرەۋخانغا:

— ئەي ھارامزادە، ئىسكەندەر ساڭا نېمە قىلدى، ئۇنى تىلسىمغا تاشلىدىڭ، يەنە لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىسەن، — دېگەن ئىدى، خىسرەۋخان تاقابىل تۇرالماي قېچىپ، قەلئەگە كىرىۋېلىپ دەرۋازىنى مەھكەم تاقىدى. ھەرۋم نەۋجەۋان كۈن چىققىچە خىسرەۋخانىنىڭ لەشكەرلىرىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشىنى ھالاكەت تۇپرىقىدا خار قىلدى.

كۈن چىقتى. ئارستو لەشكەرلەرگە ئەمر قىلغان ئىدى، قەلئەنىڭ ئەتراپىدىن چىقىپ تىلسىمغا يۈزلەندى. لەشكەرلەر تىلسىمغا يېتىپ بېرىپ، ئارستو بىر دىلاۋەرنى تىلسىمغا ئەۋەتتى. ئۇ تىلسىمغا يېتىپ بارغان ئىدى، يەنە ھېلىقى ئەجدىھا ئاۋۋالقىدەكلا دەم تارتىپ ئۇنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئارستو:

— بۇ تىلسىمنىڭ كارامىتىدۇر، قەلئەنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاڭلار، — دەپ نەۋكەرلەرگە ئەمر قىلدى. ئۇلار قەلئەنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىدى. ئارستو يەنە:

— ئەجدىھا بۇ قەلئەنىڭ ئەتراپىغا كېلىدۇ، — دەپ، قەلئەنىڭ ئەتراپىغا پارتىلاتقۇچ، ئوت، توپا - تاش قويۇپ قورشىدى ۋە خەندەكنىڭ ئەتراپىنى توپا، شاخ - شۇمبىلار بىلەن كۆمۈپ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قىلدى. ئاندىن كېيىن،

ئارستو يەنە بىر دىلاۋەرنى تىلسىمغا كىرىشكە بۇيرىغان ئىدى، ھېلىقى قۇش يەنە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. تۇساتتىن ئەجدىھا قەلئەدىن چىقىپ، دىلاۋەرنى دەم تارتتى. ئەتراپتىكىلەر قەلئەنى قورشاپ، ئوت - چۆپلەرگە ئوت ياققان ئىدى، يالقۇن كۆتۈرۈلدى. ئوت - چۆپلەردىن چىققان يالقۇننىڭ نۇرى نەيزە بويى كۆتۈرۈلدى. ئوت - چۆپلەرنىڭ ئوت يالقۇنى بىر تەرەپ بولغاندا ئارستو خەندەكنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەجدىھانىڭ كۆيۈپ كۈل بولغانلىقىنى كۆردى. قۇشمۇ تۇۋرۇكنىڭ ئۈچىغا ئېلىنىپ قاپتۇ. ئارستو:

— يەنە بىر دىلاۋەر تىلسىمغا كىرسۇن، — دېدى بىر دىلاۋەر كىرگەن ئىدى، ئاۋۋالقى ئالامەتلەر كۆرۈنمىدى. ئارستو:

— بۇ تىلسىمنىڭ سۇنغانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئەمدى ئۆزەم بېرىپ ئىشنىڭ قەيەرگە يەتكەنلىكىنى كۆرەي، — دېدى.

ئارستو تىلسىمغا كىردى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر گۈمبەزنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇنار بولۇپ، گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنتىلغان ئىدى، ئۇ گۈمبەزنى تۆت بۇرجەكلىك قىلىپ ياسىغان ئىكەن. تۇساتتىن بىر بەد ھەيۋەت زەنگى پەيدا بولدى. ئۇ ئارستو تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئارستونىڭ ياقىسىغا قول سېلىپ:

— ئەي ئادىمىزات، مېنىڭ ماكانىمدىن نىمىنى خالايسەن؟ مېنىڭ جۈپتۈمنى ھالاك قىلدىڭ، — دەپ ئارستونى تۇتۇپ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئۆزى تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى ياقىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ خىيال سۈرۈشكە مەشغۇل بولدى. ئارستو بۇ يەردە ھېسابسىز جاۋاھىرلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەردە يەنە: «ئەي ئارستو بۇ جايدىن بىر كىشى چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن» دەپ خەت پۈتۈلگەن ئىكەن. بىر ئازدىن كېيىن دېگەندەك بىر قىزىل

چاچلىق جىن ئۇ يەردىن چىقىپ ئارستوغا ھۇجۇم قىلدى، ئارستو خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا ئۇرغان ئىدى، خەنجەر ئۇنىڭ دۇمبىسىدىن چىقتى. ئۇ مەخلۇق يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ زەنگى:

— سەن نېمە ئۈچۈن بۇ مۇخالىق ئىشنى قىلدىڭ،— دېگەن ئىدى، يەنە نۇرغۇن جىنلار ئۇ جايدىن چىقىپ ئارستوغا ھۇجۇم قىلدى. توساتتىن يەتتىنچى ئاسماندىن بىر ئاقساقاللىق جىن چۈشۈپ تەختتە ئارستوغا سالام قىلدى. ئۇ جىنلار تەختتىكى جىننى كۆرۈپ ھەممىسى قايتىپ قۇدۇققا كىرىپ كەتتى. ئۇ جىن:

— ئەي ئادىمىزات، ئەينى ۋاقىتتا دىۋە تۇتقۇچى تۇھمارىس بۇ تىلسىمنى باغلىغان ئىدى، ھېسابسىز گەنجىلەرنى بۇ تىلسىمدا قويۇپ ئەجدىھا روينتەنگە بۇ تىلسىمدىن جاي بەردى،— دېدى. يەنە:

— بۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرگۈچى ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىرى ئارستودۇر. ھازىر بىر كىشى كېلىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپتۇ،— دەپ ئاڭلاپ كەلدىم. ئەگەر ئۇ ئارستو بولسا ھەممىنى بېرەي، دېگەنىدىم،— دېدى. ئارستو:

— بەللى، مېنىڭ ئېتىم ئارستو بولىدۇ، ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىرى بولىمەن،— دېگەن ئىدى، ئۇ جىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئارستونى تەختتە ئۆلتۈرغۇزدى. باشقا جىنلار تەختنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈلدىكى، دۇنيا توخۇنىڭ تۇخۇمىدەك كۆرۈندى. ئۇلار ئۇچۇپ بېرىپ تەختنى بىر چوڭ چىنار دەرىخىنىڭ تۈپىدە قويدى. جىن:

— ئەي ئارستو، مەن بېرىپ تاڭلا چاشكا ۋاقتىدا كېلىمەن، ئەمما بىلگىنكى، كۆن ئۆلتۈرغاندا بىر قۇش كېلىپ دەرەخكە قونىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن،— دەپ كېتىپ قالدى.

ئارستو ئۇ جايدا قالدى. دېگەندەك كۈن ئولتۇرغاندا بىر قۇش كەلدى. ئۇ ناھايىتى چوڭ بىر پىل بىلەن كەركىدانني ئۆلتۈرگەن ئىكەن. پىل بىلەن كەركىدانني ئېلىپ كېلىپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە تاشلىدى.

ئارستو ئۆزى بىلەن بىر مۇنچە زەھەرلىك بىھوش قىلىدىغان دورا ئېلىپ كەلگەن ئىدى، دورا بىھوشنى دەرەخنىڭ تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ دەرەخنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇردى. ئارستو ئۇ قۇشنى شۇنداق ھەيۋەتلىك قىياپەتتە كۆرۈپ: «ھېچقانداق قورال ئۇنىڭغا كار قىلمىغۇدەك ھىكمەت بىلەن چارىسىنى قىلسام بولغۇدەك»، دەپ ئويلاپ سەۋر قىلىپ تۇردى. كەچ كىردى. ئارستو پىل بىلەن كەركىدانغا زەھەر سۈركىدى. ئاندىن ئۆزى بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. تاڭ ئاتتى. قۇش دەرەخنىڭ سايىسىگە چۈشۈپ پىل بىلەن كەركىداننىڭ گۆشىنى پارە - پارە قىلىپ يىدى. بىر چاغدا قۇش بىر چىقىراپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ پالاقلاپ يەرگە چۈشتى. ئارستو بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. بۇ چاغدا ھېلىقى جىن كېلىپ قۇشنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ مۇرادىغا يەتكەندەك بولدى. ئۇ يەنە ئارستونى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، تەختنى ھاۋاغا ئېلىپ چىقتى. بىر ھازادىن كېيىن ئارستونى بىر دەريانىڭ بويىدا يەردە قوندى. جىن:

— ئەي ئارستو، كۈن ئولتۇرغاندا بىر زەئىپ بەدەن قۇش بۇ قۇمۇشلۇققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، — دەپ كەتتى.

ئارستو يولغۇدىن ئىككى تال ئوق ياساپ، قۇمۇشلۇقتا يانى كۆتۈرۈپ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى. كۈن ئولتۇرىدىغان چاغدا قۇش كېلىپ، قۇمۇشلۇقتىكى ئۇۋىسىغا كەلدى. ئارستو ئۇنىڭغا ئوق ئاتقان ئىدى، ئوق قۇشنىڭ قانىتىغا تېگىپ قۇش يىقىلدى. ئارستو بېرىپ قۇشنىڭ بېشىنى كەستى.

تاڭ ئاتتى. ئۇ جىن كېلىپ، قوشنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، ئارستونى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. جىنلار تەختىنى كۆتۈرۈپ، پىشىن ۋاقتىدا بىر يەرگە ئېلىپ بېرىپ يەردە قويدى. ئارستو بىر توپ جامائەتنىڭ پاھىشىلارچە بىر - بىرىگە يېقىنچىلىق قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ مۈيسىپىت جىن:

— ئەي ئارستو، كۈن ئولتۇردىغان ۋاقىتتا بىر قىزىل چاچلىق جىن كېلىپ، بۇ پاھىشىلەرگە، قەسىرنى پاك قىلماي بولغاپسەن دەپ ھەيۋە قىلىدۇ. ئۇ جىننىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، شۇندىلا تىلسىم سۇنىدۇ، — دەپ قويۇپ كەتتى. ئارستو ئۇ قەلئەدە بىر خالى جاي تېپىپ ئولتۇرۇپ، ئۇ پاھىشىلارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈۋاتاتتى. شەھەر ئەھلىمۇ بېرىپ ئىسكەندەر بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىنى كۆردى.

كۈن ئولتۇرىدىغان ۋاقىت بولدى. بىر قىزىل مۈيلۈق جىن قولىدا ھاسا تۇتقان ھالدا كېلىپ ئىسكەندەرگە:

— قەسىرنى بولغاپسىلەر، — دەپ ھەيۋە قىلدى. ئارستو تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ خەنجەر بىلەن بېشىغا ئۇرغان ئىدى، خەنجەر كۆكرىكىدىن تېشىپ چىقتى. جىن ۋاقىرىغىنىچە يىقىلدى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق - چاقتى. بىر ئازدىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىدى. ئارستو ئۆزىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. ئەمىر:

— ئەي ھېكىم، سەن قانداق قىلىپ بۇ تىلسىمغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ ئارستو بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى بايان قىلدى.

ئىسكەندەر بىلەن سەردارلار بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. تاڭ ئاتتى. ھېلىقى جىن پەيدا بولۇپ:

— ئەي ئىسكەندەر، تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن

مۇبارەك بولسۇن. ھازىر مېنىڭ ئارقامدىن ماڭغىن، ئەمدى بۇ يەردە بىر ئاز ئىش بار، — دېدى.

ئىسكەندەر يارەنلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ بىر غارغا باردى. ئۇ يەردە بىر سۇسىز تۇگمەننى كۆردى، ئەمما تۇگمەن چۆگىلەپ تۇراتتى. جىن:

— بىر باتۇر بۇ تۇگمەن تېشىنى مەھكەم تۇتۇۋالمىسا چۆگىلەشتىن توختايدۇ، — دېگەن ئىدى، فەرھەك ئالدىغا بېرىپ تۇگمەن تېشىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. تۇگمەن چۆگىلەشتىن توختىدى. تۇساتتىن قولىدا قوش تىغ تۇتقان بىر باتۇر غارنىڭ بۇلۇڭىدىن چىقىپ، قولىدىكى تىغ بىلەن فەرھەكنى ئۇرماقچى بولىۋىدى كىيابانۇ چاققانلىق بىلەن ئۇ غۇلامنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇشتى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغان ئىدى، مېڭىسى چۇۋۇلدى. تۇگمەن چۆگىلەشتىن توختىدى. ئۇ جىن كېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئەمدى تىلسىم سۇندى. كەلگىن سېنى بىر جاۋاھىرخانىغا باشلاپ باراي، — دېدى.

قىسسە، جىن ئەمىرنى كەنجىخانىگە باشلاپ كەلدى. ئىسكەندەر بۇ يەردە شۇنداق ئالتۇن - جاۋاھىرلارنى كۆردىكى، ھەددى ھېسابسىز بولۇپ، ئۇ يەرگە سىغماي تۇراتتى.

ئىسكەندەر سەردارلار بىلەن غاردىن تاشقىرى چىقتى. بۇ چاغدا ھەرۇم نەۋجەۋان بىلەن دىلاۋەرلەر ئەمىرنى كۆرۈپ ئايىقىغا يىقىلدى. ئەمىر بۇلارنى كۆرۈپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. ئۇ بايلىقلارنى تۆگە - خېچىرلارغا يۈكلەپ، ئۇ يەردىن كۆچۈپ بابىل تەرەپكە راۋان بولدى.


بابىلنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن كېلىپ خىسرەۋخاننىڭ شەھىرىگە يېكىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمىر:

— بۇ شەھەر خېلى مۇستەھكەم ئىكەن، ئېلىش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ، ياخشىسى ئۇ شەھەرنىڭ ئاستىغا

لەخمە كولايلى، — دەپ لەخمە قېزىشقا بۇيرىدى. لەخمە كولانغاندىن كېيىن لەخمىگە نۇرغۇن پارتىلاتقۇچ دورا قويۇپ، ئۇ يەردىن بىر مەنزىل ئارقىسىغا چېكىندى. بىر ئازدىن كېيىن دورىلارغا ئوت ياقتى. شەھەر پارتىلىدى. بابىل شەھىرى گوياكى فەرەڭنىڭ شەھىرىدەك ئاسماندىن بىر ھەپتە تۇپا - تاشلار يېغىپ تۇردى. بابىل شەھىرى خاراپ بولدى.

ساھىبقىران ئۇ دىيارنىڭ ئەھلىدىن بىر كىشىنى چاقىرتىپ چىقىپ جاۋاھىراتلاردىن بېرىپ، بىر يېڭى شەھەر بىنا قىلىشنى ئېيتىپ، بابىل شەھىرىدىن بىر فەرسەڭ تۆۋەن يەرنى كۆرسىتىپ بەردى. بابىل ئەھلى بىر يېڭى شەھەر بىنا قىلدى.

ئۇ تەرەپتە لەشكەرلەر خۇددى ئەتە قىيامەت بولىدىغاندەك كۆچۈپ ئەدەن شەھىرىگە كەلدى. ئىسكەندەر سىستانغا يېتىپ كەلدى. كىيابانۇ ئەمىرنى شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ ئۈچ كۈن مېھمان قىلدى. ئاندىن كېيىن ئەمىرنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئابدۇلھېمىد، ئەلۋەس بىلەن باتۇرلار ئاڭلاپ، ئەدەن شەھىرىدىن چىقىپ ئالدىغا بارغان ئىدى، ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنى شادىيانىغا چالدى. ئەمىر زەپەر بىلەن قايتىپ كېلىپ، بارگاھى جەمشىددە قارار تاپتى. ئەدەننى فەرىدۇن شاھقا تاپشۇردى. فەرىدۇن شاھ بايلىق ئىگىللەشكە كىرىشتى. ئىسكەندەر ھەم سەپەر تەييارلىقىنى قىلدى.



## ئوتتۇز سەككىزىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ ئەقىق تېغىغا بارغانلىقى، روينتەننىڭ مەيداندارلىق قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ چاغدا ئىسكەندەر — ساھىبقىران ئەدەن شەھىرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ نەۋقىلىنى بارگاھى جەمشىدنى يۆكلەپ ئەدەن شەھىردىن يەمەن تەرەپكە يولغا چىقىشقا بۇيرىدى. ئارقىسىدىن ئىسھاق بىننى ئەلۋەسنى يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن ئەۋەتتى. ئىسھاقنىڭ ئارقىسىدىن سەئدخىزر تاغلىقنى لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن فەرھەڭنى ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن ئەۋەتتى.

تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغدا ساھىبقىران ئەدەن شەھىرىدە ئىدى، فەرىدۇن شاھ بىلەن فەرھەڭ ئەدەن شەھىرىدىن يەمەنگە قاراپ ماڭدى. بۇ خەۋەر يەمەن شەھىنشاھىغا[1] يەتتى. يەمەن شەھىنشاھى بۇ خەۋەرنى يەمەن مەغرىبىنىڭ شاھى ھىكلانغا يەتكۈزۈپ، ھىكلانىنىڭ ياردەمدە بولۇشىنى تىلەپ نامە پۈتتى. نامىنى ھىكلانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن شەھىنشاھ نامىنى مۇھتەر دەبىلگە بەردى. دەبىل شەھىنشاھ يەمەننىڭ ئەيىيارى ئىدى. ئۇ «نامە» نى ھىكلانغا يەتكۈزۈپ

---

[1] شەھىنشاھ — شاھلار شاھى، ئۇلۇغ پادشاھ.

بەرمەكچى بولدى. ۋاقتىكى يەمەن شەھىنشاھىنىڭ نامىسى ھىكلانغا يەتتى. نامە مۇنداق پۈتۈلگەن ئىدى: «بۇ نامىدۇركى، شەھىنشاھ يەمەندىن مەغرىپ زېمىنىنىڭ ئوتتۇز مىڭ چەۋەندازىنىڭ پادىشاھىغا يەنى ھىكلانىنىڭ ئالدىغا كەتتى. بىلگىنكى، بۇ ۋىلايەتتە فەرىدۇن شاھ ئەدەبلىك دىۋىزاد پەيدا بولۇپتۇ، ئۇ مېنىڭ مەملىكىتىمگە تالان - تاراج قىلىشقا كېلىۋېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىمەن، ئىلتىماس شۇكى، مېنىڭ ئۇچۇن پالۋان ئەۋەتسىڭىز، دۈشمەنىنىڭ دەھشىتىدىن ئەمىن بولسام. نامە تامام».

ھىكلان سەييادخاننى ئاتمىش مىڭ لەشكەر بىلەن شەھىنشاھ يەمەنگە مەدەت بېرىشكە ئەۋەتتى.

ئۇ تەرەپتە نەۋفىل يول تەييارلىقىنى قىلىپ ئەقىق تېغىنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ بارگاھى جەمشىدنى تىكتى.

بۇ تەرەپتە ھىكلانىنىڭ سەردارى سەييادخان يەمەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەمەن شەھىنشاھىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى تەرىپلەپ:

— ئەي شەھىنشاھ، ھېچقانداق ئەندىشە قىلماڭ، فەرىدۇن شاھ بىلەن فەرھەڭنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى. شۇ ئەسنادا جاسوس كېلىپ:

— ئەي شەھريار، بىلگىنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن فەرىدۇن شاھ بىلەن فەرھەڭنى تۇتۇپ ئۆز دىنىغا كىرگۈزۈپتۇ. ھازىر بارگاھىنى ئەقىق تېغىنىڭ باغرىغا تىكىپتۇ، — دېگەن ئىدى. يەمەن شەھىنشاھىنىڭ بېشىغا سوغاق سۇ قۇيغاندەك تىترەپ كەتتى. ۋە:

— بىز فەرىدۇن شاھ بىلەن فەرھەڭنىڭ قولىدا كۆپ ئازابلاندۇق. ھازىر ئىسكەندەر بىزنىڭ ئۆلكىمىزنى ئېلىشنى قەستلەپتۇ، — دېدى. سەييادخان:

— ئەي شەھىنشاھ، نېمە ئۈچۈن تەشۋىشلىنىسىزكىن، مەن ئىسكەندەرنىڭ ئىلاجىنى قىلالمايمەنمۇ؟ يۈرۈڭ ئۇ جايغا بارايلى، بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ قولىغا قانداق ھالغا سالغانلىقىمنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈڭ، — دېدى.

شەھىنشاھ سانسىزلىغان لەشكەرنى كۆرۈپ، سەييادخان بىلەن بىرلىكتە ئەقىق تېغىغا قاراپ ماڭدى.

تاڭ ئاتتى. شەھىنشاھ يەمەننىڭ ئەلىمى كۆرۈنۈپ نەۋفىلنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تۈزدى. سەييادخان روينتەن مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. نەۋفىل مەيدانغا كىرىپ نەيزىۋازلىق قىلىشقا مەشغۇل بولدى. ئۇلارنىڭ نەيزىۋازلىقتىن مۇرادى ھاسىل بولماي، شەمشەر بىلەن ئېلىشتى. سەييادخان روينتەن شەمشەر بىلەن نەۋفىلگە ھۇجۇم قىلىپ ئاخىرى ياردار قىلدى. نەۋفىلنىڭ بۇرادەرلىرى ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇ ياندا سەييادخان شۇنداق تۇرۇپ پالۋان تەلەپ قىلغان ئىدى. ئىسھاق بىننى ئەلۋەس يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ مەيدانغا چۈشۈپ سەييادخاننىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار قاتتىق ئېلىشتى. ئاخىرى ئەلۋەس ياردار بولدى. ئۇنى ھەم ھەمراھلىرى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن يىگىلىپ مەيداندىن يېنىپ چېدىرىغا قايتتى. شۇ كېچىنى تىنچ ئۆتكۈزدى.

تاڭ ئاتتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. سەييادخان ۋارقىرىغان ھالدا مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، فەرھەڭ ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن قاپلاندەك تېزلىكتە يېتىپ كەلدى. ئۇ نەۋفىل بىلەن ئەلۋەسنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن مەيدانغا كىرىپ سەييادخانغا روبرو بولدى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. فەرھەڭ سەييادخاننىڭ نەيزىسىگە نەيزە ئۇرغان

ئىدى، سەييادخاننىڭ نەيزىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. سەييادخان دەرغەزەپ بولۇپ يېنىدىن شەمشىرىنى چىقىرىپ فەرھەتكە ئۇرغان ئىدى، فەرھەتقولىنى ئۇزۇتۇپ، شەمشەرنى قولىدىن تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن چەبدەسلىك بىلەن سەييادخاننىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ، ئىگەردىن ئۈزۈپ ئېلىپ يەرگە تاشلىدى، ئاتتىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ سەييادخاننىڭ كۆكرىكىگە مىنىپ، خەنجەرنى كارنىيىغا قويۇپ، كاللىسىنى ئالماقچى بولغان ئىدى، سەييادخان:

— ئەي باتۇر، مەن ھەر قانچە روينتەن بولسامۇ سەن مېنى مەرتلىك بىلەن تۇتتۇڭ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن قوپقىن، سېنىڭ ئەقىدەڭ پاك ئىكەن، ساڭا ئىتائەت قىلىمەن، — دېدى. فەرھەڭ ئۈستىدىن قوپقان ئىدى، سەييادخان قورقۇپ فەرھەتنىڭ ئېتىقادىغا كىردى. فەرھەڭ ئۆزىگە مۇھەممەد شىرزاد بىلەن قاپلان تېرىسى كىيگەن بەھرامنى باتۇرلۇققا تۇتتى. ئابدۇلھېمىد ھايۋان تېرىسى كىيگەننى مۇلازىملىققا قوبۇل قىلدى. ئۇ يەنە، مەن ھەم ئۇلارنىڭ قاتارىدا سەييادنى ئۆزەمگە پالۋان قىلىۋالاي، — دېدى.

قىسسە، سەييادخان بىرنەچچە كۈن خىزمەتكەرلىكنى بىجا كەلتۈردى. بىر كۈنى فەرھەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي باتۇر، ئارىمىزدا خوجايىنلىق بىلەن نەۋكەرلىك پەيدا بولدى. بۇمۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، بەندىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ شەرەپلىك خىزمىتىنى بىجا كەلتۈرسەم بۇ شەرت بىلەن باتۇرلارنى بىرگە ئېلىپ مېنىڭ چېدىرىمغا بارسىڭىز ئۆزەمنىڭ گۇناھىنى يۇيسام، — دېگەن ئىدى، فەرھەڭ قوبۇل قىلدى.

نەۋفىل بىلەن ئىسھاق بىرلىكتە سەييادخاننىڭ چېدىرىغا كەلدى. ئۇ ھارامزادە شۇنداق زىياپەت قىلدىكى، باتۇرلار ھەيران قالدى. كەچ كىردى. شاراپقا بىھوش دورىسىنى قوشۇپ

باتۇرلارغا تۇتتى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى، باتۇرلارنىڭ ھەممىسى بىھوش بولدى. سەييىاد ئەتراپىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلغان ئىدى، ھەممە باتۇرلارنى باغلاپ ئېتىغا مىندۈرۈپ دەرھال يەمەن شاھلىقىنىڭ شاھى بىلەن ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا باردى. شۇ كېچىسى ئوردىدا قالغان لەشكەرلەرنى چېدىردىن باشلاپ چىقىپ تارمار قىلدى. تۇگىلەرنى كەلتۈرۈپ بارگاھنى يۈكلەپ، بىر ئادەمنى يول باشلىغۇچى قىلىپ باتۇرلار بىلەن سانسىز لەشكەرنى ھىكلاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

ئەدەنلىك مۇھتەر كەھەك بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋەقەنى باشتىن ئاخىر بايان قىلغان ئىدى، ساھىبقىران دەرغەزەپ بولۇپ:

— بىر باتۇرنى ئۆلارنىڭ ئارقىدىن ئەۋەتىپ، باتۇرلارنى قۇتقۇزۇپ، جەمشىد بارگاھنى قايتۇرۇپ كەلسۇن،— دېگەن ئىدى، ھايۋان تېرىسى كىيگەن شاھزادە ئابدۇلھېمىد بىلەن بەھراملا جايىدىن قوزغۇلۇپ ئىجازەت ئېلىپ ئىككى مىڭ كىشى بىلەن مەغرىپكە قاراپ يۈزلەندى. ئەمدى بۇنىڭ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

يەتتە ئىقلىمنىڭ ئەمرى خاسىيەتلىك كۈندە ئەقىق تېغىغا قاراپ يۈزلەندى. ئەقىق تېغىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى پاراكەندە بولۇپ پېتىراپ كەتكەن ئەل ئىسكەندەرنىڭ ئەلىمنى كۆرۈپ ئەتراپىغا جەم بولۇشتى. كەچ كىردى. ئىسكەندەر ئەمر قىلغان ئىدى، جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. ئەتىسى سەپ تۈزۈشتى. ئالدى بىلەن سەييادخان مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. سەردار ئەلۋەندە تاغلىق مەيدانغا چۈشۈپ ئۇنىڭغا روبرو بولدى. بۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزاننىڭ ئىچىدىن تۆز ئەلىمى بىلەن ئوتتۇز مىڭ كىشى پەيدا بولدى. ئەلەمنىڭ ئالدىدا قاپلان تېرىسى كىيگەن نىقابدار يېتىپ كېلىپ، دوست بىلەن دۇشمەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار

بولۇپ، سەييادخاننىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. نەيزىدىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. نىقابدار قولىغا قىلىچ ئېلىپ سەييادخانغا ئۇردى. ئەگەر تاغقا ئۇرسىمۇ تالقان قىلغان بولاتتى. ئۇ ھارامزادە قولىغا قىلىچ ئېلىپ چاققانلىق بىلەن تۇسۇپ قايتۇرۇپ قىلىچ ئۇرغان ئىدى، نىقابدارنىڭ دوبۇلغىسىدىن ئۆتۈپ، بېشىغا ئىككىلىك پاتتى. نىقابدارنىڭ لەشكەرلىرى ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە مەغرىبىلەر مەيدانغا باستۇرۇپ كەلگەن ئىدى، ئىسكەندەر ھەم سىپاھىغا مەيدانغا كىرىشكە ئەمر قىلدى. كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ قىلدى. يېڭىش - يېڭىلىش بولمىدى. تىنچلىق دۇمبىقى چېلىنىپ ھەر ئىككى تەرەپ ئارامگاھىغا قايتتى. ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلدى. يەنە جەڭ دۇمبىقىنى چالدى.

تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. سەييادخان مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئەمىرخاز ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا داخىل بولدى. ئۇ سەييادخان بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىشىپ نەچچە نەيزە ئۇرۇشقان ئىدى، ھاۋادا بىر بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئۇ ئىككى باتۇرنىڭ بېشىغا كەلدى، بۇلۇتنىڭ ئىچىدىن بىر قول پەيدا بولۇپ ئەمىرخاننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئىگەردىن ئېلىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەلۋەند كۇھنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن مۇھەممەد شىرزاد ياقىسىنى يىرتىپ پەرياد قىلىشتى. سەييادخان ئىسكەندەر تەرەپتە بىر پەرىشانلىق بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە ياندۇرۇپ ئوردىسىغا قايتتى.

كەچ كىردى. ئىسكەندەر:

— ھىمايىچى قوشۇننىڭ سەردارى كىم بولىدۇ؟ — دېگەن ئىدى، مۇھەممەد شىرزاد باتۇرلار بىلەن ھىمايىچى تەرەپتە تۇردى. تۈن نىسپى بولغاندا مۇھەممەد شىرزاد بىر قارا كىيىملىكنى كۆرۈپ:

— كىم سەن؟ — دەپ ھەيۋە قىلغان ئىدى، قارا كىيىملىك:

— ئەمىرخاننى ئېلىپ كەتكەن كىشى مەن بولىمەن، مەن ھازىر كەلدىم. ياردەمچى تەرەپنىڭ ئەمىرنى ئېلىپ كەتمەكچىمەن، — دەپ قايتىپ كەتتى. مۇھەممەد شىرزاد ئاتىسىنىڭ ئېيتىنى ئىشىتىپ ياردەمچى تەرەپنىڭ باتۇرلىرىغا:

— سىلەر لەشكەرلەرگە ئېيتىپ قويۇڭلار، مەن بۇ قارا كىيىملىكنىڭ ئارقىسىدىن بارىمەن. بەلكىم ئاتامنى قۇتقۇزۇپ كېلەرمەن، — دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ياردەمچى تەرەپنىڭ باتۇرلىرى سەۋر قىلىپ تۇردى.

تاڭ ئاتتى. مۇھەممەد شىرزاد قايتىپ كەلمىدى. ساھىبقىرانغا بۇ خەۋەر يەتكەن ئىدى، ئىسكەندەر غەزەپلەندى. قىسسە، ئۇ كۈنى تىنچ ئۆتتى. كەچ كىردى. مۆلكى ئەلۋەس ھىمايىچى قوشۇن تەرەپكە باردى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى، ئىسكەندەر تەشۋىشكە چۈشۈپ:

— مۆلكى ئەلۋەسنى ئېلىپ كەتتىمكىن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇھتەر نەسىمنى ئالدىغا سېلىپ ھىمايىچى قوشۇن تەرەپكە يۈزلەندى. ئەلۋەس ئەمىرنى كۆرۈپ:

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنسىز، — دەپ نارازى بولغان ئىدى، ئەمىر:

— سىزنى ئېلىپ كېتەرمىكىن، — دەپ سىزدىن ئەندىشە قىلىپ كەلدىم، — دەپ سۆزلەۋاتقان ئىدى، قارا كىيىملىك كېلىپ:

— ئەي ھىمايىچى قوشۇننىڭ سەردارى، ئالەمنىڭ مەرتلىرىدىن بولساڭ كەلگىن. بىلىكىمنىڭ كۈچىنى كۆرگىن، — دەپ ۋارقىرىدى، ئەمىر قارا كىيىملىكنىڭ كاللىسىنى ئالماقچى بولدى. ئەلۋەس:

— شەھريار، سىز شوك ئولتۇرۇڭ، مەن بېرىپ

جاجىسىنى بېرەي، — دەپ راۋان بولدى. قارا كىيىملىك ھەم كەينىگە ياندى. ئەلۋەس كەينىدىن كېتىپ بېرىپ:

— ئەي خومپەر، قەيەرگە بارسەن، قولۇڭنىڭ كۆچىنى سىناپ كۆرەي، — دەپ ۋارقىرىدى. قارا كىيىملىك كەلدى. ئۇلار بىر - بىرىگە نەيزە ئۇرۇشتى. مۇلكى ئەلۋەس قارا كىيىملىكنىڭ قولىدىن نەيزىنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتكەن ئىدى، ئۇ مۇلكى ئەلۋەسنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ، ئىگەردىن يۇلۇپ ئېلىپ كەتتى. ئىسكەندەر ئارقىدىن بارماقچى بولغان ئىدى، مۇھتەر نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ:

— شەھريار، بۇنىڭ ئىلاجى شۇكى، قارا كىيىملىكنىڭ ئارقىسىدىن بارماڭ، جەزمەن قارا كىيىملىك جادوگەر بولۇشى مۇمكىن، بالا قازاغا ئۇچرىمايلى، لەشكەرلىرىڭىز دۈشمەننىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، — دەپ تورلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئىسكەندەرنى رايىدىن قايتۇردى. ئىسكەندەر بارگاھقا قايتىپ كەلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.



## ئوتتۇز توققۇزىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن-نىڭ قارا كىيىملىكنىڭ ئارقىسىدىن ئەسھابۇلكەھف غارىغا بېرىپ، پەيغەمبەرنىڭ خوش خەۋىرىنى ئىشتكەنلىكى، سەييادخانىنىڭ ئىسكەندەر-نىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، يەنە بىر كېچىسى ئىسكەندەر:

— بۇگۈن كېچە كىشىلەر ھىمايىچى قوشۇنغا بارمىسۇن، ئۆزەم ھىمايىچى قوشۇنغا بارىمەن، — دەپ يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن ھىمايىچى قوشۇنغا باردى. كېچىدىن بىر تەك - تەك ئۆتكەن ئىدى. ئىلگىرىكىدەك ئادەت بويىچە قارا كىيىملىك پەيدا بولدى. ئىسكەندەر:

— ئەي ھارامزادە سەن كىم؟ بۇگۈن كېچە كېلىپ باتۇرلارنى يەنە ئوغرىلىماقچىمۇسەن، — دەپ ۋارقىرىغان ئىدى، قارا كىيىملىك:

— ئەگەر سەن راست سۆزلىسەڭ، مېنىڭ ئارقامدىن كېلىپ باتۇرلىرىڭنى قۇتقازغىن، — دېدى. ئىسكەندەر ئېتىنى چاپتۇردى. قارا كىيىملىكمۇ ئېتىنىڭ يورغىسىنى تېزلەتتى. ئىسكەندەر لەشكەرلەردىن ئايرىلىپ بىر فەرسەڭ جايىغا يېتىپ بارغاندا قارا كىيىملىك نەيزىنى ئەمرگە قارىتىپ كۆكرىكىگە ئۇرۇۋىدى ئەمىر ئۇنىڭ نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى، ئەمما ئەمىر، ئۇ نەيزىنىڭ ھىمايىچى قوشۇننىڭ

نەيزىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، جەزمەن بۇ هارامزادە سېھىرگەر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئىسىم ـ ئەزىمنى ئوقۇغان ئىدى، ئۇنىڭ سېھىرى كارغا كەلمىدى. قارا كېيىملىك ئىسكەندەرنىڭ ئىسمى ـ ئەزىم ئوقۇغانلىقىنى بىلدى. سېھىرى تەسىر قىلمىغاندىن كېيىن قارا كېيىملىك:

— ئەي ئىسكەندەر، سەن ھەم جادۇگەر ئىكەنسەن، — دەپ كېتىپ قالدى.

ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بىر باياۋانغا باردى. قارا كېيىملىك ئاستا ـ ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزىدىن غايىپ بولدى. ئىسكەندەر باياۋاندا تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. ئىسكەندەر يىراق بىر جايدا بىر غاردىكى بۇلاقتىن سۇ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر ئۇ يەرگە باردى. غارغا كىرىپ تاھارەت ئېلىپ، سۇبھى (بامدات) نامىزىنى ئوقۇدى. ئىسكەندەر بېشىنى سەجدىدىن كۆتەرگەن چېغىدا غايىپتىن:

— ئەي ئىسكەندەر، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى:

«ئىسكەندەر بۇ قوۋمىدىن ئايرىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلدى. ئۇ كۆچمەنىنىڭ ئېتى ئىسكەندەر ئىدى. ئۇ بالاغەتكە يەتتى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە يەنە: «يا زۇلقەرنەيىن، مەن سېنى يەر يۈزىدىكى ئادەملەرگە ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ گورۇھلىرى ساڭا مايىل بولىدۇ. ئۇلار مايىل بولغۇچىلار، مايىل بولغۇچىلار نەچچە خىل، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى يىراق جايلاردا، يەنە بىر مۇنچىسى يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا،» دېگەن ئىدى، زۇلقەرنەيىن:

— ئەي مېنىڭ پەرۋەردىگارىم، مېنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتەرسەن، مەن ئۇلۇق ئەمرگە قاتتىق ئەمەلدە بولىمەن. ئەگەر سەن قۇدرەتلىك بولساڭ ماڭا خەۋەر بەرگىن. مېنى شۇبۇ گورۇھقا ئەۋەتەرسەن قايسى ئۇسۇل بىلەن ئالىمەن. قانداق تاقەت بىلەن بارىمەن، قايسى زۇۋان بىلەن سۆزلىشىمەن. قانداق

قىلىپ ئۇلارنىڭ نەق - ناھەق ئىشلىرىنى بىلىمەن، قايسى قۇلاق بىلەن ئۇلارنىڭ شىرىن ۋە نەشتەر سۆزىنى ئىشىتىمەن. قايسى كۆز بىلەن ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان ئەمەللىرىنى كۆرىمەن. قايسى مۇھەببەت بىلەن ئۇلارنى جەلىپ قىلىمەن. قايسى ئەقىل بىلەن تەھقىق قىلىمەن. قايسى كۆڭۈل ۋە ھىكمەت بىلەن ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرىمەن. قايسى نەسەپ بىلەن ئەدل - ئەمەل قىلىمەن. قايسى مەرىپەت بىلەن دەۋانى ئايرىيمەن. قايسى قول بىلەن ئۇلارنى تۇتىمەن، قايسى پۇت بىلەن ماڭىمەن. قايسى تاقەت بىلەن سىنايمەن، قايسى لەشكەر بىلەن قەتلى قىلىمەن، قايسى مۇلايىملىق بىلەن ئۇلپەت بولىمەن، مېنىڭ قېشىمدا مەھبۇپ يوق تۇرسا، ئەي پەرۋەردىگار، كۆرۈپ تۇرۇپسەن قايسى قەست بىلەن جىدەل قىلىمەن. غايىپتىن: «سەن مېھرىبان ۋە رەھىم قىلغۇچىسەن. تەكەللۇپ قىلمايسەن، نەپسىنى ھىيلە - مىكىر تاقىتىڭ بىلەن يوق قىلمايسەن، مىكىر تاقەتكە بېقىپ پىر - مۇرشىدلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن تەھقىق قىلىسەن، مەن پات ئارىدا بۇلارنى ئىسپاتلاپ بېرىمەن ۋە بۇ يۈكنى كۆتۈرەلەيدىغان بولىسەن. سېنىڭ ۋەزنىڭنى ئاچىمەن. ھەر قانداق پەسكەش ئىش قەلبىڭگە سىغمىدۇ. پاراستىڭنى ئاشۇرىمەن ۋە كەڭ قىلىمەن. ھەر قانداق ئىشنى پەم - پاراسەت بىلەن بىلالايدىغان بولىسەن، زۇۋانىڭنى كۆشادە (راۋان) قىلىمەن، ھەر قانداق گورۇھقا سۆزلىيەلەيسەن، نەزىرىڭنى كەڭرى قىلىمەن. پەرىشتىنى كۆرىسەن. سېنى دۇشمەنلەرگە قاتتىق قىلىمەن، ھېچقانداق دۇشمەن غالىپ كېلەلمەيدۇ، قابىلىيىتىڭنى يۇقىرى قىلىمەن. ھېچقانداق كىشىدىن قورۇقمايسەن، ساقلايمەن. ئەقلىڭ ئۇستۇن، بىھۇدە سۆزنى قىلمايسەن، ئىككى قولۇڭنى كۆشادە قىلىمەن ھەر قانداق ئىشىڭغا كۈچ - قۇدرەت بېرىمەن، قەدىمىڭنى مەزمۇت قىلىمەن. ھەر قانداق جايغا بارساڭ ۋە قەدەم قويساڭ ئۇزۇك سېلىپ قويىمەن. سېنى ھەيۋەتلىك قىلىمەن،

ھەر قانداق پىتنە پاسات، ھەر قانداق بەندە ۋە دۈشمەنلەر سېنى كۆرسە قورقىدۇ ۋە ساڭا بويسۇنىدۇ. مەن ساڭا نۇرنى ئالدىڭدا زۇلمەتنى ئارقىڭدا قىلىمەن، نۇر بىلەن زۇلمەت ئىگەڭنىڭ لەشكىرىدۇر. سېنىڭ ئالدىڭدىكى نۇر لەشكەرلىرىڭنى توغرا يولغا باشلايدۇ. بالادىن ساقلايدۇ. زۇلمەت ئارقىڭدىن ۋە تاشقىرىدىن، بۇ تەڭرىتائالانىڭ قولىدوركى، ئۇ بەئەينى گۈلشەندۇر.

ئىسكەندەر شۇ ھالەتتە بۇ ۋەھىيلەرنى ئىشىتىپ ۋە ئۇتتۇنۇپ غارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ بېشىنى سەجدىگە قويدى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتەرگەن ئىدى، ئالدىدا بىر قارا كىيىملىك كىشى نامايان بولدى. ئۇ:

— ئەي ئىسكەندەر، ساڭا خوش خەۋەر بولسۇنكى، جادونى بىر تەرەپ قىلىۋەتتىم. پەرۋەردىگار ساڭا پەيغەمبەرلىكنى ۋەھى قىلدى. بۇ غارنىڭ ئالدىدا تەلىپىڭنى بايان قىلغىنكى، ھەر قانداق تەلىپىڭ بولسا قوبۇل بولىدۇ، — دېدى. يەنە:

— ئەي ئىسكەندەر، غارنىڭ ئالدىدىكى تاشنى ئېلىۋالغىن، كۆپ جايلاردا ساڭا ئەسقاتىدۇ، — دېدى.

ئىسكەندەر چاقناپ تۇرغان ئۇ تاشنى ئالدى. قارا كىيىملىك يەنە:

— ئەي ئىسكەندەر، دۇنيانى كۇپۇرلۇق قاپلاپ كەتتى. لېكىن بۇ جەھەتتىن سېنى پاك، شەمسىئى ئالەم قىلدى. دۇنيانى كۇپۇرلۇق ئالىمىدىن پاك يورۇق قىلغىن، — دېدى. بۇ خىل ئاسايىشلىق ئىسكەندەرگە ئىنتايىن جەزبىلىك ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. پەرۋەردىگارنىڭ مەرھەمەتلىك پەيغەمبەرلىكى بىلەن قەددىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، ناھايىتى خۇشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن كېيىن غاردا ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر ئۇ

قەلئەدىن قارا كىيىملىك جادۇگەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتتى.
قايىل بولغۇچىلار ئىسكەندەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ياخشىلىق تىلەپ، تەتقىق قىلىپ:
— ئۇ قارا كىيىملىك پەرىشتە ئىدى، يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئىبتى فائىل. ئۇ پەرىشتە زېمىننىڭ مۇئەككىلى ئىكەن. ئۇ زېمىننى ھەم كەڭرى قىلالايدۇ، ھەم تارايتالايدۇ، — دېيىشتى.
ئىسكەندەر ئۇ قارا كىيىملىك جادۇگەرنىڭ كەينىدىن كەتكەن ئىدى. مۇھتەر نەسىم ئوردىغا قايتىپ بېرىپ، سام ئىبن فەرىدۇن بىلەن تەمالخان ۋە ھەرۇم نەۋجەۋان بىلەن باتۇرلارنى باشلاپ ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ ماڭدى. ئۇلار غارنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ بېرىپ، غارنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇرغان كىشىنى كۆردى. ئىسكەندەر غاردا ئىبادەتكە مەشغۇل ئىدى. شەھريارنىڭ جامالى ناھايىتى نۇرانە بولغاچقا ئاۋۋال تونىيالمىدى. خېلىغىچە سەجدىگە مەشغۇل بولغان ئىدى ئاندىن ئۇنى تونىدى. پالۋانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ شەھريارنىڭ ئايىغىغا باش قويدى. ساھىبقىراننى پەيغەمبەرلەر مۇبارەكلىگەن ئىدى، دوستلار خۇشال بولۇپ تەبرىكلەشتى. ھەممىسى غارنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ مۇرادىنى بايان قىلىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر (ئىسكەندەر) بىلەن بىرلىكتە ئاتقا مىنىپ ئوردىغا قايتتى.
ئۇ تەرەپتە سەييادخان:
— ئىسكەندەرنى قارا كىيىملىك بىر كىشى باشلاپ كىتىپتۇ، — دەپ ئاڭلاپ جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىغا چالدۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ، پالۋان تەلەپ قىلدى.
ئارستو:
— سەردارلار ئوردىدا يوق، شۇنداقتىمۇ باتۇرلار مەيدانغا كىرىشى كېرەك، — دېدى.
قىسسە، قۇللار سەردارى ئالماس، ئىسكەندەرنىڭ ئون

يەتتە مىڭ باتۇرنى باشلاپ كىلىپ مەيدانغا كىرگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يارىدار بولدى. بىر قىسمى شىھىت بولدى. ئاندىن كىيىن ئۇ ناپاك مەيداندا تۇرۇپ، ھەر تەرەپكە قاراپ چالۋاقاپ سۆزلەۋاتاتتى. شۇ پەيتتە يىراقتىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، ساھىبقىران سەردارلار بىلەن يىتىپ كەلدى. ئەمىر مەيدانغا سەييادخاننىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزى سەييادخانغا روبىرو بولدى. ئۇلار نەيزىبازلىقتا مەشغۇل بولدى. باتۇرلارنىڭ نەچچە يىرى يارىدار بولدى. ساھىبقىران ئىتىنى چاپتۇرۇپ بىرىپ، سەييادخاننىڭ نەيزىسىگە، نەيزىسىنى ئۇرغان ئىدى، سەييادخاننىڭ نەيزىسى قۇم چۆگۈندەك سۇنۇپ كەتتى. سەييادخان غەزەپلىنىپ شەمشەرنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئىلىپ، ئۇرماقچى بولغان ئىدى، ساھىبقىران چەبدەسلىك بىلەن قولىنى ئۇزۇتۇپ، سەييادخاننىڭ شەمشىرىنى قولىدىن تارتىپ ئىلىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ يەرگە شۇنداق ئۇرغان ئىدى، يەرگە نەقش باغلىدى، ئاندىن دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئىگىكىنى تۇتۇپ ئىتىنىڭ كاللىسىنى كەسكەندەك كاللىسىنى كىسىپ تاشلىدى.

ئەمىر قوپۇپ ئىتىغا مىنگەن ئىدى، سەييادخاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن شەھىنشاھنىڭ لەشكەرلىرى مەيدانغا باستۇرۇپ كىردى.

سەردارلار غەلىبە قازانغانلىقى بىلەن جايىدىن قوزغۇلۇپ مەغرىپلىكلەرگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق دەھشەتلىك جەڭ بولدىكى گوياكى قىيامەت قايىم بولدى.

قىسسە ساھىبقىران ئۇ دەھشەتلىك جەڭنى ئەلەمدارلارنىڭ ئەلىمى بىلەن تىنچىتتى. مەغرىپلىكلەر سەردارىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇ باياۋاندا تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرى زەپەر مارشى بىلەن ئارامگاھلىرىغا قايتىپ كىلىپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

# قىرىقىنچى قىسسە، شاھزادە ئابدۇلھېمىتنىڭ ئامانىيە شەھىرىگە بېرىپ، تەدبىر بىلەن ئامانىيە شەھىرىنى بويسۇندۇرۇپ باتۇرلارنى قۇتقازغانلىقى

ئەلقىسسە، مۇندىن ئىلگىرىكى قىسسىلىرىمىزدىن مەلۇمكى، شاھزادە ئابدۇلھېمىد، قاپلان تېرىسىدىن تون كىيگەن بەھرامنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەغرىبىيلەرنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. مەغرىبىيلىكلەر ئامانىيە شەھىرىگە يېتىپ باردى. بۇنى شەھىرى ئامانىيە شاھى ئامان ئاڭلاپ، شەھەر ئەھلى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئابدۇلھېمىد ئامانىيە شەھىرىگە يېقىن كېلىپ چۈشتى. ئامانىيە شاھى ئامان بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ:

— شەھەرنى تاقاپ، خەندەككە سۇ قويۇڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى ۋە ئۆزى سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قەلئەنى ساقلاشقا كىرىشتى. ئابدۇلھېمىد قەلئەگە يېقىن كېلىپ، ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ قەلئەنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. يىگىرمە كۈن ئۆتتى. لەشكەرلەرنىڭ ئۇزۇقلىقى تۈگىدى. شاھزادە:

— مەن ئاتامنىڭ ئالدىدا باتۇرلارنى قۇتقۇزىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ كەلگەن ئىدىم، ئەمدى قانداق قۇرۇق قول قايتىمەن. بۇ باياۋاندا ئۇزۇقلۇق تۈگىدى. شەھەرنى قانداق ئالىمىز، ئەگەر يەنە ئۇن كۈن تۇرۇپ قالساق لەشكەرلەر ئاشلىقتىن ھالاك

بولىدۇ، دەپ ئويلىدى — دە ئاتقا مىنىپ ئۆزى تەنها شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئامانىيە شاھىنى چاقىرىپ:

— ئەي ئامان شاھ، ئۆز ۋەقىمىز توگىدى، يىگىرمە ساندۇق تىللا ئالغىن، بىزگە يىگىرمە ساندۇق ئوزۇقلۇق بەرگىن، — دېگەن ئىدى، ئامان شاھ بايلىق تاماسىدا ئۆز - ئۆزىگە ئاۋۋال ئالتۇننى ئېلىۋالاي ئاندىن قالغان ئىشنى كۆرەمىز، — دەپ ئويلاپ:

— باشقىچە گېپىم يوق، ئاۋۋال ئالتۇننى بېرىڭلار، ئاندىن كېيىن ئوزۇقلىقنى ئېلىڭلار، ئەگەر، ئوزۇقلۇقنى ئاۋۋال بەرسەم سىلەر ئالتۇننى بەرمەيسىلەر، — دەپ ۋارقىرىدى.

شاھزادە بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. بارگاھقا قايتىپ كېلىپ ئەمر قىلغان ئىدى، بىچارىلەر ئەللىك ساندۇقنى ئېلىپ كەلدى. ئابدۇلھېمىد دوستلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ساندۇقلارنىڭ ئىچىدە ئولتۇردى. هامماللار ساندۇرقلارنى ئۆشنىسىدە كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇ هامماللار هەم هەر بىرى يۈزىگە تەڭ كېلەتتى. ئامان شاھ ساندۇقلارنى كۆرۈپ هەممىسى تىللا ئىكەن، دەپ خۇشال بولۇپ:

— دەرۋازىنى ئېچىڭلار، — دەپ دەرۋازىۋەنلەرگە ئەمر قىلدى. دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىنى ئاچتى. ساندۇقلارنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، ئامان شاھنىڭ بارگاھىدا يەردە قويىدى. هامماللار ساندۇقلاردىن ئالتۇن ئالماقچى بولۇپ ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. شاھزادىنىڭ سەردارلىرى ساندۇق ئىچىدىن قولىغا شەمشەر تۇتقان هالدا قوپۇشقان ئىدى، ئامان شاھ:

— سىلەرنىڭ هىلەڭلار، مېنىڭ هىيلەمدىن كۆپ ئىكەن، سىلەر «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۇمۇچ قىلىپ، نەپسىمنى زىيادە قىلسام، قازاننى تەشتىڭلار» ، — دەپ سىپاھلىرىغا:

— ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قويماڭلار، بىرسىمۇ

قېچىپ كەتمىسۇن، ئۆز پۇت - قولى بىلەن دامىمغا چۈشكەن بولسۇن، — دېدى.

شاھزادە ئابدۇلھېمىد چاققانلىق بىلەن ئامان شاھنىڭ بىلىگە شەمشەر ئۇرغان ئىدى، شەمشەر ئۇنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. باتۇرلار مەغرىبىيلەرنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئۇلارنى قەتلى قىلىشقا كىرىشتى. شاھزادىنىڭ لەشكەرلىرى ئارقىسىدىن ئوتنىڭ يورۇقىدا شەھەرگە كىرىپ شەھەردىكىلەر بىلەن چاپ - چاپقا چۈشتى. ئاۋامنىڭ ئاللا - توۋا ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى. ئامانىيە لەشكەرلىرى:

— ئامانلىق ئىماندا، — دېيىشتى.

ئامانىيە شەھىرىنىڭ خەلقى كەلىمە ئېيتىپ راستچىللىق ۋە ئىخلاس بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا بويسۇندى. شاھزادە فەرھەڭنىڭ باتۇرلىرى ۋە نەۋفىلگە نىجاتلىق بېرىپ، شەھرئەھلىدىن بىرىنى ئامانىيە شەھىرىگە پادشاھ (ۋالى) قىلىپ، خوتبەنى ئىسكەندەرنىڭ نامىدا ئوقۇپ، تۆپلانغان دەرم - دىنارنى ئىسكەندەرنىڭ نامىدا سوقتۇردى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد دىلاۋەرلەرنى ئېلىپ، غەلىبە نۇسرىتى بىلەن بارگاھى جەمشىدنى يۆتكەپ قۇتلۇق ئوردىسىغا داخىل بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.



## قىرىق بىرىنچى قىسسە، مازەندەرانلىق تۇر بىلەن سەئىدان ئىبىن سانىنىڭ ھىندىستان-غائەلچىلىككە بارغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، قىسسىمىز ئىلگىرىكى قىسمىدە خۇش پۇراق ئەنبەر قەلەم ئارقىلىق نۇرانە دۇردانىلەرنى تىزغانلىقى ھەممىڭىزگە مەخپىي قالمىسۇنكى، شۇ ۋاقىتتا ئارسلاندەك تۇر مەست بىلەن سەئىدان ھەر بىرى قىرىق مىڭ كىشىنى باشلاپ ھىندىستان تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇلار دەريانىڭ قىرغىقىغا بېرىپ كېمىدە ئولتۇرۇپ سۇ يۈزى ئارقىلىق ماڭدى. شامال چىقتى. كېمە سۇ يۈزىدە لەگلەكتەك لەيلەپ يۈردى. بىر ۋاقىتتا كېمە دېڭىز ساھىلغا يېتىپ كېلىپ كېمىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ ماڭدى.

ئۇلار شەھىرى ئەنداب دائىرىسىگە يېتىپ كەلدى. ئىرادە بىلەن شۇ كېچىسى سەئىدان شاراپ ئىچىپ مەستلىكتە ئەس-ھۇشىنى يوقۇتۇپ ئات بىلەن يولغا چىقىپ لەشكەرلىرىدىن يىراقلاپ كەتتى. سەئىدان مەستلىكتىن ھۇشىغا كېلىپ لەشكەرلىرىدىن يىراقلىشىپ زەئىپلەشكەنلىكىنى بىلدى. سەئىدان ئىتىنى چاپتۇرۇپ بىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ يەردە بىر بۇلاق بار ئىدى، بۇلاق ئەتراپىدا بىر تەختگاھ[1]

---

[1] تەختگاھ — تەخت بولغان يەر، پادشاھ، خانلار تۇرىدىغان شەھەر، پايتەخت

بار ئىدى. سەئىدان دەرەخقە ئېسىپ قويغان داستىخاننى كۆردى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، ئېتىنى يايلاققا قويۇپ بېرىپ، تەختكە قاراپ ماڭدى، داستىخاننى ئېلىپ، ئېچىپ داستىخاندىكى ئادەمنىڭ كاللىسى بىلەن گۆشى ئىكەنلىكىنى كۆردى. سەئىدان بۇ جاينىڭ دىۋىنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇ هالال قۇشلاردىن بىر مۇنچىسىنى تۇتۇپ، ئوت قالاپ، كاۋاپ قىلىپ، يېدى. بۇ چاغدا هاۋادىن ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئەتراپقا قارىغان ئىدى، بىر دىۋىنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئۇزۇن ئۆسكەن بولۇپ بىر غۇلاچ كېلەتتى. ئۇ تۆت قۇلاننى شىكار قىلغان بولۇپ، هاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، كۆزى سەئىدانغا چۈشكەن ئىكەن:

— ئەي ئادىمىزات، قورۇقمىغىن. قورقساڭ گۆشۈڭ ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. ئىبلىس[1]مۇ سېنى مەن ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ، — دەپ نەرە تارتتى. سەئىدان:

— ئەي دىۋە، سەن كىم بولىسەن؟ راستىڭنى ئېيتمىساڭ مەن سېنىڭ تەمىڭنى تېتىغۇچى بولغايمەن، — دەپ قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ، دىۋىگە ئېتىلدى. ئۇ دىۋە هەم قولىغا شەمشاد تۇتۇپ سەئىدانغا ئاتتى. سەئىدان ئۆزىنى قاچۇرىۋىدى شەمشاد يەرگە سانجىلدى. دىۋە ئۇنىڭ باشقا جايدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرهال شەمشادنى ئېلىپ، ئىككىنچى قېتىم ئۇرغان ئىدى، سەئىدان شەمشەر بىلەن شەمشادنى قەلەمچە قىلدى. بۇ چاغدا دىۋە هۆكىرەپ كېلىپ سەئىداننىڭ ياقىسىدىن تۇتتى. سەئىدان هەم دىۋىنىڭ كەمەر - زەنجىرىنى تۇتۇپ، كۈچ بىلەن دىۋىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن كۆكرىكىگە مىنىپ بىر قولى بىلەن خەنجەرنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئىڭىكىنى تۇتۇپ،

---

[1] ئىبلىس — شەيتان

كاللىسىنى كەسمەكچى بولغان ئىدى، دېۋە:
— ئەي يىگىت، مېنى ئۆلتۈرمىگىن، سېنىڭ غۇلاملىق ھالقاڭنى قۇلۇقۇمغا سالىمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. سەئىدان:
— ئېتىڭ نېمە، — دېگەن ئىدى، دېۋە:
— ئىتىم، ئەراك دېۋە بولىدۇ، بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ ئۆتكەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ - تالاپ ئۆزىنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن، — دېدى.
سەئىدان:
— ھازىر ئىمان ئېيتقىن، — دېگەن ئىدى. دېۋە:
— شەھەريار، مەن سېنىڭ غۇلامىڭ بولىمەن، نېمە دېسەڭ شۇنى قوبۇل قىلىمەن، — دېدى. سەئىدان ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۇردى. ئەراك كەلىمە شىرىفنى ئوقۇپ، راستچىللىق بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئىبلىسقا لەنەت ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن سەئىداننىڭ قولىنى سۆيۈپ گۆشنى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن سەئىدان:
— بۇ يەرلەر كىمگە تەئەللۇق، — دەپ سورىغان ئىدى، ئەراك:
— شەھريار، مۇشۇ يېقىندا بىر شەھەر بار، ئۇنى سەرەنداپ دەپ ئاتايدۇ. سەرەنداپنىڭ پادشاھى ماڭا باج تاپشۇرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن مەن ئۇ ۋىلايەتنىڭ ئەھلىگە زەرەر يەتكۈزمەيمەن، — دېدى.
سەئىدان ئۆزىگە: ھازىر مەن لەشكەرلىرىمدىن يىراقلاپ كەتتىم، تۇر مەسىت ھىندىستانغا راۋان بولدى. ئەمدى مەن لەشكەرلەرنى تېپىپ تورنىڭ ئارقىسىدىن بېرىشىم لازىم دەپ:
— ئەي ئەراك، سەرەنداپقا بارسام، — دېگەن ئىدى، ئەراك:
— شەھريار، بارغىن، ھەر قانداق جايغا بارساڭ ئارقاڭدا

يۈرۈپ خىزمىتىگە بولىمەن. ئەمما، سودىگەرلەردىن ئالغان نۇرغۇن جاۋاھىرلارنى غارنىڭ ئىچىدە قويغان ئىدىم، — دېگەن ئىدى، سەئىدان:

— بىرىپ كۆرۈپ باقايلى، — دېدى.

ئەراك سەئىداننىڭ ئالدىدا مېڭىپ غارغا باشلاپ باردى. ئەراك غارنىڭ ئاغزىغا توپلانغان تاشنى بىر تەرەپ قىلدى. سەئىدان غارغا قاراپ، جاۋاھىرلارنى خۇددى ئارىپىنى دۆۋىلىگەندەك دۆۋىلىۋاتقەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ھازىرچە بۇلار بوغاردا تۇرۇپ تۇرسۇن، بۇ جايدىن قايتىدىغان چاغدا ئېلىپ كېتەيلى، — دېگەن ئىدى، ئەراك غارنى ئاۋۋالقىدەك تاشلارنى توپلاپ بۇختا ئېتىپ چىقىپ سەرەنداپقا قاراپ راۋان بولدى. بىر مۇنچە مەنزىل يۈرۈپ، تاغ يولىنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە نۇرغۇن سودىگەرلەرنىڭ يۈكىنى چۇشۇرۇپ، شۇ جايدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئەراكتىن قورقۇپ ئۇ جايدىن قوزغىلالمىغان ئىدى. ئۇلار تۇساتتىن بىر باتۇرنىڭ ئاتقا مىنىپ، ئەراكنى ئالدىغا سېلىپ، ماڭدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سودىگەرلەردىن بىرى:

— بۇ باتۇر، جەزمەن ئەراكنى بويسۇندۇرۇپتۇ، ئەراك ئالدىدا پىيادە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. سودىگەرلەر ئورنىدىن قوپۇپ سەئىداننىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى. سەئىدان ئۇ جامائەتنىڭ كۆزى دېڭىگە چۈشۈپ خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي قافىلىلار[①] قورقماڭلار. مەن ئەراكنى بويسۇندۇردۇم، ئەمدى ئۇنىڭ سىلەر بىلەن كارى يوق، — دېدى. قافىلىلار كېلىپ ئۆزىنى سەئىداننىڭ ئېتىنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. سودىگەرلەرنىڭ خوجايىنى سەئىداننى چېدىرىغا

---

①قافىلە — كارۋان، بىرلىشىپ يولغا چىققان ياكى تۈگىلىك يولۇچىلار.

تەكلىپ قىلىپ ئىلىپ كىردى. بارلىق تائاملارنى قويدى. سەئىدان:

— ئەگەر مېنىڭ ئېتىقادىمدا بولساڭلار تائامىڭلارنى يەيمەن، — دېدى.

قىسسە، كارۋاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى سەئىداننىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلدى. [1]سەئىدان شۇ كېچىسى ئۇ يەردە قونۇپ ئەتىسى سودىگەرلەرنى خوجايىنىغا تاپشۇرۇپ، جاۋاھىرلارنى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئاندىن سودىگەرلەر بىلەن خوشلىشىپ ئەراكنى ئالدىغا سېلىپ سەرەندىپقا قاراپ راۋان بولدى. نەچچە مەنزىل يۈرۈپ بىر باغقا يېتىپ كەلدى. سەرەندىپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئەفروز باغدا ئەيشى - ئىشرەت تاماشادا ئولتۇرغان ئىدى، سەئىدان باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىشكنى ئاچتى. ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى ئەراكقا بېرىپ، باغقا كىردى، قىزنىڭ كۆزى سەئىدانغا چۈشۈپ بىردىلى بىلەن مىڭ مەرتىبە ئاشىق بولدى. ئۆز - ئۆزىگە: ئەلبەتتە. بۇ باتۇر، بۇ دۈنيانى بوي سۇندۇرغان، — دېدى. باشقا قىزلار دۈنيانى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتتى. سەئىداننىڭ كۆزى ئۇ نازىنىنغا چۈشۈپ يۈز دىلى بىلەن ئاشىق بولدى. قىز:

— ئەي يىگىت، خوش كەلدىڭىز، كۆپ جاپا تارتتىڭىز، ئەمما دۈنيانى رۇخسەت بېرىڭ بۇ يەرنى خالى قىلسۇن، — دېگەن ئىدى، سەئىدان بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئەراكقا:

— چىچەكنى نەچچە تال بېرىپ، بىز سېنى قىپقىزغىنچە بۇ باغلاردا شىكار قىلغىن، — دېدى. ئەراك نەچچە تال مويىنى سەئىدانغا بېرىپ، پەرۋاز قىلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

---

②ئەسلى قولىيازمىنىڭ مۇشۇ بېتىنىڭ سول يېنىغا ئىككى دانە بۇد بېشى سىزىلغان. بۇد بېشىنىڭ رادىئوسى تەخمىنەن 0.35 مىللىمېتىر.

قىز سەئىداننى قەسىرىگە باشلاپ كىرىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ:

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟ بۇ دىۋنى قانداق قىلىپ بويسۇندۇردىڭىز؟ — دەپ سورىغان ئىدى، سەئىدان بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. قىز خۇشال بولۇپ تەھسىن - ئاپىرىن قىلدى.

قىزلار مەي كەلتۈردى. قىز خوش دەپ جامغا مەي قۇيۇپ سەئىدانغا تۇتتى. سەئىدان مەستخۇش بولۇپ قىزنىڭ لىۋىگە دىل شەربىتىنى قۇياتتى. بۇ چاغدا قىزنىڭ ئىنىك ئانىسى ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— ئەي قىزىم، ئەگەر جاھاننىڭ شاھى بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپسا، مېنىڭ بېشىمنىڭ تېرىسىنى سويىدۇ، — دېدى. قىز بويندىكى مېدالنى ئېلىپ، ئىنىك ئانىنىڭ بويىنىغا سالدى. ئىنىك ئانىنىڭ ئاندىن زۇۋانى تۇتۇلدى. ئۇ مەملىكەتنىڭ خىراجەتچىسى ئىدى. ئۇ كۈنى مەي ئىچىشىپ كەچ بولدى. قىز سەئىدان بىلەن مۇجامەئەتخانىگە[1] باردى. سەئىدان قىز بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شەمشىرىنى قويۇپ:

— ئەي شەمشەر، سەن مەردانىلارنىڭ سوقۇشىشىدا قالتىس بىسىدۇرسەن. مەن بىلەن قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغىن، ئۇ بىلىدىن ئايىقىغىچە ماڭا ھارامدۇر، — دەپ قىزنىڭ يۈزىگە - يۈزىنى يېقىپ، شامىنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاپ قالدى. قىزلار ھەر قايسىسى ئۆز ئارامگاھىغا چىقىپ كەتتى. ئىنىك ئانا بىرەر ۋەقە چىقمىسۇن، دەپ تەخت - كاتنىڭ ئاستىدا ياتتى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى، ئىرادە بىلەن سەئىدان ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلدى. ئىنىك ئانا خىيالىدا سەئىداننى قىزنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالمىسۇن، دەپ تاياق بىلەن سەئىداننى نوقۇپ:

---

[1] ئىشرەت قىلىدىغان خاس ھۇجرا.

— ئەي يىگىت، ئاگاھ بولغىن، مەن تىغى ئۆيغاق، — دېگەن ئىدى، سەئىدان قوپۇپ، ئىنىسى ئانىسىنىڭ تاياق تۇتۇپ تەخت — كاتىنىڭ ئاستىدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كارامەت سۆزلەرنى قىلدى. سەئىداننىڭ غەزىۋى ئاشتى. شەمشەرنى ئېلىپ، ئۇ ۋالاقتەككۈرنىڭ بېلىگە ئۇرغان ئىدى، ئىككى پارە بولۇپ جەھەننەمگە كەتتى. قىزمۇ بىدار ھالەتتە ئىدى.

— ئەي پالۋان، نېمە ئۈچۈن ئىنىسى ئانىسىنى ئۆلتۈردىڭىز، — دېگەن ئىدى، سەئىدان سەۋەبىنى چۈشەندۈردى. قىز:

— ئوبدان قىلىپسىز، ماڭا ھەم تولا ئازار بېرەتتى، — دەپ ئىنىسى ئانىسىنىڭ بويىنىدىن مىدالنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بويىنىغا سالدى. ئىنىسى ئانىسىنىڭ قەدىرسىز جەسىتىنى ئېلىپ چىقىپ كۆمۈۋەتتى. ئۇلار يەنە تەخت - كاتقا چىقىپ خاس ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئىنىسى ئانىسىنىڭ قىزى، ئىنىسى ئانىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزى پادىشاھنىڭ ھوزورىغا بېرىپ ۋەقەنى ئەرز قىلغان ئىدى، پادىشاھنىڭ كۆزىگە دۇنيا قاراڭغۇ ۋە تار كەلدى. شۇ ھالەتتە ۋەزىرنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ۋەزىر:

— شەھريار، ئۇ كىشى ئەراك دىۋىنى بويسۇندۇرغان بولسا ناھايىتى شىجائەتلىك ئىكەن. بۇ ۋىلايەتتە ئۇنىڭ چارىسىنى قىلالايدىغان پالۋان بارمىدۇ. ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىش لازىم. ئۇنى كەھرەبا① دىۋىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتسەك بەلكىم بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەراك بىزدىن كۆرمەس، ھەم بىزگە ئازار يەتكۈزمەس، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

---

①كەھرەبا — 1، بىر تۈرلۈك سېغىزتاش، كەھرىۋا.
2، تەتۈر ئۈيلىماق.

## قىرىق ئىككىنچى قىسسە، سەئىدانىنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقى، سەرەنداپ شاھى جاھان-شاھنى ھامال قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سەرەنداپقا يېقىن جايدا بىر تاغ بار ئىدى. ئۇ تاغدا كەھرەبا دىۋە ماكان تۇتقان ئىدى. ئۇ تاشتىن ئىمارەتلەرنى ياسىغان. ھەر كۈنى جاھان شاھتىن ئىككى ئادەمنى ئېلىپ كېتىپ كاۋاپ قىلىپ يەيتتى، شۇڭا جاھان شاھ ۋەزىرىنىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ سەۋر قىلدى. تاڭ ئاتتى. جاھانشاھ ئۇلۇغ ئۇشاق ھۆكۈمالىرىنى باشلاپ باغقا راۋان بولدى.

كېنىزەكلەردىن بىرى جاھانشاھنىڭ بۇياققا كېلىۋاتقانلىقىنى مەلىكە ئەفرۇزغا خەۋەر قىلىپ قويۇپ كەتتى. ئەفروز بۇنى ئاڭلاپ ئۆرتەندى. سەئىدان:

— ئەي نازىنىن، ساڭا نېمە بولدى؟

جاھان شاھنىڭ بۇ يەرگە كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى سۆزنى بايان قىلدى قىز.

— خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، ئۇلارغا ئۆزەم جاۋاپ بېرىمەن، — دەپ سەئىدان قىز بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ ئاتقا مىنىپ باغنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. تاشقىرى چىققان ئىدى، ئۇ تەرەپتىن جاھان شاھ ئۇلۇغلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. جاھانشاھنىڭ كۆزى باتۇرغا چۈشتى. ئۇ زال ئوغلى رۇستەمگە

ئوخشايتتى جاھانشاھ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلۇغلار بىلەن سەئىدانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. جاھان شاھ:

— ئەي يىگىت، ئوبدان كەلدىڭىز، — دەپ سەئىدانىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، باغقا ئېلىپ كىرىپ، قەسىرگە تەكلىپ قىلدى. سەئىدانىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ سۆھبەتلەشتى. سائەتتىن كېيىن:

— ئەي باتۇر، بۇ يېقىن ئەتراپتا بىر تاغ بار. ئۇ جاي دىۋىلەر ماكانىدۇر، ئۇ جايدا بىر دىۋە بار كەھرەبا دەپ ئاتىشىدۇ. بىر ئەركەك دىۋە بار، ئۇ ھەر كۈنى بىزدىن ئىككى ئادەمنى ئېلىپ كېتىپ كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. ئەگەر غورورىغا تەگسەك بىزنى پاراكەندە قىلىدۇ. مەن ھەر قانداق كىشى كەھرەبانىڭ ئىلاجىنى قىلسا، ئۇنىڭغا قىزىم ئەفرۇزنى بېرىمەن، ئۆزەم ھامماللىق ھالقىسىنى قولىقىمغا سالىمەن دەپ شەرت قىلغان ئىدىم، — دېدى. سەئىدان بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي پادىشاھ، ئۇ دىۋىنىڭ ئىلاجىنى مەن قىلىمەن، — دەپ ئېتىغا مىنىپ ئەراكنىڭ مۈيىنى ئوتقا سالغان ئىدى، ئەراك ھازىر بولدى. جاھان شاھنىڭ كۆزى ئەراكقا چۈشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ تەنلىرى شۈركۈندى، ئەراك:

— ئەي شەھريار، قەيەرنى نىشان قىلدىڭىز، — دېگەن ئىدى، سەئىدان:

— كەھرەبانىڭ ئىلاجىنى قىلاي دەپ نىيەت باغلىدىم، — دېدى. ئەراك:

— ئۇنىڭ دەستىدىن قېچىپ يۈرۈپتىمەن، ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلالمايۋاتىدۇ، — دېدى. سەئىدان:

— پېرلىرىم مەدەت بەرسە مەن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىۋرمەن، — دېدى. ئەراك:

— سىز بېرىڭ، مەن ئارقىڭىزدىن يېتىپ بارىمەن، — دېدى.

جاھان شاھنىڭ مۇھتەر قەھرمان ئىسىملىك بىر باتۇرى بار ئىدى، ئۇنى چاقىرىپ، يولباشچى قىلىپ، شاھزادە سەئىدانغا قوشۇپ قويدى. جاھانشاھ يالغۇز قەھرمانغا مېھرىبانلىق قىلىپ:

— ئەگەر، ئۇنى يولدا جايلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بالاسىنى بىزنىڭ دىيارىمىزدىن خالى قىلساڭ، بەدىلىگە قانچىلىك نەرسە خالىساڭ شۇنى بېرىمەن.

سەئىدان مۇھتەر قەھرمان بىلەن كەھرەبانىڭ ماكانىغا راۋان بولدى. شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە ماڭدى، كەچ كىردى. ئۇلار بىر غارغا كىرىپ ئارام ئالدى. مۇھتەر قەھرمان جاھانشاھنىڭ تاپشۇرقى بويىچە سەئىدانغا بىھوش دورىسى بەردى. سەئىدان بىھوش بولدى، ئۇ ناپاك ئۇنى قەتلى قىلىش ئۈچۈن كۆكرىكىگە مىنىپ، خەنجەرىنى قىنىدىن تارتىپ ئېلىپ، سەئىداننىڭ ئىگىكىنى تۇتۇپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولغان ئىدى، بۇ چاغدا ئەراك دىۋە پەيدا بولۇپ:

— ئەي ناپاك، مېنىڭ خوجايىنىمنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن، — دېگەن ئىدى، مۇھتەر قەھرمان سەئىداننىڭ ئۈستىدىن قوپتى. ئەراك دار شەمشادنى قەھرماننىڭ بېشىغا ئۇرغان ئىدى قەھرمان تۇپراق بىلەن باراۋەر بولدى. ئەراك سەئىدانغا ۋەھشى جانىۋارلار ئازار بەرمىسۇن دەپ باش تەرىپىدە ئولتۇردى. تاڭ ئاتقىچە سەئىدان ھوشىغا كېلىپ بولالمىدى. ئەراك نەچچە ئۇۋنى ئوۋلاپ كېلىپ سويۇپ، ئوت يېقىپ، كاۋاپ قىلدى. سەئىدان كۆزىنى ئېچىپ ئەراكنىڭ كاۋاپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئەراك، قاچان كەلدىڭ، — دەپ سورىدى. ئەراك ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى. سەئىدان ئەراكنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، مېھرىبانلىق قىلدى. ئاندىن ئىككىسى ئولتۇرۇپ كاۋاپنى يېيىشتى. سەئىدان ئاتقا مىندى. ئەراك باتۇر پىيادە

ئالدىدا مىڭىپ كەھرەبا تەرەپكە يول ئالدى. ئۇلار تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى. ئەركەك دىۋە كەھرەباغا:

— بۇ يەرگە سەئىدان بىلەن ئەراك دىۋە كېلىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. كەھرەبا زور بىر دىۋىنى:

— بېرىپ، ھەر ئىككىسىنى ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتتى. ئۇ دىۋە سەئىداننىڭ ئالدىغا كېلىپ دار شەمشادنى كۆتەرگەن ئىدى، ئەراك چاققانلىق بىلەن دارشەمشاد بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ھالاك قىلدى. كەھرەباغا خەۋەر يەتكەن ئىدى، ھەممە دىۋىلەر بىلەن تاغدىن چۈشتى. ئەراك كەھرەبانى تونۇپ:

— ئەي شەھريار، مەن كەھرەباغا تەڭ كېلەلمەيمەن، — دېگەن ئىدى، سەئىدان:

— سەن ئاتتىن خەۋەر ئالغىن، مەن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلاي، — دەپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى ئەراكقا تۇتقۇزدى. كەھرەبا دىۋىلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى. سەئىدان يۈگۈرۈپ بېرىپ پاراسەت بىلەن كەھرەبانىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتتى. شۇنداق ۋارقىرىدىكى، تاغۇ ـ دەشت لەرزىگە كەلدى. كەھرەبا سەراسىمگە چۈشۈپ دارشەمشادنى سەئىدانغا ئۇردى. سەئىدان پەرۋەردىگارنى ياد ئېتىپ چاققانلىق بىلەن شەمشەرنى دارشەمشادنىڭ دەستىگە ئۇرغان ئىدى شەمشاد قەلەمچە بولدى. كەھرەبا دەرغەزەپ بولۇپ دارشەمشادنى سەئىداننىڭ كاللىسىغا ئاتتى. سەئىدان قالقاننى تۇتۇپ بېرىپ دارشەمشادنى ئۆزىدىن يىراققا تاشلىۋەتتى. بۇ چاغدا كەھرەبا قولىغا ساتور ئېلىپ:

— ئەي تىلەمچى تولا شىجائەتلىك ئىكەنلىكىڭ مەلۇم بولدى، ئەمدى مەندىن بۇ ساتورنى تارتىپ ئالغىن، — دېدى. سەئىدان ئەگەر ئۇ ساتورنىڭ ئۆزىگە تەگسە تىرىك قويمايدىغانلىقىنى بىلدى — دە، ئاسمانغا قارىدى، چۈنكى ئاسمان دوئانىڭ قىبلىسىدۇر. ئۇ:

— ئەي پەرۋەردىگارا، مەن سېنىڭ ئاجىز بەندەڭدۇرمەن، مېنىڭ بۇ ئىبلىسپەرەسنىڭ قولىدا ئۆلۈشۈمنى راۋا قىلمىغىن، — دەپ مەرتلىك قەدىمى بىلەن قاراپ، قولىنى ئۈزۈۋېتىپ، دىۋىنى تۇتۇپ شۇنداق كۈچ بىلەن سىققان ئىدى، دىۋىنىڭ تىرناقلىرىدىن قان تامچىلاپ ئېقىپ ساتور قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. كەھرەبا يەنە بىر قولىنى ئۈزۈۋېتىپ سەئىدانىڭ ياقىسىنى تۇتتى. سەئىدانمۇ قولىنى ئۈزۈۋېتىپ كەھرەبانىڭ مۇڭگۈزىدىن تۇتتى. ھەر ئىككىسى بار كۈچى بىلەن تىركەشتى. كۆپ ئۆلتۈردىغان مەھەل بولدى، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن كەچكىچە ئېلىشتى. ئاخىرى سەئىدان چىن دىلىدىن پەرۋەردىگارىنى ياد ئېتىپ كەھرەبانىڭ قەددى - قامىتىنى زېمىندىن كۆتۈرۈپ، ئەلەم قىلىپ كۈچ بىلەن يەرگە ئۇرغان ئىدى غەمناك تۇپراق لەرزىگە كەلدى. سەئىدان كەھرەبانىڭ كۆكرىكىگە مىنىپ، خەنجەرنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولۇۋىدى، كەھرەبا:

— مەنكى قولۇڭ سېنىڭ بۇ بىلىكىڭگە ئاپىرىن، — دەپ ئېيتقىنا، نەسەبىڭ كىمگە يېتىدۇ، — دېگەن ئىدى سەئىدان:

— ئەي ناپاك، مېنى سەئىدان ئىبنى ساسان ئىبنى بەھمەن ئىبنى سەئىدان ئاق دېگىز دەپ ئاتايدۇ، — دېگەن ئىدى، كەھرەبا:

— ئەي باتۇر، نەسەبىڭ جەمشىتكە يېتىدىكەن، ئەگەر نەسەبىڭنىڭ جەمشىتكە يېتىدىغانلىقىنى بۇرۇن بىلگەن بولسام ھەرگىز بىئەدەپلىك قىلماي، غۇلاملىق ھالقىسىنى قۇلىقىمغا سالغان بولاتتىم، — دېدى. سەئىدان:

— بۇنىڭ سەۋەبىنى، ئېيتقىن، — دېگەن ئىدى، كەھرەبا:

— ئەي باتۇر، بۇ تاغنىڭ باغرىدا بىر غەزىنە بار، ئۇنى تىلسىم بىلەن بەند قىلغان، ماڭا جەمشىدنىڭ ئەۋلادىدىن بىر

باتۇر بۇ تىلسىمنى سۇندۇرىدۇ، — دېگەن بىشارەت بولغان. بۇ تىلسىمنى قاچان سۇندۇرساڭ، مەن سېنىڭ ئىتىقادىڭدا بولاي، — دېدى. سەئىدان:

— ئۇبدان گەپكەن، — دەپ كەھرەبانىڭ ئۈستىدىن قوپۇپ، — ئۇ يەرگە بېرىپ تىلسىمنى كۆرسەت، — دېدى.

كەھرەبا دۇە تاغقا قاراپ ئالدىدا ماڭدى. سەئىدان ئاتقا مىندى. ئۇلار تاغ باغرىغا كېلىپ، بىر مىل[1] ئورنىتىلغانلىقىنى كۆردى. بىر تۇۋرۇك ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۇدەك يوغان ئىدى. ئۇ مىل بىر پارچە تاشنى يونۇپ ياسىغان بولۇپ، تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇگمەن تېشى ئورنىتىلغان ئىكەن.

مىلگە: «بۇ تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى كۈچ بىلەنلا زور قىلىپلا مىلنى جايىدىن يۇلۇپ ئېلىشى لازىم. ئۇ باتۇر جەمشىدنىڭ ئەۋلادىدىن بولسۇن، تۇگمەن تېشىنىڭ ئاستىدا غەزىنە بار، كىمكى مىلنى يۇلىۋالسا غەزىنە ئۇ كىشىگە تەئەللۇق بولىدۇ» دەپ پۈتۈلگەن ئىدى. كەھرەبا:

— تىلسىم مۇشۇ شۇ، — دېدى. شاھزادە ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى ئەراكقا بېرىپ، بېلىدىن كەمەرنى ئېلىپ مىلغا تاشلاپ، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى ئۆز گەۋدىسىنىڭ ئالدىغا گىرە قىلىپ، دۈمبىسىنى مىلغا قويۇپ، بار كۈچى بىلەن زور قىلىپ:

— يا پىرىم مەدەت، — دەپ چىن دىلىدىن ۋارقىرىغان ئىدى، كۈچ قۇۋۋەتكە تولۇپ، مىلنى ئېلىپ بىر تەرەپكە قويدى. تۇگمەن تېشىنى ھەم غەيرەت قىلىپ جايىدىن ئېلىپ بىر تەرەپكە قويدى. ئاستىدا پەلەمپەي بار ئىكەن، پەلەمپەيگە چۈشتى. بىر

---

[1] مىل — بەلگە ئۈچۈن تۇغ قىلىپ قويۇلغان ياغاچ، بايراق ۋە مۇنار ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئۇچلۇق قوبىيا

خانىگە (ھۇجرا) ئۈچ دانە قۇلۇپ سېلىنغان ئىكەن، ھەر بىرى تۆگىنىڭ يوتىسىدەك بار ئىدى. سەئىدان قولىنى ئۇزۇتۇپ، قۇلۇپنى تولغاپ ئېلىپ يىراققا تاشلىۋەتتى. ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ خانىگە كىردى. ئۇ خانىگە قىرىق كۇزا قويۇلغان بولۇپ، ئالتۇندىن قىلىنغان زەنجىرلەر شۇ كۇزىلارغا سېلىغلىق ئىدى. ھەر بىر كۇزا بىردىن ئالتۇن چىلاپچىدا قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر چىلاپچىدا ئالتۇندىن ياسالغان توز ئولتۇرغۇزۇپتۇ. سەئىدان ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۇزىنىڭ بوينىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئۆرۈۋېدى ئىچىدىن يەتتە خىل رەڭدىكى ھەممە جاۋاھىرلار تۆكۈلۈپ كۆزنى چاقناتتى. ھەر تەرەپتىن تىللانىڭ پۇرىقى بىلەن كۈمۈشنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. سەئىدان خۇشال بولۇپ غەزىنە خانىدىن چىقتى. كەھرەبا دىۋە ۋە باشقا دىۋىلەر بىلەن سەئىداننىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. سەئىدان تۆگمەن تېشىنى ئېلىپ جايىغا قويۇپ، غەزىنە خانىسىنى مەھكەم ئەتتى.
ئاندىن ئەركەك دىۋىلەر بىلەن بىللە شەھەر تەرەپكە راۋان بولدى. جاھانشاھقا خەۋەر بەرگەن ئىدى، شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن سەئىداننىڭ ئالدىغا چىقتى. ئەمما جاھانشاھ دىۋىلەردىن قورقۇپ دىر - دىر تىترەيتتى. شاھزادىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن بارگاھقا ئېلىپ كىردى. سەئىدان تەختتە ئولتۇردى. ئەركەك دىۋىلەر قولىدا دارشەمشادنى تۇتۇپ ئالدىدا تۇردى. سەئىدان جاھانشاھقا قاراپ:
— ئەمدى نېمە دەيسىز، — دېگەن ئىدى، جاھانشاھ:
— شەھرىيار، مەن سىزنىڭ ئېتىكى‍ــ‍ــزنى‍ــ‍ــڭ
خىزمەتكارىدۇرمەن، — دېدى. سەئىدان كەلىمە شىرىفنى ئوقۇۋېدى جاھانشاھ شەھەرنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرى بىلەن راستچىللىق بىلەن ئىخلاس قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقاتىدا بولدى. ساراي خوجايىنى ئەفرۇزنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ خوش خەۋەرنى يەتكۈزىدى. قىز خەۋەر بەرگۈچىگە سۆيۈنچە يۈزىسىدىن

شاھانە تون بەردى.

قىسسە، جاھانشاھ بەخت سائىتىدە قىزى ئەفروز بىلەن سەئىدانغا قۇللاردەك مۇلازىمەت قىلىپ شەھەردە يەتتە كېچە كۈندۈز توي ـ بەزمە قىلىپ بەردى. ئۇلار ئىككىسى ۋىسال جامىدىن شاراپ ئىچتى. كېچىدە سەئىدانىنىڭ كەمىرىدىن ئۇ نىگارنىڭ قولى نېرى بارماي، ئاخىرى سەئىداندىن گۈزەل ئوغۇل پۇشتىنى ھامىلە قىلىپ ئالدى. (بۇ قىسسىنى ساھىبقىران ھىندىستان مەملىكىتىگە كەلگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ قانداق باتۇر ئىكەنلىكىنى ئىشتكەيسىز) ئاندىن كېيىن سەئىدان بۇيرىغان ئىدى، ئۇ غەزنىلەرنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ ئېلىپ كەلدى. قەسىرنىڭ لاھىيىسىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، بىناكارلار قەسىر سېلىشقا مەشغۇل بولدى. ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى تور مەست مازەندەراندىن ئىشتەيلى.

ئۇ كېچىسى سەئىدان لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ يىراققا كەتتى. تاڭ ئاتتى. تور سەئىداننى تېپىش ئۈچۈن ھەممە تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ سەئىداندىن خەۋەر ئالالمىدى. تور پەرىشان ھالدا چېدىرىغا قايتىپ كەلدى. نەچچە كۈندىن كېيىن سۇلتان كۇھنىڭ پايتەختىگە راۋان بولدى. خەۋەرچى سۇلتان كۇھقا:

— ئىسكەندەرنىڭ دىلاۋەرلىرى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىدىن سەكسەن مىڭ كىشى بىلەن ئەلچىلىككە كېلىپتۇ، — دەپ خەۋەر بەردى. سۇلتان كۇھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ مۇلازىمغا:

— بىر باتۇر بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ، ئەلچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى.

بىر ناپاك بار ئىدى، ئۇنى دەبىل ھىندى[1] دەپ ئاتايتتى.

---

[1] ھىندى — قارام، قارا تۇسلۇك.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا بۇ خىزمەتنى مەن بىجا كەلتۈرسەم، — دەپ ئەرز قىلدى، سۇلتان كۇھ:

— قانچىلىك لەشكەر لازىم بولسا ئېلىپ بارغىن، — دېدى. دەبىل:

— لەشكەر زۆرۈر ئەمەس ئىدى، لېكىن ئەربەراي پادشاھنىڭ يىگىرمە مىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ ماڭىمەن، — دەپ مەلۇم قىلدى. سۇلتان كۇھ رۇخسەت بەردى. دەبىل ھىندىستاننىڭ شىجائەتلىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ شەھەرنى ئېلىشقا كامالەتلىك ئىدى. ئۇ ناپاك لەشكەرلەرنى ئېلىپ شەھەردىن چىقتى.

تارىخچىلار نەقىل قىلىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، دەبىل مەنزىلنى قىسقارتىپ تورنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. لەشكەرلەرنى بارگاھ تىكىپ چۈشكۈن قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇ ئۆزى ئۆزىگە: بۇ ئەلچىنىڭ نېمە كارامىتى باردۇر، مەن ئۇنىڭ بىلەن مەيداندارلىق قىلىپ باقاي، بارگاھقا بېرىپ، قولىمغا سەككىز يۈز پاتمانلىق نەيزەمنى ئېلىپ، بۇ نەيزە بىلەن ئۇلارغا بەزم قىلىپ، قوشۇننى تىرىپىرەن قىلاي، — دەپ نەيزىنى كۆتۈرۈپ بىر نەچچە سەردارلار بىلەن تورنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى.

تورغا:

— دەبىل ھىندى سىزنى تۇتقىلى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتتى. تور:

— جاكارچى، ھېچقانداق كىشى دەبىل كەلگەندە ئورنىدىن تۇرمىسۇن، — دەپ جاكارلىسۇن، دەبىل كېلىۋەرسۇن، — دېدى.

دەبىل ئوردا بازىرىنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى، ھېچقانداق كىشى ئورنىدىن ئۆرە تۇرمىدى. دەبىل بارگاھقا باردى. ئۇ

ئاتتىن چۈشۈپ، نەيزىسىنى ئۈشنىسىگە سېلىپ، بارگاھقا قەدەم قويدى. تۇر بارگاھقا بىر مۇنارنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭغا سالام ۋە ئىززەت - ئىكرام قىلمىدى. تۇر ئورنىدىن تۇرمىدى، ئولتۇرۇشقا جايمۇ كۆرسەتمىدى. دەبىل بارگاھقا كىرىپ، بىر باتۇرنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بېلىكى بېلى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئىككى كۆزى پىيالىگە ئوخشايتتى. شۇ چاغدا دەبىل كۆزىنى ئۈۋلىدى ۋە كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. نائىلاج تۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئەلپەرۋەر، ساخاۋەتچىلەرنىڭ سەردارى، قولۇڭنى يۈزۈڭگە قويغىن، (دۇئا قىل دېمەكچى) مەن پادىشاھنىڭ باتۇرلىرىدىن بولىمەن،— دېگەن ئىدى، تۇر بۇ سۆزنى ئىشتىپ:

— ئەي بىئەدەپ، سېنىڭ بېشىڭ پادىشاھنىڭ بوينىدا بولسا، پادىشاھىڭ ئىت بولغان بولاتتى،— دېگەن ئىدى، دەبىل:

— نېمە مەخسەت بىلەن پادىشاھنى ئىت دەيسەن؟— دەبىلگە بۇ سۆز ئېغىر كېلىپ نەيزىسىنى بېشىدىن ئىگىز ئايلاندۇرۇپ تۇرغا ھۇجۇم قىلدى. تۇر ھەم ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قىلىچىنى ئېلىپ ئۇرغان ئىدى، دەبىل بېشىنى پەس قىلدى. تۇر پۇتى بىلەن بىر تەپكەن ئىدى، دەبىل تىزلىنىپ قالدى. تۇر قولاق تۈۋىگە بىر شاپىلاق ئۇرغان ئىدى، دەبىل يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. نەيزىنى قولىدىن تارتىۋېلىپ، نەيزىنى پۇتۇن كۈچى بىلەن كۆتۈرۈپ ئېلىپ، تىزىغا قويۇپ كۈچەپ تارتقان ئىدى، نەيزە ھالقا بولدى. ئۇنى دەبىلنىڭ بوينىغا سېلىپ قويدى. بۇ لەنىتى دەبىلنىڭ بوينىدا قالدى. تۇر:

— ئەمدى بېرىپ، ئەلچى كەلدى دەپ پادىشاھىڭغا ئېيتقىن،— دېدى. دەبىلنىڭ بوينى ئېگىلدى، بوينى ئۈزۈلۈشكە ئاز قالغان ئىدى، ئورنىدىن قوپۇپ مۇلازىملىرى

بىلەن ئوردىدىن چىقىپ، ئۆز ئوردىسىغا قايتتى. كېچىسى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە راۋان بولدى. دەبىل سۇلتان كوھىنىڭ بارگاھىغا بېرىپ ۋەقەنى بايان قىلدى. بارگاھ ئەھلىدىن چۇقان - سۈرەن چىقتى. باتۇرلارنىڭ يۈرىكىنىڭ سېلىشى تېزلەشتى. قەھرەش سۇلتان كوھىنىڭ پايتەختىنىڭ پەھلىۋانى ئىدى. ئۇ:

— ئەلچى بارگاھقا كەلسە نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي،— دېدى.

قەھرەش ئالتە يۈز پاتمانلىق گۈرزىنى تۇرنىڭ ئۆتىدىغان يولىغا قويۇڭلار دەپ بۇيرىدى. ئەمما دەبىلنىڭ بويىنىدىن نەيزىنى ئالماقچى بولغان ئىدى ئالالمىدى. سۇلتان كوھ ئەمر قىلىپ تۆمۈرچىلەرنى كەلتۈرۈپ:

— دەبىلنىڭ بويىنىدىن نەيزىنى ئېلىڭلار،— دېدى. تۆمۈرچىلەر:

— شەھريار، بىز نەيزىنى كۆتۈرەلمەيمىز، ئۇنىڭ بېشىنى ئۇچاققا قويۇپ، نەيزە قىزىسا، تاۋلاپ كېسىپ چىقارغىلى بولىدۇ. چوقۇش بىلەن پەقەت كەسكىلى بولمايدۇ. پەقەت نەيزىنى بويۇنغا سالغۇچى نەيزىنى كۈچ بىلەن تارتىپ تۈزلەپ ئالالايدۇ،— دېدى. سۇلتان كوھىنىڭ ۋەزىرى:

— شەھريار، بۇ ئەلچىنىڭ شىجائەتلىك ئىكەنلىكى شۇنىڭدىنمۇ مەلۇمدۇركى، دەبىلنىڭ بويىنىدىن نەيزىنى ئەلچى ئۆزى كېلىپ ئالسۇن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلچىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، نامىنى ئەدەب بىلەن ئوقۇپ، جاۋاپ نامە بەرسەك، دەبىلنىڭ بويىنىدىن نەيزىنى ئېلىۋەتسۇن، بۇ ئارقىلىق ئىسكەندەرنىڭ بەخت ئىقبالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ،— دەپ ئەرز قىلدى. سۇلتان كوھ:

— ۋەزىر ئوبدان ئېيتتى. ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن

ئەلچىنى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپ ۋەزىرنى بۇيرىدى. ۋەزىر يولنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ راۋان بولدى. ئەمدى، سەئىداندىن نەچچە كەلىمە ئىشىتەيلى.

سەئىدان نەچچە كۈن سەرەندازپتا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىغا تۇر كېلىپ، ئۇ:

— مەن ئۆزەم ئۇنىڭ ئالدىغا باراي، — دەپ ئەراك دىۋىنى چاقىرىپ:

— ھىندىستانغا بېرىپ سۇلتان كوھدىن تۇرنى سورۇشتۇرۇپ كېلىپ خەۋىرىنى بەرگىن، — دېگەن ئىدى، ئەراك دىۋە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ پەرۋاز قىلىپ، ھىندى شەھىرى ئەتراپىغا بېرىپ، تۇرنىڭ ئوردىسىنى كۆرۈپ، بارگاھقا يېتىپ بېرىپ تۇرغا سالام قىلدى. تۇر:

— ئەي دىۋە يۈز كىشى، نېمە ھاجەت بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئەراك:

— ئەي شەھرىيار، ھاجىتىم يوق، سەئىداننىڭ قېشىدىن كەلدىم، — دەپ سەئىداننىڭ ۋەقەسىنى باشتىن ئاخىرغىچە بايان قىلدى. تۇر بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە:

— بېرىپ، سەئىداننى ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.

ئەراك ھاۋاغا پەرۋاز قىلىپ كەتتى. سائەتتىن كېيىن سەئىداننىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ:

— تۇر شەھەردىن بىر مەنزىل يىراق جايدا ئىكەن، شەھەرگە كىرىشنى خالايدىكەن، سىزگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

سەئىدان جاھانشاھقا ھۆرمەت بىلەن:

— ئەفروز، قەلئەسىنىڭ بىناسىغا كۆچۈپ كېلىپ، مەندىن سىزلەرگە خەۋەر بولغىچە شۇ يەردە ئولتۇرسا، — دەپ كەھرەبانىڭ بويىنىغا مىنىپ، بارلىق ئەركەك دىۋىلەر بىلەن ھىندىستانغا قاراپ كەتتى.

كۆن چۈش بولغاندا ھىندىستانغا يېتىپ باردى. شۇ چاغدا سۇلتان كۆھنىڭ ۋەزىرى تۇرنىڭ بارگاھىغا كەلگەن ئىدى، كۆن قاراڭغۇلاشقاندەك بولغانلىقىنى كۆردى. سېرىق، قىزىل، كۆك ۋە قارا رەڭلەر كۆرۈندى. ئەراك دىۋىلەر پەلەكنىڭ يۈزىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ۋەزىرنىڭ كۆزى ئەركەك دىۋىلەرگە چۈشتى. سەئىدان كەھرەبانىڭ بوينىدىن چۈشكەن ئىدى، دىۋىلەرنىڭ بارلىقى تۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇشتى. تۇر ئورنىدىن قوپۇپ خىجىللىقتىن تەرگە چۆمۈلۈپ:

— ئەي باتۇر، سەن ئىسكەندەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوغلى، مەن سېنىڭ نەۋكەرىڭنىڭ ئورنىدا، قانداقلا بولمىسۇن ھازىر سەن ئالدىمدا تەزىم قىلماي ئۆرە تۇرغىن، — دەپ ئىززەت - ئىكرام قىلدى. سەئىدان:

— ئەي باتۇر، سەن ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىسى، بۇ مېنىڭ دىيارىم، — دېدى.

تۇر بۇنىڭ تەكتىگە يېتىپ:

— ئولتۇرغىن، — دېگەن ئىدى، سەئىدان ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى. سەئىدان ئەركەك دىۋىلەر بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆرە تۇردى.

ئەتىسى ئۇ يەردىن كۆچۈپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. سۇلتان كۆھ سەئىدان بىلەن ئەركەك دىۋىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. سۇلاقتىكى تۇتقۇنلاردىمۇ لەرزە پەيدا بولدى. سۇلتان كۆھ سەردارلىرىنى ئالدىغا چىقىشقا ئەمر قىلدى. تۇر بىر ئازدىن كېيىن:

— سەئىدان ئىپتىغا مىنسۇن، — دېگەن ئىدى، سەئىدان ۋە ئەركەك دىۋىلەر دارشەمشادنى مۆرىسىگە ئارتىپ، تۇرنىڭ ئالدىدا ماڭدى. مۇھتەر، ئىسفەندىيار، مازەندەران تۆت يۈز ئەييار بىلەن ئوڭ ۋە سول قولدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. تۇر مۇشۇنداق

تەنتەنە بىلەن ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگە تۆت يۈز غۇلامنى ئارقىسىغا سېلىپ، شۇنداق ھەيۋەت بىلەن شەھەرگە كىردى. شەھەر ئەھلى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى يوپۇرلۇپ كېلىپ تاماشا قىلىشتى.

قىسسە، شۇنداق تەنتەنە بىلەن ئوردىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. سەئىدانىنىڭ كۆزى ئۇمۇدگە چۈشتى، ئۇمۇدنى يول ئۈستىگە تاشلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا بېرىپ، ئۇمۇدنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، ئىگىز كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلىغان ئىدى، بارگاھ لەرزىگە كەلدى. بارگاھتىن غەيرى ئاۋازلار چىقتى. تۇر بارگاھقا كىردى. سۇلتان كوھ بارگاھنىڭ تۆرىسىدىكى تەختە ئولتۇراتتى. تۇر پىيادە بولۇپ:

ـــ مېنىڭ سالىمىم، بۇ بارگاھتا ئولتۇرغان كىشلەرگە بولسۇنكى، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدە پەرۋەردىگار بىردۇر، ئىككى ئەمەس، ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللاكى ئابدۇللا ئوغلى مۇھەممەدنىڭ بۇۋىسىدىن بىر پەيغەمبەر چىقىدۇ دېگەن ئىدى، ـــ دېدى. ئۆگزىدىن بىر خىل سادا كەلدى، ئەمما ناپاكلاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. سۇلتان كوھ بۇيرىغان ئىدى ئىككى پۇلات ئورۇندۇقنى كەلتۈرۈپ، بارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويدى. تۇر بىلەن سەئىدان كېلىپ ئۇنىڭدا ئولتۇردى. سۇلتان كوھ ئالدى بىلەن:

ـــ ئەي ئەلچى، خوش كەلدىڭىزمۇ، ـــ دېدى. تۇر پالۋان:

ـــ ئەگەر، خوش كەلسەكمۇ ۋە ياكى خوش بولماي كەلسەكمۇ ھوزۇرىڭىزغا كەلدۇق، ـــ دېدى. سۇلتان كوھ:

ـــ بۇ ھالقىنى نېمە ئۈچۈن دەبىلنىڭ بوينىغا سېلىپ

كۈن چۈش بولغاندا ھىندىستانغا يېتىپ باردى. شۇ چاغدا سۇلتان كۈھنىڭ ۋەزىرى تۇرنىڭ بارگاھىغا كەلگەن ئىدى، كۈن قاراڭغۇلاشقاندەك بولغانلىقىنى كۆردى. سېرىق، قىزىل، كۆك ۋە قارا رەڭلەر كۆرۈندى. ئەراك دىۋىلەر پەلەكنىڭ يۈزىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ۋەزىرنىڭ كۆزى ئەركەك دىۋىلەرگە چۈشتى. سەئىدان كەھرەبانىڭ بويىندىن چۈشكەن ئىدى، دىۋىلەرنىڭ بارلىقى تۇرنىڭ يېنىغا كىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇشتى. تۇر ئورنىدىن قوپۇپ خىجىللىقتىن تەرگە چۈمۈلۈپ:

— ئەي باتۇر، سەن ئىسكەندەرنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى، مەن سېنىڭ نەۋكەرىڭنىڭ ئورنىدا، قانداقلا بولمىسۇن ھازىر سەن ئالدىمدا تەزىم قىلماي ئۆرە تۇرغىن، — دەپ ئىززەت - ئىكرام قىلدى. سەئىدان:

— ئەي باتۇر، سەن ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىسى، بۇ مېنىڭ دىيارىم، — دېدى.

تۇر بۇنىڭ تەكتىگە يېتىپ:

— ئولتۇرغىن، — دېگەن ئىدى، سەئىدان ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى. سەئىدان ئەركەك دىۋىلەر بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆرە تۇردى.

ئەتىسى ئۇ يەردىن كۆچۈپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. سۇلتان كۈھ سەئىدان بىلەن ئەركەك دىۋىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. سۇلاقتىكى تۇتقۇنلاردىمۇ لەرزە پەيدا بولدى. سۇلتان كۈھ سەردارلىرىنى ئالدىغا چىقىشقا ئەمر قىلدى. تۇر بىر ئازدىن كېيىن:

— سەئىدان ئېتىغا مىنسۇن، — دېگەن ئىدى، سەئىدان ۋە ئەركەك دىۋىلەر دارشەمشادنى مۆرىسىگە ئارتىپ، تۇرنىڭ ئالدىدا ماڭدى. مۇھتەر، ئىسفەندىيار، مازەندەران تۈت يۈز ئەييار بىلەن ئوڭ ۋە سول قولدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. تۇر مۇشۇنداق

تەنتەنە بىلەن ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگە تۆت يۈز غۇلامنى ئارقىسىغا سېلىپ، شۇنداق ھەيۋەت بىلەن شەھەرگە كىردى. شەھەر ئەھلى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى يۈپۈرلۈپ كېلىپ تاماشا قىلىشتى.

قىسسە، شۇنداق تەنتەنە بىلەن ئوردىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. سەئىداننىڭ كۆزى ئۇمۇدگە چۈشتى، ئۇمۇدنى يول ئۈستىگە تاشلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا بېرىپ، ئۇمۇدنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، ئىگىز كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلىغان ئىدى، بارگاھ لەرزىگە كەلدى. بارگاھتىن غەيرى ئاۋازلار چىقتى. تۇر بارگاھقا كىردى. سۇلتان كۇھ بارگاھنىڭ تۆرىسىدىكى تەختە ئولتۇراتتى. تۇر پىيادە بولۇپ:

— مېنىڭ سالىمىم، بۇ بارگاھتا ئولتۇرغان كىشلەرگە بولسۇنكى، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە پەرۋەردىگار بىردۇر، ئىككى ئەمەس، ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللاكى ئابدۇللا ئوغلى مۇھەممەدنىڭ بوۋىسىدىن بىر پەيغەمبەر چىقىدۇ دېگەن ئىدى، — دېدى. ئۆگزىدىن بىر خىل سادا كەلدى، ئەمما ناپاكلاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. سۇلتان كۇھ بۇيرىغان ئىدى ئىككى پۇلات ئورۇندۇقنى كەلتۈرۈپ، بارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويدى. تۇر بىلەن سەئىدان كېلىپ ئۇنىڭدا ئولتۇردى. سۇلتان كۇھ ئالدى بىلەن:

— ئەي ئەلچى، خوش كەلدىڭىزمۇ، — دېدى. تۇر پالۋان:

— ئەگەر، خوش كەلسەكمۇ ۋە ياكى خوش بولماي كەلسەكمۇ ھوزۇرىڭىزغا كەلدۇق، — دېدى. سۇلتان كۇھ:

— بۇ ھالقىنى نېمە ئۈچۈن دەبلىنىڭ بوينىغا سېلىپ

قويدىڭىز؟ — دەپ دەبىلنى كۆرسەتتى. تۇر:

— دەبىل تولا بىئەدەپلىك قىلدى، شۇ سەۋەپتىن مۇشۇنداق جاۋاپ قايتۇردۇم، — دېدى. سۇلتان كۇھ:

— ھازىرلا، بويىنىدىن ھالقىنى ئېلىۋېتىڭ، — دېگەن ئىدى، تۇر:

— سۇلھىنامىنى بېرىڭ، ئاندىن كېيىن ھالقىنى ئالاي، — دېدى. سۇلتان كۇھ:

— ئالدى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ نامىسىنى بېرىڭ، نېمە پۈتۈلگەنلىكىنى كۆرەي، — دېگەن ئىدى، تۇر:

— بۇ ساھىبقىراننىڭ نامىسى، ئەگەر تاش ئۈستىگە قويسا تاش ئېرىيدۇ، پۇل ئېلىپ كېلىپ نامە ئۈچۈن پۇل چاچقۇ قىلىڭ، ئاندىن كېيىن جايىڭىزدىن قوپۇپ تەزىم بىلەن نامىنى ئالارسىز، — دېدى.

سۇلتان كۇھ بۇيرىغان ئىدى، مۇلازىملار تىللا ۋە جاۋاھىر ئېلىپ كېلىپ، نامىنىڭ ئۈستىدىن ئۆرۈپ چاچقۇ قىلىپ، نامىگە تەزىم قىلىپ نامىنى قولىغا ئېلىپ ئوقىدى.

نامە:

«بىرىنچى پەرۋەردىگار، ئىككىنچىدىن پىر - مۇرشىدلارنىڭ نامى، ئۈچىنچىدىن ئۆزەمنىڭ نامى - ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئېتى بىلەن نامىنى پۈتتۈم. بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، ئەي سۇلتان كۇھ مېنىڭ نامىم يەتكەن زامان بەھرەيىندىن ئالغان تۆت يىللىق باج - خىراجىنى ئەلچىگە بېرىپ يولغا سالغىن، ئەگەر بۇندىن باشقا ئىشنى قىلىشنى خالىساڭ، بېشىڭغا بالا - قازا تېرىسام كېيىن سورۇنلاردا قىسسە قىلىپ ئوقۇسۇن، نامە تامام ۋەسسالام.»

سۇلتان كۇھ نامىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ:

— ئەي ئەلچى، ناھايىتى ئوبدان، مىننەتدار بولدۇم. ماڭا نەچچە كۈن مېھمان بولارسىز، ئەگەر مېنىڭ ئىشىمنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىمىز سىزنىڭ نامىڭىزنىڭ جاۋابىنى بېرىمەن، — دېدى. تۇر:

— مەرھەممەت، — دېدى. سۇلتان كۇھ:

— دىلاۋەر دەبىلىنىڭ بويىنىدىن ھالقىنى ئېلىپ تاشلىغايسىز، — دېدى.

تۇر دەبىلنى ئالدىغا چاقىرىپ دەبىلىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ناھايىتى زور كۈچ بىلەن ھالقىنى تۈزلەپ، بويىنىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

سۇلتان كۇھ بىلەن باتۇرلار بۇ خىل شىجائەتنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە ساراسىمىغا چۈشۈپ ھوشى كاللىسىدىن كەتتى. تۇر ئۈچ كۈن شەھەردە تۇرۇپ تۆتىنچى كۈنى بەھرەيىننىڭ تۆت يىللىق خىراجىتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. تۇر بىلەن سەئىدان لەشكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. نەچچە مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدى، سەئىدان تۇردىن ئايرىلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئالدىدا ماڭدى. تۇر ھەم ۋەدە قىلىپ سەئىداننىڭ ئەراكىنىڭ بويىنىغا مىنىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. تۇر بىلەن سەئىدان يولدا مېڭىپ تۇرسۇن. ئەمدى ساھىبقىراندىن نەچچە كەلىمە سۆز ئىشتەيلى.

# قىرىق ئۈچىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ ئەقىق تېغىغا بېرىپ غۇلام ۋە كىنىزەكلەرنى كۆرگەنلىكى، سەئىدانىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، نەقىلچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ساھىبقىران سەييادخانىنى ئۆلتۈردى. يەمەننىڭ شەھىنشاھىغا شىكەست بەردى. ساھىبقىران يەنە بىر كۈنى شىكارغا باردى. بىر تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ بېرىپ، بىر غۇلامنىڭ بىر كىنىزەكنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ساھىبقىران:

— غۇلامنىڭ قىزنى ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبى نىمىدۇ، — دەپ بىرگە بارغان مۇلازىمنى، ئۇ غۇلامنى ئېلىپ كەلگىن، نېمە ئۈچۈن كېنىزەكنى ئۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ باقاي، — دەپ ئەۋەتتى. مۇلازىم غۇلامنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي غۇلام، نېمە ئۈچۈن بۇ مەزلۇمنى ئۇرىسەن؟ بۇياققا كەلگىن، ساھىبقىران سېنى چاقىرۋاتىدۇ، — دەپ ھەيۋە قىلغان ئىدى، غۇلام:

— كەتكىن، — دېدى، مۇلازىم غەزەپلىنىپ ئېتى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىغا قامچا بىلەن ئۇردى. بۇ چاغدا بىر قاغا دەرەخنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ قاقىلداپ كەتتى — دە، تۇساتتىن بىر قول پەيدا بولۇپ، مۇلازىمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئىگەردىن يۇلۇپ ئېلىپ كەتتى. ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالدىن تەئەججۇپلەندى ۋە ئۇ يەرگە خىسرەۋخان كىيارودنى

ئەۋەتتى. ئۇنى ھەم ئەشۇ ئۇسۇلدا ئېلىپ كەتتى. ئۇزى بارماقچى بولۇپ تۇرغان ئىدى، يىراقتىن چاڭ - توزان پەيدا بولدى. چاڭ - توزان ئارىسىدا كېلىۋاتقان شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئىدى. ئۇ باتۇرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئەمىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. بۇ چاغدا سەئىدان باتۇر يېتىپ كېلىپ ئەمىرنىڭ پۇتىغا تاۋاپ قىلدى. ئەمىر ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى. سەئىداندىن تۇرنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان ئىدى، سەئىدان ئەھۋالنىڭ جەريانىنى بايان قىلدى. ئەمىر بۇيرىغان ئىدى، ناغرا - سۇنايىنى شادىيانىغا چالدى. شۇ چاغدا شاھزادە ئابدۇلھېمىد غۇلام ۋە كىنىزەكنىڭ ئىشىدىن خەۋەردار بولۇپ، باتۇرلار بىلەن ئۇ يەرگە يېقىن بېرىپ غۇلامغا:

— بۇ مەزلۇمنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىسەن؟ كەلگىن سېنى ساھىبقىران چاقىرىدۇ، — دېگەن ئىدى، غۇلام:

— مەن ئىسكەندەرنىڭ نەۋكىرى ئەمەس، ئۆز ئىشىڭغا ماڭغىن، — دېدى، شاھزادە غەزەپلىنىپ قامچا بىلەن غۇلامنىڭ بېشىغا ئۇردى. دەرەخ ئۈستىدىكى قاغا قاقىلدىغان ئىدى، بىر قول پەيدا بولۇپ، شاھزادىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئىگەردىن يۇلۇپ ئېلىپ كەتتى.

ئىسكەندەر بۇنىڭدىن تولا مالال بولدى. سەئىدان بىلەن نەۋفىلگە:

— سىلەرمۇ بېرىڭلار، — دېگەن ئىدى، ئۇلار ئۇ جايغا يېقىن بېرىپ ئۇلارمۇ غۇلامنىڭ گەدەنكەشلىك قىلىشىغا تاقەت قىلالماي بېشىغا قامچا بىلەن ئۇرغان ئىدى، بۇ چاغدا قاغا بوينىنى سوزۇپ قاقىلدىدى. ئىسكەندەر ئوقيانىڭ ئوقىنى قارغىغا چەنلەپ ئاتتى. ئوق قاغىنىڭ پۆكىنىگە تەككەن ئىدى، پالاقشىپ يەرگە چۈشتى. ھېلىقى غۇلام بىلەن كېنىزەك تۇتۇندەك بولۇپ ھاۋاغا ئۆرلەپ غايىپ بولدى. ئەمىر كېلىپ

قارغا چۈشكەن يەرگە قاراپ بىر دۆۋىنى كۆردى. ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن. ئىسكەندەر:

— بۇ سىپھىرنىڭ ئالامىتى ئىكەن، مەن بۇ تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ، نىمە ئالامەت بارلىقىنى بىلەي، — دىدى. باشقىلار:

— بۇ تاغقا چىقىشنىڭ ئىلاجى يوق، ئۇ دەريانىڭ چېكى يوق، — دىگەن ئىدى، ئىسكەندەر:

— ئۇ، مەلئۇن مىنىڭ باتۇرلىرىمدىن ئەمىرخان، مۇھەممەت شىرزاد، ئابدۇلھىمىد بىلەن ئەلۋەسنىڭ ئوغلى ئىسھاق ۋە خىسرەۋخان قاتارلىق بىر نەچچىسىنى ئېلىپ كەتتى. نىمە ئۈچۈن بۇ تاغقا چىقالمايدىكەنمەن، — دىدى. ساھىبقىران باتۇرلارنى ئوردىغا ئەۋەتىۋېتىپ سەئىدانىنى ئېلىپ، نەسىمنى ئالدىغا سېلىپ، تاغنىڭ تۆپىسىگە قاراپ ماڭدى.

ئىسكەندەر تاغنىڭ تۆپىسىگە يېتىپ چىقتى. ئەتراپقا قارىدى. ھەممە يەر خۇددى قىزىل قىيادەك قىپ قىزىل چىنتاش يوللارنى كۆردى. ئۇلار ئەتراپقا قاراپ تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر غار بارلىقىنى كۆردى. ئۇ غاردىن سۇ چىقىپ ئېقىپ تۇراتتى. ئالدىدا بىر تەخت بار ئىكەن، سۇ تەختنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. ساھىبقىران:

— ھەر قانداق نەرسە بولسا شۇ غاردا باردۇر، — دەپ غارغا قاراپ ماڭدى. سەئىدان ئالدى بىلەن غارنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئۇ غۇلام بىلەن كېنىزەك غارنىڭ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ تۇراتتى. كېنىزەك:

— ئەي يىگىت، ئەدەبلىكرەك بولغىن بۇ يەرگە ئاتلىق كەلمىگىن، بۇ سەن پاراكەندە قىلىدىغان جاي ئەمەس، ئەدەپلىك بولغىن، — دەپ شاھزادىگە ۋارقىرىدى. شاھزادە سەئىدان ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي ئېتىنى دۆۋىتىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. كېنىزەك سۈپۈرگىنى تاشلاپ ۋارقىرىغان ئىدى، بىر

قول غاردىن تاشقىرى چىقىپ، سەئىدانىنى تۇتۇپ، غارغا ئېلىپ كىرىپ، بېشىنى غارنىڭ بىر تەرىپىگە تاشلىۋەتتى. يەنە:

— ھەر قانداق كىشى ئەدەپسىزلىك قىلىپ بۇ غارغا كەلسە مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەي ئىسكەندەر، سىز ھەم شۇنداق بولىسىز، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغانىدى، ئىسكەندەر ئاھ ئۇردى. تۇساتتىن ئۇ غۇلام كېنىزەكنى يەنە ئۇرغانلىقىنى كۆردى. بىر چاغدا غۇلام ئالتۇن ئاپتاۋىنى كۆتۈرۈپ سۇ ئالغىلى چىقىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئەگەر غارغا كىرىشنى ئىختىيار قىلساڭ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆتۈكۈڭنى سېلىپ، يالاڭ ئاياق بولۇپ غارغا كىرگىن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي غۇلام، توختاپ تۇرغىن، ساڭا دەيدىغان سۆزۈم بار، — دېدى. غۇلام:

— مېنىڭ خوجايىنىم تائام يېيىشكە ئولتۇردى، مەن سۇغا چىقتىم، بۇ يەردە تۇرالمايمەن، — دەپ ئەپتۇۋاغا سۇ ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

ساھىبقىران ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە بولدى. ئېتىنى نەسىمگە بېرىپ:

— ئەي مۇھتەر، سەن بۇ يەردە يەتتە كۈن تۇرغىن، ئەگەر مەن يەتتە كۈنگىچە قايتىپ چىقمىسا، سەن ئاتنى ئېلىپ قايتىپ بېرىپ لەشكەر، سەردارلارغا ئېيتقىن، ئۇلار رۇمغا قايتىپ كەتسۇن، — دېدى. نەسىم زارلانغان ھالدا ئاتنى تۇتۇپ ئولتۇردى.

ساھىبقىران پەرۋەردىگارنىڭ مۇبارەك نامىنى ياد ئېتىپ، غارغا كىردى. تۆت سۇپىدىن ئۆتتى. ھەر بىر سۇپىنىڭ ئالدىغا پەردە تارتىلغان ئىكەن، تۇساتتىن:

— ئەي پەردە ياپقۇچى، پەردىنى يىغقىن، ئىسكەندەر كېلىۋاتىدۇ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمىر پەردىلەرنىڭ

يىغىلغانلىقىنى كۆردى. بىر ئاقساقال كىشى سۈپىدا ئولتۇراتتى. بىر مۇنچە كىشىلەر سۈپىنىڭ چۆرىسىدە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بوۋاي ئىسكەندەرنى چاقىرىپ يېنىدىن جاي بېرىپ:

— ساڭا پەيغەمبەرلىك مۇبارەك بولغاي، — دېدى.

ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ باتۇرلىرىنى تەلەپ قىلدى. بوۋاي ئەمر قىلىپ:

— ئۇ باتۇرلارنىڭ بېشىنى بىر - بىرلەپ كېسىڭلار، ئابدۇلھېمىدنىڭ بېشىنى كېسىپ غارنىڭ ئىشىكىدىكى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا تاشلاڭلار، بۇ خەۋەر ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يەتسۇن، قولىدىن نېمە ئىش كېلىدىغانلىقىنى كۆرەي، — دېدى. ئەتراپىدىكىلەر دېگەندەك شۇنداق قىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىسكەندەرگە يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى، ئەمما ئىسكەندەرنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى ئىدى، ئەسلا سۆز قىلمىدى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سىزنىڭ سەۋرچانلىقىڭىزغا ئاپىرىن، ھەقىقەتەن سىزگە پەيغەمبەرلىك ئەرزىيدىكەن. ئەي ئىسكەندەر، كۆڭلىڭىزگە ھېچقانداق تەشۋىش كەلتۈرمەڭ، باتۇرلىرىڭىز تىرىك ۋە سالامەت، مېنىڭ ئىسمىم تەيفۇردۇر، جىنلارنىڭ مۇللائاكارلىرىدىن بولىمەن، — دەپ ئىسكەندەرنى باشلاپ باغقا ئېلىپ كىردى. ئۇ باغ بەئەينى بېھىش - ئىرەم ئىدى. ئۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قەسىر بار ئىدى. ساھىبقىران ئۇ قەسىرگە كىرىپ بىر پەرىزاتنى كۆردى. ئۇ نەقىشلىك تەختنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇلۇپ، تاشنى كۆكرىكىگە قويغان ئىدى. مىدىر قىلمايتتى. ئەمىرنىڭ دىلى ئېرىپ تەيفۇرغا قاراپ:

— سەن مېنىڭ لەشكىرىمگە ئەدەپسىزلىك قىلساڭ ئۆزەڭدىن ئاگاھ بولغىن. بۇ نازىنىنگە نېمە ئۈچۈن سىياسەت قىلىسەن، — دېگەن ئىدى، تەيفۇر:

— ئەي ئىسكەندەر، راست ئېيتىسەن، بۇ بىئەدەپلىكنى

مەن قىلمىدىم. بۇ باشقا كىشىنىڭ ئىشى، — دېدى. ئەمىر:
— ئۇ قانداق كىشى، ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماسسەنمۇ، — دېگەن ئىدى، تەيفۇر:
— ئۇ دېگەن دىۋە، ئۇنىڭ ئىتىنى ئەزدەھىش دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭ مەرجانە جادۇ ئىسىملىك مەشۇقى بار، ئۇ مەرجانە شەيتاننىڭ ئىككى قىزىنىڭ ئالدىدا، ئۇ ئىككى قىزنىڭ بىرسىنىڭ ئىتى مەھرۇس ①، يەنە بىرىنىڭ ئىتى مەھتۇس. ئۇلارغا مەرجان نورغۇن سېھرى ئىلمى ئۆگەتكەن. ئۇ شۇنداق مەلئۇنكى، يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. ئەزدەھىش دىۋە ھەتەپ ئەلبال بۇۋاينىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان ئىكەن، مەرجانە جادۇ بېرىپ ھەتەپ ئەلبالنىڭ قىزىنى ئوغۇرلاپ بۇ جايغا ئېلىپ كەلدى. ھازىر بۇ نازىنىن ئاتا ـ ئانىسىدىن جۇدا بولغىلى ئون ئىككى يىل بولدى. ئۇ دىۋىنىڭ ئادىتى شۇكى، ھەر كۈنى بىر قېتىم شىكارغا بارىدۇ، شىكاردىن يېنىپ كەلگەندە قولىنى قىزنىڭ بويىنىغا سېلىپ يېقىنچىلىق قىلىدۇ، لېكىن قىز رازىلىق بەرمەيدۇ، دىۋە نازىنىننىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ، ئۇڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئېغىر تاشنى كۆكسىگە ئېلىپ قويىدۇ، ئۇ تاش ئىككىنچى كۈنى دىۋە كەلگىچە تۇرىدۇ. ئەي ئىسكەندەر، مەن مەرجانە جادۇدىن قورقىمەن، ئەزدەھىش دىۋىگە سۆز قىلالمايمەن، ئۇنىڭ بىجانلىقىغا قاراپ دوستلۇق قىلىمەن، ئەمما شۇبۇ كۈنلەردە ئەزدەھىش باشقا بىر قىزنى قولىغا كەلتۈردى. مەرجانە بۇنى ئۇقۇپ قېلىپ ئۇنىڭ مۇھەببەت نەپرىتىدە بەدەھشان [78] غا بېرىپ، مەرجان شاھقا مەشۇق بولدى. سېھرى ئىلمى بىلەن مەرجان شاھنىڭ ئىشى شۇ يەرگە يەتتىكى، ئۇ ئەقىلسىز ئۇلۇغلۇق داۋاسى قىلىپ بېھىش بىلەن دوزاخ پەيدا قىلىپتۇ. بېھىش بىلەن دوزاخنى پەرۋەردىگار

①مەھرۇس — قوغدالغان، خۇدا ساقلىغان.

ئاسماندا بەرپا قىلغان. ئۇ مەلئۇنمۇ تەقلىد قىلىپ ياساپتۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي تەيفۇر، سەن ئەزدەھىشنىڭ ئىلاجىنى قىلمىدىڭمۇ، ئۇنى ماڭا كۆرسەتكىنىكى، پىر - مۇرشىدلارنىڭ مەدىتى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىگە تۇپا قاچىلاي، — دېدى.

ئەمىر كېلىپ ئۇ نازىنىنىڭ كۆكسىدىن تاشنى ئېلىپ تاشلاپ پەرىزاتنى باغلاقتىن ئازاد قىلدى. پەرىزات ئەمىرنىڭ ئىھسانىغا شۈكرى قىلدى. ئۇ:

— ئەي شەھريار، مېنى سۇلاقتىن ئازاد قىلدىڭىز، رۇخسەت بېرىڭ، ئۆز ۋىلايىتىمگە بېرىپ ئاتا - ئانامنى غەمدىن خالاس قىلاي، ئەگەر قەدەملىرى ئۇ زېمىنگە يەتسە ئەلۋەتتە خىزمەتلىرىدە بولىمەن، — دېدى. ئىسكەندەر رۇخسەت بەردى. پەرىزات غاردىن چىقىپ قانات قېقىپ بەدەر كەتتى. دىۋە ھاۋادا پەيدا بولۇپ قەسرگە داخىل بولدى. ئۇ پەرىزاتنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ ئىسكەندەرگە:

— ئەي ئادەمىزات، ساخاۋەتچىلەرنىڭ پاناھى، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن دىۋىلەرنىڭ مەنزىلىگە كېلىسەن؟ مېنىڭ مەشۇقىمنى نېمە ئۈچۈن سۇلاقتىن قۇتقۇزۇپ قويۇپ بېرىسەن، — دەپ ھەيۋە قىلدى.

ساھىبقىران ئۇنىڭ قولىنى ئۇزۇلاپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇنى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئاتقان ئىدى، ئەمىر ئۇنى رەت قىلدى. تىغنى غىلاپتىن چىقىرىپ دىۋىنىڭ بېلىگە ئۇرغان ئىدى، ئىككى پارە بولۇپ دىۋە مۇئەللاق ئېتىپ چۈشتى. تەيفۇر ئىسكەندەرنىڭ مەرتىلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئىسكەندەر:

— ئەي تەيفۇر، ھارامزادىلىك قىلما، ھېلىقى قول كېنىزەك بىلەن غۇلامنى ئېلىپ نەگە كەتتى. ئەھۋالنى بايان

قىلغىن، — دېدى. تەيفۇر:

— غۇلام بىلەن كېنىزەك مەرجانە جادۇنىڭ مالايلىرىدىن بولىدۇ، مېنىڭ قېشىمغا ئامانەتكە قويۇپ قويغان، بىز ھەممىمىز مەرجانىنىڭ ئالدىدا تۇرىمىز، ئۇلار ئىككىسى دائىم دېگۈدەك سېھرى ئۆگىنىمىز دەپ غەلۋە قىلاتتى. سىز ئىرادە بىلەن بۇ مەملىكەتكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلدىڭىز، مەن ئۇ غۇلامنى ھېچ ياققا بارمايلا°لاپ ئۇرسەن، نۇرغۇن سېھىر ئىلىمگە ماھىر بولدۇڭ، بارغىن، ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىدىن بىر نەچچە باتۇرنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگىن، — دېدىم، ئاۋۋالقى كۈنى ھاۋادىن كېلىپ، بىر باتۇرنى ئېلىپ كەلدى، يەنە بىر قېتىم كېنىزەكنى ئۇرغان بولۇپ نەچچىسىنى ئېلىپ كەلدى، ھازىر كۆرىسىز سەردارلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سالامەت بار، — دەپ ئەمىرنى يەنە بىر باغقا باشلاپ كىردى. ئىسكەندەر ئۇ يەردە سەردارلىرىنى كۆردى. ئۇلار مەي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. سەردارلار ئەمىرنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى ئەمىرنىڭ ئايىقىغا تاشلىدى. غۇلام بىلەن كېنىزەكمۇ ئۇ جايدا بار ئىدى، تەيفۇر:

— ئەي شەھرىيار، ئەمدى ئىككىسىنىڭ ئىلاجىنى قىلىڭ، — دەپ ئىشارەت قىلدى. ئىسكەندەر:

— سەن كېنىزەكنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، مەن يىگىتنىڭ ئەدىبىنى بېرەي، — دەپ ئىجازەت قىلدى.

قىسسە، ئەمىر بىلەن تەيفۇر ئايرىم - ئايرىم غۇلام بىلەن كېنىزەكنى ئۆلتۈردى. تەيفۇر:

— ئەي ئىسكەندەر، مېنىڭ سىز بىلەن سەردارلارنى ئېلىپ كېلىشتىكى سەۋەپ، — غەرىزىم شۇكى، سىزنىڭ

سەمىگىزگە سېلىپ قويايى ئاۋۋال بۇ دىۋە ھەم غۇلام بىلەن كېنىزەكلەر ئۆزىنىڭ سېھرى كۈچىنى يوقاتسۇن. ئىككىنچىدىن ـ بەدەخشان تەرەپكە بېرىپ مەرجان شاھ بىلەن مەرجانە جادۇنىڭ ئىلاجىنى قىلسىڭىز ئۇ ھالدا سىز جاھانگىردىن ئۇلۇغراق بولىسىز، ــ دېگەن ئىدى، ئەمىر ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ باتۇرلار بىلەن تەيفۇرنىڭ باشلىشى بىلەن غاردىن چىقتى. ئالتىنچى كۈنى ئىدى، نەسىم غارنىڭ ئىشىكىدە يىغلاپ ئولتۇراتتى ئىسكەندەرنى سەردارلار بىلەن كۆرۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يىقىلدى. پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولدى، ــ دېدى.

قىسسە، ئەمىر ئاتقا مىنىپ، باتۇرلار پىيادە يول يۈرۈپ ئوردىغا داخىل بولدى. ناغرا ـ سۇنايىنى شادىيانىغا چالدۇردى. باتۇرلار ئۆزلىرىنى شەھريارنىڭ ئايىقىغا تاشلىدى. ئىسكەندەر باتۇرلارغا چاقچاق ئارىلاش:

ــ ئەي باتۇرلار، مېنىڭ ئىرادەم، يەمەن شەھىنشاھىنىڭ ئارقىسىدىن بېرىش ئىدى، بىشارەت ئىشىتتىم، ئاۋۋال بەداخشان تەرەپكە بارساق بولىدىكەن. بەدەخشاننىڭ پادىشاھىنى مەرجان شاھ دەپ ئاتارمىش، ئۇلۇغلۇق دەۋاسى قىلىۋېتىپتۇ، تەڭرىم ئىرادەمنى قايسى تەرەپكە قىلسا شۇ تەرەپكە ماڭىمەن، ئەي ئارىستو، ۋاقتىنى قىسقا قىلىڭ، ــ دېدى. ئىرادە بىلەن ئۇ زېمىننىڭ خەلقى ھازىر ئىدى، ئۇلار:

ــ شەھريار، ئاۋۋال تابىستانغا بېرىپ جەڭ قىلغان تۈزۈك.

سېلى بەدەخشاننىڭ جابدۇقىنى قىلىسلا، سەقلاپ [79]
تەرەپكە ماڭمىسلا، تابىستان بىلەن سەقلاپنىڭ ھاۋاسى

شۇنداقكى، ئۇچار قۇشلار ئۇ يەردىن ئۆتسە ھاۋانىڭ تەپتىدىن كاۋاپ بولىدۇ. بۇنىڭ ئىلاجى شۇكى، ئەقىلنى تېغىغا بېرىپ ئىستىقامەتكە مەشغۇل بولۇپ تۇرسىلا، سەقلاپنىڭ ھاۋاسى ئابى بولغاندا، ئاندىن كېيىن ئىختىيار شەھريار ئۆزلىرىدۇر، — دەپ ئەرز سالا قىلدى. ئىسكەندەر:

— ئۇنداق بولسا ئۈچ ئاي بۇ جايدا تۇرايلى، — دېدى.

ئەقىلنىڭ باغرىدا چېدىر تىكتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىكەيسىز.

## قىرىق تۆتىنچى قىسسە، جالىنۇسنىڭ ئارستو بىلەن ئىسكەندەرنىڭ يولىغا قەھقاھلاپ كۈلىدىغان ئىلانىنى تۇزغۇزغانلىقى، ئارستونىڭ قەھقاھلاپ كۈلىدىغان ئىلانىنىڭ ئىلاجىنى قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، جاسۇسلار سەقلاپ شاھى ئۇچۇن:

— ئەي شەھريار، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن رۇم بىلەن فەرەڭنىڭ دائىرىسىدىكى مەملىكەتلەرنى مۇسەخخەر قىلىپ بولۇپ، ھازىر سەقلاپقا كېلىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىۋېتىپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

سەقلاپ شاھى ئىسكەندەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەشۋىشلەندى. قانداق قىلىش كېرەك، دەپ خىيال

دېڭىزىغا كەتتى. بۇندىن ئىلگىرى جالىنۇس ئىسكەندەرنى ھىندىستانغا بارماقچى دەپ خەۋەر قىلغان ئىدى، ئەمما يولدا ئىسكەندەرنىڭ قەدىمى سەقلاپقا يېتىپتۇ، نۇرغۇن مۇشكىلاتلارنىڭ ئىلاجىنى قىلىپتۇ، دىگەن خەۋەرلەر يېتىپ تۇردى. بۇ چاغدا سەقلاپ شاھى:

— ئەي دانىشمەن ھېكىم، قەغەز تاشلاپ كۆرۈڭ. ئىسكەندەر سەقلاپقا كېلەمدىكىن. بۇ مىرەز مېنى ئەسىرگە ئالامدۇ. ئەي ھېكىم بىر پىكىر قىلىڭ. ئىسكەندەر بۇ ۋىلايەتكە كەلمىسە ياخشى بولاتتى، — دېگەن ئىدى، جالىنۇس:

— خىيالىمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ. بۇ شەھەردە بىر نەچچە پاھىشە خوتۇنلار بار، شۇلارنى يىغسۇن، — دېگەن ئىدى، سەقلاپ شاھى بۇ پىكىر بويىچە شەھەر بىلەن سەھراداش پاھىشە خوتۇنلارنى يىغدى. جالىنۇس:

— ئەي پادىشاھ، ئەمىر قىلىڭ، بۇ خوتۇنلارنى ياخشى كىيندۇرۇپ، گۆزەل ياساندۇرۇپ قولىغا بىردىن شەمشەر بەرسۇن، — دېگەن ئىدى، شۇنداق قىلدى، ئاندىن كېيىن جالىنۇس خوتۇنلارغا:

— ئەي زەنانلار، بۇ پادىشاھنىڭ ئەمرىنىڭ شەپقىتى بىلەن سىلەرگە قىلغان شاپائىتى. شاھنىڭ ئۈمىدى شۇكى، بۇ شىشىلەرنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىڭلار، ئوردىنىڭ ئوغلانلىرى سىزلەر بىلەن مۇجامەئەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا سىلەر ئۇلارنىڭ ئەرلىك مەنى سۈيۈقلىقىنى بۇ شىشىلەرگە ئېلىپ يېنىپ كېلىڭلار، — دېگەن ئىدى، زەنان پاھىشەلەر قوبۇل قىلدى. شىشىلەرنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئۇلار ئوردىغا يېتىپ باردى. ئەھلى ئەركەكلەر ئۇلارغا يىقىنلاشتى. بىر ئاز ۋاقىتتا ئەركەكلەر زەنان پاھىشىلەر بىلەن بىر تەن بولدى. زەنان پاھىشەلەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا شىشىلەرنى مەنى سۈيۈقلىقى بىلەن توشقازدى. زەنان

پادىشاھلار جالىنۇسنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى. جالىنۇس شىشىلەرنى خوتۇنلاردىن ئېلىپ، خوتۇنلارنى ئۆز ماكانلىرىغا قايتۇرۇپ، شىشىلەردىكى مەنى سۈيۈقلىقىنى كۈپقا تۆكۈپ بىر مۇنچە دورىلارنى ئۆزى ياساپ شۇ كۈپقا سالدى. ئاندىن كېيىن كۈپنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئەتتى. قىرىق كۈن تورغۇزدى. قىرىق كۈندىن كېيىن بىر غۇلامنى:

— بېرىپ، كۈپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ باققىن، — دەپ بۇيرىغان ئىدى، غۇلام بېرىپ كۈپنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئۇ ئاجايىپ زور ھەيران قالارلىق سۈرەتتە ئىلاننى كۆرۈپ، تولا قورقۇپ ئۆلدى. جالىنۇس بۇنى كۆرۈپ:

— مەقسەت ھاسىل بولدى، — دەپ يەنە بىر غۇلامنى ئەۋەتىپ:

— كۈپقا قارىماي، ئەسكى كىيىمنى كۈپقا ياپقىن، — دەپ كۈپنى خام بىلەن خەستە ئوبدان ئوراپ ئۆزى سەقلاپ شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شەھرىيار، ئىسكەندەرنى بۇ شەھەرگە كەلتۈرمەسلىكنىڭ ئىلاجىنى قىلدىم، — دېگەن ئىدى، سەقلاپ شاھى:

— ئۇ قانداق چارە، — دېدى. جالىنۇس:

"— ھېكمەتى ئىلان" قەھقەھلەپ كۈلىدىغان بىر ئىلان پەيدا قىلدىم، ھەر قانداق كىشى ئۇ ئىلاننى كۆرسە تولا كۈلۈپ ھالاك بولىدۇ. ۋاقتىدا كۈپنى ئېلىپ بېرىپ ئىسكەندەر ئۆتىدىغان چوڭ يولدا قويۇپ قويسۇن، — دېگەن ئىدى، سەقلاپ شاھى زىنداندىن بىر كىشىنى ئەكەلدۈرۈپ:

— كۈپنىڭ ياپقۇچىنى ئېلىۋېتىپ قايتسۇن، — دېدى. ئۇ زىندانغا قارىغۇچى كۈپنى قاراپ ئىلاننى كۆرۈپ شۇنداق كۆرۈپلا كۈلۈپ ھالاك بولدى. سەقلاپ شاھ بۇ مۆجىزىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى. بىر غۇلامنى:

— بۇ كۆپنى كۆتۈرۈپ شەھەردىن بىر پەرسەخ يەردىكى بىر بۇلاق بويىغا ئېلىپ بېرىپ، چوڭ يولدا قويۇپ كۆپنى سۇندۇرۇۋېتىپ قايتىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرىدى.

غۇلام كۆپنى كۆتۈرۈپ، ئېلىپ بېرىپ، كۆزنى ئېتىپ، كۆپنى سۇندۇرۇۋېتىپ، قورقۇنچىسىدا ئارقىغىمۇ قارىماي قېچىپ كەلدى. ئىلان بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ، ئۇ يەرنى ماكان تۇتتى. ھەر قانداق خەۋىرى يوق كىشى يولدىن ئۆتمەكچى بولسا ئۇ ئىلاننى كۆرۈپ تولا كۆلۈپ ھالاك بولاتتى. ئۇ ئىلان ئۇ كىشىنىڭ گۆشىنى ئېتاتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئىلان ئەجدىھا بولدى. ئەمدى بۇنىڭ قىسسىنى ئىشتىڭ.

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، ساھىبقىران ئەقىق ئېغىنىڭ باغرىدا ئۈچ ئاي تۇردى. بۇ ۋاقىتتا بۇ يەر ئابى ھاۋالىق بولۇپ كەتتى. ساھىبقىران نەۋفىلگە:

— بارگاھنى يۆتكەپ، سەقلاپقە راۋان بولسۇن، — دەپ ئەمر قىلغان ئىدى، نەۋفىل يول تەييارلىقىنى قىلىپ سەقلاپقا قاراپ راۋان بولدى. شەھەرگە بىر پەرسەخ قالغان مەنزىلدە قەھقەھلەپ كۆلىدىغان ئىلان بار يەرگە يېتىپ كېلىپ، بارگاھنى تىكىپ چۈشتى. نەچچە كىشى بۇلاق بويىغا باردى. كۆزى قەھقەھلەپ كۆلىدىغان ئىلانغا چۈشۈپ تولا كۆلۈپ ھالاك بولدى. بۇ خەۋەر نەۋفىلگە يەتكۈزۈلدى. نەۋفىل قەھقەھلەپ كۆلىدىغان ئىلان ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— ھەر قانداق كىشى، ئۇ بۇلاق بويىغا بارمىسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ نامە ئەۋەتتى. نامىنى ئېلىپ خەۋەرچى ئوردىغا يېتىپ كەلدى. نامىنى ساھىبقىرانغا بەردى. ساھىبقىران نامىنى ئوقۇپ:

— ئەي ئەرەب نەۋفىلگە ئېيتساڭ قايتىپ كەلسۇن، ئىلاننىڭ ئىلاجىنى قىلايلى، — دېدى. نەۋفىل بارگاھنى يۆتكەپ ئوردىغا قايتىپ كەلدى.

ساھىبقىران ئارستوغا:
— سەن بېرىپ ئىلاننىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، — دېدى.
ئارستو نۇرغۇن شاگىرتلىرى بىلەن نەچچە مىڭ لەشكەر باشلاپ راۋان بولدى. ئۇلار بۇلاققا يېقىن باردى. شاگىرتلىرىنىڭ بىرسىگە:
— بېرىپ ئۇ ئىلاننىڭ شەكلىنى قەغەزگە سىزىپ كەلگىن، — دېدى. شۇ ھامان شاگىرتى ئىگىز يەرگە چىقىپ ئىلانغا قارىدى. ئىلان شۇنداق كۆلگەن ئىدى، ھالاك بولدى. قىسسە، ئارستو يىگىرمە شاگىرتىنى ئىلاننىڭ سۈرىتىنى سىزىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى، ئىلانغا قارىغانلارنىڭ ھەممىسى تولا كۆلۈپ ھالاك بولدى. ئارستو نائىلاج بولۇپ كايىپ كېلىپ ساھىبقىرانغا ۋەقەنى مەلۇم قىلدى. ساھىبقىران غەزەپلىنىپ:
— ئەي ئارستو، سەن بار، سەن مەن ئەفلاتۇننىڭ شاگىرتى، دەپ لاپ ئۇرسەن. ھازىر ئىشىتتىمكى، بۇ ئىلاننى جالىنۇس بوزغۇنچى بىنا قىلغان ئىمىش، ئۇ ھەم ئەفلاتۇننىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى. ئەگەر ئۇ ئىلاننىڭ ئىلاجىنى قىلمىساڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇداسىغا قەسەم قىلىمەنكى، سېنى ھالاك قىلىمەن، — دېدى. ئارستو ئىسكەندەرنىڭ قەسەم قىلىمەن دېگىنىنى ئاڭلاپ:
— شەھريار، قىرىق كۈن مۆھلەت بېرىڭ، مەن ئويلاپ باقسام، — دەپ يالۋۇردى. ئىسكەندەر مۆھلەت بەردى. ئارستو شاگىرتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بارگاھىغا داخىل بولۇپ، ھەممىسى پىكىر قىلىپ، كىتابلارنى ئالدىغا قويۇپ مۇتالىئە قىلىپ ئىلاننى قولىغا چۈشۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ئامالىنى تاپالمىدى. ئارستو قىرىق كۈن ئىچىدە ئەشۇ خىيالدىلا بولدى. بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى تاپالمىدى.
ئارستو:

— تاڭلا كۈندە مۆھلەت قىلغان كۈن توشىدۇ. ئىسكەندەر قەسەم قىلغان، ماڭا سىياسەت قىلىدۇ، — دېدى.

كېچە بولدى. ئارستو ئاتقا مىنىپ قاچتى. تاڭ ئاتتى.

ئىسكەندەر:

— بۈگۈن مۆھلەت توشتى، ئارستونى كەلتۈرۈڭلار، — دېگەن ئىدى، مۇلازىملار:

— ھېكىم قېچىپ كېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ئىسكەندەر غەزەپلىنىپ:

— شاگىرتلىرىنى كەلتۈرۈڭلار، — دەپ چاقىرىپ شاگىرتلىرىغا:

— نېمە ئۈچۈن ئارستونى قاچۇرۇۋېتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ماڭا خەۋەر بەرمەيسىلەر. ئارستونى سىلەرگە تاپشۇرىمەن، ئۇنى تېپىڭلار، — دېدى.

— ھەر قايسى ئارستونىڭ خەۋىرىنى ئالالماي ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇ تەرەپتە ئارستو ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. ئۇ يەردىن نەچچە پەرسەخ يىراقلاشتى. ئىرادە ـ بىلەن كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە ئىسكەندەرنىڭ غۇلاملىرى ئوتۇن يىغىۋاتقان ئىكەن، غۇلاملار ئارستونى سىناپ باقماقچى بولدى. غۇلاملاردىن زۇربە ئاتلىق بىرى:

— ئەي ھېكىم، نېمە ۋەقە بولدى، ھەجەب بىئاراملىق بىلەن كېتىپ بارىسىزغۇ؟ — دېگەن ئىدى، ئارستو:

— سەن بىر ئازمۇ ئويلاپ پەرەز قىلالمايسەن، دانىشمەنلەر ھەرقانداق جايدا ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قالسا ھېكىمىڭلارنى ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى دەپ بىلسەڭلار مۈشكۈلۈڭلارنى ئېيتىڭلار، دېگەن ئىكەن. سەن ھېچقانداق نەرسىنى پەرەز قىلالمىساڭمۇ سېنى ئۇشبۇ سەۋەپتىن دانىشمەن دەيدۇ، بۇنى بىلىۋالغىن جالىنۇس بۇزغۇنچى، قەھقەھلەپ كۈلىدىغان ئىلان بەرپا

قىلىپتۇ، ئۇنى ساھىبقىراننىڭ ئۆتىدىغان يولىغا قويۇپتۇ.
ھەرقانداق كىشى ئۇ جايدىن ئۆتسە، ئىلانغا قارىغان ھامان تولا
كۆلۈپ ھالاك بولىدۇ. ئىسكەندەر ماڭا ـ ئۇ ئىلاننىڭ ئىلاجىنى
قىلسەن، دەپ بۇيرىدى. ئەگەر قىلالمىساڭ ئۆلتۈرىمەن، دەپ
قەسەم قىلدى. مەن قىرىق كۈن مۆھلەت قىلدىم. بۈگۈن ۋەدە
قىلغان كۈن توشتى. ئىلاجىنى قىلغىلى بولمىدى. قېچىشنى
ئىختىيار قىلدىم، ــ دېگەن ئىدى. زوربە ناھايىتى دانالىق
بىلەن:
ــ ئەي ھېكىم، ئىلاجىنى قىلىش سېنىڭ پاراستىڭدىن
يىراقلىشىپتۇ. ئىلاننىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئاسان، ــ دېدى.
ئارستو:
ئىلاننىڭ ئىلاجى نېمە؟ زوربە:
ــ ھەر قانداق كىشى ئۇ ئىلاننى كۆرسە تولا تەئەججۈپ
قىلىپ شۇنداق كۈلىدۇ ـ دە، ھالاك بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىلان
ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسە ئۇمۇ شۇنداق كۈلۈپ ھالاك
بولىدۇ. ئەي ھېكىم، ئۇردىغا بېرىپ بىر چوڭ ئەينەك
ياساتقىن، ئەينەكنى بىرسىنىڭ قولىغا بەرسەڭ ئۇ ئەينەكنىڭ
ئارقىدا تۇرۇپ ئەينەكنىڭ يۈزىنى ئىلانغا قارىتىپ قويسۇن.
ئىلان ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ، تولا خۇشال
بولۇپ كۈلۈپ ھالاك بولىدۇ، ــ دېدى. ئارستو بۇ سۆزنى
زوربەدىن ئاڭلاپ: ــ زوربەنىڭ بۇ پىكرى راست، ــ دەپ
ئاتنىڭ تىزگىنىنى ياندۇرۇپ ئۇردىغا ياندى. ئۇ يېتىپ بارغاندا
ئىسكەندەر شاگىرتلىرىغا سىياسەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ:
ــ شەھريار، نېمە ۋەقە بولۇپ بۇ قېرىنداشلارغا سىياسەت
قىلىسىز؟ بۈگۈن ۋەدە قىلغان كۈن. ھازىر بۇيرۇق بېرىڭ بىر
زور ئەينەك ياسىسۇن، ــ دېدى ئىسكەندەر جىددىي ھالدا تۇرۇپ
بۇيرىغان ئىدى ئەينەكنى ياساپ بولدى. ئارستو بۇيرىغان ئىدى.
ئۇ ئەينەككە ئىككى تۇتقۇچ بېكىتتى. ئارستو:

— ئەي شەھريار، بىر كىشىنى بۇيرىسىڭىز ئەينەكنى ئېلىپ بېرىپ ئىلاننىڭ ئالدىدا قويسا، ئىلان ئۆز سۆرىتىنى كۆرۈپ كۆلۈپ ھالاك بولىدۇ، — دېدى. ئەمىر مۇھتەر نەسىمنى بۇيرىدى. مۇھتەر نەسىم ئەينەكنى ئېلىپ ئۇ جايغا بېرىپ ئۆزىنى ئەينەكنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ، ئەينەكنىڭ يۈزىنى ئىلانغا قارىتىپ قويدى. شۇ چاغدا ئىلان ئۆزىنىڭ سۆرىتىنى كۆرۈپ شۇنداق كۆلۈپ ھالاك بولدى. نەسىم قايتىپ كېلىپ ئىلاننىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ساھىبقىرانغا يەتكۈزدى. ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ ئارستوغا تون تەقدىم قىلدى. ئاندىن كۆڭلى تىنجىپ سەقلاپ تەرەپكە راۋان بولدى.

ئۇ تەرەپتە سەقلاپ شاھقا:

— ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىرى ئىلانغا ئىلاج قىلدى. ئىسكەندەر سەقلاپقا قەدەم قويدى، — دېگەن خەۋەر يەتتى. شاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئۆزىگە: مەن ئىسكەندەرگە باراۋەر بولالمىغىدەكمەن، دەپ دەرھال ئەمر قىلغان ئىدى، جالىنۇسنى تۇتۇپ قولىدىن باغلاپ، ئۆز ئەمرى بىلەن بويىنىغا شەمشەرنى ئېسىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ، يېقىن بېرىپ تاغ ئۈستىدە دۈمىلانغان ھالدا:

— شەھريار، بىزدىن خاتالىق ئۆتمىدى، بۇ ئىشنى جالىنۇس قىلدى، — دەپ پەندىيات قىلدى. ئىسكەندەر جالىنۇسنى باغلاپ قويدى. سەقلاپ شاھى خىزمەتكارلىق يۈسۈنىنى بىجا كەلتۈردى. سەقلاپ ئەھلى تامام ئېتىقادىنى توغرىلىدى.

## قىرىق بەشىنچى قىسسە، ئارستو ھېكىم، زوربەنىڭ تەدبىرى بىلەن سەقلاپ شاھىنىڭ پەرزەندىنىڭ بېشىدىن ھەزارىيانى ئېلىپ تاشلىغانلىقى

ئەلقىسسە، تارىخچىلار مەزكۇردا داستاننى شۇنداق بايان قىلىدۇكى، بىر كۈنى ساھىبقىران بارگاھتا ئولتۇراتتى سەقلاپ شاھ بارگاھقا كېلىپ:

— شەھريار، ئۈچ يىل بولدى پەرزەندىمنىڭ قولىقىغا ھەزەريا كىرىۋاپتۇ، ئۇنىڭ ھېچ ئامالىنى قىلالمىدىم. ئەفلاتۇننىڭ شاگىرتلىرىدىن جاماسەب ئاتلىق بىرى ھىندىستاندا سۇلتان كۇھنىڭ ۋەزىرى ئىكەن، — دەپ ئاڭلاپ كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى ئەكەلدۇرۇدۇم. ئۇمۇ ئانچىكى سەۋەب قىلدى، لېكىن ساقايمىدى. ئەمدى ئارستو ھېكىمگە پەرمان قىلغان بولسىڭىز بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغان بولسا، چۈنكى ئۇ قەھقەھ ئىلاننىڭ ئىلاجىنى قىلغان، — دەپ ئەرز قىلغان ئىدى، ئىسكەندەر ئارستوغا قاراپ:

— ئەي دانىشمەن ھېكىم، بۇ ئىشقا نېمە دەيسىز؟ — دېگەن ئىدى، ئارستو:

— ساھىبقىراننىڭ ئىقبالى بىلەن بۇنىڭ ئىلاجى مېنىڭ قولۇمدا. ئىلتىماسىم شۇكى، جالىنۇسنى ماڭا بەخشەندە قىلسىڭىز، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر جالىنۇسنى چاقىردى. گۇندىپاي كېلىپ:

— شەھريار، ئۇ يېنىدىن ئىككى قانات چىقىرىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى، — دەپ ئەرز قىلدى. گوندىپاي جالىنۇس يەنە: «ئىسكەندەرگە ئېيتقىن، بىز يەنە كۆرۈشىمىز» دېدى، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر دىلغول بولۇپ ھېچقانداق سۆز قىلمىدى.

نەقىلچى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئارستو: مۇنچىغا ئۈچ كېچە كۈندۈز ئوت قالاپ كىشى قەدەم قويالمىغۇدەك قىزىتسۇن ھېچكىمنى كىرگۈزمىسۇن، — دەپ بۇيرىدى. تەييارلىق پۈتكەندە ئارستو:

— شاھزادىنى مۇنچىغا ئېلىپ كىرسۇن، — دېگەن ئىدى، ئېلىپ كىردى. ئارستو مۇنچا خوجايىنىغا:

— مۇنچىنىڭ ئەتراپىغا ھېچقانداق كىشى كەلمىسۇن، ئەگەر ئۇ ساھىبقىران بولسىمۇ شۇنداق، — دەپ ئەمر قىلدى. قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ زوربە ئىسمىلىك بىر غۇلامى بار ئىدى، ئۇ شۇنداق ئىشنى قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، — بۇ ئىشنى تاماشا قىلاي، — دەپ قولىغا جارچى سۈرىتىدە تاياق ئېلىپ، مۇنچىنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ:

— مېنى ئىسكەندەر ئەۋەتكەن ئىدى، — دەپ مۇنچىنىڭ ئاستىغا يۈشۈرۈنۈپ، مۇنچىنىڭ پەنجىرىدىن قاراپ، ئارستونىڭ:

— ئەي شاھزادە، ئەھۋالىڭ قانداقراق، — دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. شاھزادە:

ھەزاريا بېشىمدا جاي تۇتۇپتۇ. ماڭا تولا ئازار بېرىۋاتىدۇ پەقەتلا ئۇخلىيالمايمەن، — دېدى، بۇ چاغدا ئارستو قولىنى قوينىغا سېلىپ، بىھوش دورىسىنى شاھزادىگە بېرىپ يىدۇردى. شاھزادە دورىنى يەپ بىھوش بولۇپ ياتتى.

ئارستو تىغنى چىقىرىپ شاھزادىنىڭ بېشىنى تىلىپ بېشىنىڭ قاپاق ئۇستىخىنىنى ئېلىپ ياندا قويدى. سىرتتا قاراپ

تورغان زۇربە ئاستا پىچىرلاپ:

— مەرھابا ئۇستاتقا، بۇ ئىشنى يەنە سىز قىلدىڭىز،— دېدى.

ئارستو شاھزادىنىڭ مېڭىسىگە قاراپ ھەزارىيانىڭ ھەزارىيا پۇتىنىڭ باشنىڭ مېڭە پەردىسىگە مەھكەم چاپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ھەزارىيانى ئالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىز قالدۇرۇپ كۆتەرگەن ئىدى، زوربە:

— ئەي ھېكىم، مەرھابا، باشنىڭ قاپاق سۆڭىكىنى ئوبدان ئالدىڭىز. لېكىن مۇشۇ ئىز بىلەن ھەزرايانى تۇتمىدىغان بولسىڭىز ھەزارىيا پۇتىنى باشنىڭ پەردىسىگە مەھكەم تىرىۋېلىپ پەردىنى يىرتىۋەتسە شاھزادە ئۆلمەمدۇ،— دەپ ۋارقىرىدى، ئارستو زۇربەنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ:

— ھېلى بىكار خۇنۇڭنى تۆكمەي،— دەپ ئاچچىقلاندى.

ئارستو ئۆزى ئۆزىگە: — ئۇنىڭ پىكرىمۇ دورۇست،— دەپ ھەزارىيانى يۆتكەپ كېلىپ، زۇربەنىڭ سۆزى بويىچە ھەزارىيانى شاھزادىنىڭ بېشىدىن ئېلىپ يەنە باشنىڭ قاپاق سۆڭىكىنى جايىدا قويۇپ، شاھزادىنىڭ بېشىغا نەچچىنى ئۇرۇپ دورا چاپلىدى، ئاندىن كېيىن شاھزادىنى ھوشىغا كەلتۈردى.

شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئارستونىڭ ئالدىغا يىقىلىپ تۇرۇپ تەزىم قىلىپ:

— ئەي ھېكىم، مېنىڭ دەردىمگە مۇشۇنداق دەۋا قىلدىڭىز، پەرۋەردىگار سىزدىن رازى بولسۇن،— دەپ مۇنچىدىن چىقىپ ساھىبقىرانىنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ساقلاپ شاھى ئارستوغا تون كىيگۈزۈپ كۆپ ئىنئاملار بەردى. ئىسكەندەر ھەم ئارستوغا تون بەردى. سەقلاپ شاھى پەرزەندىنى ساق - سالامەت كۆرۈپ، شەھەردە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئارستونىڭ بېشىنى گۈمبەز دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزدى.

رىۋايەتچىلەر نەقىل قىلىپ شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئارستو ھەمىشە ئوردا مۇكەررەمنىڭ خالايىقلىرىگە:

— يۇمشاق تۇپىدا يول ياسىماڭلار، مۇبادا يول ياسىساڭلار قارغۇ بولىسىلەر چۈنكى، ئىلان يۇمشاق تۇپىغا سىيىدۇ، كىمكى ئىلان يول قىلغان تۇپىغا يول ياسىسا ئۇ تۇپىدىن چاڭ - توزان ئۆرلەيدۇ. بۇ چاڭ - توزان كىشىنىڭ كۆزىگە كىرگەن ھامان كور بولىدۇ، — دەيتتى.

دەرۋەقە بىر كۈنى ئارستو ئۆزى شۇنداق جايغا دەسسەپ سىلىپ، شۇ يەردىلا كور بولدى. ئارستو ئاھ ئۇرۇپ يۈرۈپ بىر ئامال قىلىپ بارگاھقا يېتىپ كەلدى. شاگىرتلىرىدىن ھېچقانداق كىشى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئارستو بىر نەچچە كۈنگىچە ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا بارمىدى. ئىسكەندەر:

— نەچچە كۈن بولدى، ئارستو كۆرۈنمىدىغۇ، — دەپ كىشى ئەۋەتكەن ئىدى، ئارستو:

— مېنىڭ بارالماسلىقىمدىكى سەۋەپ شۇكى، بۇيۇم بىتاپ. ئىسكەندەر بىلەن سەقلاپقا بېرىپ سالام بېرىشنى ئويلىغان ئىدىم، لېكىن ئارلىق بار. ئىسكەندەر مۇۋاپىق دەپ بىلسە بۇ ماكاندىن ھازىرچە قوزغالمىسۇن، — دېدى.

ئىسكەندەر ئارستونىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. ئارستو بىر نەچچە كۈن بارگاھقا بارمىدى. ئۇ چۈنكى، شاگىرتلىرىغا دەرس بېرىشنى توختاتمايتتى. ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا بىلىندۇرمەي بېرىپلا قايتىپ كېلەتتى. ئەمما ئىسكەندەرنىڭ غۇلامى زۇربە بۇ جايدىن كېتىپ قالغان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ قىياپەتنى ئۆزگەرتىپ، ئارستونىڭ بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ بىر نەرسە تىلىدى، ئارستو شاگىرتلىرىنىڭ بىرسىگە:

— قوپقىن، ئۇ تىلەمچىگە بىر نەرسە بەرگىن، — دېدى. شاگىرت بارگاھنىڭ ئىشكىگە كېلىپ بىر نەرسە بەرمەكچى

بولۇپ ئىشىكنى ئېچىۋېدى زۇربە بارگاھنىڭ ئىچىگە قاراپ ھېكىمنى كور بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۆزى ئۆزىگە: - ھېكىمنى كىم كور قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، ياكى بىرەر نەرسە زىيان قىلىپ كور بولغانمىدۇر، — يا، — دېدى. بۇنى ئارستونىڭ شاگىرتى ئاڭلاپ قالدى ۋە:

— ئەي بىئەدەپ دەرۋىش، ئۆزەڭ كور بولغىن، — دەپ ئاچچىقلاندى. ئارستو بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قېلىپ سۆزىنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدى، شاگىرتى دەرۋىشنىڭ سۆزىنى بايان قىلدى. ئارستو:

— دەرۋىشنى ئىچكىرى ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى. شاگىرتلار زۇربەنى قولىدىن تارتىپ دېگۈدەك ئىچكىرى ئېلىپ كىرىپ ئولتۇرغۇزدى. ئارستو:

— ئەي دەرۋىش، سەن مېنىڭ كورلىقىمنى قانداق بىلىسەن؟ — دېگەن ئىدى، زۇربە:

— ئەي ھېكىم، ھەر قانداق كىشى قارىسا بىلەلەيدۇ. سىز كور ئىكەنسىز، — دېدى. شاگىرتلار شۇندىلا ئارستوغا تىكىلىپ قاراپ ھېكىمنىڭ كۆزى كور بولغانلىقىنى بىلدى. ئارستو:

— ئەي دەرۋىش، مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئىلاجىنى قىلالامسىز - يوق، — دېگەن ئىدى، زۇربە:

— ئەلۋەتتە، قىلالايمەن، ئەمما ئىلاجىنى قىلمايمەن، — دېدى، ئارستو:

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئەگەر كۆزىڭىزگە ئىلاج قىلسام مېنى ئۆلتۈرىسىز، — دېدى. زۇربە:

— قەسەمياد قىلىمەنكى، ئەگەر سەن مەن ئۈچۈن ياخشىلىق قىلساڭ مۇشۇ جايدا ھازىرلا سېنىڭ بېشىڭنى گۈمبەز دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزىمەن، — دېدى ئارستو.

— مەن بىر سەھراغا بارىمەن، ئۇ يەرگە بېرىپ كېلىپلا كۆزىڭىزگە دەرھال ئىلاج قىلاي، — دەپ زۆربە بۇ يەردىن مەغرۇر ھالدا چىقىپ كەتتى. ئۇ باياۋانغا بېرىپ ئۆلۈپ قالغان جەرەننى تېپىپ بىرمۇنچە دورىلارنى ياساپ ئېلىپ ئارستونىڭ بارگاھىغا كەلدى. زۆربە بارگاھقا كېلىپ زىق ياساپ زىقنى دورىغا مىلاپ جەرەنگە سانچىغان ئىدى، زىق جەرەننىڭ قورسىقىدىن چىقتى. زىقنى جەرەننىڭ قورسىقىدىن سۇغىرىپ ئېلىپ، زىقچىغا بىر ئاز توپا - توزان يۇقتۇردى. زىققا يۇققان تالقان قىلغان دورىنى ئارستونىڭ قولىغا بېرىپ:

— تۇتۇڭ، كۆزىڭىزگە سۇرۇڭ، — دېدى. ئارستو زىقنى كۆزىگە سۇرۇشى ھامان ئارستونىڭ كۆزىدىن ئىسسىق سۇ ئېقىپ كېتىپ كۆزى روشەن كۆردى. ئارستو:

— يەنە بىر زىق بېرىڭ، كۆزۈمگە سۇرتەي، — دېگەن ئىدى، زۆربە يەنە بىر زىقنى جەرەننىڭ قورسىقىغا سانجىپ، تارتىپ ئېلىپ، زىقنى ئارستونىڭ قولىغا بەردى. ئارستو كۆزىگە سۇرتكەن ئىدى، كۆزى يەنە كۆرمەس بولۇپ قالدى. زىققا توپا - توزاننى ئاۋۋالقى ئۇسۇل بىلەن يەنە يۇقتۇردى. ئارستونىڭ كۆزى يەنە ئاۋۋالقى زىقچىنى تارتقان ۋاقىتتىكىدەكلا روشەن كۆردى. ئارستو چاڭ - توزاننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىسى كەلدى، زىقنى تىلىغا تەككۈزۈپ باقتى ۋە:

— ئەي دەرۋىش، بۇ زىقچىدا بىر مىڭ توققۇز يۈز توقسەن توققۇز دورىنى بىلەلىدىم، بىراق بىر دورىنى بىلەلمىدىم، — دېگەن ئىدى، زۆربە:

— ئۇ بىر دورا يالغان دورا، — دېدى. ئارستو:

— ئىلاھىمغا تۆۋە قىلدىم. ھەقىقەتەن ئۇلۇغلۇق ساڭا ئەرزىيدۇ، — دېدى. زۆربە:

— ئەي ھېكىم. تۆۋە قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە، — دەپ سورىغان ئىدى، ئارستو:

— ئەي دەرۋىش، بىر كۈنى مېنىڭ كۆزۈم بىر ساختا ئەرسىگە چۈشتى، بۇنىڭ بىشارىتى نېمىدۇر؟ — دەپ ئويلاپ بۇ ساختا ئەرسىنىمۇ تەڭرى يارىتىپتۇ، — دېگەن ئىدىم، شۇ چاغدىلا مېنىڭ كۆزۈمنى كور قىلىپ بۇ كۇپرانە سۆزۈمنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتتى. تەڭرى ياراتقان ئەرسىلەر ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەسكەن، — دېدى. زوربە:

— ئەي ھېكىم، مېنى تونىمايسەنغۇ؟ مەن سېنىڭ غۇلامىڭدۇرمەن. مەن سېنىڭ قەھقەھە ئىلانىنى ئۆلتۈرۈشۈڭگە يول كۆرسەتكەن ئىدىم، ھەزارىيانى سەقلاپ شاھنىڭ ئوغلىنىڭ بېشىدىن چىقىرىشىڭغا سەۋەبچى بولدۇم. ئەي ئارستو خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، بۇ قايغۇڭنى ھەرگىز پاش قىلمايمەن ۋە سىزنى: ئىسكەندەرنىڭ كۆزىدە خار كۆرسەتمەيمەن، — دېدى. ئارستو.

مەن ھەر ۋاقىت سېنى كۆرسەم خۇنۇڭنى تۆكىمەن، — دەپ قەسەم قىلغان ئىدىم. ئېيتقىنا، سېنى نېمە قىلسام بولىدۇ، — دېگەن ئىدى زوربە قوينىدىن تاسمىنى چىقىرىپ، قولىنى باغلاپ شەمشەرنى ئارستونىڭ قولىغا بېرىپ:

— ئەي ھېكىم، قەسىمىڭنى رەت قىلماسلىق ئۈچۈن خۇنۇمنى تۆككىن، — دېگەن ئىدى، ئارستو شەمشەر بىلەن زوربەنىڭ قولىدىن قان چىقاردى.

قىسسە، ئارستو زوربەنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئىللەتتىن خالاس بولۇپ، زوربەگە ئىنئام - ئېھسان بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شاھ، شۇ تاپتا ھەر قانداق جايغا سەپەرگە چىقسىڭىز خەيرلىك بولغۇسى، — دېدى.

ئۇزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەرنى تەييارلاڭلار مەرجانەگە بارىمىز، — دەپ ئەمر قىلدى.

نەقىلچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى،

ئىسكەندەر ئۇزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلەرنى ۋە يۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى كەلتۈرۈڭلار، ــ دەپ ئەمر قىلغان ئىدى، سەقلاپ شاھى:

ــ شەھريار، بۇ جايدا سىزلەرنىڭ لەشكەرلەر سىغقىدەك ئۇنچە كۆپ كېمە يوق. ئەمما ئۇ جايدا بىر ئارال بار، ئۇنى كېمە ئارىلى دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يەرگە بارساق كۆڭۈلدىكىدەك كېمە تېپىلىدۇ، ئۇ يەردە يەنە بۇ لەشكەرلەردەك ئىككى باراۋەر لەشكەر سىغقۇدەك كېمىلەر بار. ئۇ يەردىن كېمە سېتىۋېلىپ كەلسەكمىكىن، ــ دېدى.

ئىسكەندەر ئەلۋەس بىلەن ئىسھاققا:

ــ بۇ خىزمەتنى سىزلەر بېجا كەلتۈرگەيسىزلەر، ــ دەپ بۇيرىدى.

ئەلۋەس بىلەن ئىسھاق قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئالتۇن ئېلىپ كېمىگە ئولتۇرۇپ ئارالغا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار ئۇ ئارالغا قاراپ كەتتى. ئارالغا يېتىپ باردى. ئەلۋەس نۇرغۇن كېمىلەرنى كۆرۈپ:

ــ ئەي جامائەت، مەن ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇردىن بۇ يەرگە كېمە سېتىۋالغىلى كەلدىم، ــ دېگەن ئىدى، ئۇ جامائەت:

ــ پالانى ئارالدا بىزنىڭ نۇرغۇن چوڭ كېمىلىرىمىز بار. كېمىنىڭ قىممىتىگە ھېچقانداق بانا سەۋەب بىلەن پۇل ئالمايمىز، ــ دېدى. ئەلۋەس:

ــ كېمىلەرنىڭ قىممىتى (باھاسى) قانچە؟ ــ دېدى. بۇ جامائەت:

ــ بىز كېمە ياسايمىز، بۇ ئارالدا سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مىل بار. ئۇ سۇ يولىنىڭ باش تەرىپىگە بېكىتىلگەن ئىكەن. بىز ئۇ ئارالغا بارماقچى بولۇپ شۇ يەرگە بارغىنىمىزدا، بىر قول پەيدا بولۇپ كېمىنى تارتىپ سۇغا غەرىق قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر، سىلەر ئۇ قولنىڭ ئىلاجىنى قىلساڭلار، بىز كېمىنى

ھەقسىز بېرىمىز، ھېچنەرسە ئالمايمىز، — دېدى. ئەلۋەس:

— بىزنى ئۇ جايغا باشلاپ بېرىڭلار، قانداق جاي ئىكەنلىكىنى كۆرەيلى، — دېدى. ئەلۋەس ۋە ئىسھاق مۇلازىملار بىلەن ئارالنىڭ ئادەملىرى كېمىگە ئولتۇرۇپ ئۇ ئارالغا يېتىپ باردى. ئەلۋەس ئۇ يەردە ناھايىتى نۇرغۇن كېمىلەر تۇرغانلىقىنى كۆردى. كېمىلەرنىڭ بىر تەرىپىدە بىر مىلنىڭ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. خالايىق:

— بۇ يېشىل مىل شۇ، — دېدى. ئەلۋەس مۇلازىملىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى ئېلىپ كېمىگە ئولتۇرغۇزۇپ مىلنىڭ ئەتراپىغا باردى.

— بېرىڭلار، قانداق ئالامەت بولىدىغانلىقىنى كۆرەيلى، — دېدى. ئەلۋەس مۇلازىملىرىغا قاراپ ئۇ مىلنىڭ قېشىغا بارغان ھامان بىر قول پەيدا بولۇپ كېمىنى ئۆرۈپ سۇنىڭ تەكتىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئەلۋەس ئىسھاققا:

— مەن بۇ مىل (مۇنار، بەلگە) نىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇ قولنىڭ چىققانلىقىنى بىلىپ باقاي، ئەگەر مېنى غەرىق قىلسا، سىز ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ ئەمىرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىڭ، — دەپ كېمىنى ماڭدۇردى. ئەلۋەس مىلنىڭ قېشىغا بارغان ئىدى، بىر قول پەيدا بولۇپ ئەلۋەسنىڭ كېمىسىنى تارتىپ سۇغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئىسھاق ئاتىسىنىڭ غەرىق بولغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ كېمىنى ماڭدۇرۇپ، مىلنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ قول يەنە پەيدا بولدى. ئىسھاق نەچچە پاتمان كۈرزىنى كۆتۈرۈپ ئۇ قولغا ئۇردى. ئەگەر تاغقا ئۇرغان بولسا پارە - پارە بولاتتى. ئەمما ئۇ قولغا ھېچقانداق كار قىلمىدى. ئىسھاقنىڭ كېمىسىنىمۇ تارتىپ سۇغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. كەلگەنلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بىرسىنى سەقلاپ تەرەپكە ئەۋەتتى. بۇ خەۋەر ئىسكەندەرگە يەتكەندە، ئۇ:

ئارستو شاھزادە ئابدۇلھېمىد، شاھزادە سەئىدان، ۋە

فەرھەڭ باتۇرلىرىدىن مۇھەممەد شىرزاد، تەمھالخاننى بىللە ئېلىپ قىيىققا ئۇلتۇرۇپ ئارال تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئارالغا يېتىپ كەلدى. ئەلۋەسنىڭ مۇلازىملىرى ئەھۋالنى بايان قىلدى. شاھزادە سەئىدان قىيىقنى ماڭدۇرۇپ مىلنىڭ قېشىغا باردى. ئىسكەندەر، فەرھەڭنى:

— بارغىن، سەئىداننى قايتۇرۇپ كەلگىن، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ بۇ مىل ئۈستىدە پىكىر قىلايلى، — دەپ بۇيرىدى.

فەرھەڭ ئۇ يەرگە بارغان ئىدى، بىر قول پەيدا بولۇپ كېمىنى تۇتقان ئىدى، سەئىدان ئۇ قولنىڭ بىلىكىگە تىغنى ئۇردى، تىغ يۇمشاپ لاتىدەك بولۇپ قالدى. كېمىنى تارتىپ سۇغا غەرق قىلدى. فەرھەڭ:

— مەن سەئىداننى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم. ئەمدى ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا نېمە دەپ بارىمەن، — دەپ كېمىنى ھەيدەپ، مىلغا يېقىن بارغان ئىدى، ئۇ قول يەنە سۇدىن چىقىپ - كېمىنى تۇتتى. فەرھەڭ قولنىڭ بىغىشىنى تۇتۇپ زور بىلەن سىقتى، ئەگەر تاشنى تۇتقان بولسىمۇ تاش قۇم بولاتتى. فەرھەڭنىڭ كېمىسىنىمۇ سۇغا غەرق قىلدى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي بۈزرۈكۋار، ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇ قولنىڭ ئىلاجىنى قىلاي، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر:

— ئەي پەرزەندىم، بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز ئەمەس - سەۋر قىلىڭ مەن ئۆزەم باراي - دېدى.

قىسسە، ئىسكەندەر كېمىنىڭ كىيىم - كېچەك ئۆيىگە كىرىپ بېشىنى سەجدىگە قويغان ئىدى، خۇشاللىق خەۋىرىنى بەرگۈچى غايىپتىن:

— ئەي ئىسكەندەر، خىيالىڭغا ھېچ قانداق ئەندىشىنى كەلتۈرمىگىن، بۇ قولنىڭ ئىلاجىنى سەن قىلالايسەن، بىلگىنكى سامبىمىن نەرىمان چىن مەملىكىتىگە بېرىپ جىننى يوقاتتى. ئاندىن كېيىن، ئېرھا دىۋىنىڭ ئارقىسىدىن زاد تېغىغا بېرىپ ئېرھانى ھالاك قىلدى. ئاندىن ئىرانغا باردى. ئېرھانىڭ بىر قىزى بار ئىدى ئۇنى مۇقراز جادۇ دەپ ئاتايتتى. ئۇ، ھېچقانداق كىشى چىنغا ئۆتەلمىسۇن، دەپ بۇ تىلسىمنى چىنىنىڭ يولىغا باغلىغان ئىدى، تۈركىستان بىلەن چىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈركىستاندىن چىنىغا كىشى ئۆتەلمىسۇن، دەپ يەنە بىر تىلسىم باغلىغان ئىدى، ئۇ سېھرىگەر مەلئۇن، چىنىغا خوجا بولۇپ ئولتۇردى. ئەي ئىسكەندەر كېچە بولغاندا كېمىگە ئولتۇرۇپ مىلىنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىغىن نېمىنى كۆرگەنلىكىڭنى شۇ چاغدا بىلىسەن، بۇ تىلسىمنى سۇندۇرۇشنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم، — دېدى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەردىن خۇشال بولۇپ ئورنىدىن قوپۇپ سەركەردىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي سەردارلار، بۇ تىلسىمنى سۇندۇرۇش ماڭا ھاۋالە قىلىندى، — دېگەن ئىدى، سەردارلار خۇشال بولدى.

كېچە بولدى. ئىسكەندەر پۇختا قوراللىنىپ كېمىگە ئولتۇرۇپ مىلغا قاراپ ماڭدى. ئارستو ھەم كېمىسىنى ھەيدەپ مىلغا يېقىنلاپ كەلدى. مىلغا يېقىن بېرىپ لەنگەر تاشلىدى. ئەتراپتىكىلەر — ئىسكەندەر تىلسىمنى قانداق سۇندۇراركىن، — دەپ تاماشا قىلدى. ئىسكەندەر مىلغا يېقىن كېلىپ، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەشئەلنى كۆردى. ئىسكەندەر ئوقنى كامانىغا سېلىپ يورىغان تەرەپكە ئوق ئاتتى. غەيرى ئاۋاز يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىشىتتى. شۇنداقلا دەريانىڭ سۈيى مەۋجىگە كەلدى. ئىسكەندەر كېمىنىڭ چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنى بىر جايدا قولى باغلاقلىق ھالدا كۆردى.

پاراسەت بىلەن ئۇنىڭ بىر گۈمبەز ئىكەنلىكىنى بىلىپ،

بۇ قانداق جايدۇ، دەپ ھەيران قالدى. ئۇ ئەتراپقا سەپ ـ سېلىپ قارىغان ئىدى، ئۇ يەردە فەرھەتنىڭ بىلەن سەئىدانىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلاردىن:
— ئەي سەئىدان، ساڭا نېمە ۋەقە بولدى، — دېدى.
سەئىدان:
— ئەي ئەمىر، ئۇ ۋاقىتتا مەن مىلغا يېقىن يېتىپ بارغان ئىدىم، بىر قول سۇدىن چىقىپ كېمىنى سۇغا غەرق قىلدى. مەن ئۆزەمنى بۇ قاراڭغۇ غاردىكى گۇمبەزدە كۆردۈم، ئۇ دىۋە بىر كۈندە ئىككى نۆۋەت بۇ گۇمبەزگە كېلىدىكەن، ئۇ بىز ئۈچۈن نان بىلەن كاۋاپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ دىۋىنىڭ كۆزىنىڭ روشەنلىكىدىن بۇ گۇمبەز يورۇپ كېتىدۇ. بىز سەركەردىلەر شۇ چاغدا بىر ـ بىرىمىز بىلەن كۆرۈشىمىز. ئۇ دىۋە گۇمبەزدىن چىققان چاغدا گۇمبەز يەنە ئاۋۋالقىدەك زۇلمات بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇ دىۋىنىڭ ئادىتى شۇكى، ھەر كۈنى بىزدىن بىر كىشىنى يېيىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىدۇ. يەنە نۆۋەت بىلەن كىمنى ئالدىدا ئېلىپ كەلگەن بولسا ئالدىدا شۇنى ئېلىپ كېتىدۇ، ھازىر نۆۋەت بىزگە يېتىپ كەلدى، بىزدىن ئاۋۋال ئارال ئەھلىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، بۇگۈنگىچە ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى نۆۋەت ئەلۋەس بوۋامغا كەلدى، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر:
— ئەي سەئىدان، مېنىڭ قولۇمنى يېشىپ قويىۋالامسەن، مەن ئۇ دىۋىنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ باقاي، — دېدى. ئىسكەندەر سەئىدانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سەئىدان ئارغامچىنى چىشى بىلەن چىشلەپ بوشاتتى. بۇ چاغدا يورۇقلۇق پەيدا بولدى، سەئىدان:
— مانا، دىۋە يېتىپ كەلدى، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئىشىك ئېچىلدى. دىۋە گۇمبەزگە كىرگەن ئىدى، گۇمبەز يورىدى. ئەمما، ئۇ دىۋە ئىسكەندەرنىڭ ئوقىدىن زەخىملەنگەن بىر كۆزىنى تېڭىۋالغان ئىدى.
قىسسە، دىۋە نان بىلەن كاۋاپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ھەر بىرسىگە بەردى. ئەلۋەسنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ قولىنى

تۇتقان ئىدى، ئىسكەندەر:

— ئەي بەدبەشەر، سەن تائام قىلماقچى بولىۋاتقان بۇ كىشى بىر مىلىك تۈت يۈز داڭدار قەلئە ئىگىسىنىڭ خانى بولىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى. ئىسكەندەرنىڭ ئاۋازىنىڭ ھەيۋىتىدىن گۈمبەز لەرزىگە كەلدى. دىۋە مۈشتىنى تۈگۈپ ئىسكەندەرگە قاراپ ئېتىلدى. ئىسكەندەر تىغنى چىقىرىپ دىۋىنىڭ بېلىگە شۇنداق ئۇردىكى، دىۋە ئىككى پارە بولدى. سەردارلار ئىسكەندەرگە تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ئىسكەندەر سەركەردىلەرنى باشلاپ تاشقىرى چىقتى. بىر ئاز يول ماڭغان ئىدى. ئىسسىقلىقىدىن ماڭالمىدى، ئىسكەندەر بىلەن باشقا سەركەردىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھالسىزلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەلۋەس:

— سىزلەر كېتىڭلار، — دېدى. ئۇلار ھالسىرىغان ئەلۋەسنى قويۇپ بىر پەشتاققا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالغان ئىدى بىر ئارال كۆرۈندى. ئۇلار ئۇ يەرگە باردى. ئۇلار بۇ يەردە ئۆز ئوردىسىنىڭ چېدىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئوردا ئەھلىلىرى ئىسكەندەر بىلەن سەركەردىلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئارستو خەۋەر بەرگەن ئىدى، ئارستو يارەنلىرى بىلەن ئالدىغا چىقتى. ئىسكەندەر خۇشاللىق ناغرىنى شادىيانىغا چالدۇردى. ئەلۋەسكە تائام بىلەن كىشى ئەۋەتكەن ئىدى ئەلۋەسنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. ئەمما كېمە ياسىغۇچىلار ئىسكەندەر ئۈچۈن يۈز كېمە ياساپ كەلدى. ئىسكەندەر ئۇ جامائەتكە تون بېرىپ پارلاق زەپەر بىلەن ئوردىغا قاراپ ماڭدى. سەقلاپقا كەلدى. دەريانىڭ بويىغا كېلىپ لەنگەر تاشلىدى. ئىسكەندەر:

— جاكارچىلار لەشكەرلەرگە جاكارلىسۇن، ئەتە مەرجانىيەرگە بارىمىز، — دەپ ئەمر قىلدى. قالغان قىسمىنى يەنە بىر جىلددا مەرجانىيدە نېمە ئىش قىلغانلىقىنى ۋە قانداق ئېلىشقانلىقىنى ئىشتكەيسىز.

## ئىزاھاتلار

[1] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئىسلام پەيغەمبىرى. مىلادى 571 - يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەككە شەھىرىدە ياشايدىغان قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ئابدۇللا بىننى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، ئانىسى ئامىنە بولسا، ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەندە ۋاپات بولغان. مۇھەممەد پەيغەمبەرنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىبمۇ كۆپ ئۆتمەي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تەربىيىلەشنى تاغىسى ئەبۇ تالىب ئۈستىگە ئالغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە ئەبۇ تالىبنىڭ سۈرىيىگە قىلغان سەپىرىگە قاتنىشىدۇ. يىگىرمە بەش يېشىدا ئەبۇ تالىب ئۇنى ئەسەد جەمەتىدىن خوۋەيلىدنىڭ قىزى، باي، ئېسىل ئايال خەدىچىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ھەمكارلىششقا تەۋسىيە قىلىدۇ. خەدىچەنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مۇھەممەد پەيغەمبەر يەنە سۈرىيىگە سەپەر قىلىدۇ. ھەلەب ۋە دەمەشقلارغا بارىدۇ. 595-يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر خەدىچىگە ئۆيلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خەدىچە قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان، ئاۋۋالقى ئىككى قېتىملىق تۇرمۇشىدىن ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىدى. خەدىچە مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئىككى ئوغۇل ۋە تۆت قىز كۆرگەن. تۇنجى ئوغلى قاسىم ئىككى يېشىدا، ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇللا گۆدەك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن. قىزلىرى زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممە گۇلسۇم ۋە فاتىمەلەردىن پەقەت فاتىمەلا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىنى داۋام ئەتتۈرگۈچى بولۇپ قالغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر قىرىق يېشىدا يەنى مىلادى 610 - يىلى مەككىدە ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىشنى باشلايدۇ. 620 -

يىلى خەدىچىنىڭ، كېيىن ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەككىدە ۋەزىيەت يامانلىشىدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەر خەتەر ئاستىدا قالىدۇ. ھەر يىلقى ئەنئەنىۋى مەككە زىيارىتىگە كەلگەن مەدىنىلىك ئەۋۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ساداقەتلىك بىلدۈرىدۇ ھەم ئۇنى مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئاۋۋال مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېقىن سەپداشلىرى (ساھابىلەر) ئۆز ئائىلىلىرى بىلەن قورەيش ئاقسۆڭەكلىرىدىن مەخپىي رەۋىشتە گورۇھ ـ گورۇھ بولۇپ كۆچىدۇ. ئاخىرىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر ۋە يېقىن كىشىلىرى بىلەن كۆچىدۇ. 622 ـ يىلى يۈز بەرگەن بۇ كۆچۈش (ھىجرەت) تىن مۇسۇلمانلارنىڭ يىلنامىسى — ھىجرىيە يىل ھېسابى باشلىنىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر كۆچۈپ كەلگەچكە، يەسرىب شەھىرى مەدىنە ئەن ـ نەبىي (پەيغەمبەر شەھىرى) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاللانىڭ ئەلچىسى — پەيغەمبىرى دەپ تونۇلىدۇ. 630 ـ يىلى مەككە جەڭسىز مۇھەممەد پەيغەمبەر تەرىپىگە ئۆتىدۇ. 1 ـ ئايدا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنى تىكلەيدۇ. مەككە ئىسلامنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ. بۇ يەرگە زىيارەت (ھەج) قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى، دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. 631 ـ يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى كۆپ قەبىلىلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بويسۇنۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 632 ـ يىلى مارت) مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن مەككىگە بىرىنچى ۋە ئاخىرقى قېتىم زىيارەت (ھەج) گە بارىدۇ. بۇ زىيارەت مەككىنىڭ ئىسلام دىنى مەركىزى سۈپىتىدىكى ئورنىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل قىلىدۇ. ئەنە شۇ زىيارەتتىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يەنى مىلادى 632ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنە

شەھىرىدە ۋاپات بولىدۇ ھەم ئۆز ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

[2] ئىسكەندەر — بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ياكى ئالېكساندىر ماكېدونسكىي) ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پېشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولماستىن، بەلكى قەدىمكى ماكېدونىيە پادىشاھى بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 - يىلى ماكېدونىيىنىڭ پايتەختى پېلا شەھىرىدە دۇنياغا كېلىپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 323 - يىلى 33 يېشىدا ۋاپات بولغان. پېشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى كىيومىرس، ھۇشەڭ (ھەۋشەڭ)، توھمارىس (تومرىس)، جەمشىد، زەھھاك (زۇھھاك)، فەرىدۇن (ئەفرىدۇن)، مەنۇچەھرە، نۇدەر (نەۋدەر)، ئەفراسىياب، زاب، كىرشاسەب بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسكەندەر دېگەن بىر پادىشاھنىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. (مۇھەررىر سۆزىگە قاراڭ).

[3] داراب — دارىيۇس I دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (مىلادىدىن 521 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 486 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە شاھىنشاھ بولغان.) ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھى، دارا I تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قۇدرەت تاپقانىدى. شۇ چاغدا، ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ دائىرىسىگە پۈتۈن ئىران، ئەزەربەيجان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى، بەلەخىستان، كىچىك ئاسىيا، بابىل، ئەرمەنىستان، سۈرىيە، پەلەستىن، مىسىر قاتارلىق جايلار كىرگەنىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، داراب ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 15 - پادىشاھى يەنى كەيقىباد، كەيكاۋۇس، كەيخىسرەۋ، لىھراسەب، كۇشتاسەب، بەھمەن، ھامان (ھۇماي)، داراب (يەنى دارا II مىلادىدىن بۇرۇنقى 425- يىلىدىن 404- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)، دارا III ......لار

كۆزدە تۇتىلىدۇ.

[4] بەھمەن — پادشاھى بەھمەن. ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادشاھلىرىدىن بىرى.

[5] ھۇماي (ھامان) — قەدىمكى ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 7 - پادشاھى بولۇپ، بەھمەن ئىسفەندىيارنىڭ قىزى، ئۇ غايىبتىن بولغان ئوغلى داراب (دارا) نى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلىغان. ئۇ بىر ئادەم تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپ 30 ياشقا كىرگەندە، ھامان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، تەختى سەلتەنەتىنى ئوغلى دارابقا تاپشۇرغان.

[6] ئىسفەندىيار رۇيىنتەن — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 5 - پادشاھى، يۇنان ۋە ياۋروپا تارىخلىرىدا دارا، دارىيۇس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ توران رايونىدا ناھايىتى نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلغان، ئاخىر مىلادىدىن بۇرۇنقى 550 - يىلى يۇنانغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشتە مەغلۇپ بولغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 549 - يىلى مىسىردا ئۆلگەن. «رۇيىنتەن» ئۇنىڭ لەقىمى.

[7] رۇستەم — «شاھنامە» دىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ فەرىدۇن ۋە مۇنۇ چەھرە زامانىدا تۇغۇلۇپ، كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ كەيقىباد، كەيكاۋۇس، ھەتتا كۇشتاسەب، بەھمەن زامانىغىچە بولغان بىرقانچە يۈز يىل ياشىغان مەشھۇر قەھرىمان ئىكەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ تەربىيىچىسى بولغان سىياۋۇش (كەيكا-ۋۇسنىڭ ئوغلى) توران پادشاھى ئەفراسياب تەرىپىدىن ئۆلتۈ-رۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم قاتتىق جەڭلەرنى قىلغان. ئۇ بىر مەزگىل ئىراننىڭ سىستان رايونىدا ياشىغان. يەنە زەردەش دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن كىيانىيان پادشاھلىرى، بولۇپمۇ بەھمەننىڭ قارشىلىقىغا دۇچار بولغان.

[8] ئىرانىيلار ــ تارىختا ئىرانغا قاراشلىق رايونلاردا ياشايدىغان ئىران، پارسلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

[9] زال ــ زال زەر قەدىمكى ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى قەھرىمانى، رۇستەمنىڭ دادىسى.

[10] زابىلىستان ــ ئافغان، ئىران، پاكىستان چېگرىلىرىغا توغرا كېلىدىغان رايون، قەدىمكى غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايون. قەندىھار، غەزنە شەھەرلىرى مەزكۇر رايوندا.

[11] سىستان ــ خۇراساننىڭ جەنۇبىدا، مەكراننىڭ شىمالىدىكى رايون. قەدىمكى زەرەنج شەھىرى مەزكۇر رايوندا. «سىجىستان»، «ساكىستان» دەپمۇ ئاتايدۇ.

[12] كابۇلىستان ــ كابۇل رايونىنىڭ ئاتىلىشى.

[13] جەمشىد ــ «شاھنامە» گە ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى قەدىمكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 4 - پادشاھى، شاھ تەھمارىسنىڭ ئوغلى، ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، زېرەكلىكى ۋە كەيپىياتچانلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئىراننىڭ نەۋرۇز كالىندارىنى، ھېيت - بايرام كۈنلىرىنى ۋە باشقا قانۇن - تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلغان. ئىچىملىكنى كەشىپ قىلغانىكەن. «جام» (قەدەھ) سۆزى ئەنە شۇ جەمشىدنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققانىكەن. مەزكۇر ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان «بارگاھى جەمشىد» (جەمشىد بارگاھى) ۋە بىرىنچە باتۇر، پالۋانلارمۇ جەمشىد نامى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پادشاھ جەمشىدنىڭ تەخت سەلتەنىتىنىڭ ئۇلۇغلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

[14] زەھھاك (زۇھاك) ــ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 5 - پادشاھى. زالىم شاھ.

[15] فەرىدۇن (ئەفرىدۇن) ــ ئىراننىڭ رىۋايەت

دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 6 ـ پادىشاھى، كىيومەرسىنىڭ ئەۋلادى. ئادىل شاھ.

[16] بابىل ــ 1، دىجلە ۋە فرات دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا قۇرۇلغان قەدىمكى دۆلەت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2600 ـ 1800 ـ يىللاردا). 2، مەزكۇر شەھەر، ئانباز بىلەن ھىللە، مەداينە بىلەن كەربەلا ئوتتۇرىسىدا. 3، قەدىمكى بابىل دۆلىتىنىڭ پايتەختى. ئۇنىڭ خارابىسى ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى باغدات شەھىرىدىن 93 كىلومېتىر يىراق. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ شەھەرنى مىلادىدىن 2640 يىل بۇرۇن ياشىغان نەمرۇد بىنا قىلغانىكەن.

[17] ئىرەج ــ فەرىدۇننىڭ تۇر، سەلىم قاتارلىق ئۈچ ئوغلىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى.

[18] مەنۇچەھرە ــ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ بىرى.

[19] كەيخىسرەۋ ــ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى. مەزكۇر «ئىسكەندەرنامە» دە بىرنەچچە پادىشاھنى خىسرەۋخان نامى بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

[20] سىياۋۇش ــ سىياۋۇش «شاھنامە» گە ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 2 ـ پادىشاھى كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى، پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ فەرىدۇن، مەنۇچەھرە زامانىسىدا تۇغۇلۇپ، كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ كەيقۇباد، كەيكاۋۇس ھەتتا كۇشتاسەب، بەھمەن زامانىسىغىچە ياشىغان مەشھۇر قەھرىمان رۇستەمنىڭ زامانىدىشى.

[21] تۇران ــ قەدىمكى ئىرانلىقلار ئىراننىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنى تۇرانىيان، ئۇلار جايلاشقان رايونلارنى تۇران دەپ ئاتىغان. رىۋايەتلەرگە

قارىغاندا، فەرىدۇن ئۆزىگە قاراشلىق زېمىنلارنى تۇر، سەلىم، ئىرەج قاتارلىق ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلغاندا، تۇران رايونى تۇرغا تەگكەنىكەن ۋە «تۇران» دېگەن نام تۇرنىڭ دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇ «تۈرك» دېگەن سۆز بىلەن «تۇر» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغانىكەن.

[22] ئەفراسىياب — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 9 - پادشاھى. رىۋايەتلەردىكى بۇ تارىخي شەخس ھەققىدە ھەرخىل ماتېرىياللار بار: بىر رىۋايەتتە ئەفراسىياب قەدىمكى تۇران پادشاھى بولۇپ، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادشاھلىرى فەرىدۇن (ئەفرىدۇن) قاتارلىقلار بىلەن بىرقانچە قېتىم چوڭ جەڭلەرنى قىلىپ، بىر مەزگىل ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پايتەختى قەشقەر ئىدى، دېيىلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ ئەفرىدۇننىڭ ئوغلى تۇرنىڭ نەۋرىسى دەپ بايان قىلىنىدۇ، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بارلىق پادشاھلىرى ئۆز نەسەبلىرىنى ئەفراسىيابقا باغلايدۇ.

[23] لىھراسەب — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 4 - پادشاھى.

[24] كابۇل — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى. قەدىمكى باكترىيە، كوشان، ئاق ھۇن (ئابدال، ئېفتالىت) ئىمپېراتورلىقىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن. شەرقتە كاپسا، غەربتە بەمىيان شەھەرلىرى بولغان. «كابۇرا» «كابىل» دەپمۇ ئاتالغان.

[25] زالزەر — (9 - ئىزاھاتقا قاراڭ)

[26] «شاھنامە» — ئىرانلىق شائىر، تارىخچى فىردەۋسى (مىلادى 934 — 1020- يىللار) 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان ھەجمى بىر قەدەر چوڭ، مول مەزمۇنلۇق، يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە نادىر ئەسەر بولۇپ، ئەسەردە

ئىران خەلقلىرىنىڭ تەخمىنەن بەش مىڭ يىللىق تارىخى (ئەپسانىۋىي ۋە ھەقىقىي تارىخى) بەدىئىي تىل ئارقىلىق ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. ئەسەر مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسمى ئەپسانىۋىي رىۋايەت قىسمى بولۇپ، بۇ مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 2400 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شاھنامە» نىڭ ئەپسانىۋىي قىسمىدا ئەپسانىۋىي دۆلەتلەر (پىشدادىيان، كىيانىيان سۇلالىرى) دەۋرىدىكى چوڭ ۋەقەلەر، ئەپسانىۋىي پادىشاھلاردىن كىيومەرس ئادەم، ھۇشەڭ، تەھمۇرەس، (بۇلار پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى)، كەيقىباد، كەيكاۋۇس، كەيخىسرەۋ، لىھراسەب، كۇشتاسەب (بۇلار كىيانىيانلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى) لارنىڭ ۋە ئەپسانىۋىي، زالىم باسقۇنچى پادىشاھ زوھاكنىڭ ئىشىدىن كەچۈرگەنلىرى، ئەقىللىق باتۇر تۆمۈرچى كاۋىنىڭ زوھاكقا قارشى ئىلىپ بارغان كۈرەشلىرى، باش قەھرىمان رۇستەمنىڭ باتۇرلۇقلىرى بايان قىلىنىدۇ. «شاھنامە» نىڭ ھەقىقىي تارىخىي قىسمىدا، تارىخىي ۋەقەلەر ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەھۋالاتلىرى بولۇپ، 1400 يىلدىن (مىلادىدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادى 651- يىلغىچە) كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي دەۋردە، ئىراندا ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە)، يۇنان - ماكىدونىيىلىكلەر ھۆكۈمرانلىقى (مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە)، ئارشاكلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادى 225 - يىلغىچە)، ساسانىلار پادىشاھلىقى (مىلادى 225 — 651 - يىللار) دىن ئىبارەت تۆت دۆلەت ھۆكۈم سۈرگەن. دېمەك بۇ قىسىمدا ئىران خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ (مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى

چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 651 - يىلىغىچە) تۇرلۇك خەلقلەرنىڭ (تۇرانىيلار، يۇنانلىقلار، ئارشاكلار، تۈركىي خەلقلەر ۋە ئەرەبلەر)، تۇرانىيلار بىلەن ئىرانىيلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار، تۇرانىيلارنىڭ تور، پىشەڭ، ئەفراسىياب، توھمارىس (تومارىس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق قاغان - پادىشاھلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئۇرۇشلىرى بولۇپمۇ رۇستەم قاتارلىق ئىران قەھرىمان (باتۇر) لىرىنىڭ يات ئەللەرنىڭ يەنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قاتارلىقلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا، زومىگەرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى بايان قىلىنغان. قىسقىسى «شاھنامە» ئوتتۇرا شەرق ياكى دۇنيا تارىخى خاراكتېرلىك ئەسەر.

[27] پەھلەۋى دىنى — قەدىمكى پارس يەنى ئىراندىكى ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى بىر دىن.

[28] فىلقۇس — (فەيلىقۇس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئاتىسى. (مۇھەررىر سۆزىگە قاراڭ).

[29] مىسىر — تامامەن مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئىسلام قانۇنى - شەرىئەتلىرى تولۇق ئىجرا بولۇپ تۇرىدىغان تىنچ ۋە خەتەرسىز شەھەر «مىسىر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق شەھەرلەردە جۈمە نامىزىنى ئوقۇغان كۈنى پېشىن نامىزىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

[30] رۇم — بۇ ئەسلىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 753 - يىلى تەختكە چىققان رىم ئىمپېراتورلىقىنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى رومۇلۇس (مىلادىدىن بۇرۇنقى 714 - يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر شەھەر بولۇپ، كېيىنچە پۈتۈن رىم (رۇما) ئىمپېراتورلىقىنىڭ دۆلەت نامى بولۇپ قالغان. رۇما ئىمپېراتورلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بەزىدە ئۇنىڭ غەربىي تەرىپى، بەزىدە ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى

389 ـ يىلى ئەفرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) ئۇنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاساسەن هازىرقى ئاناتولى رايونلىرىنى مەركەز قىلغان ئاسىيا قىسمىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا كېيىنكى تۈرك سەلجۇق سۇلالىسى ۋە ئوسمانىيە سۇلالىلىرىمۇ ئەرەبچە، پارسچە، چاغاتايچە تارىخىي ئەسەرلەردە «رۇم» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

[31] قەيسەر — ئەرەب تارىخچىلىرى بارلىق رۇما ئىمپېراتورلىرىنىڭ هەممىسىنى «قەيسەر» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان.

[32] هەبەش — هازىرقى ئېفىوپىيىنى كۆرسىتىدۇ.

[33] هەلەف — سۇرىيىنىڭ غەربىي شىمالىدا، قەدىمكى فېسكانىڭ شىمالىدىكى شەهەر، هازىرقى ئانتاكىيىنىڭ شەرقىغە توغرا كېلىدۇ. «هەفلە»، «بالىغۇن»، «بىرويە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[34] شام — هازىرقى سۇرىيە پايتەختى دەمەشىق شەهىرى. سۇرىيىنىمۇ ئەينى زاماندا «شام» دەپ ئاتايتتى.

[35] پارس — (فارس) ئىراننىڭ جەنۇبىدا، ئىران (پارس) قولتۇقى بويىدىكى رايون. شاپۇر، شىراز، فىرۇز ئاباد، هورمۇز شەهەرلىرى مەزكۇر رايوندا. بۇ جاينى «پېرسىيە»، «پېرسىس» دەپمۇ ئاتايدۇ.

[36] بەهرام — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ (مىلادى 275 — 282 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) پادشاهى.

[37] فەرەڭ — بۇ ئەسلىدە «ئېۋرۇپەن» (ياۋروپالىقلار) سۆزىنىڭ ئەرەبچە ئاهاڭ تەرجىمىسى بولغان «ئېفرەنگ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە ئومۇمەن ياۋروپالىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

[38] دارا — (يەنى دارا III) ئىران ئەهمانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاهىنشاهى. دارا III مىلادىدىن 336

يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە شاھىنشاھ بولغان. ئىسكەندەر كىچىك ئاسىيانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سۇرىيىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ سۇرىيىدىكى ئىسس دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا دارا Ⅲ نى تارمار قىلىدۇ. دارا Ⅲ قېچىپ كېتىدۇ. دارانىڭ ئائىلىسى ۋە بايلىقلىرى ئىسكەندەرنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. دارا Ⅲ ئىسس يېنىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز قىزلىرىدىن بىرىنى ئىسكەندەرگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق ياخشىچاق بولۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىسكەندەر دارا Ⅲ نىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىسكەندەر ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسى (كىچىك ئاسىيا، فىنىكا، پەلەستىن، مىسىر) نى ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا بويسۇندۇرۇۋالىدۇ. ئىسكەندەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 331 - يىلى دىجلى ۋە فرات دەريالىرىدىن ئۆتۈپ ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىغا يۈرۈش باشلايدۇ. شۇ يىلى گاۋكامىل دېگەن يېزا (ھازىرقى ئىراقنىڭ بابىل شەھرى يېنىدا) دا ماكېدۇن قوشۇنلىرى بىلەن ئىران قوشۇنلىرى ئارىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ بولىدۇ. ئىسكەندەر قوماندانلىقىدىكى ماكېدۇن قوشۇنلىرى دارا Ⅲ باشچىلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىدۇ. دارا Ⅲ ئىراننىڭ شەرقىغە قاراپ قاچىدۇ. دارا Ⅲ يولدا كېتىۋاتقاندا، ئەھمانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بېسس (ئۇ باكتىرىيىنىڭ ساتراپى ئىدى) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى دەپ جاكارلايدۇ. لېكىن مەزكۇر «ئىسكەندەرنامە» دە دارانى ئۆزىنىڭ ئىككى ۋەزىرى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.

[39] نۇشرىۋان — يەنى نۇشرىۋان ئادىل — ئۇ مىلادى 224 - يىلى قۇرۇلغان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 20 - پادشاھى بولۇپ، ئىران، ماۋارەئۇننەھر ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنى

بىرلىككە كەلتۈرگەن. تارىختا ئۇزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن «نۇشىرۋان بۈيۈك ۋە نۇشىرۋان ئادىل» دېگەنناملار بىلەن شۆھرەت قازانغان. بۇ يەردە مۇئەللىپ پەقەت بۇ سۆزنى جۈملە ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

[40] ھىندۇ — ھىندىستان ۋە ھىندىستاندا ياشىغۇچى ئەللەرنىڭ ئومۇمىي ئىبتىك نامى. يەنە «سىندۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[41] كىيانىيان — (1) ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ (2) ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ كەيقىباد، كەيكاۋۇس، كەيخىسرەۋ، لىھراسىب، گۇشتاسىب، بەھمەن، ھامان (ھۇماي) داراب، دارا، ئىسكەندەر (؟) قاتارلىق پادىشاھلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[42] كەيكاۋۇس — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى. «سەددى ئىسكەندەر» دە كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 2 - پادىشاھى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

[43] كەيقىباد — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادشاھى.

[44] كىرمان — پىرسىيىنىڭ جەنۇبىدا، ئىران چۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى رايون. شىمالىدىن خوراسان، جەنۇبىدىن مىكران رايونلىرى بىلەن، شەرقىدىن بېلوجىستان، غەربىدىن پارس رايونلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. كىرمان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ھورمۇز شەھىرىدۇر.

[45] ئىسفەھان — پىرسىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى. شىمالىدا رەي (تېھران)، جەنۇبىدا شىراز شەھەرلىرى بار. قەدىمكى نامى «گەبۇل».

[46] گەرشاسەب — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى

پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى.

[47] تەھماسەب (تۇھماسىب دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 10 - پادىشاھى.

[48] يەمەن — ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تۇمشۇقىدىكى رايون. غەربىي بايۇلمەندەب بوغۇزى، جەنۇبىي ئادەن قولتۇقى، سانا، سابا (مائارىپ)، ھۇدەيدە، ئادەن دېگەن مەركىزىي شەھەرلىرى بار. ھازىر شىمالىي يەمەن، جەنۇبىي يەمەن دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. دۇنيادا ئۆزىنىڭ زالىملىقى، پىخسىقلىقى بىلەن داڭق چىقارغان شەدداد (شەدداد بىننى ھام بىننى نوھ) ئەنە شۇ يەمەننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى. مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان.

[49] شىراز — ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىدا، پارس رايونىدىكى شەھەر. كەئىنانىنىڭ غەربىدە (پەلەستىندە). قارا دېڭىز بويىدىكى قەدىمكى شەھەر.

[50] ئەفلاتۇن — پىلاتون — (مىلادىدىن بۇرۇن 427 — 347)، قەدىمكى يۇناننىڭ ئىدىيالىست پەيلاسوپى، ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزمنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ دۇنياغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ.

[51] يۇنان — ياۋروپا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان يۇنان يېرىم ئارىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوننى كۆرسىتىدۇ. يۇنان ياۋروپادا ھەممىدىن ئاۋۋال مەدەنىيەت ياراتقان مەملىكەت. ئۇنىڭ مەدەنىيىتى كېيىن ياۋروپا ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ياۋروپالىقلار قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنى «كلاسسىك مەدەنىيەت» دەپ ئاتايدۇ.

[52] يەتتە ئىقلىم — ئىسلام تارىخىدا دۇنيانى يەتتە ئىقلىم دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئەسەردە يەتتە ئىقلىم دېيىش ئارقىلىق ئىسكەندەرنىڭ ھازىرقى يەتتە قىتئەنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە قىتئەلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۇ غايەت زور زېمىننىڭ ئىمپېراتورى بولغانلىقىنى تەسۋىرلىمەكچى.

[53] يەجۇج ۋە مەجۇج — رىۋايەتلەردە كۆرە، كۈن چىقىش تەرەپتە ياشايدىغان، پىتنە - پاسات تارقاتقۇچى خەلقنىڭ نامى (قۇرئاندا 18-سۈرە، 82 — 92- ئايەتلەر)، زۇلقەرنەيىن يەجۇج ۋە مەجۇجلەر ياشايدىغان جايغا بېرىپ، بۇ خەلقنىڭ يەر يۈزىگە تارقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىغا تۆمۈر ۋە مىسنى ئېرىتىپ توسۇق (سېپىل) سالدۇرغانلىقى ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى تاغنى تېشىپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنىدىكەن. لېكىن ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ تېشىلگەن جايىنى ئاللا قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، يەجۇج ۋە مەجۇجلەر ئاخىرەت كۈنىنىڭ ھارپىسىدا تاغنى تېشىپ، يەر يۈزىگە يوپۇرۇلۇپ، دىجلە ۋە فرات دەريالىرىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تۈگىتىدىكەن. ئۇچرىغان ئادەمنى ھالاك قىلىپ، كېيىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۈزىدىكەن. ئاللا ئۇلارنىڭ ئېغىز - بۇرنى ۋە قۇلىقىنى قۇرت- قوڭغۇزلار بىلەن تولدۇرۇپ يەكسان قىلىپ تاشلايدىكەن. زايىت ئاخۇن پازىلباي تەسنىپ قىلغان «ئىسكەندەرنامە» دە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇلارنىڭ — يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ چىقىش ئېغىزىغا سېپىل سوقتۇرۇپ، ئۇ بەدىۋلەرنى مەڭگۈ قورشاپ قويۇپ، شۇ يەردىكى ئاھالىنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگەن دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇ توقۇپ چىقىرىلغان ئەپسانە بولسا كېرەك.

[54] ئارستو — ئارستوتىل (مىلادىدىن 384 — 322) قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى تەرەققىياتىدا يېڭى دەۋر ياراتقۇچى

بۈيۈك مۇتەپەككۇر.

[55] هام — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ هام، سام، يافەس ناملىق ئۈچ ئوغلى بولۇپ، هام شۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى.

[56] ئىبراھىم خەلىلۇللا — «قۇرئان» دىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىبراھىم خەلىلۇللا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەردىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەردىن بىرى ئىكەن. تارىختا ئۇ يەنە «ئىبراھىم خەلىلۇللا»، «ئەبۇلجەمھۇر» دېگەنناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. چۈنكى «ئىبراھىم» سۆزى قەدىمكى ئەرەب تىلىدا «ئىب» (ئانا)، «رەھام» (جەمھۇر) دېگەن سۆزلەردىن تەركىب تاپقان ئىكەن. رىۋايەتتە ئۇنىڭ كەئبە ئىبادەتخانىسىنى بىنا قىلغانلىقى، ئۇنىڭدىن ھەزرەت ئىسھاق ۋە ھەزرەت ئىسمائىل دېگەن ئىككى ئوغۇل دۇنياغا كەلگەنلىكى، ئاللا يولىدا ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا، قۇربانلىق ئۈچۈن ئاللا بالىنىڭ ئورنىغا قوچقار ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى ۋە 175 ياشتا ۋاپات بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا، ئۆز ئوغلى ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقلار تەرىپىدىن ھەبرەۋىن دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

[57] مەككە — سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى شەھەر. ئىسلام دىنى پەيدا بولغانغا قەدەر، مەككە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ دىنىي ۋە چوڭ سودا مەركىزى بولغان. ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىلا، مەككىدىكى كەئبە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ زىيارەت مەركىزى بولۇپ، ئۇ يەردە قەبىلە خۇدالىرىنىڭ سەنەملىرى (بۇتلىرى) ساقلانغان. VII ئەسىردە ئىسلام دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىن، مەككە ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە، كەئبە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھىغا ئايلانغان. مەككە ئاھالىسى ئاساسەن دىنىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن

زوٚروٚر بولغان بۇيۇملارنى تەييارلاش ۋە ھەج قىلىشقا كەلگەنلەرگە خىزمەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەككىگە ھەر يىلى مىليونلاپ مۇسۇلمان زىيارەت (ھەج قىلىش) كە كېلىشىدۇ.

[58] شەددات — شاھ شەددات (شەددا بىننى ئەملەق بىننى ھام بىننى نوھ) قەدىمكى يەمەننىڭ ئۆزىنىڭ زالىملىقى، پىخسىقلىقى بىلەن دۇنياغا داڭق چىقارغان ئەڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى.

[59] زەڭگىبار — ھىندى ئوكياندىكى مارجان ئارىلى، ھازىر بىرلىشىپ تانزانىيىنىڭ دائىرىسىگە قوشۇلغان.

[60] مەغرىب — غەربتىكى جايلار، بۇ يەردە ئاساسەن ھازىرقى لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش قاتارلىق رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

[61] بەلخ — شەھەر، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا. ئامۇ دەريا (جەيھۇن) نىڭ قەدىمكى شاخاپچىسى دەھاسىنىڭ ئۈستىدە كوھى بابا تېغىنىڭ ئېتىكىدە، قەدىمكى خوراسان ۋىلايىتىنىڭ ۋە توخارىستان دۆلىتىنىڭ سىياسىي، دىنىي مەركىزى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بۇ يەرنى «ئىسكەندەرىيە» دېگەن نام بىلەن يېڭىدىن قۇرغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. باكتىرىيە سۇلالىسى دەۋرىدە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. توخار، كۇشان ۋە ئاق ھۇنلار دەۋرىدە بۇ يەردە زوراستى، نېستورى دىنلىرى ئەۋج ئالغان، مەشھۇر «نەۋباھار ئىبادەتخانىسى» مۇشۇ يەردە.

[62] ئادەم ئەلەيھىسسالام — «قۇرئان كەرىم» دە بايان قىلىنىشىچە، تۇنجى يارىتىلغان ئىنسان، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى، ھاۋا ئانىنىڭ جۈپتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللا ئۇنى تۇپراقتىن يارىتىپ جان كىرگۈزگەنىكەن. بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام مىلادىدىن 5584 يىل ۋە

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن 6216 يىل بۇرۇن ياشىغان، 1000 ياشقا كىرگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا ھىندىستاندىكى بىر تاغقا چۈشكەن. ۋاپات بولغاندا شۇ تاغنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ مەككە - مۇكەررەمدىكى ئەبى قۇبەيس تېغىغا دەپنە قىلىنغان.

[63] نوھ ئەلەيھىسسالام — نوھ پەيغەمبەر، ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى شىس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن. نوھ ئەلەيھىسسالام بۇتپەرەس بىر قوۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. نوھ ئەلەيھىسسالام ئۇزاق مۇددەت ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلغان، ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپ، نوھ ئەلەيھىسسالامغا تۈرلۈك ئازار - كۈلپەتلەرنى يەتكۈزگەن. ئاللا ئۇنىڭ قوۋمىنىڭ توپان بالاسىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى ۋەھيي قىلغان. ئۇنى توپان بالاسى يۈز بەرگەندە چىقىۋېلىش ئۈچۈن كېمە ياساشقا، ئائىلىسىدىكىلەرنى، تەۋەلىرىنى كېمىگە سېلىشقا، ھەرخىل جانۋارلاردىن ئەركەك-چىشى بولۇپ بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇغان. توپان بالاسى يۈز بەرگەندە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىكىلەردىن باشقا بىرمۇ تىرىك جان قالماي ھالاك بولغان. شۇنىڭ بىلەن نوھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى بوۋىسى دېيىلىدۇ. چۈنكى توپان بالاسىدىن كېيىنكى ئەھلى زېمىننىڭ ھەممىسى نوھ ئەلەيھىسسالام بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر. يەھۇدىي، خرىستىئان دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى - «ئىنجىل» دىكى ئەپسانە بويىچە، توپان سۈيى يەر يۈزىدىكى بارلىق ھاياتلىقنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىنكى ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئەجدادى نوھ ئەلەيھىسسالامدۇر. «ئىنجىل» دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللا ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىق ئىشلىرى سەۋەبىدىن يەر يۈزىنى توپان بالاسى بىلەن

ۋەيران قىلىش ئالدىدا، نوھ ئەلەيھىسسالامغا بىر كېمە ۋە ھەر جىنىستىكى جانىۋارلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. نەتىجىدە يەر يۈزىدىكى بارلىق ھاياتلىق توپان سۈيىدە ھالاك بولۇپ، پەقەت نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى بىلەن كېمىگە چىقىرىۋېلىنغان جان - جانىۋارلارلا ئامان قالىدۇ. 150 كۈنلۈك توپان بالاسىدىن كېيىن نوھ بىر كەپتەرنى قويۇپ بېرىدۇ. كەپتەر بىرتال يېڭى زەيتۇن شېخىنى چىشلەپ قايتىپ كېلىدۇ. نوھ توپان بالاسى ئاخىرلىشىپ جاھان تىنچلانغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئالالا تېغىدا قىرغاققا چىقىدۇ. يەر يۈزىدە ئىككىنچى قېتىملىق ھايات باشلىنىدۇ. ياۋروپالىقلارنىڭ كەپتەرنى تىنچلىق سىمۋولى قىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن قالغان.

يەنە بەزى رىۋايەتلەردە، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھام، سام، يافەس ناملىق ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ھازىرقى ئىنسانىيەت شۇ ئۈچ ئوغلىدىن بولغان، تۈركىي خەلقلەر يافەسنىڭ ئەۋلادى، تۈرك بولسا خەرىزدىن تۇغۇلغان دەپ سۆزلىنىدۇ. ئىسلام تارىخچىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى ھامان مۇشۇ رىۋايەت بويىچە چۈشەندۈرىدۇ. يەنە «تەۋرات» تا، نوھ ئەلەيھىسسالامنى نوھ بىننى ئادەم سانى - يەر يۈزىدىكى «تۇنجى ئىنسان» ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىدىن 2911 يىل بۇرۇن دۇنياغا كېلىپ 950 يىل ئۆمۈر كۆرگەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

[64] يەھيا ئەلەيھىسسالام — رىۋايەتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى. زەكرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى.

[65] سۇلايمان ئەلەيھىسسالام — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بىر رىۋايەتتە مىلادىدىن 1001 يىل بۇرۇن، يەنە بىر رىۋايەتتە 1016 يىل بۇرۇن ئىسرائىلىيىدە تەختكە چىققانىكەن. بەيتۇل مۇقەددەس ۋە پايتەختى قۇددۇس شەھىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ،

نۇرغۇن چىرايلىق سارايلارنى ھەم تىجارەت دۇكانلىرىنى قۇرغان، سانائەت ۋە تىجارەتنى راۋاجلاندۇرغان، ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ دائىرىسىنى شەرققە ئېفرات دەرياسىغىچە كېڭەيتكەنىكەن. ئۇ 40 يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، بىر رىۋايەتتە مىلادىدىن 962 يىل، يەنە بىر رىۋايەتتە 976 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغانىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئاللا ئۇنىڭغا ھەم پەيغەمبەرلىكنى ھەم پادشاھلىقنى ئاتا قىلغان. ئاللا ئۇنىڭغا يەنە كىچىكىدىنلا ھېكمەت ۋە ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان. چوڭ بولغاندا ئاللا ئۇنىڭغا قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلدۈرگەن، شامالنى ۋە جىنلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام پادشاھ بولۇپ تۆت يىلدىن كېيىن ئاتىسى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن بەيتۇلمۇقەددەسنى تەئمىر (ئوڭشىماق) قىلغان، قۇرۇلۇش يەتتە يىلدا تاماملانغان. ئۇ يەنە قۇددۇس شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقتۇرغان.

[66] مازەندەران — ئىراننىڭ شىمالىدىكى تەبەرىستان رايونى — يەنى خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى رايون. شەرقىدىن جۇرجان، جەنۇبىدىن خوراسان رايونلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ رايوننىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىسى بويلىرىدا، جۇرجان، دامغان، رەي، قەزۋىن، ئەردەبىل شەھەرلىرى بولغان. قەدىمكى ھىرقانىيە رايونىغا توغرا كېلىدۇ.

[67] ساسانىيلار — ئىراننىڭ قەدىمكى تارىخىدىكى ساسانىيلار سۇلالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[68] ئەردەشىر — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ (مىلادى 225 - يىلدىن 240- يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) پادشاھى.

[69] سام — (سام بىننى يافەس بىننى نوھ) ئىراننىڭ

رىۋايەت دەۋرىدىكى ئىران قەھرىمانى رۇستەمنىڭ بوۋىسى.

[70] نەرىمان — قەدىمكى ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى ئىران قەھرىمانى، رۇستەمنىڭ ئەجدادى ۋە سامنىڭ دادىسى. ئۇ ئەجدادلىرىدىن بويان ئىراندىكى سىستان ۋە زابىلىستانغا ھاكىم بولۇپ كەلگەن.

[71] تەبرىز — ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

[72] تۈركىستان — ئەسلىدە خوائخې دەرياسىنىڭ شىمالىي، موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىي، ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغان ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركى تىللىرى ئائىلىسىدىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، بۇلار ياشىغان يۇقىرىقى جايلار تۈركىستان دەپ ئاتالغان. بۇ ئەسەردىكى تۈركىستان ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆرسىتىدۇ.

[73] رەي — خەزەر - (كاسپى) دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي بويىدىكى تەبەرىستاننىڭ جەنۇبىدا، قەزۋىن ۋە دامغان شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر. ھازىرقى تېھراننىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. «راكا»، «راغا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[74] ئەدەن — ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تۇمشۇقىدا، دېڭىز بويىدىكى شەھەر، يەمەننىڭ پايتەختى. ھازىرقى ئەرەب يەمەننىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ۋە ئەدەن كۆرپىزىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان. زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق ۋە ئېدىرلىق، سۇيى كەم جايلاردىن ئىبارەت.

[75] بەھرەيىن — ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا مايىل ئوتتۇرا شەرقتىكى رايون. شەرقىدە ھورمۇز قولتۇقى، جەنۇبىدا ئومان رايونى، شىمالىدا ھەجەر (مۆمىنىيە)، غەربىدە يەمامەن بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ رايوننىڭ


شەرقىدە قاتار يېرىم ئارىلى بارىس - بەبرە قولتۇقىغا ئۇسۇپ كىرگەن. يەنە، قاتار يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا بەھرەيىن ئاراللىرى بار. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى (قاتار يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى) دېڭىز بويى رايونىنى «بەھرەيىن» دەپ ئاتىغان.

[76] شەھرى بەربەر — ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شەرقىدىكى ئەدەن كۆرپىزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر شەھەر. بۇ شەھەر ئەسلىدە شىمالىي ئافرىقىدىكى (مىسىردىن باشقا رايونلاردا) بەربەر دېگەن جايدا ياشىغان بەربەر قوۋمىنىڭ بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن «بەربەر» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. لېكىن «تەزكىرەئى سۇلتان قۇرمىش» دېگەن كىتابتا ئۇچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى «شەھرى بەربەر» دەپ ئاتالغانلىقى بايان قىلىنغان.

[77] تۇھمارىس — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى.

[78] بەدەخشان — ئۆزبېكىستان، ئاۋغانىستانغا چېگرىداش، تاجىكىستانغا تەۋە بولغان تاغلىق رايوندىكى شەھەر. ياقۇتى بىلەن داڭلىق.

[79] سەقلاپ (ساقلاپ) — قەبىلە نامى. بەزى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، سلاۋىيان قەبىلىلىرى ۋە بولغار، فىنلار شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى - ساقلاش، قوغداش.



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي
مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: ۋەلى زەيدىن

ئىسكەندەرنامە (1)

قىيۇم تۇردى تۇرپانى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم
ئابدۇللا رېشىت

ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قە-
دىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلان-
لاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى نەشرگە ئۇيۇشتۇردى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100-قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى 850×1168 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 15.375
1998 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
سانى: 5,000 — 1

ISBN7—5371—3180—5/I·1066 باھاسى: 18.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شادىيە ھاشىم

ISBN 7-5371-3180-5

9 787537 131803 >

ISBN7－5371－3180－5
I·1066(民文)定价:18.50元